ئەنۋەر تاشتۆمۈر



# قەلب نەركىسى — نەۋبەتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ كىتابنى ئون بالىنىڭ بەرنالىقى ۋە لاياقىتى ئۈچۈن كىرىيەدە مىڭلارچە جەبرى ـ جاپا چەككەن قەدىرلىك دادام تاشتۆمۈر ئەيسا بىلەن ئانام تاجىخان زەيەرگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن.

ـــ ئاپتوردىن



ئەنۋەر تاشتۆمۈر

# قەلب ئەركىسى — نەۋبەتى

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

心灵的畅想者一努比提：维吾尔文/安尼瓦尔·塔什铁木尔著.—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.3
ISBN 978—7—228—09950—4

Ⅰ.心… Ⅱ.安… Ⅲ.努比提一生平事迹一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K825.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 024680 号

著　　者　安尼瓦尔·塔什铁木尔
责任编辑　买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对　古丽夏尔·尼格买提
封面设计　木拉丁·阿比提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
邮　　编　830001
印　　刷　新疆金版印务有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　9
版　　次　2007 年 7 月第 1 版
印　　次　2007 年 7 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000 册
定　　价　18.00 元



# ئەنۋەر تاشتۆمۈر

# مۇھەررىردىن

«قەلب ئەركىسى — نەۋبەتى» غوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (1678 — 1759) دە خوتەن دىياردا ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ سوفىستىك شائىر، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان نەۋبەتىنىڭ ھايات - پائالىيەتلىرى ۋە روھىيەت قاتلاملىرىغا بېغىشلانغان بىئوگرافىك رومان.

ياش يازغۇچى ئەنۋەر تاشتۆمۈر روماندا نەۋبەتى ھاياتىنىڭ ھېلىغىچە بىزگە مەلۇم بولمىغان يوشۇرۇن قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئائىلە نەسەبى، زامانى ۋە ماكانى، تەربىيەت ئاساسى، روھىيەت يىلتىزى، شېئىرىيەت يولى، تەقدىر - قىسمىتى ۋە كامالەت پەللىسى قاتارلىق ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى پىشقان نەسىر تىلى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. شۇڭا، رومان تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ بىرلىكى دائىرىسىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىچە بىر تەسەۋۋۇر شىددىتى، شۇنىڭدەك ئادەم، ئالەم ۋە تەڭرى ئارىسىدىكى تىرەن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئويناق جۇلاسى بولۇپ، ئۇ بىزگە تۇپراق، يار، ئىلىم - مەرىپەت، ھەقىقەت، كامالەت ۋە ئىشقىنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچ - قۇدرىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇ رومان ياش يازغۇچى ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ «تەنھا قىز» (1998 - يىل)، «ئادەم ۋە مەدەنىيەت» (1999 - يىل)، «كىملىكىمنى سورىما» (2000 - يىل) ناملىق كىتابلىرىدىن كېيىنكى تۇنجى رومانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 1
بىرىنچى باب   سۇبھىدىكى چولپان .................. 5
ئىككىنچى باب   جىلۋىگەر دۇنيا .................. 44
ئۈچىنچى باب   روھ سەپىرى ........................ 70
تۆتىنچى باب   يۇرت كۈيى .......................... 95
بەشىنچى باب   ئۆزلۈك جۇلاسى .................. 138
ئالتىنچى باب   ئىشق سەھىرى ...................... 177
يەتتىنچى باب   قەۋمى شەھىداندىكى ئىستىقامەت ...... 229
خاتىمە ........................................ 276

www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

تۇرمۇشتىن ھاياتقىچە بولغان ئارىلىق ناھايىتى ئۇزاق ئىدى،
ئاشۇ ئارىدا يۈز بەرگەن ئىنسانىي پاجىئەلەرگە ئەپسۇس چېكىپ،
ئۇنىڭ ئەكسى ھاللىرىدا قەلبىمنى نۇرانە جىلۋىلەرگە تولدۇراتتىم.
ئىپادىلەش، ماھىيەتتە ناخشا بولۇپ تېخىمۇ كەڭ بوشلۇقلارغا يېيىد-
لىش، ھاياتىي بىخ ۋە يوپۇرماقلارنى ئۇتلۇق تىنىقلىرىم بىلەن
پەرۋىش ئېتىش تەقەززالىقىدا نەسرلا يازاتتىم. نەسردە تاپقان ھايات
پاراغەتلىرىم بىلەن روھىمنىڭ تىنچسىز شاۋقۇنلىرىغا تەسەللى بې-
رىپ ئاددىي ھاياتنىڭ ئاددىي رىتىمىغا سىغدىلىپ يۈرسەممۇ، ئەمما
نېمە ئۈچۈندۇر يەنىلا ئۆزۈمدىن ھەم بارچىدىن ھالقىپ، ئې-
شىپ - تېشىپ تۇراتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، خوتەن
گۈلىستانىغا ئوتلۇق قەسىدىلەر ئوقۇپ گۈزەل ئىشقىي شېئىرىيەت
بويىچە كامالەت نۇرى چېچىپ ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخىي شەخس —
نەۋبەتىنىڭ نامەلۇم ھاياتى، جۈملىدىن سىرلىق روھىيەت تۈزۈلمى-
سى ھەققىدە بىئوگرافىك رومان يېزىش تەكلىپى مېنى قاتتىق
ھاياجانغا سالدى. بۇ بۈرچ بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ، تارىخ بىلەن
بۈگۈننىڭ قوشۇلۇشى، شۇنىڭدەك سۆكۈت ئىچىدە دەۋرەپ ئېقىۋات-
قان ماھىيەتلىك ئويلارنىڭ تېشىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان ئېيتىد-
خارلىق ھاياجان ئىدى.

ھاياجان ئىچىدە تىترەپ ئارامىمنى تامام يوقاتقانىدىم، تەسەۋ-
ۋۇرلىرىم ماكان ۋە زامان ئارا قاناتلىنىپ، ئۇنتۇلغان، خارابىلەر
ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمگەن پىنھانە بىر دۇنيانىڭ رەڭدار سۈرىتىنى
سىزاتتى. قەلبىمدە ھاياتقا چەك تارتىشقان ئۇلۇغۋار بىر روھنىڭ
گۈزەل كۆيلىرى ئەۋجلىنەتتى، مۇھەببەت ۋە كامالەتنىڭ ھۆزۈرد-

غا، شانۇ شەۋكىتىگە ئىنتىلگەن پاك نىدا ھەم سادالار شاۋقۇن
سالاتتى، نەپەسنى نەپەسكە ئۇلىغۇچى ھاياتىي ئوت ـ گۈلخانلار
گۈرۈلدەيتتى. ئۆزۈمنى ئۆسۈپ كەتكەن بۇژغۇر چاچلىرىم ھەربىر
سىلكىنگەندە ئۆزۈمنى گويا ئوتتۇرا ئەسىر مۇھىتىدىكى ئاشىقىي
مەجنۇنلار قاتارىدا سېزەتتىم ۋە شۇ خىل سېزىمنىڭ چىنلىق بەھ-
رىدە ئاساسىي پېرسوناژىمنىڭ ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم. قو-
يۇق ساقاللىرىم خۇددى قاپقارا چۇمپەردىگە ئوخشاش مېنى ئەترا-
پىمدىكى ھاياتنىڭ بىر پۈتۈن كۆرۈنۈشىدىن ئايرىپ، ئاشۇ دەۋر
ھاياتىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق قويىنىغا ئېلىپ كېتەتتى... سەككىز
ئاي سەككىز كۈندەك تېز ئۆتۈپ مۇقىم ھېس ـ ئىدراك ئىچىدىكى
سەنئەت ئىبادىتىمدىن «قەلب ئەركىسى» دۇنياغا كەلدى.
ئادەم ئۆزىگە يۈزلەنگەندە ئۆزىنى ۋە ئۆزىدىكى ئۇلۇغۋار روھنى
تاپىدۇ، زامان ئىچىدىكى ئورتاق زۆرۈرىيەتتە تۇرۇش بـۇخىل
روھـنى چەتكـە قېقىش مـەنىسىگە ئىگە ئەمەس! بارچىگە ئۆز ـ
ئۆزىدىن مەنە ئاتا قىلىش ئەقلىي ھاياتنىڭ پرىنسىپلىرىدىن بولغان-
دا، دۇنيا رەڭدارلىق ئىچىدە گۈلىستان مەنزىرىسىگە كىرىدۇ،
ئۇنىڭدىن تۈمەن خىل گۈلنىڭ رېڭى ھەم پۇرىقىنى تېپىش تامامەن
مۇمكىن.
ھاياتنىڭ يۈكسەكلىكى ئۇنىڭ ئېھتىياج باسقۇچىدا قانائەت
تاپقانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئىستەكلەر شىددىتىدە قانائەتسىز يۈر-
گەنلىكىدە، گۈزەللىك بىلەن مۇقەددەسلىكنىڭ قىممىتىنى ۋۇجۇد
پىنھانلىرىغا سىڭدۈرگەنلىكىدە. ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان،
ھايات شۇنىڭ ئۈچۈن ھايات بولۇپ بارچىدىن ھالقىش رەۋىشىدە
قىيامىغا يېتىدۇ. بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز ئۆزىمىزگە، ئۆز-
گىگە ۋە دۇنياغا گۈزەللىك بىلەن مۇقەددەسلىكنىڭ ئوچۇق ـ
ئاشكارا نۇرىنى بېرەلمىسە، ئىنسانلىق سالاھىيەت ھايۋانلىق سالا-
ھىيەتكە تەڭلىشىپ، ۋاستە ياكى قوراللىق قىممىتىگە دۇچار
بولىمىز، بېشىمىزدا پارلاپ تۇرغان ھاياتنىڭ ئۇلۇغۋار روھىمۇ
خىرەلىشىپ ئۆچىدۇ. بۇ ھالدا ئۆزىمىزنى ئېھتىمال چەكسىز دۇن-

يانىڭ ئۇچۇق دالاسىدا مەغرۇر ئەمەس ، بەلكى چەكلىك دۇنيانىڭ كىچىككىنە قاشالىرى ئىچىدە بىچارە كۆرىمىز .

ئۆز ئۆزىگە : ئىنسان ! دەپ خىتاب قىلىشتىن باشلىنىدىغان بىلىش ھەرىكىتىدە دۇنيانىڭ تەدرىجىي كىچىكلەپ كېتىشى تەبىئىي بىر ھادىسە . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئىنسان دۇنيانىڭ مۆئەيۇيەن بىر چېكىدە ياكى ئۇنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ : ئىنسان ! دەپ خىتاب قىلالايدۇ ۋە ئىنسانلىق ماھىيەتلەردىن مۆجىزىۋى دۇنيا بەرپا قىلىش ئىمكىنى ئالغا سۈرەلەيدۇ . خىتابىنىڭ خىستابىقا قوشۇلۇشى ، تىنىغان روھىيەت باياۋانلىرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىشى كەڭ كۆلەملىك بىرلىكتىن ، بىرلىك ئىگىزىدە كامىللىق يولى ئېچىشتىن دېرەك بېرىپ ھاياتنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مۇقەددەسلىكىنى ئەسلەرگە سالىدۇ .

پەلسەپىۋى مەنىدارلىقىدىكى ۋە ماھىيەتلىك ئويلارنى ئالغا سۈرۈش خاس ئەدەبىي مايىللىقىم بولغاچ ، رومانىنى ئاددىي تۇرمۇش ۋەقەلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاجايىپ شىددەتلىك ھايات قايناملىرى ئىچىگە ئېلىپ كىردىم . بۇ ، بىر تەرەپتىن روماندىكى شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغلۇق ئېتىبارىدىن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنئەنىۋى رومانچىلىقتىن ھالقىش ، شۇنداقلا ئادەمنىڭ سىرتقى قىسمىدا تۇرۇپ قالغان زاماندىشلىرىمنى ئادەمدىن ئىبارەت ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىنىڭ ئىچكى ئالىمىگە نەزەر سېلىشقا دالالەت قىلىش زۆرۈرىيىتىدىن بولدى . قانداقلا بولمىسۇن ، رومانىم بارچە ئۈچۈن بىر سىناق ، ئەمەلىي بولغان بىر قېتىملىق سىناق ئۆز كۆڭۈللىرىدىكى تۇرلۇك قىياسلار ، خام خىياللار بىلەن ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىسەرەمجان قىلىپ بۇرۇقتۇرما ئەدەبىي مۇھىت ئىچىدە ئۈمىدسىز يۈرۈشتىن ياخشىراق دەپ قارايمەن .

بىز ئۈچرىشىپ قالدۇق ، نامەلۇم دوقمۇش كۆز ئالدىمىزدا يارقىن جىلۋە ئەيلەپ ، ۋاقىتنىڭ تىمتاس دالاسى شاۋقۇنلارغا تولدى .

سەپەردىمەن ، ئاتەش ھېسلىرىڭدا كۆرۈنگەن نۇرانە چەكسىز-



www.uyghurkitap.com

لىكتىمەن . مەن ئۇزارغانچە ساڭا شۇنچە يېقىنلىشىمەن ، مۇساپە-
لەرمۇ شۇنچە قىسقىراپ بارىدۇ . ئەمما ، ئاخىرقى مەنزىللەردە
كۆرۈنگىنى ئۆلۈم خىلۋىتى ، ھاياتنىڭ ماماتقا چۆكۈشى ، تەڭلە-
شىپ قېلىشى بولىدۇ . شۇڭا ، بارلىق ھوسۇل ۋە ئىنئاملار مۇسا-
پىلەردە ، مۇساپىلەرنىڭ ساڭا ۋە ماڭا دۇچ كەلگەن ، يېتىپ بارغان
پەللىلىرىدە چىراي ئاچىدۇ . ئىنسان ئۆز تەبىئىيلىكىدە ئەسلىي
چىنلىقىنىڭ باھارىستانىغا يۈز تۇتۇپ ئىپسىل گۈل - غۇنچىلار
ئۈزەلىسە ، ھاياتىي كۆي - ناۋالار تۆكسەلىسە ، مەھكۇم شەكىللەر
قورشاۋىدىن بۆسۈپ ئۆتەلىسە ، ئۇنىڭ كىشىنى مۇقەددەس پەللە-
لەرگە ئۈندەپ ، گۈزەل ئارزۇ - ئىستەك نۇرلىرى بىلەن يۇيۇپ
تاراپ تۇرىدىغان سېھىرلىك روھىي دۇنيادىن ئالىدىغان بەھرى -
ھۇزۇرى چەكسىز ، ئەدەبىي بولىدۇ .

# مۇقەددىمە

تارىخ، ئۆز قوينىدىكى پىنھان سىر ـ مۇئەممالارغا كەڭرى ئىمكانىيەت قالدۇرغان ھالدا بىزنىڭ تەپەككۇر قاناتلىرىمىزنى يەلپۈپ سىلكىپ تۇرىدۇ. ئىنسان خاس بىر نەسىل ـ نەسەبنىڭ ئۆز زامانىغا يارىشا ئېچىلغان غۇنچىسى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزىنى بويلاپ تارىخقا قايتىشى ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە ناھايىتى شەرەپلىك ئىنسانىي بۇرچىنىڭ مەنىدار مىلودىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. تارىخ بۈگۈنىنىڭ ئەۋۋەلىدە زاھىر بولغان، ئىنسانىنىڭ ئەڭ تۆپكى ماھىيەت چوڭقۇرلۇقىدىن سۈزۈك سادا بېرىدىغان، ھايات زەنجىرىنىڭ ھەربىر نۇرلۇق ھالقىسىدا ئاشكارا كۆرۈلىدىغان روھىيەت شەجەرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ئىرادىسىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئېتىدۇ. تارىخنىڭ سىر ـ مۇئەممالىرى يېشىلگەنچە تارىخنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى پەخرى ـ ئىپتىخار ھاۋاسى كېڭىيىپ، چەكسىز ئەتىلەرنى دەۋر قىلغان مەھلىيالىق كېلەچەكنىڭ پىنھان سۈرەتلىرى ئايان بولىدۇ.

مەن يىلتىزىمنى بىلىمەن، يىلتىزىمنى بىلگىنىم ئۈچۈن، ئۆز ئوزۇق ۋە قۇۋۋەت ئالغان خاسىيەتلىك تۇپراقنىمۇ بىلىمەن. مەن ئاشۇ ئەزىزانە تۇپراقنىڭ پەرزەنتى ـ غۇنچىسى، ئاشۇ خىسلەت ـ خاسىيەتلەرنىڭ بارچىسى ھەم جارچىسى بولغىنىم ئۈچۈن، تارىخ داۋانلىرىدا بىمالال ئۇزاپ ناھايىتى تېزلا ئىشق باغى ئىرەملىرىدە چوغدەك قىزىلگۈللەرگە، بەلكى ئوتتەك يارقىن ئىنسان تاڭلىرىغا زارىقىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان پىنھانە ئادەم — شائىر نەۋبەتىنىڭ روھىيەت قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتتىم...

«قەلب ئەركىسى» — سەئىدىيە خانلىقى (1514 ـ 1678)

دىن كېيىنكى غوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (1678 ـ 1759) دە ياشاپ، گۈزەل ئىشقى شېئىرىيەت بويىچە «دىۋانى نەۋبەتى» نى مىراس قالدۇرغان ئۇلۇغ رومانتىك شائىر نەۋبەتىنىڭ قىسمەتلىك ھاياتى ۋە مۇرەككەپ روھىيەت قاتلىمىغا بېغىشلانغان بەدىئىي تە-سەۋۋۇر نەمۇنىسى سۈپىتىدە قەلەمگە ئېلىندى.

شېئىر ــ يول ئىدى، بۇ يول تارىخقا، تارىخنىڭ زۇلمەتلىك كېچىلىرى كۆيدۈرگەن سۆزۈك ۋە جۇلالىق بىر قەلبكە تۇتىشاتتى. مەن ئاشۇ يولدا يۈرمەكتە ئىدىم، ئاشۇ يولدا يۈرۈپ شېئىر تۇغقان قەلبكە ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدىم. كۆز ئالدىم بىپايان، ئاجا-يىپ يورۇق ھەم جۇلالىق ئىدى. دىماغلىرىمغا قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇرۇلاتتى، قۇلاقلىرىمدا تۇمەن خىل ئۇنلەرگە زوق بەرگۈچى رىتىمدار بىر كۈي ئىشق ۋەسلىنى كۈيلەيتتى. مەنلەر-نىڭ چوڭقۇرىدىن ئۆرلىگەن نۇر بىلەن مەنىلەرگە تۆكۈلگەن نۇرلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ شۇنداق بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغانكى، ئىككى گەۋدە، ئىككى ئالەم گويا بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان، ۋەسلى ـ ۋىسال ئۇنىڭدا ھەردەم ۋاسىل ھەم ھاسىل ئىدى. مەن ھۆر تىنىپ بەخت قاينىمىغا چۆمۈلدۈم، ئىنسان قەلبىنىڭ ئىلىم ۋە ئىشق يۈكسەكلىكىدە ئېرىشكەن نۇرانە ئۇتۇقلىرىدىن ھەيران بولۇپ ئۇ-زاق سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا ئاۋۋالقى يۆنىلىش بويىچە ئالغا قاراپ كېتىۋەردىم.

شېئىر قەلبتە جۇش ئۇرغان، ئەمما قەلبنى ئىلھام قاينىمى بىلەن يۈكسەك پەللىلەرگە كۆتۈرگىنى شېئىر ئەمەس، بەلكى ھا-يات، ھاياتنىڭ شائىر قەلبىگە ئۇرۇلغان سىرلىق دولقۇنلىرى ئى-دى. ئاشۇ دولقۇن باشتىن ـ ئاخىر شائىرنى تاللىغان، ئۇنىڭ قەلبىنى تاۋلىغان، شېئىرىي ھوسۇللىرىنى ھاياتقا قايتۇرغاندى. شۇڭا، ھەربىر شېئىردا شائىرنىڭ جۇلالىق قەلبى كۆرۈنەتتى، ئاڭا ئۇرۇلغان سىرلىق ھايات دولقۇنلىرى ئەكس ئېتەتتى.

شېئىر يولى تېخىمۇ كېڭەيمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ پايانىدا كۆ-رۈنگەن رەڭدار ھايات كۆرۈنۈشلىرى ماكانىنىڭ روھىي يىلتىزىغا

www.uyghurkitap.com

ۋە تەلۋە بوران ـ چاپقۇنلىرىغا تۇتىشاتتى. تارىخ ئەينىكى كۆزۈمگە نۇر تۆكەتتى، تەسەۋۋۇر قۇشۇم شائىرنىڭ نەسەب بەلباغلىرى ئۈستىدە ئۇچاتتى، پىكىرلىرىم ئۇنىڭ ھايات شەجەرىسىگە يېپىلىپ تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق) مەرغۇلىنىڭ شائىر روھى بىلەن قوشۇلغان مەنىدار ئەۋجلىرىدە چېچەك ئاچاتتى، روھىم خۇش ھىد ـ پۇراقلار ئىچىدە مەست بولۇپ شائىرنىڭ پەللىلەردىن ـ پەللىلەرگە باسقان قەدەملىرىگە ئىزمۇ ئىز ئەگىشەتتى. دەرھەقىقەت، شائىرنىڭ ۋۇجۇد تۇزۇلمىسى نەسەب ئېتىبارى بىلەن ئۆزگىچە، روھىيەت تۇزۇلمىسى تەلەپ ۋە تەلىم ئېتىبارى بىلەن ۋەھىيكار، زامان تۇزۇلمىسى قارامىلىق ئېتىبارى بىلەن زۇلمەتلىك ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇ، ئۆزىنى تېپىشنى ئىلىم يولى بىلەن، ئۆزىدىن ھالقىشنى سەير ـ سەپەر يولى بىلەن، زاماندىن ھالقىشنى شېئىرىيەت يولى بىلەن رېئاللاشتۇرغانىدى. كۆرەش قىسمەت تاغلىرىغا ئۆرۈلۈش تەرىزىدە داۋام ئېتىپ ئۇنى شۇ قەدەر قەيسەر، شۇ قەدەر ھوسۇللۇق قىلىپ تاۋلىغانكى، ئۇ بارچىدىن ئايرىلىش بەدىلىدە ئۆزىنى تەنھالىقتا چايقاپ ئىلاھىي ئىشق يۈكسەكلىكىگە سۈردى، بارچە ئۆرۈلۈشتىن پەيدا بولغان ئاۋازلارغا زەن سېلىپ تەقدىر سىرلىرىنى يەشتى ۋە شېئىرىي مىسرالاردا پاراغەت كەچتى.

ئىشق — شائىرنىڭ ھايات جۇلاسى ئىدى.

ئىشق — تۇپراق، ئىنسان ۋە تەڭرى ئارىسىدا جۇلالىنىپ شائىرنى ئۇنىڭ دەرىجىلىرىدە كۆچۈش ۋە بىرلىك كامالىتى تېپىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر ئەيلىگەنىدى. شۇڭا، شائىر تۇپراقنى ئىشقنىڭ نىگىزىگە قويۇپ كۆيلەشتىن يۇرت روھىنى، ئىنساننى ئىشقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە قويۇپ كۆيلەشتىن ئىلىم ـ مەرىپەت روھىنى، تەڭرىنى ئىشقنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە قويۇپ كۆيلەشتىن ھەقىقەت روھىنى جۇلالاندۇرغانىدى. مۇشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى شائىر ھاياتىغا مەنە ۋە قىممەت، قەلبى ۋە قەلبىدىن تاشقان ھېس ـ تۇيغۇلىرىغا قۇياشتەك پارلاق نۇرانىلىك بېغىشلاپ، ئۇنى ھەقىقىي تۇردە قەلب ئەركىسىگە ئايلاندۇرغانىدى...

كۆرۈڭ كىتابخان، قولۇمدا «دىۋانى نەۋبەتى»، ئىچىمدا شائىرنىڭ ئۇلۇغ سىيماسى، خوتەن گۈلىستانىدا ئۇنىڭ هايات ئىزناسى چۇقان سالاتتى.

شېئىر، ئۇ زادى نېمە؟

شېئىر — جان كۈيى، قان كۈيى!

شېئىر — ياش كۈيى، قۇت كۈيى، تەر كۈيى!

شېئىر — ئىلاهىي نەپەسنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن هاسىل بولغان ئادەم ۋە ئالەم كۈيى!

شېئىر — ئارمان كۈيى، دەرمان كۈيى!

شېئىر — ئوت كۈيى، جۇت كۈيى، سوت كۈيى!

شېئىر — هايات نەپەسنىڭ مامات دولقۇنلىرىغا ئۇرۇلۇشىدىن زاهىر بولغان هەق كۈيى ۋە زوق كۈيىدۇر. ئۇ، بىزنى ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن بوشلۇقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، هايات قىممەتلىرى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان پارلاق مەنزىللەرگە كۆتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ شەرەپلىك ئىپتىخارىغا چۆمدۈرىدۇ.

ئەي، جاهان ئەركىسى، ئەي، قەلب ئەركىسى، ئەي، ئىشق ئەركىسى، تۇپراق ئاستىدا قورۇنما! تېنىڭ بىلەن روهىڭنىڭ پەرقى ئالەمنىڭ سۈزۈك هاۋاسىدا ئىدىتلىنىدۇ. نۇر كىپەنلىرىگە ئورالغان كۆنۈڭ نۇر يۆگەكلىرىگە يۆگىلىپ قايتا تۇغۇلغان كۆنۈڭ بولىدۇ. چۈنكى، تىلىمدىكى كۆيۈك دىغىدا سەن زارىقىپ كەلگەن سەهەر ۋە سەهەر قۇياشى تۇنەيدۇ...

قېنى، كىلىڭ كىتابخان، قەلبىمىزنىڭ خىرەلەشكەن ئەينەكلىرىدە بىرەر شولا، بىرەر جىلۋە ۋە بىرەر سايە ئايان بولامدۇ - يوق، بىز شائىر نەۋبەتىنىڭ هايات ئىزلىرىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ پىنهان هېكايەتلىرىگە بىرلىكتە نەزەر سالايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# سۇبھىدىكى چولپان

## 1

ئىنسان روھىنىڭ ھۇسندار باغى ئېرەملىرى جاھالەت دىۋىلىرىنىڭ ئاياغلىرىدا چەيلىنىپ تارىخ ئېقىنلىرىدا قان - ياشلار سەل بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. تارىخ ئۆزگە، ئىنساننىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرغان خۇلقى - پەيلىگە تەئەججۇپ نىگاھلىرى بىلەن باقماقتا، ھاياتنىڭ سۇپسۇزۇك رىزقى - ئامەت ھاۋاسى تۇتۇلۇپ ئالتە شەھەر گۇلىستانىدا چۆل - باياۋان قۇيۇنلىرى قۇترىماقتا، پەلەك چاقى بۇ يەرلەردە تەتۈر ئايلانماقتا ئىدى. بۇ شۇم قۇيۇنلارنىڭ تىنىما - تالاڭ قىلىۋاتقىنى ئۆز باغلىرىدا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل رەڭدار ئۆزلۈك جۇلاسى بەرپا قىلغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شۆھرەتلىك سەلتەنەت لىباسى، شۇنىڭدەك ئادەم بىلەن ئالەم بىرلىكىدە مىسلىسىز مۇڭ تەلقىنلىرىگە چۆمۈلۈپ جاراڭلىغان چەكسىز ئىزگۈ كۆي - مەرغۇل شەجەرىسى ئىدى. شەرەپ - ئىپتىخار دەرگاھى نومۇس - ھاقارەت مەيدانىغا ئايلانغان، ئىنسان ئۆزى يۆلەنگەن مەنىۋى پەللىلەرنىڭ نۇر - ئاپتاپلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزگىنىڭ قۇلى - بىساتىغا ئايلاندۇرۇشقا مەجبۇر بولغان مۇشۇ كۆلپەتلىك تارىخي دەملەرنىڭ ئۆزىدە يۇرۇگقاش دەرياسىنىڭ ئاپئاق شايىدەك يىراق - يىراقلارغا تارتىلغان باش ئېقىنلىرى بويىدىن ھەق يادىغا ھېرىس بىر ھاياتى پەرۋازنىڭ نۇرانە شولىسى ھەريان

چىچىلماقتا ئىدى. بۇ شولىلاردا ئۇلۇغ بىر ئىنسان بالىسىنىڭ
بەئەينى تاغ بۈركۈتىگە ئوخشاش جەسۇر سىيماسى ئەكس ئېتىپ،
ھـايـات تـاغلىرىغـا ۋە ئىلىم گۈل ـ گۈلىستانىغا ھېرىسمەن
كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەپتۇن ـ مەھلىيا ئېتەتتى.
يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەلىرىدىكى ياپيېشىل ئوتلاقلاردا،
قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قارلىق تىك چوققىلىرى ئارىسىدىكى ساماۋى
بوشلۇقلاردا جۇشقۇن پەرۋاز ئېتىپ، ئەلنىڭ نىجاتلىق تاغلىرىنى
دېرەكلەپ يۈرگەن تىجەن ھەزرەت يېقىن ـ يىراقتىكى بارچە كىشد-
ىنىڭ ئېغىزىدا بىردەك «تاغ بۈركۈتى» دەپ تەرىپلىنەتتى. ئۇ،
ئۆزىنى ئۆزى بىلەن ئىنسان بالىلىرىنىڭ يۈكسەلگەن روھىيەت
پەللىلىرى ئارىسىغا قويۇپ يىراقلارغا ئۇزارتقانلىقتىن، بارچىگە
ھاياتنىڭ ئالىي ئۆلچەم، مەۋقەلىرى يېقىندىن نەزەر سېلىپ، ئىنى-
سانىيلىق كۆكلىرىدە ھەرقاچان پەرۋازدىكى تاغ بۈركۈتىدەك مەغ-
رۇر، بەقۇۋۋەت تۇراتتى.
مىلادىيە 1687 ـ يىلى، ياز پەسلىنىڭ بىر سۈزۈك سەھىرى،
تاغ بۈركۈتى تىك قىيا ئۈستىدىكى ئىللىق ئۇۋىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ
كۈچلۈك قاناتلىرىنى كەڭ يايدى ـ دە، قۇياش نۇرىدا قىزغۇچ
تاۋلانغان بۇلۇتلار ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇ بىر جۈپ
جەسۇر قاناتلىرى بىلەن بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل قۇياشقا
يېقىنلاپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى شۇنچىلىك شىددەتلىك،
شۇنچىلىك قارام ئىدىكى، خۇددى چاقماقنىڭ كۆك قەرىدە چېقد-
لىپ بوشلۇقنى تىلىپ ئۆتۈشلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسكە سالاتتى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن، قۇياش — ھەقىـقەت، مۇھەبـبەت ۋە كامالەت
مەنزىلـگاھى ھېسابلىـنىپ ئالەمنىڭ جىمىكى ئاسايىش ـ سائاد-
ىتىنى تەمىن ئېتەتتى. ئۇنىڭ تەلپۈنۈشى، زارىقىشى ۋە رىيازەت
ئىچىدە ئىنسان تاغلىرىنى تەلقىن قىلىشلىرى ئەنە شۇ چۈشەنچە
بويىچە قۇياش ۋەسلىگە يېتىشنى، ئۇنىڭ بىر دەستە ئاپئاق نۇرىغا
ئايلىنىپ نۇر ئارا نۇر بولۇپ ئېقىشنى ۋە ئىنسان قەلبىنىڭ قاراڭ-
غۇ خىلۋەتلىرىگە پۈتۈنسۇرۇك سىڭىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغاند-

www.uyghurkitap.com

ـدى. بۇ مەقسەت ـ مۇراد ھاسىل بولۇپ، نۇر خىسلىتى قەلبىدىن تاشقان چاغدىلا، ئۇ ئاندىن تاغ يېرىدىن نەچچە كۇنلۇك يىراقتا ناھايىتى ئۇزاق تارىخنىڭ شەرەپلىك ئېپتىخارىنى باغرىغا پىنھان يېسىپ سۈكۈت ئىچىدە كۆل سۇيىدەك تىنچ شاۋقۇنسىراپ ياتقان تەۋەررۇك دىيار — خوتەن گۈلزارىدىكى خۇش پېئىل خەلقلەرنىڭ دىللىرىغا نۇر يامغۇرى بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭدا يېڭىچە بىر يېشىللىق جىلۋىلىرىنى كۆرۈشكە نائىل بولالايتتى. ئۇزۇن يىللىق ساماۋى پەرۋاز ئۇنى شۇ قەدەر قەتئىي، شۇ قەدەر قەيسەر رەۋىشتە تاۋلاپ باردىكى، ئۇ تىك چوققىلار ئۇستىدىكى بۇلۇتلار ئارىسىدا كىچىككىنە تېنىدىن، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىپ ئۆتۈپ روھىيەت ئالىمىگە، تارىخنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق بىپايان دالىلىرىغا ۋە كىلەچەكنىڭ ئاتقۇسى گۈلگۈن ئاڭلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەندى. ئۇنىڭ ھەر بىر تۇيغۇسى بىر سېھىرلىك كۆز سۈپىتىدە زاھىر بولۇپ، ئۆزى يەتكەن ساماۋى مەنزىللەرنى سەير ـ تاماشا قىلىپ، نەزىم ۋە تارىخىي تەپسىرنىڭ دەستە ـ دەستە قولىيازمىلىرىدا نۇر قىيامى ھاسىل قىلغانىدى.

تاغ بۈركۈتى، بۇگۇن قۇياش بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى دائىملىق ساماۋى پەرۋازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىقىنى ئورۇنداۋاتاتتى. ئۇ قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئىچىدە رەڭدار تۇس ئالغان تۇرۇم ـ تۇرۇم بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆز قەلبىنىڭ ئوت ئىچىدە گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن تېشىپ بوشلۇققا، زېمىنگە، زېمىندىكى پاك تەبىئەتلىك، دۇرۇس دىللىق، ئەرك سۆيەر كىشىلەرنىڭ چېھرىگە تۆكۈلۈۋاتقان بىر نۇرنى بايقىدى. بۇ نۇر ھەربىر تالاسىدىن سىرلىق ھەم سېھىرلىك ئاۋاز تارقىتىپ، ئۆزى يەتكەن ھەربىر نۇقتىدا ئۆزگىچە ئىنكاس پەيدا قىلاتتى. تاغ بۈركۈتى ئاللىبۇرۇن قۇياشقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۆزى تەۋە ھاياتلىق دائىرىسىدە كامىل ئىنسان قۇياشى سۈپىتىدە كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇڭىمۇ تاغ خەلقى ئاڭا قۇياشقا تەلپۈنگەندەك تەلپۈنۈپ، قۇياشقا ئېگىلگەندەك ئېگىلىپ، ئۇنىڭ بەھرىدە پىنھان

كۆكۆل خانىلىرىنى روشەن، نۇرانە ئەيلىشەتتى. ھەرقانچە ئۆتكۈر، قۇۋۋەتلىك كۆزمۇ ئۇنىڭغا تىك بېقىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇ بارچىنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ يەرگە قاراشقا، شۇ يوسۇندا ئۆزلىرىگە قايتىپ نۇرغا بەرداش ھەم نۇرغا رەقىداش قەلب كۆزلىرى بىلەن چەكسىزلىنىپ قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى.

تاغ بۇركۇتى ئاپئاق قارلار بىلەن قاپلانغان قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ تىك چوققىلىرىدىن قايرىلىپ پەسكە تەكشى نىگاھ ئاغدۇردى. تاغ ئېتەكلىرىدە يېشىل گىلەمدەك جىلۋىلىنىپ ئۇزاققا سوزۇلغان ئوتلاقلاردا ئۇنىڭ بىلەن دىل يېپلىرى مەھكەم چىگىلىپ كەتكەن چوپانلار قول پۇلاڭلىتىپ، چىپىپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلار دومىلاپ چۈشتى، تاغ سۈيىدەك پاكىز، ساپ ئادەملەرگە، جاھاننىڭ تەلۋە بورانلىرىدىن خالىي تاغ باغرىغا تارتىشىپ شىددەت بىلەن پەسكە شۇڭغۇدى ۋە قاناتلىرىنى قېقىپ بىرھازا مۇئەللەق تۇرغاندىن كېيىن خۇددى كىرىچتىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بولدى. شارقىراپ، شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان يۇرۇڭقاش دەرياسى جۇدالىق ياشلىرىدا كۆزلىرى نەمدەلگەن تاغ بۈركۈتى — تىجەن ھەزرەتكە يول كۆرسىتىپ باراتتى.

«قاش» نامى ئېلىپ بىر خىل تەبىئىي ئەتىۋار - قىممەتنى ئىپادە قىلغان، ئۆز ساھىلىدا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئەڭ ئېسىل گۈلى - رەيھانلىرىنى ئېچىلدۇرۇپ بېھىش - جەننەت مەنزىرىسى سىزىپ تۇرغان يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى بۇ تەۋەررۇك ئانا دىيارنىڭ ئەسىرلەر سۈكۈتىدىن، تارىخنىڭ قان - ياشلىق داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ قار - مۇزلۇق تىك چوققىلىرىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ خوتەن بوستانىنى ئىككى يول بويىچە دائىرىلەرگە بۆلۈپ يېشىللىق بەلۋاغلىرىنى ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىرلىشىپ، ئانا دەريا — تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. بۇ جەريان تەبىئەتنى

ئىنسان سەپلىرىگە كۆچۈپ، ئىنساندا ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك بىر ئاڭنى ئويغاتقان، ئۇنى ئىنسان روھىنىڭ يارىتىش ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىدە يارقىن پەللىلەرگە كۆتۈرگەنىدى. شۇڭا، خوتەنلىكلەر بۇ دەريالاردىن سۇغا، يېشىللىققا، ئاش - نانغا ۋە قاشتېشىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىمانغا، ئېتىقادقا، تارىخ بەتلىرىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە، بۈيۈك ئىختىرالارغا ئېرىشكەنىدى. بۇ يەردە ھايات بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ھالىتى ناھايىتى روشەن كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخنىڭ قاتلىرىغا تۇتاشقان سىر - مۇئەممالىرى ئەقىل ۋە تەپەككۇرنى رەڭدار ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئىچىدە ئازدۇرۇپ قويىدۇ. خوتەننىڭ يىراق قەدىمكى شۆھرىتى مانا شۇ بىر گەۋدىلىك مۇناسىۋەتكە مەنبە بولغۇچى بىر جۈپ قاش دەرياسىنىڭ سېخىي ھىممىتى، ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭدىن سىمۇۋللۇق رىغبەت ئالغان ھالقىشچان ئويلىرى ئارقىسىدا روياپقا چىققانىدى. دەريا، بوستانلىق ۋە قاشتاشلىرىدا نامايان بولغان تەبىئىي خىسلەت ئاڭا باغلانغان خەلقلەرنىڭ ۋۇجۇدىغا روھ بولۇپ سىڭىپ ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالغانلىقتىن، سۇ يۈزىدىكى ئۆركەشلەرنىڭ، چىمەنلەردىكى گۈلى - رەيھانلارنىڭ سىيماسىغا تەققاسلىنىپ خوتەن گىلىمى ئايرىدە قىلىنغان بولسا، سۈپسۈزۈك قاشتاشلىرىنىڭ غۇبارسىز ۋۇجۇدىغا تەققاسلىنىپ يىپەك - شايىلەر ئايرىدە بولغانىدى. تەبىئەت ھىممىتىگە ھايات ھىممىتى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلىدىغان، تەبىئەتنى جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئىچكى ھۈجەيرىلىرىگىچە ئەكىرىپ دەشتى - چۆلدە باغۇ بوستان، قەلب - دىل خىلۋەتلىرىدە مۆجىزىكارلىق خىسلەتلىرى ياراتقان، ئۆز تارىخىنى ئۆلۈك قەغەز يۈزىگە ئەمەس، بەلكى جانلىق ھايات لەۋھەسىگە، قوم - تۇپراق ئاستىدىن يالىلداپ ئۆرلەپ ئەرش - پەلەك جىلۋىلىرىگە تۇتاشقان ئالەم روھىغا نەقىشلەپ قويغان خوتەن خەلقى ئەلمىساقتىن بېرى ئاشۇ ئانا دەريالارنى ھاياتلىق مەنبەسى، شۇنىڭدەك خىسلەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ مەنبەسى بىلىپ كەلگەنىدى. ئېھتىمال،

خوتەندە يۈز بەرگەن چوڭ ـ چوڭ تارىخىي ۋەقەلەر سەلبىي تەرەپتىن ئانا دەريانىڭ سەل ـ كەلكۈنلىرىنى تاشتۇرۇش يوسۇنىدا يۈز بەرگەن بولسا، ئىجابىي تەرەپتىن خەلق قەلبىدە ئاڭا مەنىداش ۋە تەڭداش چىققىلىپ تۇرىدىغان روھىيەت سەل ـ كەلكۈنلىرىنى تاشتۇرۇش يوسۇنىدا روي بەرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، زېمىن بىلەن قەلب بوستانىدا تەڭكەش ئاققىنى ئىمان، ئېتىقاد، شۇنداقلا ھەققە ھېرىس ئۇلۇغلۇق سەللىرى ئىدى...

تاغ بۈركۈتى تىجەن ھەزرەت يۈرۈڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قاراڭغۇ تاغ① ئېتەكلىرىدىن كېلىۋېتىپ ئەنە شۇ خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان يۈرۈڭقاش دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىغا قاراپ ھاياجانلىنىپ مىنىۋالغان شاش ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قوياتتى. ئەمدى تاغ ۋە چۆل يوللىرى ئاياغلىشىپ بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن يېزا ـ كەنتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خوتەن ئاستانىسىنى مەنزىلى ـ مەقسەت ئېتىپ يولغا چۈشكەندىن بۇيان تۆت كېچە ئۆتۈپ بەشىنچى تاڭغا ئۇلاشقان، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ نازۇك ۋە قەتئىي قەلبىدە باشقىچە بىر خىل ھېكمەتلىك تۇيغۇلارنى ئويغاتقانىدى. ئۇ، ئاجايىپ گۈزەل نۇر ھالقىلىرىنى پەيدا قىلىپ كېڭىيىۋاتقان تۇيغۇ دولقۇنلىرىغا ئەگىشىپ مەستخۇش بولغاندەك بولدى ۋە كۆز ئالدىدا غۇۋا سۈرەتلىنىپ بارا ـ بارا روشەنلىشىپ بېرىۋاتقان پايانسىز بىر رەڭدارلىقنى كۆردى. ئۇنىڭ يارقىن ئېتەكلىرىدە تاغ چوققىلىرىغا ئوخشاش ئۈچلۈق تۇماقلارنى كىيگەن پەرىشتىدەك گۈزەل ئادەملەر ئاپئاق چېھرىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان نۇر تالالىرىغا قاراپ كۈلۈمسىرەشكەنىچە قوللىرىنى كەڭ كېرىپ مۇناجات ئوقۇشاتتى. ئەتراپ چوغدەك قىپقىزىل گۈللەرگە ئورالغان بولۇپ، ھەربىر گۈل، ھەربىر تال غۇنچە گويا ناز ـ كەرەشمىلەرگە پەۋەس تولغان ھۆر ـ پەرىلەردەك بەرنا كۆرۈنەتتى. ھەممە يەردىن مۇناجاتقا تەڭكەش قىلىنغان

① قاراڭغۇ تاغ — خوتەن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى قاشتېشى يېزىسى.

كۆي ـ نەغمە ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بىر خىل رىتىملىق ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى قوزغىتىپ بارماقتا ئىدى… شۇ دەملەر بەھەردە ھەزرەتىنىڭ ھاياجىنى ئەۋجىگە چىقىپ پۈتۈن ئەزايى ـ ۋۇجۇدى چىلىق ـ چىلىق تەرلەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئاۋۋال سىپىرلىك كۈيگە، ئاندىن ھېكمەتلىك سۆز مارجانلىرىغا ئايلانغان قەلب ئىلھاملىرى سىرتقا تېپىپ چىقىپ، توپىلىق سەھرا يولىدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان شاش تاغ ئېتىنىڭ قەدىمىنى بىردىنلا توختاتتى:

— ئىنسان، كۆللى ئالەم مەۋجۇداتلىرىنىڭ جەۋھىرى! سېنىڭ يارالمىشىڭغا ئىپتىخارلىنىمەنكى، ھايات بوستانىدا بەرق ئۇرغان گۈزەل چېھرىڭدە ئاللا نۇرى پارلىغىنىغا ئوخشاش قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر ئېتەكلىرىدە ئاللانىڭ سىرى ھېكمەتلىرى كۆي بولۇپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ. قېنى كۆرۈۋال، قېنى قېنىۋال، ساخاۋەتلىك قۇياش جامالىنى ئاچقان ھەربىر كۈنىنىڭ ھۆر، ئاسايىش دەقىقىلىرى سېنىڭ ئىلكىڭدە زاھىردۇر. ئىنساننى بارچە ئالەم مەۋجۇداتلىرى بىلەن مەھكەم قىلىپ چاتىدىغان، ئاندىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى دەرەخ شاخلىرىدەك شاخلىتىپ، روھىنى گۈل ـ چېچەكلەردەك ئېچىلدۇرۇپ ئىلاھىي قۇدرەت سۈپەتلىرىگە نائىل قىلىدىغان كۈچنىڭ ۋۇجۇدۇڭ چوڭقۇرىدا غەليان كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىنىمدىن بېرى، ساڭا ئەقىدە ـ ئىخلاس قىلمىقىم پەرھىزىمگە ئايلانغاندۇر. ئاللا ئۆزىگە قاراپ سېنى كۆرگەن ۋە سېنى چاقىرغان چېغىدا، باتىنىي ھەم زاھىرىي ئالەمنىڭ شۇنچە كەڭ يېيىلغىنى سېنىڭ رىزقى ـ تەلىيىڭ ئۈچۈن بولمىسا، قەلبىمنى يار ۋەسلىدەك تارتىپ ئارام بەرمەيدىغان ئۇلۇغ بوۋىلىرىمنىڭ روھى مېنى چاقىرمىغان بولسا، مەن ھۆر ـ ئازاد تاغ ئوغلىنىڭ ئۇنلاپ يىللاردىن بېرىقى رىيازىتىمنىڭ، تاشتىن ـ تاشقا سوقۇلۇپ بۇزغۇن بولۇپ يېيىلىشىمنىڭ، شەكىللەر ئەۋجىدە مەنە سۈزۈشىمنىڭ، لاي ـ لاتقىلارغا مىلىنىپ، ئەقىدە ـ ئىپتىخار شامالىرىدا سورۇلۇپ بۇ تەۋەررۇك ھايات گۈلىستانى، ئەجدادىم تۇپراقگاھى — خوتەن ئاستانىسىگە چۈشۈشۈمنىڭ ۋەجى ـ سەۋەبى نە بولۇر،

ئاخىر ! ؟ ...

سۆزلەر كۆچلۈك ھاياجاننىڭ سىقىشىغا ئۇچراپ ھەزرەتنىڭ بوغۇزىدا سىغدىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ زور بىر قىسمى نازۇك تەسۋىرىي سۆيەتلىرى كەينىگە چېكىنىپ، تېز ئاندا ئۆزى تېشىپ چىققان قەلب ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كەتتى. ئۇ ئاتقا قامچا ئۇردى، دېمىنى ئېلىپ بىخۇد تۇرغان شاش ئات بۇ كۇتۇلمىگەن زەربىدىن چاپچىپ ئالدى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە، شىددەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ شامالدەك تېز چېپىپ كەتتى. يېزا يوللىرىدا ئويناپ يۈرگەن كەپسىز باللار، ئىشىك ئالدىلىرىدىكى سۇپىلاردا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مويسىپىت - چاللار بۇ سىياقى ئۆزگىچە تۇرگۇن ئاتلىقلارغا قاراپ ھەيرانۇھەس قېلىشقاندى.

ئەتراپقا كۆكۈم چۈشۈشكە باشلىدى، تاغ تەرەپتىن شوخلىنىپ ئۇچقان كەچكى مەيىن شامال ئاتلىقلارنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى تىترىتىپ ئېملەرنىدۇر شىۋىرلايتتى. دەريا يۈزىدىن ۋە ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدىــى بويلاپ يىراق - يىراقلارغــا سوزۇلغان يېشىل سەھرا بوستانلىرىدىن بىر خىل ئارامبەخش سالقىنلىق ئۆرلەپ، ئۇلارنىڭ قىزىپ تەرلەپ تۇرغان جىسمى - ۋۇجۇدىغا ھۇزۇر ۋە ئارام بېغىشلايتتى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدىن يۈرۈگۈاش دەريا-سىنىڭ كېچىكى، ئۇنىڭ ئوڭ بېشىدا ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇ-تۇپ سۇكۇتتە تۇرۇشقان بىر توپ ئاق سەللىلىك، قارا تونلۇق كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. تىجەن ھەزرەت ئۇزەڭگىگە چىڭ دەسسەپ ئۆرە بولدى ۋە قەددىنى بىرئاز ئېگىپ ئۇلارغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇلار دەل تىجەن ھەزرەتنىڭ ھەمساۋاق دوستى، ئۇنى خوتەن مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەكلىپ قىلغان غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىدى. ئۇچرىشىش دەقىقىلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، تىجەن ھەزرەتنىڭ پۇتكۇل ھېس - تۇيغۇسى ئىنسان بىلەن ئاللا بىرلىكىدىكى چەكسىز كەڭ ساماۋى بوشلۇقتىن نۇر تېزلىكىدە قايتىپ ئۆزلۈك مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇر قايناملىرىنى ھاسىل قىلغانىدى.

ئارىلىق يېقىنلاپ ئاتلارنىڭ تىزگىنى تارتىلدى، تىجەن ھەزرەت تاغ كىشىلىرىگە خاس چەبدەسلىك بىلەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزىگە قويۇن ئىچىپ ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان قارى ئاخۇنۇمنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى. ئەل غىمىدە ئوت مىسالى كۆيۈپ، سۇ ـ دەريا مىسالى ئېقىپ، دىللىرىنى پاك ئىمان ـ ئېتىقاد ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت گۈل ـ چېچەكلىرى بىلەن پۈركىگەن بۇ زاتى مۇبارەكلەرنىڭ ۋۇجۇدى ئۇزاق بىر مەزگىللىك زارىقىش ۋە كۈتۈشتىن كېيىن بىرلىشىپ، كىشىگە خۇددى مۇشۇ زېمىندىكى بىر جۈپ قاش دەرياسىنىڭ بىر ـ بىرىگە پاراللېل، تەلپۈنۈشچان ھالەتتە ئېقىپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىرلىشىپ كەتكىنىدەك تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەتتى. شۇنداق، ئۇلار مۇشۇ ئەزىزانە تەۋەررۈك تۇپراقتىكى مۆمىن خەلقلەرنىڭ ھاياتلىقىنى تىرەپ تۇرغان قاش دەريالىرىغا ئوخشىشىدۇ. ئۇلار ئۇزاقتا قالغان دانىشمەن بوۋىلارنىڭ، پەرىشتە سۈپەت مومىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چەشمە بولۇپ ئېقىپ كېلىپ بىر ئەزىم دەريا مىسالى يېشىل جىلۋىلەر ئارا شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان، ئۆزلىرىدە ئاۋۋالقى نەسىل ـ نەسەب خىسلەتلىرىنىڭ جەۋھىرى تېپىلىرىنى مۇجەسسەم قىلىپ ئۇنى ھەر سەھەرنىڭ ئالتۇن نۇرىدا تاۋلىغان ۋە رەڭدار شەكىل سۈپەتلىرىگە مۇيەسسەر ئەيلىگەن، ئىنسان بەختىنىڭ سىرۇ ھېكمەتلىرىنى ئاللانى ئۆزىگە پىنھان يوشۇرغان ئۆزلۈك قۇدرىتىنىڭ چەكسىز جۇلالىرىدىن قىياسلىغان، بىخۇد، ئاسىي زامانىنىڭ تەلۋە بورانلىرىدا كۆزلىرى خىرەلىشىپ، دىللىرى چاڭ ـ توزانغا تىنىپ كەتكەن ۋە قاپقاراڭغۇ يوقلۇق ئالىمى ئىچىدە خىرامان ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇۋاتقان ئىنسان باللىرىنى سۆزلۈك ھېكمەت قەترىلىرى بىلەن ياشناتقۇچى تەپەككۇر دەريالىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشى بۇگۈن ئىككى تەرەپتىن كېلىپ جەم بولغان ھەقىقەت تەرەپدارلىرىنى ھاياجانغا سېلىپ، كۆزلىرىدىن قەترە ـ قەترە خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆككەن بولسا، ئەتىكى سەھەردە بارچىنى كۆرۈپ ۋە سۆيۈپ تۇرغۇچى ساخاۋەتلىك قۇياشنى، ئۆزىدىن ۋە ئۆز

مۇھىتىدىن ھالقىشقا ئۇرۇنۇپ چەكسىز روھىي ئازابلارغا دۇچار بولۇۋاتقان سانسىز ئىخلاسمەن مۇرىتلارنى ھاياجانغا سالاتتى. بىر جۈپ دوست ـ قەدىناسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكتە قاناتلانغان روھىي ئىلھاملىرى ھەق يادىنى بويلاپ يۈكسەلگەنسېرى تېخىمۇ ئۇتلۇق تۈس ئېلىپ، ئىنسان ۋەسلى ـ كامالىتىنىڭ بۈيۈك چوققىلىرىدىن ئاجايىپ رەڭدار نۇر ـ شولىلار تارقىتاتتى. خوتەن شەھىرىنىڭ كېچە ئاسمىنىدا چاراقلاپ يېنىشقا باشلىغان جىلۋىگەر يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى نۇر ـ يورۇقلۇق شولىلىرىغا تەققاس ھالدا باسقۇسى مەنزىللەرنىڭ پارلاق پەللىلىرىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

## 2

ئىككى دوست تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىدى، ئۇلارنىڭ سۇبھى دەملىرىگە ئۇلاشقان قىزغىن سۆھبەتلىرى ئەمدىلىكتە ئائىلە، ئۇرۇق ـ جەمەت، دوستلۇق ـ بۇرادەرلىك ئەھدە ـ ۋاپالىرى ۋە تارىخنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك داۋانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۆز دەۋرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە كۆچكەندى. تاڭ خورىزىنىڭ چىللاشلىرى، ھويلا ـ ئارام دەل ـ دەرەخلىرىدىكى ئاق قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشلىرى ئۇلارنىڭ سەزگۈلىرىگە ھېچبىر تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. خوتەن تەختى ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بىر قىسىم رىياكار موللا ـ ئىشان، بەتنىيەت بەگ ـ غوجىلارنىڭ ھەق ـ ئادالەتتىن، پاك ئىمان ـ ئېتىقادتىن، ئىلىم ۋە ھۇنەر ـ سەنئەتتىن تېيىپ كەتكەن يامان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ خېلىدىن بىرى يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ زىيدە بولغان غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم كۆڭلىدە ئۇقچۇپ تۇرغان پىغانلىق ئوي ـ خىياللىرىنى قەدىناس دوستى تىجەن ھەزرەتكە ئېيتىپ بەرمەكتە ئىدى:

— سەئىدلەر تەختى[1] ھىدايىتۇللا ئىشان[2] ۋە مۇغۇل تائىپىلە-
رىنىڭ ئاياغلىرىدا زاۋال تاپقاندىن كېيىن، ئەلنىڭ ئۈمىد شامى
ئۆچۈپ دىللارنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئەل ھالىنىڭ خارابلىقى شۇ
دەرىجىگە يەتتىكى، ئاستانىدىكى مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدى-
دا ئۆز كۈنىنى ياخشىلاشقا غەيرەت - شىجائەت تېپىلمايدىغان
بولۇپ قالدى. ھەممە بىردەك موللا - ئىشان، پىر - ئەۋلىيالارغا
تۇۋا - ئىستىغپار بىرلە قۇللۇق بىلدۈرۈپ ھايات رىزقىغا، ھەق
يادى - ئېتىقادىغا تەتۈر باققانلىقتىن، جانابىي ھەزرەتلىرى مۇبا-
رەك نامەلىرىدە تەكرار قەيت قىلىپ ئۆتكەن ئىلىم - ئىرپان
قىزغىنلىقىدىن ۋە ھايات گۈل - گۈلىستانىدىن سۆز ئېچىش
مۇمكىن بولماي كەلدى، خەيرىيەت، ئۆزلىرىگە ئىرشىپ بىشىم
ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولۇپ، كۈچ - قۇۋۋەتلىرىم ئۈرگۈپ تېشىپ
تۇرۇپتۇ. ئەمدى بىز قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، مۇرىنى مۇرىگە
تىرەپ بىرلىكتە ئىش باشلىغايمىز.

— دۇرۇس ئېيتتىلا، ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى پەيغەمبەر -
نەبىيلەر ئەۋلادى، خوجا - ئەۋلىيا دەپ ئاتىشىۋالغان ئۇ كەلگۈندى
ئادىمىي شەيتانلارنىڭ نىيىتى قارا، قىلمىشلىرى بىۋاپادۇر. مۇن-
داق ئاسىيلار ئىسكەنجىسىدە قېيىنىلىپ نەپەس ئېلىشقا مەجبۇر
بولۇۋاتقان مۆمىن خەلققە ئەيب - گۇناھ ئارتقىلى بولماس، تۆكۈل-
گەن دەريا - دەريا قانلار ئاز كەلگەندەك ئۇ ساتقۇن مەلئۇنلارنىڭ
ئاۋامنى قۇل - گادايلىقتا خار - زەبۇن ئەيلەپ تەركىدۇنيا
چۆللىرىگە سەرسان - سەرگەردان ھالدا تاشلاپ، ھەر جاننىڭ
ئۆز ئەسلى - نەسلىگە تالىق رەۋشتە پىنھان چېچەك ئاچىدىغان
قەلب بوستانلىرىغا قەست قىلىشلىرى ئاللا ھەم ئىسلام شەرىئىتى
ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھدۇر! كەمىنە بۇرادەرلىرى تاغدا ھۆر
ياشاپ ئەركە ئۆگىنىپ قالغانمەن. خۇي - پەيلىم چۇس، تەكەللۇپ-
سىز، تۈپتۈز ئادەتلىرىم موللا - ئىشانلارنىڭ زىر - زىۋەرلەپ

① سەئىدلەر تەختى — سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② ھىدايىتۇللا ئىشان — ئاپاق غوجا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كېتىدىغان يوسۇنلىرىغا مۇخالىپ كېلىشى، ھەتتا تەمەگەر بەگ ـ غوجىلارنىڭ دىللىرىغا ئازار يەتكۈزۈشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستانىنىڭ بەزى ئىنچىكە قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن خەۋەرسىزلىكىم سىلىگىمۇ ئايان. شۇڭا، ئىجازەت بولسا، ئاۋۋال يۇرت ئارىلىغاچ كۆزۈمنى پىشۇرسام ھەم ئۇلۇغ شەۋكەتلىك بوۋىلارنىڭ ئىزلىرىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپسام، ئاندىن ئۆز ئىشىمىزغا تۇتۇش قىلساق خەيرلىك بولۇرمىكىن دەيمەن.

— ئەيىبلىكمەن، قەدىرلىك ھەزرەت! ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-مېھنەت نۇرىدا يورۇقلۇق تېپىۋاتقان مۇبارەك كىتابلىرى «تەۋارىخىي مۇلكى خوتەن»گە ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنىڭ پىنھان ۋەقەلىرى ئىچىدە ئات سېلىپ يۈرگەنلىكلىرىنى ئەستىن چىقىرىپتىمەن. ناھايىتى دۇرۇس ئويلاپتىلا، پېقىرلىرى قازىخانا نامىدىن مەشرىق ئاستانىلىرىنىڭ قازىكالانلىرىغا مۆھۈرلۈك نامە پۈتۈپ بەرگەيمەن. ئۇ يەرلەردە تاغدا يۈرگەندەك ئەركىن، بىمالال يۈرۈپ، تەقۋادار شەيخ، ۋائىزلارنىڭ تىللىرىدىن ئۇزاق قەدىم زاماننىڭ تەسىرلىك ھېكايەتلىرىنى ئاڭلىغايلا ...

سۆھبەت شۇ يەرگە كەلگەندە، بوسۇغىدا تىجەن ھەزرەتنىڭ ئون بەش ياشلىق ئارزۇلۇق قىزى، تاغ پەرىسى سۇدىممە پەيدا بولۇپ ئايۋان ئىچى بىردىنلا يورۇپ كەتكەندەك بولدى. سۇدىممە قوش قاناتلىق پەنجىرىلىك ئىشىكنىڭ ئوچۇق قويۇلۇپ جىنچىراغنىڭ پىلدىرلاپ يېنىۋاتقانلىقىدىن، ئىككى جۈپ كۆزنىڭ قىزىللىق يۇگۇرگەن ھارغىن ھالىتىدىن ھەممىنى چۈشەندى ـ دە، ئېگىلىپ سالام قىلغىنىچە كېلىپ دادىسىنىڭ مۇرىسىگە ئېسىلدى. تىجەن ھەزرەت سۇدىممەنىڭ قىرىق تال ئۆرۈلگەن ساپسېرىق چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ كۆل سۈيىدەك كۆپكۆك تىنىق كۆزلىرىگە تىكىلدى. ئۇ قىزنىڭ تۇرقى ـ سىياقىدىن ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كەتكەن ۋاپادار خوتۇنى بۇۋىمەلىكەنىڭ خىيالىغا كۆچكەندەك قىلاتتى. غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم بامدات نامىزىنىڭ ۋاقتى ـ سائىتىنى دەڭسەپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا جىيەن ئوغلى

مۇھەممەدنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆڭلى-
دىن «ئاللا ـ ئىگەم رىزقىڭنى قوشقان بولسا، مەن ساڭا باشپاناھ-
دۇرمەن، جىگىرىم» دېگەن خىياللار يالت قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى.

ئۈچ ئايدىن كېيىن، كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشلۈكى تىجەن
ھەزرەت مەشرىق سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ غەيۇرۇللا قازى ئاخۇ-
نۇم بىلەن ئىككىنچى قېتىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە كۆز ياشلى-
رىنى تۆكۈشۈپ ئۇزاققىچە ھال ـ ئەھۋاللاشتى. بۇ سەپەر ھەزرەتكە
خۇشاللىقتىن كۆرە تولىراق ئازاب، ئېچىنىش ۋە گاڭگىراش ئە-
كەلگەنىدى. ئۇ كۆرگەن يەرلەردىكى ئەھۋال ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغان-
دىن نەچچە ھەسسە يامان، بەتتەر ۋە قاباھەتلىك بولۇپ چىققانىدى.
ئۇ يەرلەردە ئاقىنى ھاياتنىڭ ئويناق سوزۇك سۇلىرى ئەمەس،
بەلكى كۆكىرىپ، قۇرتلاپ كەتكەن تۇرغۇن قىرتاق سۇلىرى،
بەلكى ھەسرەت ـ نادامەت زەردابى ئىدى. ئۇ يەرلەردە زىكرى
قىلىنغىنى ھاياتنىڭ ئارامبەخش ئوتلۇق قەسىدىسى ئەمەس،
بەلكى جان ھۇزۇرىغا دەھشەت سالغۇچى ئۆلۈم مەرسىيىسى ئىدى.
بىر پارچە نانغا زار ئاچ ـ يالىڭاچ خەلقنىڭ تۇرۇم ـ تۇرۇم قارا
تۇمان بېسىپ كەتكەن قەلب كۆكىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەرىكەت
ھالىتىدىكى غىل ـ پال سايىسىدىن باشقا بىرەر ماھىيەتلىك،
نەسىل ۋە نەسەبكە تۇتاش ئۆزلۈك جۇلاسى چېلىقمايتتى. بارچە ئەل
خۇددى تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان، ئەسىر قىلىنغان گۇناھكار ـ
مەھبۇسلارغا ئوخشاش ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىرەپ، بىر ـ بىرى-
دىن ئۈركۈپ، ئەندىكىپ، پېقىرلىق ـ مۆمىنلىك مۇقامىنىڭ سې-
ھىرلىك كۈيى ئىچىدە دوزاخ ۋەھىمىلىرىگە چوڭقۇر پېتىپ كەتكە-
نىدى. ئۇلارنىڭ نىجات ـ ئىقبالى ئىجتىمائىي يوسۇنلاردا يىلتىزلا-
رىدەك چىرمىشىپ كەتكەن رىياكار[1] موللا ـ ئىشانلارنىڭ تىزگىنىگە
چۈشۈپ قالغانىدى. شۇڭا، بارچە ئادەم «پىر ـ ئەۋلىيا» لارغا
ئۆزلىرىنى مۇرىت ساناپ تەنھالىق ئىزتىراپلىرىدىن خالاس تاپاتتى
ھەمدە يۈرەك باغرىنى خۇن قىلغان تىرىكلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرى-

① رىياكار — ساختىپەز، ئىككى يۈزلىمچى.

نى بەش ۋاخ نامىزىدا ئاللاغا پىنھان شىۋىرلاپ، ئۇ ھۆسنى مۇتلەق ئالـەم ھۆكـۈمرانىنىڭ مېـھىر - شەپقىتىدىن تەسكىن - تەسەللى تاپاتتى. ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان پەلەك گەردىشىنىڭ غايىب تاڭلىرىدىن سۆكۈتلۈك ئۈمىد كۈتۈشۈپ سەۋر- تاقەت بۆشۈكلىرىگە بۆلىنىپ باراتتى. شۇنداقتىمۇ ھەربىر يۇرت ئەھلى بىر تۇركۇم سىرلىق ئاقىلدار كىشىلەرنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئاسراپ قالغان بولـۇپ، ئـۇلار قەلەنـدەر - ئـاشىق، دەرۋىش - سەيياھ سىياقىغا كىرىپ ئۆز ھەقىقىتىنى يوشۇرغان، يۇرت كېزىپ ئالەم ھېسلىرىدا قەلب بۇلاقلىرىنى تاشتۇرۇۋاتقان، پىنھان مازايى ماشايىخلارنى ماكان تۇتۇپ ئىستىقامەت بىرلە ھىدا- يەت نۇرلىرىنى ئىزدەۋاتقاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەلبى قۇياشتەك پاكىز ۋە يورۇق مەدداھ - ۋائىزلار؛ دەريادەك قايناپ تېشىۋاتقان شائىرلار، تېبابەت ۋە تارىخ ھەقىقەتلىرىدىن ھەربىر قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك ھايات سەھىرىگە نۇر - زىيا بېرىۋاتقان، ئۆلۈم ۋىسالىغا مەغرۇر تىكىلگەن قەيسەر، قارام ئەللامىلەر بار ئىدى. تىجەن ھەزرەتنىڭ ئەل ھالىدىن غەمناك بولۇپ پۇچىلانغان پاك قەلبى ئەنە شۇ ئىنسانلىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئاقىلدار كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن تەسەللىي تېپىپ، ئۈمىد - ئىشەنچ دەرەخلىرى يېكىۋاشتىن بەرق ئۇرۇپ ياشنىغانىدى. ئۇ ئۇزاق سۆكۈتتىن كې- يىن، قېشىدا ئويچان ئولتۇرغان ۋاپادار دوستى غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمغا يۈزلىنىپ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى:

— چېچەكلىرىم بوراندا توزىماي، غورىلىرىم جۇدۇندا يىگىلە- مەيلا قالسا، قىيامەت قىپقىزىل تاۋلانغان مېۋىلىرىمنى ساڭا تۇتى- مەن. ئۆلۈم شېرىن شاراب، ئەمما مەن ئۇنى بىمەھەل ئىچىشنى خالىمايمەن. رىزىق كەڭلىكىدىن كۆلۈپ كەل، غىلماندەك ئۇز، تەڭرى - ئاللادەك قۇدرەت - كامالىغا زار پاك - مەسۇم باللىرىم! قاناتلىرىنى كەڭ يايغان بۈركۈت سىنىڭ جىمجىت بوشلۇقلىرىغدا پەرۋاز قىلىدۇ، ئىككى ئالەمنىڭ پاسىلى ئۇنىڭ ئۈچۈن قورغان ئەمەس...، — ھەزرەتنىڭ نۇردەك چاقناپ تەرەپ - تەرەپكە

يېيىلىپ تۇرغان قەلب تۇيغۇلىرىنى سۆز پاساھەتلىرى ئىپادە قىلالـمايى ھالىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. قازى ئاخۇنۇم ئۇنىڭ چىڭقىلىپ قىزىرىپ كەتكەن ھاياجانلىق چىھرىگە تىكىلىپ ئۆز قەلبىنىڭ تەڭكەش خىتابلىرىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنى ھەزرەتنىڭ تەلەپپۇزىغا ماس رەۋىشتە پىچىرلىدى:

— ئۇلار سېنىڭ مېۋىلىرىڭگە زار! سېنىڭ بىپايان كۆپكۆك ئاسمىنىڭ ئەركىن پەرۋازى ھالقىشلىرىڭنى ھىمات قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆلۈم شارابىنىڭ شېرىنلىكى مېۋىلىرىڭنىڭ شېرىنلىكىگە ئوخشاش ئەبەدىيەت ئالىمىگە ھۇزۇر ـ لەززەت بېغىشلايدۇ. بالىلار سەپەردە، ئۇلار قاناتلىرىڭ ئاستىدىكى رىزىق ئالىمىدە خەندان ئۇرىدۇ.

ئىككى دوست، ئىككى قەدىناس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىشتى، ئاندىن سىرتقا تەلمۈرۈپ كوچىغا چىقتى.

## 3

ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، تەمبەل كەلگەن، ئاق سانجىغان ساقىلى مەيدىسىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، بىر جۈپ كۆپكۆك ئورا كۆزلىرىدىن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئۇتلۇق زارىقىش يېغىپ تۇرىدىغان، ئەللىك ياشتىن ھالقىغان تاغ بۈركۈتى — تىجەن ھەزرەت كەڭرى مەدرىسە ھۇجرىسىنىڭ تۆرىدە ئۆرە تۇراتتى. ئۇ بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۇچلۇق تۇمىقىنى سېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپئاق سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا يەكتەك كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتىدىكى بېزەكلىك ئۇچلۇق ئۆتۈكنى تاشلىمىغانىدى. يۈزدىن ئارتۇق ياش تالىپ ئۇنىڭ چىھرىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. مەدرىسە ئىچىنى باسقان ئېغىر سۈكۈت بارچىنىڭ قەلبىنى سوئاللارغا، سوئاللارنى باش ـ ئاخىرى يوق ئوي ـ خىياللارغا تۇتاشتۇرۇپ، شاخلىتىپ

باراتتى. ھەزرەتنىڭ ئۆي ـ خىيالى بولسا، تاغدىكى ساپ، سۈزۈك ھاۋاغا ئوخشاش دولقۇن ياساپ ئۆز ـ ئۆزىنى سېھىرلىگۈچى باتىن[1] كۈيگە ئايلىنىپ پۈتۈن ئەزايى ـ ۋۇجۇدىدىن تېشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ ئۇزاق تارىخنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك داۋانلىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆزاپ، ئىنسان روھىنىڭ ئوت ـ يالقۇنلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى بەدىلىدە ئۇلغايتىپ كەلگەن، ئەل ـ يۇرت بەختى ئۇچۇن ئۆمۈرلۈك رىيازەتلەرنى چېكىپ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن تە- پەككۇر كۆكىدىكى كامىل ئىنسان باللىرى بىلەن سىردىشىپ ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ بۇ ئىلمۇ ئېرپان خانىسىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى.
تالىپ ـ موللىلار ھەزرەتنىڭ ئۆزلىرىگە تەكشى نىگاھ ئاغ- دۇرغان، ئىپتىخار ـ ھاياجاندىن كۆك ئۇچقۇندەك يارقىن يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزىگە، بۇركۇتنىڭكىدەك بۆرتۈپ چى- قىپ پەسكە سەل ـ پەل ئېگىلگەن بۇرنىغا، ئۇسكىلەڭ بۇرۇت ـ ساقاللىرى ئارىسىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس يىمىرىلىپ تىترەۋاتقان لەۋلىرىگە تىكىلدى. لەۋ ئېچىلدى، ئاپئاق قاشتېشى مارجانلىرى ئارىسىدىن سۈربەتلىك سادا ياڭراپ، بارچىنىڭ ئىچ باغرىنى ئېزىپ، ئۆرتەپ تۇرغان ئېغىر سۈكۈناتنىڭ تۇرۇم ـ تۇرۇم تۇمان ـ تۇتەكلىرى تارقىلىپ كەتتى:
— سۈكۈتنىڭ ئازابىغا بەرھەم بەر، ئەي رەببىم! خۇش ئاۋاز، سۈزۈك كۈي ـ مەرغۇل، تېرەن ھېكمەت ۋە شېرىن بېيىت ـ نەزىم جاۋاھىرلىرىغا پەۋەس تولۇپ بەئەينى ئالەم خەزىنە- سىگە ئوخشاپ تۇرغان ئىنسان قەلبىنىڭ سېھىرلىك ئىشىكلىرىنى كەڭ ئاچ، بۇ ھايات گۈلىستانى ئۇنىڭ بەھرى ـ ھىممىتىدىن شەكىل- رەڭ تۈزۈپ باھار ۋىسالىنى كۆرسۇن. ئانا دىيارنىڭ ھەربىر زەررە تۇپراق ـ خاكىدىن، ھەربىر تال چىمەن ـ گىياھى- دىن مەرىپەت مەرغۇللىرىدا، بەلكىم ھېكمەت خەندانلىرىدا ھۆر- لۈك- نىجاتلىق تاپقان بەقۇۋۋەت ئەجدادىمىنىڭ سىيماسى كۆرۈنە- دۇ، قايناق قانلىرىنىڭ ھىد ـ پۇرىقى كېلىدۇ، پاك ئىمان ـ

[1] باتىن — ئىچكى دۇنيا.

www.uyghurkitap.com

ئېتىقادىنىڭ ئەبەدىيەتكە تالىق جاكارلىرى ئاڭلىنىدۇ. زاھىرىي
ھەم باتىنىي بارلىقىم ئاشۇ بۈيۈك قەلەمدار ـ ئەلەمدار بوۋىلارنىڭ
ئەسىر ـ قەرنەلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ مەندە تاپقان ۋىسالى، تەن
ۋە روھىم ساھىلىدىكى نۇسرىتى ئەمەسمۇ، ئاخىر! ؟ ئاڭلا-
ڭلار، باللىرىم، ئەل ـ ۋەتەن ئىشقىغا تەڭداش ئىشق يوقتۇر.
ئەل- ۋەتەنگە كۆيمىگەن بەندە ئۆزگە ئالەم گۈلىستانىغىمۇ كۆيمەس-
تۇر. ئۆزلۈك بۇلاقلىرىنىڭ سۈزۈك قەترىلىرىدە بارچە ئەل دىلى-
رىنى روشەن ـ يارقىن ئەيلەش، ئاللا رىزقىدا خۇش چىراي ئاچقان
ھاياتلىق باغۇ ئېرەملىرىنى ئىلىم ـ ئېرپان سۈيىدە ياشنىتىپ،
چېچەك ئاچقۇزۇپ شېرىن مېۋىلەرگە يەتكۈزۈش بىزنىڭ بۇرچى-
مىز، بىزنىڭ ئىمانىمىز ۋە غورۇرىمىزدۇر. كىمكى ئاللا رىزقىدا
كەڭ يېيىلغان ھەق ـ ئىمان يولىدىن چەتنەپ ئۆز راھەتى روزىغا-
رىغا قامىلىپ ئەل غېمىگە كۆز يۇمۇپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا ھەمدۇ
سانا ئېيىتىدىكەن ئۇنىڭ يۈزى قارا، باغرى خۇن ـ يارا،
ئىقبال ـ نىجادى گۇمراھ بولغاي. ئىلىم ـ ھېكمەت ئىزدە.
قەلبىڭ چوغدانلىرىدىن نۇر ـ يورۇقلۇق تارتىپ كامالەت جۇلاسى
ھاسىل قىلغىنكى، ساڭا ئاللا رىشتىدەك چىڭ چېتىلغان مۆمىن
بەندىلەرنىڭ ھەربىر سەھىرىدە ھەق يادى ۋە مۆرىۋەت جىلۋىلىرى
بىمالال ئويناپ كۈلسۇن!...

تىجەن ھەزرەتنىڭ سۆزلىرى ئىنسان ۋەسلى ـ كامالىنىڭ
رەڭدار مەنزىللىرى تامان ئېقىشقا باشلىغانىدى. تىللارنىڭ پاساھە-
تى، مەنىلەرنىڭ تېرەنلىكى، مىسال ـ نەقىللەرنىڭ دۇرۇس-
دەللىكى ئاڭلىغۇچى ھەربىر كىشىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئىخلاس-
ئەقىدىسىنى ئاشۇرۇپ ئىنسان روھىنىڭ ئۇلۇغ سەلتەنەتلىرىنى
نامايان قىلماقتا ئىدى. توپ ئىچىدە ئىنساننىڭ ئۆزىنى، ئۆزگىنى
ۋە كۆڭلى ئالەم سىرلىرىنى بايقاش رەۋىشىدە روي بېرىدىغان؛
ئادەم، ئالەم ۋە ئاللا بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە كۆرۈلىدىغان،
ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزىدە ۋە بارچىدە كۆرىدىغان، زېمىن ـ تۇپراق-
تىن ئەرش ـ پەلەككىچە بولغان ئارىلىقتا قىياسلايدىغان يېڭىچە

بىر تەپەككۇر ئويغىنىشى ئەۋجلەنمەكتە ئىدى. تىجەن ھەزرەت گاھ
قول پۇلاڭلىتىپ، ھەقتائالاغا ئىلتىجا قىلسا، گاھ دۇئاغا قول
كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلار روھىغا دۇئا - تەكبىر ئىيتاتتى. ئۇنىڭ ئىنـ-
ـسان سىرلىرىغا پەۋەس تولغان دىگىز - ئوكياندەك تىرەن قەلبى
پاساھەتلىك سۆز دۇردانىلىرىدىن شەكىل ئىلىپ مەغرۇر، سۇر-
لۇك قەددى - قىياپىتىنىڭ ھەرىكەت رىتىملىرى بىلەن ئاجايىپ
تەبىئىي ماسلىق ۋە ئويغۇنلۇق تىپىپ تەلىمى نۇتۇقلىرىغا چۆككەن
ھەربىر كىشىنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز ھالدا تارتىپ ئەسىر ئالاتتى.
ھــەر كۇنلــۇكى يىگىـلىنىپ ئۇلۇغ بىر دەريا - ئىقىنغا ئايلانـ-
غان، شىئىرىيەت - نەزمىدىن مەنتىقىي ئىلىملەرگە، مەنتىقىي
ئىلىملەردىن قۇرئان تەپسىرلىرىگە كۆچكەن تەلىمى بايانلىرىنىڭ
سىھرىي كۈچى ئۇنىڭ ئۈچ يىل مۇقەددەم تاماملىنىپ غەيۇرۇللا
قازى ئاخۇنۇم ھىممىتىدە كەڭ تارقالغان «رۇبائىياتى خۇرشىد»
دىۋانىنىڭ تەسىر كۈچى بىـلەن بىـرلىشـىپ ئۇنىڭغا كاتتا شۆھـ-
ـرەت - نوپۇز بەخش ئەتكەنىدى. شۆكىمۇ ئايلار ئايلارغا قوشۇلۇپ
قەھرىتان قىش مەۋسۇمى ئۆتكەندىن بۇيان، خوتەن ئىلىدىكى كۆپـ-
ـلىگەن شائىرلار، ئىلىم - مەرىپەتكە ۋە ئۆزلۈك ھۆرىيىتىگە تەشنا
تالىپ - مولللار ئۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ خىلىلا كەڭ بىر
قوشۇننى ھاسىل قىلغانىدى.

بىر خىل تۇمانلىق سەھەردەك تۇتۇلۇپ تۇرىدىغان خوتەننىڭ
ئىجتىمائىي، مەنىۋى ھاۋاسىدا سەھەرگە خاس قىزغۇچ نۇرلار
جىلۋە قىلىپ ئۇيۇق سۇزۇلۇپ ئاقىرىشقا باشلىغاندىن كىيىن،
ئاستانىدە رىياكار موللا - ئىشانلار، تەسەۋۋۇپچى سوپى - شەيخلەر
ۋە ئۆزلۈك جۇلاسىغا ھىرىس ھۆر شائىرلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل
ئىقىم شەكىللىنىپ نىسپىي دائىرىدە سۈركىلىش كىلىپ چىققانـ-
ـدى. بۇنىڭدا تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرى ئۆز مۇقاملىرىنىڭ ھەرقايـ-
ـسى باسقۇچلىرىدا، ئومۇمەن ئىچكى كۈچ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇپ، ئۇنى ئاللا بىرلىكىگە قوشۇۋىتىش ۋە ئۆزلۈك ۋەسلىنى ئاللا
ۋەسلىدىن كۆرۈش ئىھتىياجىدا تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە

بىپەرۋا قارايدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر تەرەپ بىلەن
زىددىيەت ـ توقۇنۇشى يوق ئىدى. ئۇلار ئىستىقامەت ئىچىدە ئۆز-
لىرىنى بارچىدىن ئايرىپ چىقىپ ھەقىقەت مۇقامىغا قاراپ ئىلگىرى-
لەيتتى. بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى بىتەرەپ مەۋقەنى ياقلىغان
ھالدا دەخلىسىز ئورۇندىلىپ، شەيخ ـ سوپىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەم-
مىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ يېتەلەيدىغان مۆجىزىكارلىق خىسلەتلىرى-
نى، شۇنىڭدەك ئاللاغا قوشۇلۇپ ئۆلۈم ـ يوقلۇق ۋەسلىنى تاماشا
قىلالايدىغـان ئىلاھىي كامـــللىقنــى بەرپا قىلىپ باراتتى. زىد-
دىيەت ـ توقۇنۇش بولسا، تىجەن ھەزرەت باشچىلىقىدىكى ئۆزلۈك
كامالىتى تەرەپدارلىرى بىلەن بەگ ـ خوجىلار ئەتراپىغا ئۇيۇشقان
ئىـمام ۋەلـىخان بـاشچـىلـىقىدىكـى رىياكارمـوللا ـ ئىشانلار
ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىپ تېز ئاندا ئاشكارا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.
ئەمما، تىجەن ھەزرەت بىلەن مۇنازىرە قىلغۇچى كىشى چوقۇمكى
شەرىئەت بىلىملىرىگە كامىل بولۇشى؛ تەرىقەتنىڭ بىرەر ئۇستۇن-
كى مۇقامـلىرىدا ئـۆزىنى كـۆرگەن، ئىلىم ـ ھېكمەت كەۋسى-
رىدە سۇغىرىلىپ قەلب روشەنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغان، ئەل بەخ-
تىگە ھېرىس پاك ئىمانغا ۋە ھەققانىيەت ئېتىقادىغا ئىگە بـولـۇشى
كېرەك ئىدى. شۇڭـىمۇ كـۆڭلىدە ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن
بىر قىسىم موللا ـ ئىشانلار يەك دىل ئوتتۇرىغا چىقىشقا پېتىنال-
ماي باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ جىمجىت يۇرۇشەتتى ۋە باشپاناھى
ئىمام تۆرىنىڭ قۇلاقلىرىغا خۇپىيانە پىچىرلىشىپ تەسكىن تېپىد-
شاتتى. ناۋادا يەكمۇيەك ئېلىشىش كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇلار تىجەن
ھەزرەتنىڭ ئاچچىق بىنەزەر سوكۇتىگە ياكى يۇرەكنى ئۆرتەپ تاش-
لىغۇچى ئۆتكۇر رەددىيىسىگە دۇچ كېلىپ ئوسال بولاتتى ۋە ئامال-
سىز باش ئېگىپ قۇللۇق بىلدۇرۇش قىسمىتىگە قالاتتى. شۇنداق-
تىمۇ ئورۇن ـ مەرتىۋە تەشۋىشىدە ئارامى بۇزۇلۇپ كېچە ـ
كېچىلەرنى ئۇيقۇدىن بىدار ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان، ئەتراپىدىكى بىر
بۆلـۈك شىكايـەتچى مـوللا ـ ئىشانلارنىڭ ئەزرى ـ دادلىرىدىن
كۇچ ـ قۇۋۋەت ئالغان خوتەن جامەسىنىڭ باش ئىمامى ۋەلىخان

تۆرە تۇنجى قېتىم تىجەن ھەزرەتكە ھۇجۇم باشلىدى، ئۇ بىر قېتىملىق جۇمە نامىزىدىن كېيىن تىجەن ھەزرەتكە جامائەت ئالدىدىلا:

— ئۆزلىرى خانىدانىمىزنىڭ ئەھلى مۇسۇلمان ئۆلپىتى تۇرۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىگە مۇخالىپ، كېلىش مەنبەسى شۇبھىلىك ئىلىملەر ھەققىدە، ھەتتاكى غەيرىي دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ تەرغىباتلىرى ھەققىدە سۆزلەيدىكەنلا، بۇ ئىشلىرى مەدرىسەدىكى موللىچاقلارنى ئىسلام شەرىئىتىدىن قايمۇقتۇرۇپ قويماسمۇ، تەقسىر؟ — دەپ سوئال قويدى. تىجەن ھەزرەت:

— دىن بىلەن ئىلىمنى، ھەتتاكى دىن بىلەن دىنىنى بىر-بىرىگە قارشى قويۇش كۇپۇرلۇقتۇر. بۇ ھال ئىنسان باللىرىنى گۇناھقا شۇنداق چوڭقۇر پاتۇرىدۇكى، ئۇنىڭ تەكتىدىن ئۆلۈم قىسمەتلىرى قېپقىزىل قان مىسالى ئۆرلەپ چىققۇسىدۇر. ئاللەنىڭ ئىگىسى بىر، ئەمما ئۇنىڭ سۈپەت - سۆباتى تارىختىن بېرى ھەرقوۋم، ھەر خەلق تىلىدا ھەر خىلدۇر، ئەقىل ئىگىسى دانىشمەن ۋە ھەق يادىغا ھېرىس ئەھلى مۇسۇلمان بۇ پەرقلەرگە پەرۋاسىز كېلۇر، ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدا ئاللا ھەم ئاللا ھەقىقىتى بىرلىك قىلىنغان. شۇنداق تۇرۇپ، كەمىنىلىرىدىن خاۋاتىرلەنگەنلىرى نېمىسى، ئىمام تۆرە؟! — دەپ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - توقۇنۇش ئاشكارا ھالەتتىن يوشۇرۇن ھالەتكە، ئىمامنىڭ ئۆزىدىن ئۇنىڭ يۆلەك - تايانچىسى بولغان بەگ- خوجىلار ئىچىگە يۆتكىلىشكە باشلىدى.

## 4

خۇددى دېڭىز - ئوكيانلار ئارىسىدىكى يىگانە ئارالدەك تەنھا-يېتىم قالغان خوتەن تۇپرىقىنى بىر خىل تەگسىز، ئېغىر سۈكۈت ئىلكىگە ئېلىپ قوچۇپ تۇراتتى. ياۋاش - مۆمىن، ئەمما

خىيال ـ ھەۋەسكە پەۋەس تولغان، چوقان ـ سۈرەنسىز، ئەمما
ئىشچان ـ بەرداش خوتەن كىشىلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان
خاس ئۆرپ ـ ئادەت ـ ئېتىقاد يوسۇنلىرىغا چىڭ ئېسىلىپ ئۆزگە
ئەقىلمەندا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان كۆڭۈل ئويۇشۇش كۆچىگە
ئىگە بولغانىدى. بۇ كۆچ تۇپراق، ئادەم ۋە ئاللانى بىر ـ بىرىگە
زەنجىرسىمان باغلاپ تۇراتتى، پەقەت ئەقىل ۋە ئۆتكۈر تۇيغۇ
قاتلاملىرىدا ئۆزىنى نامايان قىلىپ، ئاجايىپ قارام، ئاجايىپ قۇد-
رەتلىكلىكى بىلەن كىشىنى ۋەھىمە ھەم دەھشەتكە سالاتتى. ئۇنىڭ
مەنبەلىرىدە مۇھەببەت ۋە ئەقىدە ـ ئىخلاس بۇلاقلىرى قايناپ
تېشىپ ھەق يادىغا ھېرىس جەسۇرانە روھنى ئەۋجلەندۈرەتتى.
مەجازى كۆز بىلەن باققاندا، ئۇ گويا كى ۋاقىت ـ سائىتىدە ئوت
ئالىدىغان ئۇلۇغ يانغىنغا، تېشىش ئالدىدىكى سەل ـ قىيانغا،
چاقماقتىن ئاۋۋالقى تۇرۇم ـ تۇرۇم قارا بۇلۇتقا، غىلاپتىكى شەم-
شەرنىڭ ئۆتكۈر بىسىغا ئوخشايتتى. شۇڭا، ئاڭا چېقىلىش ياكى
بولمىسا ئاڭا زورلۇق بىلەن خارلىق ـ زەبۇنلۇق يەتكۈزۈش ھەرقا-
چان كۈتۈلمىگەن، مىسلىسىز ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى.
پەلەك چاقى تەتۈر چۆرگىلەۋاتقان بۇ ئاسىي زاماندا بارچە جاننىڭ
گۈل ـ غۇنچىسى سولۇپ، رىزقىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن بوران
ئۇچۇپ تۇراتتى. شۇ كەمگىچە ئاسايىشلىق، ھەق ـ ئادالەت ۋە
پاك ئىمان ـ ئېتىقاد ئۇچۇن قانچە جان قان بولۇپ تۆكۈلدى،
ياش ـ زەرداب، لەش ـ كۆپۈك بولۇپ ئاقتى، قانچە جاننىڭ
ئالتۇن قەپەسلىرى سۇنۇپ ھايات لىباسى چاك ـ چېكىدىن يىرتىل-
دى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت تارىخنىڭ ئۆزگە قالدۇرۇلغان
سىرۇ تىلسىم ئىدى. ئەمما، ئۆلۈمدىنمۇ كۈچلۈك، قورقۇنچلۇق،
نەسىل ـ نەسەب سۈپىتىنى بۇزۇپ بارغۇچى سوكۇت قاباھىتىنىڭ
بۇ مۈلكى خوتەن ئاستانىسىدىن سۈرگۈن ئېتىلىشىنى كۈتۈپ مۈگ-
لىنىپ يېتىۋېرىش كۈنۇ تۈن ئويقۇ ـ ئارامدىن بىدار بولغان تاغ
بۈركۈتى — تىجەن ھەزرەتتەك كىشىلەرگە راۋا ئەمەس ئىدى.
شۇڭىمۇ ئۇ كۈندۈزلىرى مەدرىسىدە تاشقىنلاپ ساۋاق ـ تەلىم

بەرسە، كىچىلىرى ئاستانىگە كەلگەندىن بۇيان كۆرگەنلىرى ۋە ئويلىغانلىرى ئۇستىدە يۇقىرىقىدەك تېرەن مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈپ، ئۇنى قېلىنلاپ پۈتەيلا دەپ قالغان تەزكىرە كىتابى — «تەۋارىخى مۇلكى خوتەن» نىڭ بەتلىرىگە بىرمۇ بىر خاتىرىلەيتتى.

«ئۈمىد، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزلۈك ئاقارتىشىدا!» دەپ ئويلايتتى چوڭقۇر ئېچىنىش - ئەپسۇس تۇيغۇلىرىدا قەلبى ئۆرتەنگەن، بالىخانا ھۇجرىسىدا كېچە ئاسمىنىغا تىكىلىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان تىجەن ھەزرەت. ئۇ ھەر كېچە نەچچە ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە شۇ يەردە سۈكۈتتە تۇرۇپ قەلب جاراھەتلىرىگە تولۇنئاي ۋە ئۇنىڭ توپ - توپ، جىمىر - جىمىر يۇلتۇزلىرىدىن تەسكىن - تەسەللى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ئوي - پىكىرلىرى ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە، زامانلاردىن زامانلارغا ھەم يەنە نەسىللەردىن نەسىللەرگە كۆچۈپ، ئاخىرىدا تارىخنىڭ شىۋاق - يانتاق بېسىپ كەتكەن غېرىب، جىمجىت، تاشلاندۇق چۆل - جەزىرىلىرىگە تۇتىشىپ قالاتتى. ئۇ ئۆزىنى گويا ئەرش سەيياھىدەك قاناتلاندۇرۇپ، يىللار، ئەسىرلەر قوينىدا كېزىپ يۈرەتتى ۋە ئادەمزات ئايىغى يەتمىگەن ئاشۇ چۆل - جەزىرىلەردە بىر تەلۋە مەجنۇن مىسالى توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. ئۇنىڭ كۆرۈشكە ئىنتىلىدىغىنى ۋەقەلەر تەپسىلاتىغا يانداش سوزۇلغان روھىيەت ئالىمىنىڭ سىرلىق تىلسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى گەۋدىلىك ئىپادىلىرى ئىدى. شۇنداق، تارىخ — روھ، ئۇ سۈكۈت ئىچىدىكى خەلقلەرنى پىنھان بىر رەۋىشتە كېيىنكى ئەۋلاد - بوغۇنغا ئۇلاپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇد چوڭقۇرلۇقىدا قايتا نامايان بولاتتى. ئەپسۇس، روھ بىر تۈز سىزىق بويلاپ ئاقىدىغان دەريا - ئېقىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قايتا نامايان بولۇشى زامان ۋە ماكان كىلىماتى سەۋەبىدىن ئەسلىي ھالەتلىرىدىن باشقىچىرەك بىر شەكىلدە كۆرۈلۈپ، ئارىدىكى بىر ياكى بىرنەچچە ئەۋلادلىق ئىرسىي جەريانىنىڭ سۈكۈت ئىلكىدە روي بەرگەن يامان سۈپەتلىك ئېغىشلىرىنى ئىزاھلاپ بېرەتتى. تىجەن ھەزرەت مانا شۇ ئىرسىيەتنىڭ شاللىنىپ كېتىشىدىن كېلىپ چى-

قىدىغان نەسىل ـ نەسەب سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. بۇ خىل يامان ھالەت تىبابەت تىلىدا «يىگىلەش» دەپ ئاتىلىپ، ئىنسان بالىلىرىنىڭ ئادەمىي دىت ـ ئىستىپداتىنى تۈپ نىگىزىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتاتتى...

ئەلياتقۇ مەزگىلى بولۇپ قالغانىدى. تىجەن ھەزرەت ئۆزىنىڭ خىلىلا چارچاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆزىنى سۈس ئاي يورۇقىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان سانجاق ـ سانجاق ئۆيلەرنىڭ ئېگىز ـ پەس ئۆگزىلىرىدىن يۆتكەپ ئۆزىدىن ئوتتۇز ـ قىرىق غۇلاچچە نېرىدىكى مەدرىسە ھويلىسىدا تالىپ ـ موللىلار بىلەن نىمدۇر دېيىشىپ ئولتۇرغان، بۇرادىرى قازى ئاخۇنۇمنىڭ جىيەن ئوغلى مۇھەممەدنى تونۇپ قالدى. مۇھەممەد پات ـ پاتلا تىجەن ھەزرەتنىڭ قورۇسىغا قاراپ قويۇپ چۆچۈگەندەك تېزلا پاراڭغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ ئېھتىمال شېئىر ـ نەزمە ئېيتىۋاتسا كېرەك، ئۇنىڭ تونۇش، گۇرۇڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازىدىن بىر خىل رىتىمنى ئاڭقىرغىلى بولاتتى. تىجەن ھەزرەت ھەربىر ئاياغ بېسىشتىن غىچىرلاپ كېتىدىغان بالىخانا پەلەمپىيىدىن ئايۋانغا چۈشۈۋېتىپ، ئۇنىڭ بۇنداق تۈن نىسپىگىچە ئۆيىگە قايتماي ئۆز بوسۇغىسى ئەتراپىدا تۈنەشلىرىنىڭ سەۋەبىنى شۇ زامان چۈشەندى ـ دە، قەلبىنىڭ ئىچكىرىسىدىن ياشلىق ئەسلىمىلىرىگە تۇتاش كەتكەن بىر ئوتلۇق ئىشقىي ھېس ـ تۇيغۇ شىددەتلىك تېشىپ، چېھرىنى كىشىلەر ئاسانلىقچە كۆرۈشكە نائىل بولالمايدىغان مۇلايىم تەبەسسۇم سىيپاپ، قىزدۇرۇپ ئۆتتى.

تاغ پەرىسى سۆدىممەنىڭ تۇرقى ـ قىياپىتىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى روھىي ماھىيىتىمۇ نەسىل ئېتىبارى بىلەن ئاتىسىغا تارتقانىدى. تاغنىڭ كەڭرى يايلاقلىرىدا ئەركىن، بىمالال ئۆسۈپ يېتىلگەچكە ۋە ئاتىسى تىجەن ھەزرەتنىڭ ئاقىلانە پەرۋىشكارلىقىدىن باشتىن ـ ئاخىر مېھىر، ئوزۇق ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىنسانىي خىسلىتى تەبىئىي ھالدا دەخلىسىز ئايىنىپ چېچەك ئاچقانىدى. ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى تەڭتۇش قىزلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى.

ئۇ تاغ كىشىلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قەدىمكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، يەنە ئاتىسىنىڭ خاس ھۇجرىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىدىغان دەستە ـ دەستە كىتاب ـ قولىيازمىلارنى ئوقۇپ، شەرق تەپەككۇرىنىڭ ئۆزگىچە ھوسۇلى بولغان شېئىرىي ھېكايەتلەرنى، تەسىرلىك ئىشقىي داستانلارنى تولۇقى بىلەن ئۆزلەشتۇرگەنىدى. ئۇنىڭ قەلەم ماھارىتى تىجەن ھەزرەتنى تېخىمۇ خۇشال قىلاتتى، ئۇ خەت يازغاندا ئىچ ـ ئىچىدىن بېرىلىپ، ئاشۇ قەلبىدىن ئۇرغۇپ تېشىپ تۇرغان گۈزەللىك سې-زىملىرىنى قوشۇپ، شۇنداق كۆركەم شەكىللەرنى يارىتاتتىكى، خەتلەرنىڭ بارلىق نۇسخىلىرى ئۇنىڭ قەلىمىدە گۈزەل ھۆسن تۈزۈپ كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بەخش ئېتەتتى. شۇڭا، تـۆت يـىـل مـۇقەددەم تىجـەن ھـەزرەت تاغدا — قۇياشقا ئەڭ يېقىن ئاشۇ ھۆر ماكاندا يېزىپ پۈتتۈرگەن «رۇبائىياتى خۇرشىد» نىڭ ئىككـى خىل ئۆلچەملىك قـولىيازما نۇسخىسـى سۇدىممە قەلىمىدە نەقىشلىنىپ كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى تېزلا تاغلىق-لارنى ۋە خوتەن ئاستانىسىدىكى خۇشخۇي شائىر ـ نەۋسەندىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، شەكىل بىلەن مەزمۇنىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە زاھىر بولغان ھەقىقىي سەنئەت گۈزەللىكى ئىچىدە مەستۇ مەستانە ئەتكەنىدى. ھەر نەرسىنىڭ ئىككى خىل قاتلىمى، ئىككى خىل ھالىتى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ماس، ئۇيغۇن رەۋىشتە بىرلىككە، بىر تۈز سىزىقتا كېلىشى، بىر ئورتاق گەۋدىگە يۇغۇرۇ-لۇشى ماھىيەت ياكى لاياقەت ئېتىبارىدىن گۈزەللىك ۋە كامىللىق بالاغىتىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق ھالەت ھەرقاچان، ھەر زامان تەسىرچانلىقتا ۋە جەلپكارلىقتا يېتەكچىلىك، كىشىدە ھەۋەس قوزغاي-دۇ. شۇ مەنىدە «رۇبائىياتى خۇرشىد» ھېلىھەم خوتەن دىيارىدا قولدىن چۇشۇرمەي ئوقۇلۇپ، يادلىنىپ كېلىنىۋاتاتتى.

سۇدىممەنىڭ كىيىكتەك چاققان ھەرىكەتلىرى، سەرۋىدەك كېلىشكەن نازۇك بويلىرى، سۇتتەك ئاق، سۈزۈك چېھرى ۋە ھەمىشە سىرتقا ئۆرلەپ تېشىپ تۇرىدىغان غەيۇرانە ئىچكى ئىستېدا-

تى ئۇنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ھەربىر ئادەمدە ئىشقى -
پىراق ئوتلىرىنى ياندۇرۇپ، كەمدىن - كەم كۆرۈلۈپ غىل - پال
چىراي ئېچىپلا ئۆچىدىغان ھايات ۋە ئالەم ئىشتىياقلىرىنى ئويغى-
تىپ مەستخۇش ھەم خامۇش قىلىپ قوياتتى. بۇنداق ئىشق مەست-
خۇشلۇقى بىر يىل مۇقەددەم تۇنجى بولۇپ غەيۇرۇللا قازى ئاخۇ-
نۇمنىڭ جىيەن ئوغلى، ئەمچى - تېۋىپ مۇھەممەدتە كۆرۈلۈپ،
ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ، كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ھال
ئۇزاق ئۆتمەيلا سۇدىممەدىمۇ ئەكس ئېتىپ، ئىككى ئاتا، ئىككى
دوست - پاسىباننىڭ كۆڭۈل ئەينەكلىرىدە غىل - پال جىلۋە
قىلىشقا باشلىغانىدى. سۇدىمە ئائىلە ئىشلىرىدىن ئېشىنغان چاغ-
لىرىدا مۇھەممەدنىڭ ئاتىسى رەھمەتلىك غەنىزات ئەمچىدىن قالغان
شىپاخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ مەخپىي رېتسېپلىق شەربەت، كۆمى-
لاچلىرىنى تەكشەش، سوقۇش، قاينىتىش ۋە پىشۇرۇش ئىشلىرىغا
ياردەملىشەتتى.
مۇھەممەدنىڭ ئاتىسىنىڭ ئەمچىلىك ھۈنەرگە ۋارىسلىق قى-
لىپ ياراتقان شەربەت ۋە كۆمىلاچ دورىلىرىنىڭ شىپائىي قۇدرىتى
ئۆزگىچە ئۇنۇم بىلەن داڭ چىقارغاچقا، خوتەن - ئىلچى بازىرىدىكى
كىشىلەر ئاڭا بىردەك «شىپائىي كەۋسەر» دېگەن مۇبارەك نامنى
ھەدىيە قىلىشقانىدى. سۇدىمە ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىدە كۆرۈلىدىغان
تۇغما ئىستېداتىدىن، كەسىپ - ھۈنەر ئىشىغا بەجانىدىل بېرىلىپ
ئىشلەيدىغان ۋە يوقسۇللارنىڭ ھالىغا ھال، مۇڭىغا مۇڭ بولىدىغان
مېھرىلىك قەلبىدىن چەكسىز زوقلىناتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كې-
لىشكەن قەددى - قامىتىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ئەرلىك كۈچ - قۇۋۋى-
تى، سىياھدەك قارا، تۇن باغرىدەك چوڭقۇر، ھەمىشە چاقناپ
مېھىر تارقىتىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس
ئىدى. كۆڭۈللەرنىڭ كۆڭۈللەرگە ئۇلىشىپ يىل - مەۋسۇملارنىڭ ئۆرۈ-
لۈشى، تىجەن ھەزرەتنىڭ تەلىم - تەرغىبات ۋە يېزىقچىلىق ئىشلى-
رىنىڭ ئېھتىياجىدا غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمنىڭ قورۇسىدىن مەد-
رىسىگە تۇتاش سېلىنغان ئازادە قورۇ - جايغا كۆچۈپ بېرىشى

بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى مۇھەببەت رىشتى تېخىمۇ چىڭ تارتىلىپ، كۆتۈش ھەم زارىقىش ئىچىدە دەردلىك پىغانلارنى تۆكمەكتە ئىدى. مۇھەممەدنىڭ تۇن نىسپىگىچە مەدرىسىدە تۇنەپ يۇرۇشلىرى گۈزەل يار ھۆسن ـ جامالىنى تاماشا ئەيلەپ غېرىب كۆڭلىگە تەسكىن ـ تەسەللى تېپىش ئۈچۈن ئىدى.

## 5

يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى شەھەر ـ ئاستانىدىكى جىمىكى جانلىقنى ھالسىزلاندۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈن ـ زۇۋانىنى ئۆچۈرگەنىدى. تونۇردەك قىزىپ، ئوت ـ يالقۇن ئۆرلەپ تۇرغان رەستىلەردە ئادەملەر خېلىلا شالاڭ ئىدى. ھەممە كىشى تومۇز ئىلتىپاتىدىن ئامىتى كەلگەن دوغچى ـ راخاپچىلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيتتى ياكى ئۇلاردىن مۇز، شىرنە، سەھرا ئاياللىرىدىن چىنە ـ چىنە قېتىقلارنى سېتىۋېلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ئالدىرىشاتتى. مەدرىسەدىكى تالىپ ـ مولللارنى تومۇز كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكۈچە ئىختىيارىغا قويۇپ بەرگەن تىجەن ھەزرەت ئۆيىدە ئاچچىق ـ چۈچۈك دوغاپ ئىچىپ خىيالچان ئولتۇراتتى. بۇ قورۇ ـ جايغا كۆچۈپ كەلگەن بىر ئايدىن بۇيان بىر ئاز كەم سۆزلىشىپ، خىيالغا غەرق بولۇپ، تۇرۇپ تۇرۇپلا چۆچۈپ ئەندىكىدىغان بولۇپ قالغان سۇدىمە شۇ تاپتا ئاتىسىنىڭ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ خىيال ئىچىدە ئادىشىپ ئولتۇراتتى. ھەزرەت مېھرى بىلەن ئاڭا سىنچىلاپ قاراپ مۇلايىم كۈلۈمسىرىدى، بۇ كۈلۈمسىرەشتە پەقەت بىرلا مەنە بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ «سېنى سۆيىمەن، پەرىشتەم، سېنى سۆيگەنىكەنمەن، سەن سۆيگەن ۋە سېنى سۆيگەن كىشىنىمۇ سۆيىمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

تىجەن ھەزرەت خېلى ۋاقىتلارغىچە كۆزىنى يۇمۇپ سۈكۈتلۈك ئولتۇرغاندىن كېيىن لەۋ يېرىپ پىچىرلىدى:

— جاھان ئىشىدىن خالاس تېپىپ ئۆز ئارامىڭغا مۇيەسسەر

بولغان بۇنداق ئېسىل دەملەرنى بىكىرىغا ئۆتكۈزۈۋەتسەك ئوبدان بولماس، قىزىم. كۆڭلۈم ئانا دىيارىنىڭ بولۇقى - پۇچقاقلىرىغا يېيىلىپ، ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان بىر مەۋھۇم كۈيگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. بارغىن، كۆزنۇرۇم، ئەمىر ئەلشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى[1]نىڭ «خەمسە»[2]سىنى ئەكەل، بىز ئۇنىڭدىن «پەرھاد- شېرىن» داستانىنىڭ ئالتۇن قەسىرلىرىنى سەيلە - تاماشا قىلىپ چىن - خوتەن روھىنىڭ ئېپتىخارىغا چۆمۈلەيلى.

سۇدىممەنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزىرىپ ئورنىدىن قوزغالدى. بۇ ئۇنىڭ نومۇس - ئىزا كۆچىدە سىرتقا تەپكەن ئىچكى شادلىقلىرىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تىجەن ھەزرەت كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، سۇدىممەنىڭ تەلەپپۇزىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى ھاياجانغا تۇتاش ئۆزگىرىشلەردىن ئۇنىڭ سىرلىرىنى قىياسلاپ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئىشق ئوتلىرىنىڭ تەپتىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالىنىڭ ئاساسىي تۈگۈنى شاھ ئوغلى، ئاشىق پەرھادنىڭ نەسەب - جەمەت ۋە ئەل - يۇرت تەۋەلىكىدىن ھالقىپ، قەدىمكى خوتەن ئېلىنىڭ پارلاق مەدەنىيەت قەسىرلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىدراك قىلغىنى مۇشۇ ئانا تۇپراقنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىغا يانداش تۇرغان بوستانلىقلىرىدا ئاۋۇپ، يېگانە بىر بوستانلىق مەدەنىيىتى ياراتقان قەدىمكى خەلقنىڭ يەتتە ئىقلىم چىمەنلىرىگە تۇتاشقان ۋە ئاڭا خاس نۇرانىلىك تارقاتقان ئاجايىپ ئۇلۇغۋار روھىي قۇربەتلىرى ئىدى. مۇشۇ روھ بىلەن يېتىلىپ ئالەمنىڭ نەزەرىنى تارتقىنى قۇم بارخانلىرىدەك زىچ ئۇيۇشقان، دەريا - ئېقىنلاردەك مەنزىللىك - مەقسەت بىرلىكىگە ئىگە بولغان، قۇياشتەك پاك، سەمىمىي ۋە ئالىيجاناب خاراكتېر چەمبىرىكى ھاسىل قىلغان خوتەن خەلقىنىڭ تەبىئەت

---

① XV ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى، مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر نەۋائىي (1441 - 1501).

② «خەمسە» — نەۋائىينىڭ بەش داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك شېئىرىي ئەسىرى.

دۇنياسىغا ماس رەۋىشتە ياراتقان مۆجىزىكارلىق خىسلىتى ھەمدە ئادەم، ئالەم ۋە تەڭرىنىڭ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە تەڭلەشكەن نىسبىتىدە زورىيىش، سۈزۈلۈش ۋە نۇرلىنىش ئېتىقادى ئىدى. ھەزرەتنىڭ مەشرىق ئاستانىلىرىدىكى زىيارىتىمۇ ئومۇمەن سۈكۈتلۈك ئوي - خىيال ئىچىدە داۋام ئېتىپ، ناھايىتى تېرەن خاتىرە - يازمىلارغا سەۋەب بولغانىدى.

سۈيىقەسىت ئوقلىرىدا جان بېغىچى ئۈزۈلگەن پەرھاد بىلەن شېرىن لەنىتى قارا زامان باغرىغا ئەرك سۆيەر ئىنسان باللىرىنىڭ ھەق - ئادالەت تىغىنى ئۇرغانىدى. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ نام شەرىپى ئاۋام خەلق ئىچىگە سىڭىپ ئۈزلىشىپ كەتكەنىدى. تىجەن ھەزرەت كۆزىنى ئاستا ئېچىپ، يېنىدا كىتابنى چىڭ قامالláپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئولتۇرغان سۇدىمەنىڭ بېشىنى يۇمشاق سىلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، خۇددى يار ۋەسلىدە باغرى خۇن - يارا بولغان ۋاپادار ئاشىق مىسالى ئىشق بېيىتلىرىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. بېيىتلار تاغ كىشىلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ، كۆي - نەغمىلەرگە سىڭىپ ئاجايىپ تەسىرلىك سېھىرى كۈچكە ئىگە بولغان بولۇپ، تىجەن ھەزرەتنىڭ ياشلىق خاتىرىلىرىدە ناھايىتى روشەن ئورنىشىپ قالغانىدى. ئۇ بېيىت- قوشاق ئېيتىشتىن توختاپ، كەيپى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ كېلىۋاتقان سۇدىمەگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— بىز ئۆتمۈش پەردىسىنىڭ كەينىدە كۆرۈنگەن شولا، يالت قىلمىزيۇ، يەنە ئۆچىمىز. شۇنچىلىك قىسقا بۇ دەملەردە ئىنسان بالىسىنى ئىچكى ياقتىن چاقنىتىپ ئاشۇ شولىنى روشەن ئەيلىگىنى ئىشق ئوتىدۇر. شۇڭا، ئىشق ئوتى سەۋەبلىك ئىككى ئالەم سەيناسى يورۇغۇسى، ۋىسال قەسىرى زاھىر بولغۇسىدۇر. ئاللا - ئىگەم ئىشق ئەھلىنىڭ يولىنى راۋان، ۋەسلى - ۋىسال گۈلىستانىنى خۇشبۇي ئەيلىگەي! — ھەزرەت ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ پېشانىسىنى يېنىك سىلاپ قويغاندىن كېيىن، — كۆزۈمگە مۆگدەك

ياممشىپ بىرئاز هالسىراپ تۇرىمەن. رايىڭغا خوپ كەلسە، بۇرادىرىم قازى ئاخۇنۇمغا مىنىڭدىن دۇئايىسالام ئالغاچ مۇھەممەدنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇشۇپ بەر. ئۇ ئوغلان ئۆز پەرزەنتىمگە ئوخشاش مېھرىمىنى تارتىدۇ، — دەپ تەكىيگە يانپاشلىدى. سۇدىمە ئورنىدىن تۇرۇپ سەل- پەل تېڭىرقىغانىدەك تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بىر جام دوغاپ ئېلىپ ئاتىسىغا تارتىشقانىدەك قىلىپ شىپىرلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

هوسۇلدار كۈز مەۋسۇمى يېتىپ كېلىشى بىلەن باغ - باغلاردا مېۋە - چېۋىلەر قىيام بولغانىدى. خوتەن دىيارىدىكى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئاقناۋات، سېرىق كۆكچە، ئاقچاپان دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق قوغۇنلىرىدىن ئېلىپ ھەزرەتنى يوقلاپ كەلگەن بىرنەچچە موللا - تالىپ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ئۈستىدە زوق - شوق بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشتا ئەڭ كىچىك، سۇباتلىق كەلگەن كېرىيىلىك تالىپنىڭ سۆزلىرى ھەزرەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ساباھىدىن ئاتلىق بۇ ئىجتىھاتلىق تالىپ پاتلا ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

— ھەزرىتىمدىن ئالغان تەلىم - ساۋاقلاردىن كۆڭلۇم يورۇپ قالغانلىقتىن، يۇرتقا بارسام ھەممە بىردەك مېنى ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قاپسەن، سۆزلىرىڭنى تازا چۈشىنەلمىدۇق، دېيىشتى. بىر كۈنى خوپتەن نامىزىدا ئەل - جامائەتنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇرئان تەپسىر قىلىۋاتساق مەسچىتنىڭ ئىمامى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، «بۇ ئازغۇن مەلئۇننى كۆزدىن يوقىتىڭلار، مۇسۇلمانلار، ئۇ ئاللانىڭ مۇقەددەس سۆزلىرىنى قارا تىلدا بۇرمىلاپ سۆزلەۋاتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى، مەنمۇ دەرغەزەپ بولدۇمىيۇ، لېكىن ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. مۆھتەرەم ئۇستاز، چۈشەنچە بەرسىلەركى، ئۇ ئىمامنىڭ دېگەنلىرى دۇرۇسمۇ؟

تىجەن ھەزرەت ھەممىگە تەكشى بىر نىگاھ ئاغدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن قەتئىي قىلىپ ئېيتتى:

— باللىرىم، ئىشەنچ، ئەرلىك غورۇر - ئىززىتىنىڭ مىغدىزىدۇر. ئۇنىڭسىز ئەر ئاتىلىشنىڭ، مەيدە كېرىپ يۈرۈشنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بولسۇن! يەر - زېمىندىكى كۆللى مەۋجۇداتنى نەزەردىن ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئاللاغا ئىشەنچ بىلەن قاراڭلاركى، ھەق - ئادالەت تەرتىپى بۇزۇلغان بۇ زاماندا نادان موللا- ئىمالار تولىدۇر.

تىجەن ھەزرەت ئەمەلىكتە بارا - بارا ئاۋۋالقىدىن تېخىمۇ سۇرلۇك، تېخىمۇ مەغرۇر، تېخىمۇ قەتئىي بىر سىياقتا ئولتۇرىغا چىقىپ، دىللىرى يۇرت - يۇرتلاردا ئازار يېگەن، مەنىسىز سوكوت ئىسكەنجىسىدىن قاينام - تاشقىنلىق مەدرىسەئىي ئىلىمگاھقا تەلپۈنگەن پاك، مەسۇم تالىپلارنى ھەيرەتتە قالدۇرماقتا، ھاياجان ئىچىدە داغلاپ كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ھەزرەتنىڭ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدا ئوقۇپ، پاساھەتلىك تۈركىي - ئۇيغۇر تىلىدا تەپسىر قىلىشلىرى ساۋاق ئالغۇچى بارچە تالىپ - موللىنىڭ قەلبىگە مۆھۈردەك بېسىلىپ، ئۇلاردا ئۆز زاتى - ئىپتىخارىغا تەلپۈنۈشتەك ئوتلۇق ھىسلارنى ئويغىتىپ، ئەقىل ۋە ھېكمەت بۇلاقلىرىنى تاشتۇرغانىدى. شۇڭىمۇ قار - مۇزلار ئېرىپ يېشىل كۆكلەم بىخلىرى باش چىقىرىشقا باشلىغان باش ئەتىياز مەزگىلىگىچە، تالىپ - موللىلار ئارىسىدا خاس ئۇسلۇبقا ئىگە مەنتىقىي ھېكايەتلەر ۋە گۈزەل سۆز دۇردانىلىرى بىلەن بېزەلگەن تەسىرلىك داستانلار مەيدانغا كېلىپ، مەدرىسىنىڭ مۇبارەك نامىغا شان- شەرەپ لەۋھەلىرىنى ئاسقانىدى.

## 6

تىجەن ھەزرەت خۇشال ئىدى، ئۇنىڭ ھاياجانلىق قەلبىدە سىزىلغان سۈرەتلەردە خوتەننىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى نۇرانە قىياپىتى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئىلىم - ھۈنەر قۇۋۋىتى بىلەن قەددىنى رۇسلىغان، قەلب كۆزلىرى بىلەن دۇنياغا بىمالال نەزەر تاشلىغان

شادىمان خەلق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىغاندا، ئۇ قوللىرىنى جۈپلەپ ئاللاغا ئىلتىجائەن شىۋىرلىدى: «ھەق يۇرتى ـ تۇپرىقىدا ئايىنىغان گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئۇۋالىغا نەزەر ـ گۆزىرىڭنى بەرگىنكى، ئۇلار يەنىلا سېنىڭ يادى ـ ئىبتىقادىڭغا تەلپۈنۈپ قەددىنى سۇندۇرغىنى، ئىمانىنى بۇلغىغىنى يوق. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە چىڭ چىگىلگەن ئىنسانىي رىشتىلىرىدە يەتتە ئىقلىمدىكى مۇسۇلمان ئەللىرىدە كەم تېپىلىدىغان ئۆملۈك ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ، راست سۆزلۈك ـ سەمىمىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار نۇرى ـ ئاپتىپى پارلايدۇ. ئۇلار يېگانە تۇپراقنىڭ يېگانە كۈيچىسى، يېگانە پاسىبانى ۋە يېگانە لالەئىي رەيھانىدۇر. مۇشۇ تۇپراقنى خاسلاپ، خاسىيەتلەپ بەخشەندە قىلغىنىڭدا ئۇلاردىن ئەزىزلىكنى، مەنىۋى كامالەتنى، بەختىيارلىقنى كۆڭلۈڭگە پۈككەن بولۇشۇڭ چوقۇم، شەپقەتلىك تەڭرىم! مەنكى سادىق قۇلۇڭ تىجەننىڭ تىلەك ـ ئۈمىدلىرىڭگە ياندىشىپ تۆككەن قان ـ تەرلىرى ئاشۇ ئاداققى مۇساپىلەر ئۈچۈن كىچىككىنە ھاجەت ۋە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالىغانلا بولسا، مۇراد ـ ئارزۇلىرىم ھاسىل بولغۇسىدۇر. دىلىمدا مەۋج ئۇرغان شادلىق ساغا ۋە پاك ـ مەسۇم باللىرىمغا تۇتاشقان مېھرىلىك رىشتىلىرىمدىن تاشىدۇ، دىلىمنى كۆز قىلىپ كۆرگەن مۇشۇ ئەسنالاردىكى مەنزىرىلەرگە مېنى ئىشەندۇر ھەم مېنى يامغۇر قىلىپ چاچقىن، مەن بارلىقىم بىلەن ئاڭا سىڭىپ، قوشۇلۇپ كېتىشكە رازى...»

تىجەن ھەزرەتنىڭ كۆڭلى غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمنىڭ شەھەر مۆتىۋەرلىرىدىن تەشكىللەپ ئەۋەتكەن توي ئەلچىلىرىنى رازىلىق بىلدۈرۈپ يولغا سالغاندىن كېيىن بىر ئاز تىنچلانغاندەك بولدى. ئۇ، خاس ھۇجرىسىدا بېشىنى چۆمكەپ يېتىۋالغان پەرى سىياق قىزى سۇدىمەنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ پەرىشانلىقتا ئۇخشاپ قالىدىغان، غۇۋا، ئەمما زەربىسى خېلىلا كۈچلۈك بىر خىل جۇدالىق ھېسلىرى ئىچىدە ئۆرتەنگەندەك بولدى. ئاتا بىلەن بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغان كۆپكۆك

كۆزلىرى ئەمدى خېلى بىر چاغلارغىچە ئۇچرىشالمايتتى، ئۇچرىشىشلىرىمۇ يەنە كېلىپ ئاۋۋالقى تەبىئىي خۇلقىنى تېپىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ تېزلا كەينىگە بۇرۇلۇپ بالىخانىغا چىقتى. ئۇ يەردە كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئۇزاق سۈكۈتتە تۇرۇپ تۇن ئاسمىنى بىلەن تىلسىز سىرداشقاندىن كېيىن ئايۋانغا قايتىپ چۈشۈپ، جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا شىرەسىگە يېپىشتى. ئۇنىڭ قومۇش قەلىمى ئاستىدا تالاي تۈن رىيازەتلەرنىڭ شاھىدى بولغان «تەۋارىخى مۇلكى خوتەن» نىڭ قارا سىياھدا نەقىشلىنىپ قېلىنىلاپ قالغان بەتلىرى تۇراتتى. ئۇنىڭ يېزىلىپ پۈتكەن ھەربىر ۋارىقى، ھەربىر قۇرىدىن كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاللىبۇرۇنلا كۆتۈرۈلگەن ئۇزاق تارىخي كەچمىشلەرنىڭ بوغۇق ئاۋازى كېلەتتى، رەڭگارەڭ مەنزىرە ـ سۈرەتلىرى ئايان بولاتتى. تىجەن ھەزرەت قەلەمنى سىياھقا چىلاپ ئاق بەتنىڭ ئوڭ بېشىدىن سولغا قارىتىپ مۇنۇ قۇرلارنى يېزىپ، خوتەننىڭ ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ۋە كېيىنكى مىڭ يىللىق شانۇ شەۋكەتلىك، ھەم سولغۇن، ھەم غېرىبانە تارىخي كەچۈرمىشلىرىگە بېغىشلانغان زور ھەجىملىك مۇبارەك كىتابىنى تاماملىدى:

«ئاۋۋالقى مۇلكى خوتەن دىيارىدا بولۇنغان ئالەمگە تەڭكەش خاسىيەتلىك ئىشلارغا كۆڭۈل سۆيۈنۈپ بۇلبۇل مىسالى خەندان ئۇرۇپ سايرىسا، كېيىنكى ناھەق ۋەقەلەرگە ئەدناسى قەلەممۇ بۇقۇلداپ ياش تۆكۈپ يىغلايدۇ.

ئاڭلىغۇچى، كۆرگۈچى، بىلگۈچى، ياراتقۇچى، ھەممىگە قادىر تەڭرى ـ ئاللا ئۆزى گۇۋاھكى، ئەيش ـ ئىشرەت بىرلە مەست بولۇپ ئەل ئىشى ـ غېمىگە بىنەزەر قارىغان؛ نىيىتى قارا، كەلگۈندى موللا ـ ئىشانلارنى پىر ـ ئەۋلىيا تۇتۇپ ئۆز قوينىغا ئالغان، دۆلەت ئىشىغا بىكامىل، لەشكەرىي كۈچلەرگە ناباب، ئىلىم ـ سەنئەتكە بىپەرۋا خان، بەگ ۋە شاھلارنىڭ سەلتەنەت ـ تەختلىرى ئۇزاققا بارمايلا گۇمران

بولىدۇ. روھى پارچىلانغان، ئىمان- ئېتىقادى ۋە ئادەمىي سۈپەت - سۈپاتى بۇزۇلغان، ھايات غەنىيمەتلىرى پۇچەكلەش- تۈرۈلگەن، ئىلىم - ھۈنەر نۇرى خىرەلەشكەن باغرى خۇن قارام ئەلدە مەككار ئادەمىي شەيتانلار باش كۆتۈرگۈسى، ھەقىقەت ئەھلى تەقىپ - نازارەت ئاستىغا ئېلىنىغۇسى، ھايات يىگىلىگەن مېۋىگە ئوخشاش قىيامىغا يەتمەي تۈرۈپلا بېغىش- دىن تۆكۈلگۈسىدۇر.

مەنكى بىجەن ئوغلى تىجەن ئىلاج - سەۋەبلىرىمىنىڭ ھالسىزلىقىدا باغرىمدىن لەختە - لەختە قان - زەرداب تۆكۈپ ئاللاغا ئىلتىجا بىرلە يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇپتىمەن. تە- بىئىتى خۇش پېئىل، دۇرۇس سۆزلۈك، ھەق - ئادالەت يادىغا ھېرىس، كۆڭلى ئالەم مۆجىزىلىرىگە سىرداش ئەۋلادلى- رىمىنىڭ كۆڭۈل كۆزلىرى يېڭىۋاشتىن ئېچىلىپ، نۇرلىنىپ تارىخ داۋانلىرىغا روشەن نەزەر ئىلە بېقىشى؛ يىللار، دەۋران- لار ۋە ئادەملەر دوقمۇشىدا ئېزىپ - تېزىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن ئۇشبۇ تارىخنامەنى تەسنىپ قىلدىم. قاچانكى بىراۋ تارىخنامە ۋەرەقلىرىدىن ئەقىل ۋە نەپ شاراپەتلىرىگە مۇشەر- رەپ بولسا، مەن كەمىنە بىلاياقەت قەلەمدارنىڭ تارتقان رىيا- زەتلىرى ئۇنتۇلغۇسى، روھى ئىككى ئالەم سەتھىدە ساۋاب تاپقۇسىدۇر.

ئى، مېھرىبان، شەپقەتلىك ئاللا، بارچە بەندىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئۇلارنىڭ رىزقىڭ ھەم ئىشقىڭدا كۆكلىگەن ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى مەقبۇل ئەيلىگەيسەن، ئامىن!»

تىجەن ھەزرەت يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كىتاب بەتلىرىنى ھۆللە- ۋاتقان كۆز ياشلىرىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ ئەتراپقا بىر قۇر نەزەر ئاغدۇردى. ئۆچەيلا دەپ قالغان جىنچىراغ ئۇنىڭ دىققەت- ئېتىبا- رىنى ئۆزىگە تارتىپ، زامان ۋە ماكان چۆللىرىدە تولا چېپىپ چارچىغان پىكىر لەشكەرلىرىنى تىنچلاندۇردى. ئۇ سۈدىمەنىڭ

چېۋەر قولىدا ئىككى بېشى كۆك تاۋار رەختتە تىكىلگەن قارا تەكىيىنى يېنىغا تارتىپ قىيسايغىنىچە شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. سۇدىمە ئاتىسىغا تەييارلاپ، تەق قىلىپ قويغان تاۋار يوتقاننى يېپىپ جىنچىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى - دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ مېڭىپ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئەمگەك ۋە گۈزەل مەنىۋى ئىستەكلەر بىلەن بىرلەشمىگەن تۇرمۇشنىڭ ئۆزى مەنىسىز ۋە زېرىكىشلىك ئاددىي ھايات تەرتىپى. دىنلا ئىبارەت بولغاچقا، ئىنساننىڭ باشتىن - ئاخىر ئەمگەك بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى، گۈزەل ئىستەكلەر ئىلھامى بىلەن ئۆز قىممىتىنى يارىتىشى، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇشتىن ئىبارەت تەكرار ھايات تەرتىپىنى مەنىلىك يوسۇندا ئىلگىرى سۈرۈشى زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئادەم بىلەن تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك ئالاقىسى سۇسلاپ ئادەم ئادەمىيلىك سۈپىتىدىن، تۇرمۇش تۇرمۇشلۇق سۈپىتىدىن چەتنەيدۇ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دائىملىق ھاياتىي رىتىم گۈزەللىك تۇسىدىن، تەم - پۇرىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئادەم گويا ئوت - چۆپ ۋە يەم بوغۇز ئېھتىياجىدا بېشى قايغان ئۆكۈزگە ئوخشاش ئۆز تىزگىنىنى تۇرمۇشنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىگە تاپشۇرۇپ، ماھىيەتتىكى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىنسانىي ئورنىڭ قاياشلىق بەھرىنى كۆرۈش قۇربىدىن جۇدا بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئادەملىك بەلگىسىگە قېتىپ قالغان ھاياجانسىز كۆز ۋە سولۇپ تۇرغان روھسىز تەندىن ئۆزگە بىرەر ئىسپات تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنداق قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ھەر ماكان، ھەر زاماندا رېئال تۇستە كۆرۈلۈپ، قارشى قۇتۇپ - قاتلامدىكى تەپەككۇر ئەھلىنى ئوي ۋە ئەقىل خۇرۇچى بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرغاچقا، ئاددىي ۋە مەنىسىز ھايات تەرتىپى سۈپىتىدە تەھقىقلەنگەن زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن ھالقىش، ئۇنى يېڭى بىر مەنىۋى پەللىگە كۆتۈرۈش، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ مەنىلىك يوسۇندا ئىلگىرى سۈرۈش ئاخىرقى ھېسابتا تەخىرسىز ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەتكە، ئۇتلۇق ئۆزلۈك چاقىرىقىغا ئايلىنىدۇ.

تىجەن ھەزرەت ئاشۇ خىل تەخىرسىز زۆرۈرىيەت ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا ناھايىتى كەڭ نەزەر تاشلايتتى ۋە ئۆز قەلبىدىن تېشۇۋاتقان ئوتلۇق چاقىرىقلارغا ئەگىشىپ ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. بۇلارنىڭ ھوسۇلى مەنىۋى دۇنيادا سۇزۇلەتتى، ئىنسانىي ئاڭنىڭ بەھرىدار قىرغاقلىرىدا چېچەك ئاچاتتى، ھايات رىزقى بىلەن ئاللا رىزقىنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشلىرىدە شېرىن مېۋە بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزىدىن تاشقىرىقى ئالەم بىلەن باغلاپ قارايتتى ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مېھنەت ھەم تىلەك ـ ئىستەكلىرىنى تاشقى ئالەم كەڭلىكىدىكى ئادەملەرگە ئاتايتتى، يەنى ئۇنىڭ بۇرچ ۋە ئىنسانىي رىشتىلىرى سىلكىپ، قوزغاپ تۇرغان مەۋجۇتلۇق تۇيغۇلىرىدا ئىنساننىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئىمكانىيەتلىرى، مۇمكىنلىكلىرى ۋە ئېھتىماللىقلىرى ناھايىتى روشەن سۈرەتلەنگەچكە، ئۆزىنى چەكسىز مېھنەتنىڭ، چەكسىز تىلەك ـ ئىستەكنىڭ چاقىرىقىغا ۋە ھوسۇلىغا ئايلاندۇرۇپ ئۇلارغا سىڭىپ كېتىش، شۇ ئارقىلىق تۇرمۇش لاياقىتىدىكى كامىل ئىنسان پەزىلىتىنى يارىتىش ئۇنىڭ تۈپكى غايىسى ئىدى. بۇ غايىنىڭ ئىچىدە سۇدىمە بىلەن مۇھەممەد ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن بەرپا بولىدىغان يېڭىچە تۇرمۇش خېلىلا چوڭ سالماقنى ئىگىلەپ ھەزرەتنىڭ ئوي ـ خىيالىنى ئۆزىگە بەند قىلماقتا ئىدى. بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ نىكاھ ـ تۇرمۇشى تىجەن ھەزرەتكە ئازاب ـ مۇڭ ئەمەس، ئەكسىچە خۇشاللىق ۋە پەخرى ـ ئىپتىخار ھاياجىنى بەخش ئەتتى. يالغۇز قىز سۇدىمەنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ھەزرەتنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولۇپ، ۋايى ـ قىيامىغا يەتكەنلىكى، ئاياللىق ۋە ئانىلىق سۈپەت ـ لاياقەتنى تولۇق ھازىرلىغانلىقى، ئۆز كۆڭلىنىڭ مەيلى ـ رايى بىلەن ئىشققا تۇتىشىپ ھالال جۈپتى ـ لايىقىنى ئەمگەك ۋە دىت ـ ئىستېدات چىمەنىدىن تاللىغانلىقى تىجەن ھەزرەتنىڭ ئۆزلۈك چەمبىرىكىگە مەنسۇپ بولغان شەخسىي مۇڭ ـ ئازابلىرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. تىجەن ھەزرەت شۇنى قەتئىي

تۇرده مۇئەييەنلەشتۇردىكى، سۇدىممە بىلەن مۇھەممەدنىڭ نىكاھ - تۇرمۇشى نەسىل - نەسەب جەھەتتىنلا ئەمەس، سۆيگۈ - ۋاپا، دىت - ئىستىبدات جەھەتتىنمۇ ئاقىلانە تاللاش ۋە قوشۇلۇش سۈپىتىدە ئۇلارنى گۈزەل ئىنسانىي ئىستەكلەرنىڭ مېۋىدار باغلىرىغا، بەخت ۋە سائادەتنىڭ كۆزنى چېقىپ تۇرغان قۇياشلىق ساھىللىرىغا ئېلىپ باراتتى.

توينىڭ باشقىلار ئۈچۈن ھالال نىكاھ ئۇستىدىكى ئۇچۇق جاكاردىن ئارتۇق قىممەتنى ئىپادە قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان تىجەن ھەزرەتكە نىسبەتەن توي باھانىسىدە ئارتۇقتىن ئارتۇق ھەشەمەتچىلىك قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەزرەتنىڭ قەلبىدە سەھەردەك سۈزۈلۈپ نۇرغا چىلاشقان غەيۇر ئوي - پىكىرلەر ئىشق - مۇھەببەت رىشتىسىدە بىر - بىرىگە مەھكەم چېتىلغان ھەربىر جۈپ ئىنسان بالىسىنىڭ توي ئارقىلىق ئېرىشىدىغىنى دەخلىسىز بەخت - سائادەت ۋە كىرسىز ۋىسال شادلىقى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ توينىڭ مېغىزى ۋە قىممىتى شۇنىڭدا ئىدى، ئۇنىڭدىن تاشقىرىقى تەسۋىرى مۇقامدا غەرەزلەرنىڭ يامان ئەپتى ئاشكارىلىنىپ توينىڭ كۆرسىنى چۈشۈرۈپ قوياتتى ياكى توينى ئىنسان بالىلىرى ئارىسىدىكى ئەرزىمەس تۇتقا - نىقابقا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى.

نورۇز كىرىپ يېڭى بىر يىل ۋە يېڭى بىر باھار مەۋسۇمىنىڭ قوينى كەڭ ئېچىلغان خاسىيەتلىك كۈنلەردە، غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمنىڭ جىيەن ئوغلى مۇھەممەد بىلەن مۇدەررىس تىجەن ھەزرەتنىڭ قىزى، تاغ پەرىسى سۇدىممەنىڭ تويى بولۇپ ئۆتتى. توي، ئىككى ئاتا، ئىككى دوستنىڭ قەدىناسلىق مېھىر - ۋاپاسىنىڭ يۈز خاتىرىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىجەن ھەزرەتنىڭ كەسكىن تەلىپى بىلەن ئاددىي - ساددا، داۋراڭ - سۈرەنسىز ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئىش ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى ھەيران قالدۇرۇپ بىر مەھەللىك يەڭگىل روھىي ئازارغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ئەمما

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېزلا ئۆچۈپ، ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئەھۋال باشقىچە تەرزدە ئىدى، ھەممە مۇھەممەد بىلەن سۇدىمەنىڭ خۇددى چۆچەكلەردىكى ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك ۋىسال ئىپقىنلىرىدا بەھۇزۇر ئۇزۇپ، مېھىر ـ ۋاپا قۇرلىرىغا ئوتلۇق قەسىدىلەرنى پۈتۈپ بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنۈشمەكتە ھەم ئۇلار ھەققىدە تەسىرلىك ئىشقى ـ مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى توقۇشماقتا ئىدى.

قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىر كەچلىكى تىجەن ھەزرەت كېرىيە لەڭگەر[1]نىڭ ئىسسىپ ياش پېتى ساقلانغان بىر پۈلۈق قىزىل ھۆل ئۈزۈمىنى تالىپ ساباھىدىنگە كۆتەرتىپ سۇدىمەنى يوقلاپ كەلدى. سۇدىمە سەككىز ئايدىن بېرى غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمنىڭ كەڭرى قورۇسى ئىچىدە مۇھەممەد بىلەن ئۆزىگە ئايرىم بىر يۈرۈش قىلىپ سېلىپ بەرگەن ئازادە ئۆيلەردە تۇراتتى. ئاتىسىنىڭ بوسۇغىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ئېغىرئاياغ سۇدىمەنى شۇنچىلىك خۇشال قىلىۋەتتىكى، شۇ تاپتا ئۇ گويا گۈلدەك ئېچىلىپ، قۇياشتەك نۇر ـ زىيا تارقىتىپ، قۇشتەك كەڭ قانات كېرىپ كېلىپ ھەزرەتكە مەھكەم يېپىشتى. ئاتا ئۇنىڭ كۆپكۆك دېڭىزدەك چوڭقۇر كۆزلىرىدىن دۇرى مارجاندەك ئېقىپ چۈشۈۋاتقان خۇشاللىق، سېغىنىش ۋە جۇدالىق ياشلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېرتىپ، ئاۋۋالقىغا ئوخشاش باشلىرىنى سىلىدى، ھايالشىمايلا قازى ئاخۇنۇم كىرىپ كەلدى ۋە ھەزرەت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ھال ـ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن خىجالەت تەرزىدە ئېيتتى:

— ئۆزلىرىنى قىزلىرىدىن ئايرىپ يالغۇز قويغىنىمغا ئالدىلىرىدا خىجىلمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۈن ساق، بىر كۈن بىتاپ يۈرۈپ ئۇزاق بولدى. خانىلىرىگە بارالمىدىم، ئەيىبكە لايىقمەن! ئاللا ـ ئىگەم خەيرلىك بەرسە، قىزىمىز يەنە بىرەر ـ ئىككى

① لەڭگەر — كېرىيىنىڭ لەڭگەر يېزىسى، بۇ يەرنىڭ ئۈزۈمى خوتەن ۋە سىرتقى جايلاردا ناھايىتى داڭلىق.

ئايلاردىن كېيىن بوشىنىپ قالار. كۆزىتىشىمىزچە، بارلىق ئەھ-
ۋاللار ئوغۇل نەۋرىلىك بولىدىغانلىقىمىزدىن بېشارەت بولۇۋاتىدۇ.
ناۋادا ئاللا ئۆزى مۇرادىمىزغا يەتكۈزسە، سىلىنىڭچە نەۋرىمىزگە
قايسى مۇبارەك ئات خوپ كېلۇركىن؟ — سېرىق ئۇچمە ياغىچىدىن
ئىشلەنگەن سىپتا پەتنۇستا ئىككى جام قايماق چاي ئەكىرگەن
سۇدىمە ئاتىسىنىڭ سۆزگە تەمشىلىپ بىرئاز ئوڭايسىزلانغان ها-
لىنى كۆرۈپ ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى. تىجەن ھەزرەت كەچكى
مۇتالىئە سورۇنىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئارتۇقچە تەكەللۇپ سۆزلىرى-
نى قويۇپ ئۇدۇللا ئېيتتى:
— مەن يالغۇز ئەمەس، قەدىرلىك دوستۇم، دىلىم جىمىكى
ۋاپا ئەھلىگە تۇتىشىپ كۆكلەپ ـ ياشناپ تۇرىدۇ. مۇبارەك تەنلە-
رىنى كۆپتىن كۆپ ئاسرىسىلا، ئەل ـ جامائەتنىڭ ھەق ـ داۋا
ئىشلىرى مۇشكۈل ھەم مۇشەققەتلىكتۇر، ئېيتقانلىرى كۆڭلۇمدىن
نەچچە رەت ئۆتكەنىدى، ئاللا ـ ئىگەم تىلىكىمىزنى مەقبۇل كۆرۈپ
ئوغۇل نەۋرىلىك بولۇپ قالساق، ئات ـ ئىسمىنى ئاتىسى مۇھەممەد
ئۆزى قويىمىقى خوپتۇر. مېنىڭ ئويۇمدا ئۆزۈمگە نېسىپ بولماي
كەلگەن بىر مەنىدار ئىبارە بار، ئۇ پەقەت بىر زاماننىڭ نۆۋەتچى
پېشۋاسىغا، باشپاناھ پىر ـ كامىلىغىلا خوپ كېلۇر ئىدى. ئۇنى
يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش نۆۋىتى يېقىنلاپ قالغان ئاشۇ ئەزىز
جانغا ئىسمىدىن كېيىن بەخش ئېتىشنى چىن دىلىمدىن خالايمەن.
ئۇ، «نەۋبەتى» تەخەللۇس ـ لەقىمىدۇر. ئاللا نېسىپ قىلغاي،
ئامىن! — تىجەن ھەزرەت، بىر خىل ئۇمىد ۋە ئېپتىخار ئىلكىدە
قوللىرىنى دۇئادىن ئېلىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.
كۈنلەر تېز ئۆتمەكتە ئىدى. قىشتىن بېرى كۆللەردە قېلىن
ئۇيۇپ قاتقان كۆپكۆك مۇزلار بىر ـ بىرلەپ ئېرىشكە باشلىغان،
جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق ھاۋا ئاستا ـ ئاستا ئىللىپ قالغانىدى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر تۈن نىسپىدە سۇدىمە قاتتىق تولغاق ئازا-
بىدا قىينىلىپ چىلدىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەنىدى. ئۇنىڭ
ئازاب ـ ئاچچىق دەستىدە ئىڭراشلىرى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئې-

تىپ توۋلاشلىرى، چاچلىرىنى يۇلۇپ لەۋلىرىنى چىشلەشلىرى كۆڭلى يۇمشاق ۋاپادار ئىرى مۇھەممەدنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىلىپ پارە - پارە قىلغانىدى. ئۇ تۈن بويى ھويلىدا ئۇيان- بۇيان مېڭىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ بۇ دەھشەتلىك تۇغۇت دەملىرىگە خەيرلىك، ئاسانلىق بېرىشنى تىلەپ قۇرئان ئايەتلىرىنى پىچىرلاپ ئوقۇپ توختىمايتتى. ئۇيۇق ئاقىرىپ سۇزۇلۇشكە باشلىغانىدى، سۇبھىنىڭ بۇ خۇش چىراي دەملىرىدە سۇدىممەدىن باشقا جىمىكى جانلىق تىمتاسلىققا چۆكۈپ، قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق ھايا-جان، سۇرلۇك سۈكۈنات ئىلكىدە نېمىنىدۇر كۈتۈۋاتقاندەك قىلات-تى. ئالەم نۇر - زىياغا چۆمۈلۈشى بىلەن تەڭ ئۆي ئىچىدىن سۇبھى - سەھەرگە، بەلكى يارقىن ئىنسان تاڭلىرىنىڭ موھتاجلىق سەھراسىغا كـۆز ئـاچقان يېڭـى بىر ھاياتلىق چولپىنى — نەۋبەتىنىڭ تېلىقىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئاسمانۇ زېمىن بىردىنلا لەرزىگە كەلدى. بۇ لەرزە - تىترەك بارچىنى ئېغىر سۈكۈتتىن ئويغىتىپ، پاك، غۇبارسىز مەسۇمەگە ئالقىش ۋە تەب-رىك ياغدۇرماقتا ئىدى. بۇ، ھىجرىيە 1103 - يىلى، مىلادىيە 1690 - يىلىدىكى ۋەقە بولۇپ، ئۇنىڭدا يەرۇ ئاسماندىن تەڭلا پارلىغان چولپان يۇلتۇزى قۇشلار ناۋاسىغا، ئەزان ئاۋازىغا ۋە قۇياشلىق تاڭنىڭ نۇرانە باغرىغا مەڭگۈلۈك رەۋىشتە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

# ئىككىنچى باب

# جىلۋىگەر دۇنيا

## 1

جىلۋىگەر دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ سۇرەتلىرى ئىنسان بالىسىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرىدۇ. ئاشۇ سۈرەتلەرنىڭ بىرى شۇنىڭدەك ھەققە تالىق ۋەھىيكار تۇيغۇلارنى قوزغاپ، ياشاش ئىرادىسى ۋە ھۇزۇرىغا دالالەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنىڭ زەنجىرسىمان يوسۇنلىرى بۇ تەبىئىي بارلىق بىلەن بولغان ئالاقىلەرگە قاتمۇقات چەكلىمە پەيدا قىلىپ زامان ئاتلىق كىبىرلىك ئىجتىمائىي مەۋھۇم كۈچنىڭ بىسىمىنى ئازابلىق تۇستە ئەسكە سالىدۇ.

سۇبھى چولپىنى پارلاپ ئالەمگە يېڭى بىر سەھەرنىڭ نۇرانە چېھرىدىن خەۋەر بەرگەن ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈندىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ مۇھەممەد بىلەن سۇدىممەنىڭ ئوغلى — كەلگۈسىدىكى شائىر نەۋبەتىنىڭ ئات قويىدىسى (ئات تويى) غا مېھمان چاقىرىلدى. خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى لايقا[1]سەھراسىنىڭ تاغ ـ تۆپىلىكلەر باغرىغا جايلاشقان سەھۋالىم مازىرىنى ماكان تۇتۇپ سوپىلىق ـ تەسەۋۋۇپ يوسۇنلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان، شېئىرىيەت ۋە مەنتىقىي ئىلىملەرگە پىر ـ كامىللىقى ۋە بېشارەتچان غايىب ھېكمەتدارلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىپ كېلىۋاتقان شەۋكەتلىك شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرى ھەمسا-

---

① لايقا — ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.

www.uyghurkitap.com

ۋاق دوستى غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم ۋە تىجەن ھەزرەتلەرنىڭ تەك-
لىپىگە بىنائەن ئاستانىگە كېلىپ، شادلىق ھاياجانلىرىدا كۆڭۈللە-
رى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان توي ئىگىلىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.
ئۇ، ئاپئاق قاشتېشىدەك سۈزۈك بوۋاقنى مۇبارەك قوللىرى بىلەن
يۆيۈندۈرۈپ، ئاق كىگىز ئۈستىدە دومىلىتىپ، ئىسرىق سېلىپ،
سەندەل، ئادراسمان پۈرىتىپ، ئەزان توۋلاپ ئىسىم قويۇش
رەسىم - قائىدىلىرىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، ئىككى يېنىدا قاتار
تىزىلىپ ئولتۇرغان تونۇش ھەم ناتونۇش كىشىلەرگە بىر قۇر كۆز
يۈگۈرتۈپ قىسقىغىنە سۆكۈتكە چۆمدى ۋە ھاياجان بىلەن سۆز
باشلىدى:

— بىر جان — بىر ئالەم، بىر جان — بىر تاڭ شەپىقى
سۈپىتىدە ئاللانىڭ كەرەم - قۇدرىتىگە تىمسال ئېتىلگەندۇر. ھەر-
جاننىڭ خىسلەت جۇلاسى ئۇنىڭ نەسلى - نەسەب ئېتىبارى بىلەن
تەگرىنىڭ سىرۇ ھېكمىتىنى ئاشكارا ئەيلىگۈسىدۇر. ئۆز نۆ-
ۋىتى - سائىتىدە سۇبھى چولپىنىغا ھەمشىرەك بولغان ئۇشبۇ
پەرزەنتى مۇبارەكنىڭ نام شەرەپ لەۋھەسى مۇھەممەد ئوغلى نەسرى-
دىن بولۇپ پۈتۈلدى. كەمىنە شەيخ نىزامىدىن كاككۇك بىر سىر-
لىق بېشارەتنى دىلىمغا كۆمۈشكە ئاجىز كېلىپ تۇرىمەنكى، پەرزەن-
تى ئالەمدە زاھىر بولۇۋاتقىنى ھايات لەۋزىنىڭ ئاددىي، تەكرارى
ئەمەللىرى ئەمەس، بەلكى ھايات قۇربىنىڭ شىددەت ئىچىدە تۇرت-
كەن ئۆركەشلىرى، دىت - ئىستېدات قۇشلىرىنىڭ باغۇ چىمەنلەر-
دە ئۇرغان شوخ نەۋائى خەندانلىرى، قىسمىتى تەقدىر چۆللىرىنىڭ
تەلۋە بوران - چاپقۇنلىرىدۇر. ئۇشبۇ پەرزەنت، ئالدى بىلەن
ئاللا - ئىگەمنىڭ رىزىق - ھىممىتىدە، ئاندىن قالسا پاسىبانى
بۇزرۇكۋارلىرىمنىڭ ئەجىر - پەرۋىشلىرىدە ئۆسۈپ ئۆز ئىقبالى-
نىڭ ئالتۇن ئىشىكلىرىنى ئاچقاي. ھەممىگە كادىر كەرەملىك
ئاللا، بەندىلىرىڭنىڭ تىلىكىنى ئىجاۋەت قىلغايسەن، ئامىن!

دۇئادىن كېيىن جامائەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تاشقىرىغا چىقتى.
تىجەن ھەزرەت شەيخ بىلەن قولتۇقلىشىپ مېڭىپ كوچا دوقمۇشى-

ـنىڭ ئوك تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغـان مەدرىســە تەرەپكــە بۇرۇلدى.

بۇ يىل — نەۋبەتنى تەۋەللۇتىنىڭ بۇ خاسىيەتلىك يىلىدا باهار بالدۇرلا يېتىپ كەلدى. نورۇز كۈنلىرىگە ئۇلاشماي تۇرۇپ مايسىـ ـلار بىخ سۇرۇشكە باشلىدى. هەر كۈنلۈكى ئوخشاش سۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بۇلۇتسىز كۆپكۆك ئاسماندا قۇياش تولىمۇ مۇلايىم كۈـ لۈمسىرەپ هەرجانىنىڭ دىل ـ كۆڭۈل خانىلىرىنى ئادەتتىن تاشقىـ ـرى بىر خىل ئەركىن ـ ئازادىلىك، قۇت ـ بەختىيارلىق تۇيغۇسىـ ـغا چۆمدۈرگەنىدى. كاككۈكلارنىڭ سايراشلىرى، قۇشقاچ ۋە تۇـ مۇچۇقلارنىڭ ئۆز مەرغۇلىدا تىن تارتماي چۇرۇقلاشلىرى، مەجـ ـنۇنتاللارنىڭ ناز ـ كەرەشمە بىرلە تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناشلىرى تەبىئەت بىلەن تەڭ ئويغانغان بارچە ۋۇجۇدنىڭ ئىچكى چوڭقۇرلۇـ قىدا سۈزۈك هېس ـ تۇيغۇ ۋە ئىلهام بۇلاقلىرىنى قايناتماقتا ئىدى.

جىلۋىگەر دۇنيانىڭ رەڭدار هۆسن ـ جامالى كىچىككىنە بوـ ۋاق نەۋبەتنىڭ نەزەر ـ گۇزىرىدىن تاشقىرى تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇلارنى ئاپئاق يۇمران تېرىسى، بۇرنى ۋە ئۆپكىسىدىكى نەپەس ۋەزىنلىرىدە دەڭسەپ، قىلدەك ئىنچىكە كۆك تومۇرلىرىدا ئاققان قىپقىزىل قېنىنىڭ ئىچكى ئۆركەشلىرىدە ۋە ئۇچۇر ـ سىگنال قوبۇل قىلغۇچى هەربىر سەزگۈ نېرۋىلىرىدا تۇيۇپ زاكا ـ يۆگەكتە خۇددى خىيالىي ئالەم پەرىشتىلىرىگە ئوخشاش بىپەرۋا ئويناقشىپ، تىپىچەكلەپ ياتاتتى. سۇدىمەنىڭ چىڭقىلىپ بىرىۋاتقان ئوغۇز سۈتىدە ئەت ئېلىپ، ئەللەي ناخشىلىرىدا رىتىم ـ تاۋۇشلارنى تەرتىپكە سېلىپ، مۇهەممەدنىڭ كۆتـۈرۈپ ئۇسـتۇن ـ تۆۋەن، ئوڭ ـ سول ئۇچۇرۇشلىرىدا پەرۋازى مۇئەللەقنى خىيالىي بوشـ ـلۇقلىرىغا سىڭدۈرۈپ، بوۋىلىرىنىڭ تالىشىپ ـ تارتىشىپ سۆـ يۈشلىرى ۋە ئەركىلىتىپ سىلاشلىرىدا مېهىر ـ ئېتىبارنىڭ يالقۇنـ ـلۇق تەپتىنى سېزىپ يېشىغا توشقان نەۋبەتنى ئەمدىلىكتە باشقىچىلا

بىر بالا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تىنىمسىز ئۆمىلەپ، ئۈيەردىن ـ بۇيەرگە يۆتكىلىپ مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان ئانىنىڭ يۈرىكىنى سۈ
قىلىپ، دەريا ـ كۆللەرگە ئوخشاش چايقاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ زەدى-
ۋال تارتىلغان تاملارغا، يوتقان ـ كۆرپىلەر يىغىلغان جاۋەن-
ساندۇقلارغا يامىشىپ ئۆرە تۇرۇشقا تەمشەلگەن چاغلىرىدا كەينىدى-
كى بىراۋغا قايرىلىپ قاراپ قويىدىغان ھالىتى گويا قانات چىقى-
رىش ئالدىدىكى قۇش بالىسىغا ئوخشاش ئانىنىڭ شۇقەدەر
زوقى ـ ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتىكى، سۇدىمە كەلكۈندەك بېسىپ
كەلگەن ھاياجان ھېسلىرى ئىچىدە ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ
كېتەتتى. ئانا ئۇچۇن بالىنىڭ ئۆمىلىشى، ئۆرە بولۇشى ۋە قول
ئۈزىتىپ كۇلۇپ، تەمتىرەپ مېڭىشىدىنمۇ ئارتۇق شاد ـ
خۇراملىق، بەخت ـ ئىپتىخار ھاياجىنى بولمىسا كېرەك. بۇ،
بالىنىڭ زېمىنگە ئەر سۇپىتىدە تىك تۇرۇپ تۇنجى ئاياغ بېسىشى-
دىن، جىلۋىگەر دۇنيانىڭ قوينىغا قوشۇلۇپ ئۇنىڭ بىر تەركىبىي
قىسمىغا ئايلىنىشىدىن، ئۆزىگە يۆلىنىپ ئالەم بىلەن ئۆز ئوتتۇرى-
سىدىكى ماھىيەتلىك سىرلارنى قىياس، ئىدراك قىلىشىدىن دېرەك
بېرەتتى.

كۇنلەر كۇنلەرنى قوغلىشىپ ناھايىتى تېزلا ئۆتمەكتە ئىدى.
ئايىغى چىققان شوخ نەۋبەتى ئەمدى سۇپىدىكى ئوتقاشتەك قىپقىزىل
زىلچا ـ گىلەملەر ئۇستىدىن يەرگە چۇشۇپ زېمىنىنىڭ ئوچۇق
كەڭلىكىدە ئۇچ چاقلىق، تۇتقۇچلۇق غالتەك ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ
ئوينىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۆشۇكتىكى چاغلىرىدا ھەربىر تەۋرىنىشى-
كە ماس رەۋىشتە ئۇياقتىن بۇياققا يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆز قارى-
چۇقلىرى ئىككىنچى باھارنىڭ باغرىغا، سۇپسۈزۈك ئاسمىنىغا قا-
دىلىپ ئىختىيار ۋە ئەركىنلىك ھۇزۇرىنى سۇرەتتى. شۇنداق قى-
لىپ، ئۇ ئاشۇ كۆز قارىچۇقلىرىغا ئۆزى ئۇچراتقان جىمىكى نەر-
سىلەرنى، ئىللىق ۋە خۇش پېئىل باھارنىڭ كۆركۇ ھەم سەزگۇ
دائىرىسىدە زاھىر بولغان بارلىق مەنزىرىلىرىنى سىزىۋالغانىدى.

## 2

خىيال ئەينەكلىرىدە ئۆزىدىن كىيىنكى ئىلىم - ئىرپان ئالەمىنىڭ پاسىبانى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ بىرىۋاتقان سۆيۈملۈك نەۋرىسى نەۋبەتنىڭ تايتاڭلاپ مېڭىپ «ئانا، ئاتا، بوۋا» دېگەن نامىلارنى چۈچۈك تىللىرىدا تەكرارلاشلىرىدىن ئالەمچە شادلىقتا چۆمگەن تىجەن ھەزرەت بىر خىل يوشۇرۇن خەۋپ - خەتەرنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ كۆڭلى پاراكەندە بولدى. ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئۆزئارا بىرىكىپ مۇكەممەل بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغان سۇزۇك ھېس - تۇيغۇلىرى ئۇنى ھېچقاچان ئالداپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە زاھىر بولۇۋاتقان ھېس - تۇيغۇلار ئۆزگە پايدىسىز تەرىزدىكى بىر قاتار يامان ئەھۋاللاردىن ئۇچۇر بەرمەكتە ئىدى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا، ھە، ئاۋۋالقى قاينامتاشقىنلىق نورۇز سەيلىلىرىنىڭ بىرىدە ئالىلكىملەرنىڭ «نەسەبى نامەلۇم ھاكاۋۇر بۇ ئادەمنىڭ ئاستانە يوسۇنلىرىغا يات بىر سىياقتا كىيىنىپ يۈرگىنىدىن، ئالەم سۈپەتلىرى، يارالمىش سەۋەبلىرى ۋە پاكلىنىش مىزانلىرى ھەققىدە غەيرىيلا بىر- نىمىلەرنى سۆزلەپ يۈرۈشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر بولسا پىر- ئەۋلىيا، بىر بولسا مۇرتەد...» دېيىشىپ كۇسۇرلاشقىنى تېخىچە ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق.

ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. ھەر قېتىملىق ناماز - ئىبادەت ۋاقتىدا تىجەن ھەزرەتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، ئۇنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ نېرى كېتەلمەيدىغان، ئىززەت - ئىكرام ۋە قۇللۇق - رايىشلىق بىلدۈرىدىغان موللا - ئىشانلار، بەگ - سىپاھلار ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن ئۈركۈپ يۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ خىلۋەتلەردە، ئىمام ۋەلىخان كاچكۆلنىڭ تەرىپىدە تۇرۇپ قولاق يىقىپ كۇسۇرلىشىشلىرى، غەيۋەت - شىكايەت قىلىشلىرى ۋە يەر تېگىدىن مارىلىغاندەك قاراشلىرى كۆپكە قادىر تىجەن ھەزرەت ئاللىبۇرۇن كۆڭلىدە دەگسەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغان يوشۇرۇن

خەۋپ - خەتەرلەرنىڭ ئاشكارا ئالامەتلىرى جۇملىسىدىن ئىدى.
باش كۇزنىڭ بىر جۇمە كۇنلۇكى نامازدىن يانغان ئىمام ۋەلىخان كاچكۇل ئۈچ - ئاداۋەت چوغلىرىغا ئوتئۇن - تارىشا تاشلاپ بېرىۋاتقان موللا - مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ خوتەن بېگى ھۇزۇرىدا پەيدا بولدى - دە، كۇشەندىسى بولمىش تىجەن ھەزرەت ئۇستىدىن داد - شىكايەت ئېيتىشقا باشلىدى:
— شەۋكەتلىك بەگ غوجىمىزنىڭ پاناھ - ھىمايىتىدا كۇنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز ياشنىغانىدى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىلكىمىزدە تۇتۇپ كەلگەندۇق. ئەپسۇسكى، ئات - ئىسمىدىن تا ئىش - ئەمەللىرىگىچە ئاستانە مۇسۇلمانلىرىغا يات بولغان ئۇ تاغلىق كەلگۇندى دىۋانە خوتەن ئاستانىسىدە پەيدا بولۇپ تېگى پەس يېتىم ئوغلاقلارنى توپلاپ ۋەزخانلىق قىلغاندىن بېرى، ئىسلام شەرىئىتى، ئەدناسى بوۋىلاردىن مىراس - ئۇدۇم قالغان ئادەمگەرچىلىك يوسۇنلىرى دەپسەندە ئېتىلىپ، ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ، شەھەر - ئاستانە مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭۈللىرى ئازار يەپ دەردناك بولدى. ئۇ گۇمراھنىڭ «ئاللاغا زاھىرى قۇللۇق ياراشماس، ئەقىدە - ئىخلاس شارايىتىدە ھاسىل بولمىش ئۇتۇق - تۆھپە يارىشۇر، شەكىللۋاز، رىياكار ئىمام - ئىشانلارنىڭ خۇدانى ئالداپ، كۆز بوياپ قىلغان قۇرۇق ئىبادەتلىرىنىڭ ئاخىرەتتە سورىقى بولۇر، مەنكى كەمىنە چىن ئىخلاس - ئەقىدەمنى سىلەرگە، سىلەر ئارقىلىق ئاللاغا يەتكۇزۇپ ساۋاب تاپقايمەن» دېيىشلىرى ئۆز سىپىدىن مۇناپىقلىق، ئاسىيلىق ۋە كۇپۇرلۇق بولماي نىمە، ئالىيلىرى! ؟ بىز ئەمدى سەۋر - تاقەت قىلالمايمىز، — دەپ بەگنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاشقا باشلىدى. بەگ ئىمامنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كېڭەشتىن كېيىن قارار چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ يولغا سالدى.

بۇ ئىشلاردىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپقان غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم قەدىناس بۇرادىرى تىجەن ھەزرەتنىڭ يېنىغا باردى. تىجەن ھەزرەت دوستىنىڭ چىرايىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھىمىلىك

ئىپادىلەردىن ئىشىنىڭ تىگىگە يەتكەندەك بولۇپ ئاۋۋال سۆز ئالدى:
— بەندە هامان بەندىچىلىكىنى قىلىدۇ، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىگە
سېلىشىدىن، نەپس تەشنالىقى ئالدىدا گۇناهتىن هەم جازادىن هې-
يىقمىغان ئازغۇن بەندىگە نە چارە. ئەۋۋەلى ۋە ئەزەلىدە ئالەمنىڭ
تۇتۇلۇپ تۇرۇشى، ئەل - ئاۋامنى يۆلىگەن گۈزەل ئارزۇ - ئىس-
تەك تۇۋرۇكلىرىنىڭ غۇلاپ چۇشۇشى، ئىنسان باللىرىنىڭ توپان
بالاسىغا غەرق ئېتىلىشى نەپس ۋە نەپس بىلەن مۇناسىۋەتلىك سە-
ۋەبلەردىن بولۇر. ئاللانىڭ تەقدىر يازمىشلىرىدا نۇرانە بولغان
ئىنسان بالىسىنىڭ ئىش - ئەمەللىرى ئەسلىي زاتى ۋە ئەسلىي
لايىھىسىدىن يىراقلاشقانچە، ئۇنىڭ ئۆزىگە هەم ئۆزگىگە سالىدىغان
زۇلۇم - ئازابلىرىمۇ شۇنچە قاتتىق، شۇنچە شەپقەتسىز بولۇر.
شۇڭا، ئىنسان ئۆزىنى ئۆزىگە قارشى قويۇش، ئۆزىنى خورلاش
هېسابىغا ناقابىللىقنى ئۇدۇم قالدۇرىدۇ. خەيرىيەت، تەگرى مىنى
پانىي ئالەمنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن خالاس تاپتۇرماق بولۇپ
ئۇ لەزىز ئۆلۈم - قازا شارابى بىرلە ئۆز ۋەسلى - ۋىسالىنىڭ
نۇرانە باغلىرىغا چىللىغان بولسا، ئۇنى چىن دىلىمدىن قوبۇل
ئەتكەيمەن ...

— ياق، قەدىردانىم، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى قازى
ئاخۇنۇم، — ئۇ، ئۆزلىرى ئېيتقان ئاللانىڭ شېرىن شارابى ئە-
مەس، رىياكار ئىشان ۋەلىخان كاچكۇلنىڭ سۇيىقەستى ئوغىسى-
دۇر! بىمەھەل ئۆلۈم شارابى ئىچىش ئۆزلىرى ئېيتقاندەك ئىمانى
كامىل ئىنسان باللىرىغا ياراشمايدۇ، ھەزرىتىم! — شۇ سۆزدىن
كېيىن قازى ئاخۇنۇم كەينىگە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى.

بەگنىڭ ئاخىرقى قارارى قازى ئاخۇنۇم باشلىق ئىلىم سۆيەر
مۆتىۋەرلەر ۋە بىر قىسىم ھەق - ئادالەتنى ياقلايدىغان بەگ -
سىپاھلارنىڭ بىرلىكتە ئىلتىماس قىلىشى بىلەن تىجەن ھەزرەتنى
قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەج - تاۋاپقا يولغا سېلىش مەزمۇنىدا چىقى-
رىلدى ھەمدە بۇ ئىشنىڭ بارلىق سەۋەبلىرىنى قەتئىي مەخپىي
تۇتۇش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، بەش يىلدىن بېرى خوتەن
دىيارىدا ئىلىم - ھېكمەت كۆيلىرىنى كەڭ تارقاتقان تاغ بۇر-

كۈتى — تىجەن ھەزرەتلىرى ھەج - تاۋاپ نامىدا خوتەن دىيارىدىن ئايرىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋىلايەتلىرىگە، جۈملىدىن ئامۇ - سىر دەريالىرى ۋادىلىرىغا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئىزلىرىنى سەير - تاماشا ئېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاراقاش دەرياسىغىچە ئۇزىتىپ كەلگەن كىشىلەر گويا غايەت زور سەل - كەلكۈنگە ئوخشاش بىرەر مىڭ چامدام يول يۈزىنى بېسىپ ھەزرەتكە قول پۇلاڭلىتىپ، ئاقيول تىلىشىپ، دۇئا - تەكبىر ئېيتىشىپ ھەريان چايقالماقتا ئىدى. تىجەن ھەزرەت ئىككى تالىپ-نىڭ ھەمراھلىقىدا يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىغا پەرۋا قىلمىغان ھالدا شاش چىلان تورۇق ئېتىنىڭ ئۇستىدە سوكۇتلۇك ئولتۇرۇپ، ئۆزى سۆيگەن قەدىردان كىشىلەر ۋە ئەزىزانە خوتەن گۈلىستانى بىلەن ئۈن - تىنسىز خوشلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەلب ئەينەكلىرىدە ئىككى يېرىم ياشلىق نەۋبەتىنىڭ كىبلەچەككە، ئۆز بالاغىتىنىڭ پەسلى باھارىغا ئىنتىلىپ تىنىمسىز يۈگۈرۈپ يۈرگەن شوخ، ئوماق سىيماسى ئوتتەك يالقۇنجاپ، ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە ناھايىتى تېرەن ئوي - پىكىرلەرنىڭ قاتمۇقات تۈگۈنلىرىنى يەش-مەكتە ئىدى. توپ ئىچىدىن بىر خىل رىتىملىق يىغا - زارە كۆتۈرۈلگەندە، تىجەن ھەزرەت تۇيۇقسىز بېشىدىكى ئاپئاق سەللى-نى يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بېلىنى ئايلاندۇرۇپ باغلىدى ۋە غانجۇ-غىدىكى ئۈچلۈق قارا تۇمىقىنى تۇزەشتۇرۇپ بېشىغا قوندۇردى. ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ھاۋادا پۇلاڭلىغان زەي قامچىنىڭ تارس قىلىپ ئۇرۇلۇشى بىلەن يۇلقۇنۇپ، چاپچىپ تىزگىن سۆرىگەن چىلان تورۇق شامالدەك تېز چاپقىنىچە بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بول-دى. ئەمدىلىكتە ھەممە ياق جىمجىت. دەريامۇ، ئادەملەرمۇ ئوخ-شاشلا بىر خىل جىمجىتلىق ئىچىدە مۈگلىنىپ، بۇ ئايرىلىشنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى دەڭسىمەكتە ئىدى. توپ ئالدىدىكى يۈزدىن ئارتۇق تالىپ كۆزىدىكى ۋە يۈرىكىدىكى ھىجرانلىق سوكۇت بىلەن ئۇستازى تىجەن ھەزرەتنىڭ مەدرىسىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېيت-قان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىرىگە ئېلىشتى ھەم ئۇنىڭ ھەقىقەتكە چىنپۇتۇشتى:

«ھەقنى سۆزلىگەنگە ھاياتنىڭ كۈچىسى تار. بۇنداق بولۇشى ھەقنىڭ ھەقىقەت سۈپىتىدە بارچە ناھەقچىلىكنى ئاشكارا كۆرسىـ-
تىپ، ئۇنى پەرەنجىسى ئاستىغا يوشۇرغان مەككار ئادەمىي شەيتانـ-
لارنى، ئۇلارنىڭ ساختا ئىش - ئەمەللىرىنى رەسۋا - سازايى قىلىدىغانلىقىدىندۇر. غەپلەتتىكى ئاۋامنى ئويغىتىش ئەمەلىيەتتە
ئۇلارنى رەنجىتىش، تەشۋىشكە سېلىش بىلەن باراۋەر ھېسابلىنىدىـ-
غان بىر چاغدا، تىلىڭنى يىغىپ دىلىڭنى ئوت ئالدۇرمىقىڭ،
ئاندىن ساخاۋەتلىك قۇياشقا قوشۇلۇپ كەتمىكىڭ زۆرۇر. غەپلەت
باسقان تۇپراقنى سەھەر، سەھەرنى قۇياش ئويغىتىدۇ. بۇ ھاللارـ-
نىڭ ئىچكى ئالاقىلىرىدە سەن ئۆزۈڭنى ھازىر - زاھىر ھېس قىلـ-
ساڭلا كۇپايە. ئاۋام ئۇيقۇ ۋە غەپلەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرىغا
چۆككەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۆزىنى ئېچىپ دىلىنى يورۇتقان
نۇر - يورۇقلۇقنىڭ خاسىيىتىدە سېنىڭ بارلىقىڭنى بىلىدۇ ۋە
مەڭگۈ ئەستە ساقلايدۇ. شۇڭا، ئىلىم - ھېكمەت ۋە چىن ئىنسانىي
مۇھەببەت ئاسىيلىرى خەنجەر ئېسىپ يۈرگەن بەختى قارا كوچىلارـ-
دا سەرسان - سەرگەردان بولغىنىڭدىن كۆرە قوينى كەڭ دۇنيانىڭ
خىلۋەت باغى - ئېرەملىرىنى ۋەتەن تۇتۇپ، تەپەككۇر قۇشلىرىڭنى
ئۆز ئەركى - مەيلىگە بەھۇزۇر قويۇپ بەرگىنىڭ ئەۋزەلدۇر.
قاچانكى، قۇشلىرىڭنىڭ پەرۋازى بىلەن چەك - پاسىللىرىڭنىڭ
سىرتىدىكى جىلۋىگەر دۇنياغا ئاياغ باسالىساڭ، قەلبىڭنىڭ سىرۇ
تىلسىملىرىنى يېشىپ ئىللىق چىراي ئاچالىساڭ، شۇ چاغدا مۇراـ-
دىڭ ھاسىل بولۇپ، ۋەسلى - ۋىسال دەرياسىدا ئۈزەلەيسەن.
يامانلارنىڭ قەستى - بالاسى سەن ئۇزاپ كەتكەن كېچىلەردە، سەن
بىنەزەر تاشلاپ كەتكەن كەپىلەردە ئۆز - ئۆزىنى ھالاك
ئەتكۈسىدۇر...»

## 3

قەھرىتان قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە سۈدىممەنىڭ چۆچەكـ-
لىرىگە زەن سېلىپ ئىڭىكىنى ئالىقانلىرى بىلەن تىرەپ ياتىدىغان

كىچىككىنە نەۋبەتى خېلى بىرنېمىلەرنى ئاڭقىرالايدىغان، تاتلىق-چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئانىسىغا سوئال قويۇپ ئارام بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە قىزىقىسىنىپ سىنچىلاپ قارايدىغان كۆپكۆك تىنىق كۆزلىرىدىن ئۆز تەبىئىتىگە ماسلاشقان چېچەن بىر ئويچانلىقنىڭ ئاشكارا ئالامەتلىرى بالقىپ تۇراتتى. ئۇ بىراۋنىڭ توسۇشىغا، قاتتىق تەنبىھىگە چىرايىنى تۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈرۈپ ئۆزىنىڭ خاس ئارامىنى، ئىختىيار- ئەركىنى قەتئىي رەۋىشتە ياقلاشقا ئىنتىلەتتى. ئەقىللىق سۇدىمە بالىدىكى بۇ ئۆز-گىچە خۇي - مىجەزنى دەرھال پەملەپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ - باراۋەرلىك ئاساسىدا يېقىنچە بىر يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئوي - خىيالنى ئىپادىلەشنىڭ قائىدىلىرىنى، سۆزلەرنىڭ مەنە قاتلىمىنى ۋە ھەرپ - سانلارنىڭ تەرتىپىنى بالىنىڭ يۇمران قەلبىدە گە سىڭدۈرۈشكە كىرىشتى. بالىنىڭ ئەس - يادى ئوچۇق، زېھنى ئۆتكۈر ئىدى، ئۆز ئارامى ۋە ئۆز ئەركى - مەيلىگە بۆلىنىپ بىرنېمىلەرنى جىجىلاپ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ كېتىشلىرى كىشىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى تارتاتتى.

ئۆي ئىچىدە بىردەممۇ تىنىم تاپمايدىغان كىچىك نەۋبەتى كې-يىنچە ئانىسىنىڭ يېقىملىق تىللىرىدىن بىر خىل ئاھاڭ ۋە قاپىيە-دە تۈكۈلۈپ تۇرىدىغان خەلق قوشاقلىرىغا ھېرىس بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇ باھارنىڭ ھەربىر سەھىرىدە سۇدىمەنىڭ پېشىنى تارتىپ مەجنۇنتاللار بولۇق ئۆسكەن ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا كېلەتتى ۋە شاخ - چىۋىقلارنىڭ لەرزان يەلپۈنۈپ ئويناشلىرىدىن، سۇ-دۇك، قارلىغاچ، سوپسوپىياڭغا ئوخشاش باھار قۇشلىرىنىڭ ساي-راشلىرىدىن چەكسىز شادلىققا چۆمۈپ يادلىۋالغان قوشاقلىرىنى كەڭرى تەبىئەت قوينىدا ئېيتىشقا باشلايتتى. بۇ ھال، نەۋبەتىنىڭ بالىلىقىدىكى تۇنجى شېئىرىي ئوي - پىكىرلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە ئادەتتىن تاشقىرى ئوتلۇق ھەۋەس - ئىشتىياق بىلەن كىرىپ كېلىشىگە سەۋەب بولغانىدى. تەبىئەت دۇنياسى — سەنئەت دۇنياسى، ئۇنىڭ قوينىدىكى سېھىرلىك سەنئەت نەمۇنىلى-

ـرى ئىنسان بالىسىنىڭ نەزىرىگە يېيىلىپ قەلبىگە شولا تاشلىغان- دىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلىي ئوخشاشلىق ۋە يىلتىزداش- لىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى روشەنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسان ئاشۇ غۇۋا سىزىملىرى ئىچىدە تۇرۇپ تەبىئەت تەركىبىدىكى ئۆزىنى ھېس قىلىدۇ، ئۆزىگە ئىچكىرىلەشنى تەبىئەتكە ئىچكىرىلەش ھې- سابىدا ئىلگىرى سۈرۈپ ئۆز قەلبىنىڭ يۇمران بىخلىرىنى پەرۋىش ئېتىدۇ.

كۆل ـ كۆللەردە سۇزۇلۇپ يېنىك چايقىلىپ تۇرغان زىلال سۇلار نەۋبەتنىڭ ھەممىدىنمۇ بەك زوق ـ مەيلىنى تارتاتتى. ئۇ سۇدىممەنىڭ خارەتلەرگە[1] بۇيرۇتۇپ ياستىپ بەرگەن كىچىككىنە چېلىكىنى كۆتۈرۈپ ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرەيتتى. ئاندىن قولل- رىنى تىقىپ سۇلارنى شالاقلىتىپ چېچىپ ئويناپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋېتەتتى. سۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن سىرلىق، سېھىرلىك نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەندىن بۇيان، سۇغا، سۇ يۈزىدىكى نۇر ـ شولىلارغا ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرىدىكى تىنىقلىقىقا قاراپ ئولتۇرۇش ئۇنىڭ بىر خىل دائىملىق ئادىتىگە ئايلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، سۇ، ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدىكى سۇ- زۇك ـ چاقناق تۇيغۇ ئۆركەشلىرى بىلەن ئاجايىپ تاسادىپىي ئوخ- شاشلىقنى ھاسىل قىلىپ، مېھرى ۋە ئىپتىخارىنى يالقۇنجىتىپ قويغاچقا، يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن بىرگە يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ساھىلىغا بېرىۋېلىپ، مەھەل- لىدىكى كىشىلەرنى ئەندىشە، ۋەھىمىگە سېلىپ قوياتتى.

كەلكۈن سۇلىرى تۇرۇلۇپ، ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قاشلىرىدا سۆگەت شاخلىرى قېلىن سايە تاشلاپ تۇراتت- تى. نەۋبەتنى دوستلىرى بىلەن ئەنە شۇ قىرلاردا يالىڭاچ پېتى بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، توپىغا مىلىنىپ ئويناتتى. قاش يېنىدا دەريا تاشقىنىدىن ۋە سىزىك سۇلاردىن ھاسىل بولغان تېيىز سۇ كۆلچەكلىرى بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ چۆمۈلىدىغان «دەريا» سى ئىد-

① خارەت — ياغاچچى.

www.uyghurkitap.com

دى. بۇ تۇرغۇن سۇ ئۇزاقتا سوزۇلغان سازلىقنى ھاسىل قىلىپ ئۆز باغرىدا مۇخ، يېكەن، قومۇشقا ئوخشاش سۇ ئۆسۈملۈكلىرىنى ياشنىتىپ تۇرغاچقا، بېلىجانلار كۆپ ئىدى. بېلىق تۇتۇشقا ھەممە-دىن ماھىر نەۋبەتى ئۆيىدىن ئالغاچ كەلگەن، چىلان ياغىچىدىن قىلىنغان قىزغۇچ جامنى سۇغا پاتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بېلىجان كىرگەندىن كېيىن كۆتۈرىۋالاتتى - دە، ئۇنى دوستلىرىنىڭ قاچى-لىرىغا سېلىپ بېرىپ يەنە بېلىق تۇتۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى. بېلىجانلارنىڭ سۇ ئىچىدە ئۈركۈپ، قېچىپ ھەريان ئۈزۈشلىرى، باللارنىڭ ئالىقانلىرىدا ئېغىزىنى ئېچىپ يۇمۇپ پىلتىڭلاشلىرى ۋە قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن شوك بولۇپ قېلىشلىرى نەۋبەتىدە قىزىقىش ۋە ئويۇن ھوزۇرىدىن تاشقىرى بىر خىل غۇۋا گۇناھ تۇيغۇسىنى ئويغاتقاچقا، ئۇ ناھايىتى تېزلا بېلىق تۇتۇشتىن توختى-دى ھەمدە تۇتۇلغان بېلىقلارنىڭ ھەممىنى سۇغا قويۇپ بەردى. ھەر نەرسە ئۆز تەبىئىتى ۋە ئۆز مۇھىتىغا يارىشا خاس ياشاش قانۇنىيىتىگە ئىگە. بۇ قانۇنىيەت بۇزۇلغان ھامان ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدۇ. سۇ بىلەن بىرگە تۆكۈلگەن بېلىجانلارنىڭ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ ئۆز توپلىرىغا قوشۇلۇپ ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈشى نەۋبەتىنىڭ قەلبىدە بېلىجانغا ئوخشاش رازىمەنلىك، خۇشاللىق ۋە مېھىر - شاپائەت ھېسلىرىنى قىزدۇرۇپ ئۆتتى.

نەۋبەتى سۇغا چۆمۈلۈپ ھارغاندىن كېيىن، بىردەم دەريا قى-شىدىكى سۆگەت سايىسىدە ئولتۇرۇپ، تاغ تەرەپتىن قىيانلاپ كېلىۋاتقان دۇغ - لاي كەلكۈن سۈيىگە تىكىلگىنىچە خىيالغا پات-تى. ئۇنىڭ پىنھان خىياللىرى مۇشۇ ئانا دەريانىڭ شىددىتى بىلەن ئۇلغىيىپ يىراق - يىراقلارغا ئۈزۈپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمايدىغان ئاشۇ پىنھان تەبىئەت قوينىغا ئىنتىلىپ، دەريانىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى بويلاپ تۆۋەندىكى تەرەپكە بويۇنداپ قارايتتى. «سۇلار نېمىشقا تېز ئاقىدۇ، ئۇلار زادى نەگە بارىدۇ، بۇنىڭدىكى سەۋەب ۋە مەقسەت نېمە؟» دېگەندەك سوئاللار ئۇنى تەبىئەت قوينىغا تېخىمۇ ئىچكىرى تارتىپ، ئۇنىڭ مۇئەييەن

چەك ـ پاسىللىرىدىن ھالقىتىپ باراتتى. شۇنىڭغا ماس ھالدا پەيدا بولۇپ، ئۇلغىيىۋاتقان ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ساددا خىيال ئېقىنلىرى قەلب ئەينەكلىرىدە تۇرۇلۇپ تۇرغان بـۇلۇتسىمان سوئـاللارنـى يېشىشـگـە، ئـۇنىڭ يىپ ئۇچىنـى تېپىشىغا ياردەم بېرەتتى.

ئالەمگە سۇس گۇگۇم پەردىسى يېيىلىپ كەچكى شەپەق قىپقىزىل تاۋلانغان دەملەردە، نەۋبەتنىڭ پۈتۈن ئەزايى ـ ۋۇجۇدى بىر خىل سېھىرلىك كۈچ تەسىرىدە تىترەپ لەرزىگە كېلەتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىنى مۇشۇ ئانا دەريا بويىدا قانچە رەت كۆرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەر قېتىم ئالەمنىڭ كەڭرى ئېتەكلىرىدىكى يورۇقلۇقنىڭ ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىپ قىزغۇچ تۇس ئېلىشى، بارچە نەرسىدە ئەكس ئېتىۋاتقان قىزغۇچ جىلۋىلەرنىڭ تىترەپ تەۋرىنىشى ۋە سۈكۈت ئىلكىدە غايىب بولۇشىدىن بىر خىل قانۇنىيەتلىك ئايلىنىشنىڭ سېھرىنى غىل ـ پال ھېس قىلىپ قالاتتى. بۇنىڭ كەينىدىنلا پەيدا بولىدىغىنى يوقلۇقتا تۇتاش كەتكەن ئېسەنگىرەش، ئىزتىراپ ۋە قىيالماسلىق سېزىملىرى بولۇپ، ئۇ نەۋبەتكە بىر خىل تەگسىز سۈكۈت غەلىيانلىرىنى بەخش ئەتكەنىدى. ئۇ شۇ دەملەردە كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ كۇندۇزلىرى كۆرگەن بارلىق نەرسىنى يادىغا ئېلىپ، قەلب ئەينەكلىرىدە قايتىدىن سۈرەتلەپ چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېچە بىلەن كۇندۇزنىڭ غېرىبانە پاسىللىرىدا جىمىكى مەۋجۇداتنى ئاداققىچە يۇيۇلماس قەلب سۈرەتلىرى ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگە غەيۇرانلىك بەخش ئېتەتتى. بۇ، دەل نەۋبەتنىڭ باللىق تەسەۋۋۇرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۆز قـەلبـىـدە ئۆزگىنى سەير ـ تاماشا ئېتىشلىرىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

## 4

تەبىئەتكە ئادەتتىن تاشقىرى ھېرىس نەۋبەتى كۈز ئايلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئاتىسى مۇھەممەدكە ئەگىشىپ جېدەل قى-

لىشقا باشلىدى. مۇھەممەد ھەر يىلنىڭ كۈز ئايلىرىدا خوتەن شەھىرىگە تۇتاش بوستانلىق يېزىلارنىڭ چەت ـ ياقىسىدىغا، تاغ ـ تۆپىلىكلەرگە تۇتىشىپ كېتىدىغان جايلارغا بېرىپ بىر قىسىم يەرلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىپ كېلەتتى. بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بار نەۋبەتى ئاتىسى بىلەن بىرگە خوتەن سەھرالىرىنى ئارىلاپ، ئۇ يەرلەردە تەبىئەتكە جور بولۇپ، شادىمان ئويناپ كۆڭلىنى بەكمۇ ئاززۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن سەھەرلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالغان ۋە ئاتىسىنىڭ ئاتنى يېتىلەپ چىقىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالغانىدى. بالىنىڭ قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى قايتۇرماسلىقنى ئاتىدىن ئۇدۇم ئالغان سۇدىمە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ نەۋبەتىنىڭ ياختىلىق چاپىنىنى ئاچىقىپ مۇھەممەدكە ئۇزىتىۋېتىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە باش لىڭشىتتى.

ئاتا بىلەن بالا بىر ئاتقا مىنگىشىپ ئىلچى[1]بازىرىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، ھەممىنى شوخ كۆزلىرى بىلەن بىرمۇبىر كۆزىتىپ ماڭغان نەۋبەتى تۇيۇقسىز چۇقان سېلىشقا باشلىدى:

— ئاتا، ئاتا، قاراڭ تىجەن بوۋامنىڭ ئۆيى...

مۇھەممەد ئوڭ يېنىدا سولغۇن بىر ھالدا مۆكۈلۈنىپ تۇرغان مەدرىسىگە قاراپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا قۇياشتەك پاك، نۇرانە قەلب ساھىبى تىجەن ھەزرەتنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىدە گۈللەپ ياشنىغان مەدرىسە ئەمدىلىكتە تاشلىنىپ چۆلدەرەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ چاڭ ـ توزان باسقان قوش قاناتلىق دەرۋازىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر بۆلۈك سوپى ـ ئىشان، قەلەندەر ـ دىۋانىلەرنىڭ ئۇ ئالەم خەير ـ ئېھسانىنى تىلەپ ئوقۇغان مۇناجاتلىرىنىڭ يۈرەكنى ئېزىپ قان ـ زەردابقا ئايلاندۇرغۇچى ئېچىنىشلىق پىغانى كېلەتتى. مۇھەممەد بۇ يەردىن ئېتىنى دېۋىتىپ يىراقلاپ كەتتى.

ئاتا بىلەن بالا شەھەرنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ جەنۇب-

① ئىلچى — خوتەن شەھىرىنىڭ يەنە بىر نامى.

قا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بۈك - باراقسان قارا تېرەكلەر ۋە قۇلاقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان قوناقلىقلار بىلەن قاپلانغان توسالىلا[1]، بوزاق[2] يېزىلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ بىر خىل رىتىمدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئاق بوزئات پېشىن ۋاقتى بىلەن لايقىغا ئۇلاشتى. ئۇلار يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ غەربكە قايرىلىپ بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن بوستانلىقلار بىلەن كېسىشىپ كەتكەن ئېگىز - پەس تاقىر تۆپىلىكلەرگە يېتىپ كەلدى. مۇھەممەد ئاتتىن چۈشۈپ نەۋبەتنى يەرگە ئالغاندىن كېيىن، ئېتنى ئۈيەر، بۈيەرلەردە كۆكىرىپ تۇرغان ئوتلارغا قويۇپ بېرىپ، يەرباغرى، چاردىمىق، سېرىقئوت، لاله، يالپۇز، تاغ بىنەپشىسى قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يىغىشقا كىرىشتى.

نەۋبەتى ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ هاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. بوستانلىق بىلەن تاقىر تاغ - تۆپىلىكلەر كېسىشىدىغان بۇ خىلۋەت جايدا شەھەرگە خاس شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلىغىلى، موكىدەك ئالدىراش ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەملەر توپىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى، بۈيەردە هۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئېغىر جىمجىتلىق ۋە تەگسىز زېرىكىش ئىدى. ئۇ جىمجىتلىقنى تىڭشاپ تۇرغانچە قەلبى چۆللىشىپ، ئۆزىدىن، ئۆزى ياشاۋاتقان رېئال دۇنيادىن مەھرۇم بولۇۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ توختىماستىن ئۇيان، بۇيانغا ئالاڭلاپ قاراپ ئۆزىنى ئىلكىگە ئېلىپ كېتىۋاتقان زېرىكىشلىك جىمجىتلىقتىن شۈبھىلىنىشكە ۋە خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئاق بوز ئاتنىڭ بىردىن پۇشقۇرۇپ كىشنىشى ئۇنى كۆڭلىنى تالدۇرۇپ تۇرغان بارلىق ۋەھىمىلىك خىياللار ئىچىدىن تارتىپ چىقتى، ئۇ ئېتىنىڭ ئاتقا، ئات كۆز تىكىپ، باش چايقاپ تۇرغان يۆنىلىشكە قارىدى. تۆپىلىكنىڭ ئاندا - ساندا قەبرىلەر ۋە قاقشال خادىلار بىلەن قاپلانغان يان باغرىدا ئېگىز بويلۇق، ئاق سەللە ۋە

① توسالىلا، ② بوزاق — خوتەن شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىلار، هازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرى.

ئاق تونلۇق بىر بوۋاي ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى. نەۋبەتى يۇگۇرگىنىچە بېرىپ ئاتىسىنىڭ قولىغا ئېسىلدى ۋە ھېلىقى بوۋاينى ئىشارەتـ لەپ:

— ئاتا، ئاۋۇ يەردە بىر ئادەم بىزگە قاراۋاتىدۇ، — دېدى. مۇھەممەد بىلىنى ئېلىپ ئۇ كىشىنىڭ ئاتىسى ۋە قېيناتىسىنىڭ جانجىگەر بۇرادىرى، مۇشۇ سەھۋالىم زىيارەتگاھىنى ماكان تۇتۇپ ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتقان شەۋكەتلىك شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ نەۋبەتىنى يېتىلىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. قىزغىن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، يۈز ـ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان شەيخ قول ئۇزىتىپ، نەۋبەتىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇ. رۇپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— ھەش ـ پەش دېگۈچە چوپچوڭلا بولۇپ قاپسەن، تەۋەررۇك بالام، ساڭا بىر كىتاب ئالغاچ كەلدىم، ئوقۇپ ساۋادىڭنى چىقىرار. سەن. ئاللا ـ ئىگەم رىزقىمنى بەرسە، يەنە ئۈچ ـ تۆت يىللاردىن كېيىن سېنى ئۆز تەربىيەمگە ئالغايمەن، — شەيخ سېرىق كۆندە تاشلانغان كىتاب بىلەن بىر تال قىزىل ئالمىنى نەۋبەتكە تۇتقۇزۇپ خوشلاشتى ۋە مازارنىڭ چېتىدە مۆكۈلىنىپ تۇرغان يالغۇز كەپىسىـ گە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. نەۋبەتى بىر قولى بىلەن كىتابىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، يەنە بىر قولىدا ئالمىنى چىڭ سىقىمداپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان مېھرى ئىسسىق شەيخكە قاراپ قېتىپ قالغانىدى. شۇ دەملەردە ئۇنىڭ پۇتكۈل جىسمى ـ روھىدا ئۇلۇغلۇقتا تەلپۈنگەن ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل ئىللىق ئېقىم شىددەت بىلەن ئەۋجلەـ نىپ، بۇزغۇن يېيىپ ئېقىپ ئۆتتى. مۇھەممەد بۇلارنى ئوغلىنىڭ يۈز ـ قۇلاقلىرىغىچە تېشىپ چىققان قىزىللىق ۋە تەپچىپ تۇرغان تەر تامچىلىرىدىن ھېس قىلغاندەك بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شەيخ بىلەن نەۋبەتى ئوتتۇرىسىدا ئادەم ۋە ئالەم تىلسىملىرىنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرىغىچە تۇتاشقان بىر ئوتلۇق غايىبانە رىشتە شەكىللەـ نىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئۆزئارا باغلىغانىدى.

نەۋبەتى تۆپىلىكتە تۇرۇپ يىراقتا — سارغۇچ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن يېشىل گىلەمدەك يېيىلىپ تۇرغان چەكسىز بوستانلىقتا تىكىلگەندە، ئۆزىنى گويا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشقا ئوخشاش تولىمۇ يۇكسەك ۋە ئۇلۇغۋار ھېس قىلدى. ئۇنىڭ يادىدا غۇۋا ئەسلىمە بولۇپ قالغان بوۋىسى تىجەن ھەزرەت شەيخنىڭ ئىللىق كۆلۈمسىرەشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، مۇشۇ بەھرىدار سىرلىق زېمىندا بولغۇسى خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ سىرۇ ھېكمەتلىرىنى خۇپىيانە پىچىرلىغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، ئاتىسىنىڭ كۆتۈرۈۋېلىشىنى رەت قىلىپ تۆپىلىكتىن سەكرەپ تاقلىغىنىچە پەسكە شۇڭغۇپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قىزىغان قانلىرىدا، پەللىلەردىن پەللىلەرگە ھالقىپ بېرىۋاتقان ئوي - خىياللىرىدا تۇنجى قېتىم ئادەم، ئالەم ۋە تەڭرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە غايەت زور گەۋدىسى غىل - پال نامايان بولۇپ، ئۇنى ئۆزلۈكىنىڭ كىچىككىنە چەمبىرىكىدىن ھالقىتىپ چىققانىدى. ئۇ، ئەمدى ئاۋۋالقىغا ئوخشاش بەخۇدۇك ۋە بەخىرامان ئويناپ يۈرىدىغان ئەركە بالىدىن ئۆزگىرىپ، كەڭلىكنىڭ بىپايان ئېتەكلىرىدە ئالەم ئۇچۇرلىرىنى تەنھا قىياسلايدىغان قەلب سەيياھىغا ئايلانماقتا ئىدى. ئۇ ئۇچراتقان ھەربىر نەرسە شەكلىدىن تارتىپ تاكى ئىچكى روھىي ھاللىرىغىچە ئۇنىڭ قەلب بوشلۇقلىرىدا جىلۋىلىنىپ تەسەۋۋۇرنىڭ سۈزۈك قىرغاقلىرىغا دەممۇدەم ئۇرۇلاتتى ۋە ئۇندا تەپەككۇرنىڭ ئۇزۇك - ئۈزۈك كۈي - ئاھاڭلىرىنى، دانىمۇدانە شەبنەم - تامچىلىرىنى پەيدا قىلىپ بارماقتا ئىدى. ئېچىلمىغان يەرگە ئوخشاش تۇغما ھالەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭدا ئاللىبۇرۇن بىخ سۇرۇپ بولغان يېشىل چىمەنلىرىنى ئىگىلەپ باھار پەسلىنى كۈتۈپ تۇرغان نەۋبەتى ئاشۇ كۈي - ئاھاڭلار، ئاشۇ شەبنەم - تامچىلار بىلەن سۇغىرىلغاندا، ئۆزىدە بىر خىل ھاياتىي ئايىنىشنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ - قۇۋۋەتلىرىنى ھېس قىلىپ، كىتاب بەتلىرىگە، مەنىلەر چوڭقۇرىغا شۇڭغۇپ كىرىشكە بەل باغلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ يول بويى كىتاب بىلەن ئالىمنى چىڭ سىقىمداپ، باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەي ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

# 5

جىلۋىگەر دۇنيانىڭ خاسىيىتى قەھرىتان قىش كۈنلىرىدىمۇ
ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك جەزبىدارلىقىنى يوقىتىپ قويمايتتى. ھەممىگە
ئورتاق بولغان ئاشۇ رەڭدار جىلۋىلەر ئىچىدىن ھەركىم ئۆز تەبىئ-
تىنىڭ مەيلى ۋە قۇربىغا يارىشا بەھرە ئالاتتى. شۇڭا، ئىنساندا
ئايان بولىدىغىنى باشتىن - ئاخىر ئۆز مۇھىتىنىڭ تەبىئىي ۋە
ئىجتىمائىي بارلىقىدىكى جىلۋىلەرگە ماس ھالدىكى ھاياتلىق جىل-
ۋىلىرى بولۇپ چىقاتتى. ئىللىق ئۆيىدە ھەرپلەرنى بىر - بىرىگە
ئۇلاپ سۆزلەرنى، سۆزلەرنى يەنە بىر - بىرىگە ئۇلاپ جۈملە -
ئابزاسلارنى ئوقۇشقا كىرىشىپ، ئۇلارنىڭ مەنائىي كەڭلىكىدە ئى-
لىم - ھېكمەتنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بېرىشۋاتقان نەۋبەتى، كۆڭ-
لى تارتقان ياكى مەھەللىدىكى بالىلار چاقىرغان چاغلاردىلا ئاندىن
كىتابتىن باش كۆتۈرۈپ بالىلىق ئويۇنلىرىنىڭ كۆڭۈلگە زوق -
ئارام بەخش ئەتكۈچى شاۋقۇن - سۈرەنلىك قوينىغا كىرىپ كېتەت-
تى. مەھەللە كوچىلىرىدا قار توپلاندىلىرىنىڭ دەسسىلىشىدىن،
ئېرىپ يەنە قېتىشىدىن پەيدا بولغان بىرنەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى
ئاپئاق مۇز ۋە ياكى كۆللەرنىڭ قېلىن ئويۇغان كۆپكۆك مۇزلىرى
ئۈستىدە تېيىلىش، ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان نۇر - پىرقىرىغۇچ-
لارنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ پىرقىرىتىش، ياڭاق ۋە شاپتۇل ئۇرۇق-
چىلىرىنى ئۈستى - ئۈستىلەپ تىزىپ سەيپاق[1] بىلەن يىراقتىن
سوقۇپ دائىرە - چەمبىرەك ئىچىدىن چىقىرىپ ئۇتۇش، كاتەككە
يىراقتىن دومىلىتىپ ياڭاق تاشلاش، ئاستىغا تۆمۈر سىمچە قېقىل-
غان چاناق[2] ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىككى تال زىخچە بىلەن مۇز
چوقۇپ تېيىلىش، مەررە - چۇماق، گاگار - چۈك ئويناش
قاتارلىقلار خوتەن بالىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى سۈپىتىدە شە-
ھەر - ئاستانىدىن تاكى يىراق سەھرا - قىرلارغىچە كەڭ ئومۇم-

---

① سەيپاق — ياپىلاق سىلىق تاش.
② چاناق — چانا.

لاشقانىدى. باللار قىش كۈنلىرى ئاشۇ خىل ئويۇنلار بىلەن مەش-
غۇل بولۇپ، تەبىئەتكە قوشۇلۇپ كېتەتتى ھەمدە تەبىئەت قوزغى-
غان مىسلىسىز كۈچلۈك ھاياتلىق ئىلھامى بىلەن تەبىئەتتىن ھال-
قىپ ئىنسان ۋە ئۇنى بىرلىك قىلغان ئىجتىمائىي، ئائىلىۋى توپقا
يەنىمۇ يۇكسەلگەن قاياشلىق ئىنسانىي ئاڭلارنىڭ ئوتلۇق مېھرىل-
رىدە قايتىپ كېلەتتى. شۇڭىمۇ بۇ جەريان ئۇلار ئۈچۈن كۆڭۈل
ئېچىش جەريانىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۆز تەبىئىتى-
نىڭ يوشۇرۇن كۈچ مەنبەلىرىنى ئېچىش، ئۆز قەلبىنىڭ سىرلىق
تىلسىملىرىنى ئىدراك قىلىش، شۇنىڭدەك ئۆملۈك - ئىناقلىقنىڭ
چوڭقۇر رىشتىلىرىنى دىل ئارا ئۇلاش، چىڭىتىش جەريانى بولۇپ
ھېسابلىناتتى.

نەۋبەتنى باللار ئارىسىدا ئالاھىدە پەرقلەندۇرۇپ ھەممىنىڭ
زوق - ھەۋسىنى كەلتۈرگىنى ئۇنىڭ نەسلىگە تارتقان رەۋىشتە
تېپىپ تۇرىدىغان ئىچكى ھاياتىي كۈچ - قۇۋۋەتلىرى ئىدى. ئۇ
ئۆزىدىكى بۇ خىل پەۋقۇلئاددە كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەلىرىنى تۇغۇل-
غاندىن بېرىقى ھەربىر نەپەسلىرىدە، ھەربىر نىگاھ - نەزەرلى-
رىدە، ھەربىر قىلىق - ھەرىكەتلىرىدە ۋە ھەربىر ئوي - خىياللى-
رىدا سېزىپ، دەڭسەپ، ئۇلغايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، نەسىل
ئېتىبارىغا ئىگە بۇ خىل تەبىئىي كۈچ - قۇۋۋەت ئۇنىڭ جىلۋىگەر
دۇنيانىڭ قويىنى ۋە قارشىسىدىكى قەدەملىرى، غۇلاچلىرى ھەم
پەرۋازلىرىدا كېڭىيىپ پۈتكۈل روھى ۋە جىسمىدىن ھالقىپ كەتكە-
نىدى. شۇڭا، ئۇ كىچىككىنە تېنىگە ماس بولمىغان غەيرەت -
شىجائىتى ۋە چېۋەر، قابىللىقى بىلەن تەڭتۇشلىرىنى، ھەتتا ئۆزى-
دىن نەچچە ياش چوڭ باللارنى بېسىپ چۈشۈپ، ئۇلار ئارىسىدا
چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ بېرىلىدىغى-
نى مۇز ئۈستىدە تىك تۇرۇپ ئۆزۈنغا تېيىلىش، مۇز چېكىپ
يۇمىلاق دائىرە ئىچىگە ئېلىنغان ياڭاقلارنى يىراقتىن نىشانلاپ
سەيپاق بىلەن سوقۇش، لۆمشۈپ تۇرغان نېپىز مۇز ئۈستىدىن
چاناقنى تېز چاپتۇرۇپ ئۆتۈش، چۈكنى ئوردا كاتىكىدىن ئۆرلە-

تىپ يىراق ـ يىراقلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇش، يەنە قىلىيورغا ـ شەيتانچاق ـ جىرغىلاڭ دەپ ئاتىلىدىغان چەمبەر شەكىللىك سىم چاقنى دەستە بىلەن ئىتتىرىپ يورغىلىتىپ شەھەر كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىقىش ئىدى. بۇ ئويۇنلاردىن قانغۇچە بەھرە ئېلىپ چارچىغان چاغلىرىدا ئۆيىگە قايتىپ ئانىسى سۇدىمە. نىڭ مېھرىلىك قۇچاقلىرىدا شېرىن ئۇيقۇغا كېتەتتى، ئاندىن ئويـ. غىنىپ ئۇنىڭ سىرلىق ئەپسانە ـ چۆچەكلىرىگە بېرىلىپ زەن سېلىپ، ئادەم، تەبىئەت ۋە ئىلاھ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئاشۇ ئەپسانىـۋى ئالـەمـنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ، رەڭدار قوينىدا سەير ـ تاماشا قىلاتتى. بۇھال، نەۋبەتنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى ئويـ. غاتقان يەنە بىر ئامىل سۈپىتىدە ئۇنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ، ئۆزىنى يەنە سىرتقى ئالەمگە ئاچقىپ، ئۆز بىلەن ئۆزگىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يەككىلىكنىڭ چەكسىز، بىپايان داللىرىدا ھەربىر كىشى ئوخشاشلا زىكرى قىلىدىغان «خۇدا، ئاللا» ئۇقۇمىنىڭ سۆپەت ـ سۇباتىغا تۇتاشتۇرۇپ باراتتى.

نەۋبەتى تۆت يېشىدا ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ شەھەر ـ ئاستانە. دىكى نامدار موللىلارنىڭ تەربىيىسىگە كىردى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىدا كۆرۈلگەن مىسلىسىز كۈچلۈك ئىلىم ـ ئىشتىياقى ۋە قانائەتسىز تەلەپكارلىقى ئالدىدا موللا ـ ئۇستازلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالمىشىپ تۇردى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بالىدا يېلىنجاۋاتقان سىرلىق دىت ـ ئىستېداتنىڭ كۈتۈلمىگەن ئوت ـ ئۇچقۇنلىرىدا دىللىرىنى داغلاپ تەڭلىك ـ مۇشكۈلگە قالدى.

موللا ئۆز زامانى چەك قويغان مەززىسىز ئۇقۇملارنى تەكرارلا. پ ئىنسان بالىسىنىڭ سىرتقى ئالەمگە قانات يايغان بىلىش ياقلىق ئەركىن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى بوغۇچلايتتى. ئۇنىڭ ساۋاق نەزد. رىدە بالا رايىش، شۈكۈرانە قوبۇل قىلغۇچى، ئۆز پىر ـ ئۇستازد. نىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىنى ئۇدۇم ـ ئۆرنەك قىلىپ تاب ـ قېلىپقا چۈشكۈچى ياۋا گىياھ ئىدى. بالا — نەۋبەتى بولسا، ئۆز موللىسد. نىڭ، پىر ـ ئۇستازىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئىلىم قىممىتىگە زوق.

لىنىپ، ھېكمەتدار سۆھبەتلەرگە تەلپۈنۈپ، قەلب دەۋەتلىرىنىڭ
يەلپۈنتىشى بىلەن بىپايان ئالەمگە قاراپ قانات قاققان قۇش ئىدى.
شۇڭا، ئۇلار ئارىسىدا پەرق ۋە ئايرىلىق ئەسلىدىلا بار ئىدى، زامان
ۋە ئۆزلۈك سەۋەبىدىن بۇ پەرق، ئايرىلىقلار تېخىمۇ كېڭىيىپ،
ئۇلارنىڭ بىرلىكى، تەلىم ـ تەربىيە شەرتى ئاستىدىكى بېقىش ۋە
بېقىنىش مۇناسىۋىتى بۇزۇلاتتى. بۇنىڭدا كىمنىڭ غەلىبە قىلىشى
مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى كىمنىڭ كىمنى رەت قىلىشى،
تەرك ئېتىشىدۇر. ئېنىقكى، بالا ـ شاگىرت موللا ـ ئۇستاز.
نىڭ كەينىدىكى موللا ـ ئۇستاز. بۇ خىل مۇقەررەرلىك رەت
قىلىنىشتىن سىرت، يەنە ئۆزىنى پۈتۈنسۈرۈك ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش.
نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، نەۋبەتى ئاستا.
نىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا موللىدىن موللىغا، ئىشىكتىن ئىشىككە
كۆچۈپ يۈرۈپ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆيىگە قانائەتسىز بىر ھالىدا
قايتىپ كەلدى. ئۈچ يىل مابەينىدە تەلىم ـ ساۋاق ئېلىش
جەريانىدىكى ئۆرۈنۈشلار تۈنجى قېتىم ئۇنىڭدا تەنھالىق تۇيغۇسىنى
ئويغىتىپ، ئۇنى بارچە كىشىدىن ئايرىپ چىققانىدى. بۇ ھال،
ئۇنىڭدا ئادەم ۋە ئالەم سىرلىرىنى ئىزدەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس
قىلدۇرغانىدى. ئۇ بولسىمۇ تەنھالىقنىڭ مەركىزىدە قۇياشقا ئوخ.
شاش يېلىنجاپ نۇر تارقىتىۋاتقان ئۆزلۈك كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئىدى.
ئۇ بۇ كۈچكە تايىنىپ ئۆزىدىكى سۈزۈك تۇيغۇلارنى، رەڭدار تەسەۋ.
ۋۇر جىلۋىلىرىنى شۇ قەدەر يۈكسەلدۈرۈپ باردىكى، ئۇ ئوي ـ
خىيال مەركىزىگە قويغان ھەرقانداق بىر شەيئى ئۆزىنىڭ شەكلى
ۋە مەزمۇنىدىن مۇزىكىلىق كۈي ـ رىتىم تارتىپ، سۆز چىمەنلە.
رىنىڭ ياپراقلىرىدا شەبنەم مارجانلىرىغا ئوخشاش يالتىراپ
شېئىر ـ نەزم يىپلىرىغا تىزىلاتتى. بۇ ئۇنىڭدىكى تۇغما دىت ـ
ئىستېداتنىڭ شېئىرىيەت گۈلىستانىدا خۇشبۇي چېچەك ئېچىۋاتقاند.
لىقىنى ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ ھايات لەۋھەسىگە شائىرلىق تەقدىرى.
نىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان كەچمىشلىرىنى پۈتۈپ بولغانىدى.

# 6

سۇدىمە سۆيۈملۈك پەرزەنتى نەۋبەتنىڭ يەككە - يېگانە يۇرۇشلىرىدىن، كۇنلەپ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ كىتاب دېڭىزىدا ئۈزۈشلىرىدىن، مۇھىمى ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنىڭ ئاۋۋالقىدىن پەرقلىق ھالدا يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن غەمگە پېتىپ كۆڭلى خۇپىيانە ئازار يېمەكتە ئىدى. خەتنىسى قىلىنىپ يېقىندىلا ئورنىدىن تۇرغان نەۋبەتى ئەمدى ئانىسىغا يېپىشىپ بويۇنلىرىغا گىرە سالمايدىغان، قۇچاقلىرىغا بېشىنى قويۇپ شېرىن مۇگدىمەيدىغان، ھەتتاكى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇل تىكىلىپ قاراشتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا مەنىدار پىكىرداشلىقنىڭ تۇنلەرنى تاڭلارغا ئۇلايدىغان قىزغىن، شاد - خۇرام دەملىرى ئىزچىل داۋام ئېتىپ باراتتى. بۇنداق دەملەر نەۋبەتنىڭ چوڭقىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئۆزىراشقا، ساماۋى چۆچەكلەردىن ئاتا- بوۋىلارنىڭ رىئال كەچۈرمىشلىرىگە كۆچۈشكە، مەسىلىلەرنى ئاددىي، بىۋاستە بايان قىلىشتىن مۇلاھىزە قىلىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، تەخمىن - قىياس قىلىشقا يۈزلەنمەكتە ئىدى. مانا شۇ دەملەرنىڭ رىزقى ۋە شادلىقى ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ھاياتقا، كۆز ئالدىدىكى پاك مەسۇمە — نەۋبەتكە يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكە سالغاندا، تۇز تەبىئەتلىك سۇدىمە بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. نەۋبەتى ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق قەلبىدىن تاشقان مەنىدار سۆز- ئىبارىلەر بالىنىڭ ئاتقان ئوققا ئوخشاش ئاتا ۋە ئانىدىن شەكسىز يىراقتا چۈشىدىغانلىقىنى، قاناتلىرى يېتىلگەن قۇش بالىسىنىڭ ئۇۋىسىدا تۇرۇۋېرىشكە چارىسىز ئىكەنلىكىنى، كەڭرى سامادا ئەركىن پەرۋاز ئېتىشكە زارىقىدىغانلىقىنى، يەنە سەپەردىكى يولۇچىنىڭ ئۆز مەنزىلىگە ئىنتىلىپ پەقەت ئالدىغىلا ماڭالايدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، سۇدىمەدە ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى رىشتىنىڭ سۈپەت ئالماش-

تۇرۇپ تـۇردـدىغان ئـاجايىپ ـ غـارايىپ قـانۇنىيەتلىرىنىڭ
بـارلىقـى ئايدىڭلاشتى.
ئەمدىكى باھار نەۋبەتىدە لىرىك ئوي ـ خىياللارنىڭ تۇگۇنىنى
يېشىپ، ئۇنى جىلۋىگەر دۇنيانىڭ ھەربىر بوشلۇقى ۋە ھەربىر
قاتلىمىدا مەندار كۈي ـ ئاھاڭلارغا تولدۇرۇپ بارماقتا ئىدى.
ئۇنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى قارلىغاچ ئۇۋا ياسىغان ئايۋان تۈۋرۈكلە-
رىدە، سوپسوپىياڭ ئۇۋا ئاسقان ئېگىز دەرەخ شاخلىرىدا ئىدى.
ئۇ بۇ باھار ئەلچىلىرىنىڭ تۇرقىدىن تارتىپ ئۈن ـ ئاۋازى ۋە
پەرۋازلىرىغىچە زەن سېلىپ، ئۆزىنى گويا ئۇلارنىڭ سەپلىرىدە
سېزەتتى ۋە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئاجايىپ ئۇلۇغۋار
سىمۋوللۇق مەنىلەرنى سۈزەتتى. ئۇنىڭ ئاق، قارا، چىقىر ئۈجمە-
لەرنىڭ لەززىتىدىن بەھرە ئېلىپ شاختىن ـ شاخقا ئاتلاپ ئۆتۈش-
لىرى باھار قۇشلىرىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ كېتەتتى. شاخلارنىڭ
تەۋرىنىشى بىلەن بوشلۇقتا چايقىلىپ پەرۋازەن تىك تۇرۇش نەۋبەتى
ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ يۇكسەك مەنىۋى چوققىلارغا قاراپ ئۆرلەش-
لىرىدە پەۋقۇلئاددە ئۇنۇم بەرگەنىدى. شامالنارنىڭ يۇمشاق قوللى-
رى ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىپ، ئۇنىڭ ئاپئاق، يۇمران
يۇزلىرىنى سىلاپ ـ سىيپاپ ئۆتكەندە، تەنلىرى يايراپ ئۇنىڭ
ئىچكى چوڭقۇرلۇقىدىن بىر خىل ئىللىق، ھارارەتلىك تۇيغۇ ئېقى-
نى لەپپىدە ئۆرلەپ تېشىپ چىقاتتى. نەۋبەتى زېمىندىن نەچچە
غۇلاچ ئېگىزلىكتە، يېشىل يوپۇرماقلار ئارىسىدا چايقىلىپ تۇرات-
تى. ئاشۇ بوشلۇق — زېمىن بىلەن ئاسمان ئارىسىدىكى تەبىئەتنىڭ
ياپيېشىل رەڭگە چۆككەن ئاشۇ مۇئەللەق نەۋبەتگە بىر جۈپ
سولماس قانات بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭ نەزەر ـ گۆزىرىنى
يەنىمۇ يۇكسەك، يەنىمۇ يىراق جايلارغا ئەكەتكەنىدى. ئۇ بۇنىڭدىن
ئۇچۇشنىڭ بەھرە ـ ھوزۇرىنى، ئۇچۇش مۇقەررەرلىكىدە مۇساپى-
لەرنىڭ زاھىرلىقىنى، مەنزىل ۋىسالىنىڭ ئىرادە شەمشىرىگە چىنىق
چېنىقلىق ئىكەنلىكىنى تونجى رەت ھېس قىلدى. شۇ دەملەردە
ئۇنىڭ قەلبى بىراقلا كېڭىيىپ كۆز ئالدىدىكى جىلۋىگەر دۇنياغا

قوشۇلۇپ كەتكەندەك، ئاڭا تەڭداش يوسۇندا چەكسىز ئېتەك يايغاندەك بولدى...

شۇنداق، باهار ئالەمنىڭ شوخ خۇلقى هەم نازى، خاسىيەتلەر تۆركۈمىنىڭ ئىنسان قەلبىگە تۇتاش كەتكەن سىرلىق مونولوگى. ئۇنىڭ جىلۋىلەرگە، شاۋقۇن - سۈرەنلەرگە، هاياتىي كۈچ - قۇۋۋەتلەرگە تولغان بىپايان ئېتەكلىرى ئىنسان بالىسىنىڭ روهىيەت سىرلىرىنى تەقلىدىي يوسۇندا ئاشكارىلاپ، ئاڭا بىر خىل تۇيۇلۇك ئويغىنىش جاكارلىرىنى بەخش ئېتىدۇ. تەبىئەتتىكى هەربىر نەرسە ئىنسان قەلبىگە بىر خىل شەكىل ياكى بىر خىل جىلۋە سۈپىتىدە سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭ قاتلامۇ قاتلام چوڭقۇرىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان، سىرتقى تەسىرگە موهتاجەن بېسىلىپ قالغان هېس - تۇيغۇ مەنبەلىرىنى ئاچىدۇ. تەسەۋۋۇر شۇ تەرىقىدە تەبىئەتنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۇنىڭ هەربىر تۈرى ۋە خىلى بىلەن ئۆزئارا زىچ باغلىنىش نەتىجىسىدە سىمۋوللارنى، سىمۋوللار مەنە بەرگەن ئىچكى جىلۋىگەر دۇنيانى بەرپا قىلىدۇ. تەبىئەتنىڭ ئىنسان قەلبىگە كۆچۈشى، ئاڭا ماس هالدىكى هاياتىي جىلۋىلەرنى پەيدا قىلىشى هاياتنىڭ يۈكسەلگەن مەنىۋى چىنلىقلىرىنى تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي هالقىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ، ئىپادىلەشكە بولغان كۈچلۈك تەقەززالىقنى ئارتتۇرۇپ بارىدۇ. ئىپادىلەش، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق سېزىملىرىگە قىممەت يېقىدىن مەنە ئاتا قىلىش رەۋىشىدە كۆرۈلۈپ، شەكىللەر كەڭلىكىدە رەڭ ۋە نۇر چاقىدۇ. شۇڭمۇ ئىنساننىڭ تەبىئەت قوينىدا ئۆسۈپ، كېڭىيىپ مېۋىگە كىرىدىغان هايات چىنلىقلىرى ئىككى ئالەم جىلۋىلىرى قوشۇلۇشىدا يۈز بېرىدىغان رەڭدارلىق هەم ئاهاڭدارلىقتا ماس هالدا ئەڭ ئاۋۋال نەزىم - شېئىرىيەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

جىلۋىگەر دۇنيانىڭ قوينىدا تەنها سەير - تاماشا ئېتىپ، تەبىئەت قوزغىغان كۈچلۈك هېس - هاياجان تاشقىنلىرىدا ئۆرلەپ بېرىۋاتقان توققۇز ياشلىق نەۋبەتى سېرىق خوتەن قەغىزىدىن تىكىلگەن دەپتىرىنى خېلىلا كۆپ شېئىر - نەزمە بىلەن تولدۇرۇپ

بولغانىدى. ئۇ، تەنها، مۇڭلۇق، خىيالچان بالىلىق سېزىملىرىگە ئانا تەبىئەتنىڭ رەڭگارەڭ جىلۋىلىرىدىن مەنە ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ دولقۇنلىرىدا چايقاپ سۇزۇلدۇرۇپ، شەكىللەر ئەۋجىدە ئاھاڭدارلىققا تويۇندۇرۇپ، شېئىرىيەت گۈلشەنلىرىنى دەسلەپكى چېچەك پەسلىگە ئوخشاش بېزىمەكتە ئىدى.

ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى جىمغۇر، ئەمما ئاجايىپ تىرىشچان مۇھەممەدنىڭ يەلكىسىنى تاغدەك بېسىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كۈن بويى شىپاخانىدىن نېرى بولالماي تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئىشلەيتتى. قەدىردان دوستى تىجەن ھەزرەتتىن ئايرىلىشنىڭ ئېغىر روھىي ئازابىدا كۆڭلى سۇنۇپ، يۈرىكى زەئىپلىشىپ كەتكەن غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ خوتەن شەھىرى ئاستانىسىنى بېشىغا كىيگۈدەك بولۇپ كەتكەن ئىمام ۋەلىخان كاچكۇل ھەم ئۇنىڭ تەرىپىدىكى جان باقارلارنىڭ پىتنە - پاساتلىرى دەستىدىن قازىلىق مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئورا كۆزلىرىدە ئۆچەيلا دەپ قالغان ئاخىرقى ھايات شامى سۇس پىلدىرلاپ ياناتتى. بۇ ئالەمنى پانىيغا ئۈمىدسىز نەزەر بىلەن بېقىپ ياتقان قازى ئاخۇنۇم نەچچە يىللاردىن بېرى دىل پىنھانىغا يوشۇرۇپ قويغان، يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان تىجەن ھەزرەتنىڭ ئانا دىيار — مۇلكى خوتەن چاھارباغىدىن ھەج - تاۋاب نامىدا سۈرگۈن ئېتىلىشىگە ئالاقىدار بولغان بارلىق سىر - مەخپىيەتلىكلەرنى تۆكۈپ بوغۇلۇپ يىغلىغان دەملەردە، بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئۆزىنى ئالداپ، ئاتىسىنىڭ يولىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ كەلگەن بىچارە سۇدىمە بىر يىقىلغان پېتى ئىككىنچىلەپ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ بارچىنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىلىپ، كۆڭۈل خانىلىرىنى خاراب قىلغان بۇ بىر يىل جەريانىدا، نەۋبەتى ئانىسى سۇدىمەنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالدى.

سۇدىمە ئاتا مىراسى بولغان «رۇبائىياتى خۇرشىد» بىلەن «تەۋارىخى مۇلكى خوتەن» ناملىق ئەسەرنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسىنى سادىقتىن ئالدۇرۇپ سۆيۈملۈك ئوغلى نەۋبەتكە ھەدىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭ ھىس - ھاياجانغا باي سۇزۇك، يېقىملىق ئاۋازىدا بىر قېتىم ئاڭلاپ چىقتى. نەزىم ۋە تارىخىي تەپسىرنىڭ ئاجايىپ پاساھەتلىك ۋە تەسىرلىك قۇرلىرىدا گاھ توختاپ سۈكۈتكە چۆمۈشۈپ، گاھ كۆتۈرۈلۈپ ئىلھام - ھاياجاننىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىغا مىنگىشىپ كۆزلىرىدىن يامغۇر - يامغۇر ياشلىرىنى تۆكۈشكەن، ئاندىن ئۇلۇغلۇق پەخرى - ئىپتىخارىنىڭ قۇياشتەك ئىللىق خۇش تەبەسسۇملىرىغا چۆمۈشكەن، ئاخىرىدا بولسا، سېغىنىش ۋە ئەستىلىكنىڭ دەشتى - چۆللىرىدە سەرسان- سەرگەردان بولغان ئانا بىلەن بالا بىر - بىرىنى مەھكەم قۇچاقلىشىپ شۈك بولۇپ قېلىشتى. نەۋبەتى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ «ئاتا» دېگىنىچە سىرتقا يۈگۈردى. تىنىقى توختاپ، تېنى مۇزلاپ، كۆزى ئوچۇق قېتىپ قالغان سۇدىمە تاۋار كۆرپە ئۈستىدە بەئەينى چوڭقۇر ئوي - خىيالغا پاتقان پەرىزاتتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.

# ئۈچىنچى باب

## روھ سەپىرى

### 1

روھ — مەۋھۇم - باتىن تەبىئەتلىك تەركىب، تەن — ئوچۇق - زاھىر تەبىئەتلىك تەركىب، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا تايىنىش خاراكتېرىدە باشلىنىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى چەكلەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا، تەننىڭ دائىملىق ئېھتىياجلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، روھنىڭ ئەڭ ئاساسى ۋە ئەڭ تۈپكى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن كۈندىن ئېتىبارەن، ئىنسان ئۆزىدىن تاشقىرىقى ئالەم بىلەن بولغان چەكسىز بىر تۇتاشلىق ھېسلىرىغا چۆمىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، ياشاش ۋە كېتىش سەۋەبىنى ئىدراك قىلالايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، روھ ئىنساننىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى تۈرتكىسىدە تەندىن ھالقىشنى ئۈزلۈكسىز دەۋرلەشتۈرۈپ يېڭىچە ئىمكانىيەت دائىرىسىدە يېڭىچە شەكىللەرگە كىرىدۇ.

روھنىڭ قۇدرىتى، كامالىتى ۋە ئۇلۇغ بەرپاچىلىق ئىقتىدارى ئۇنىڭ تەندىن، ماكان ھەم زاماندىن ھالقىغان چەكسىز كەڭ بوشلۇقلىرىدا روي بېرىدۇ. تەن بىلەن چەكلەنگەن، شۇنداقلا تەننىڭ دائىمىي، ئىپتىدائىي نەپس - ئېھتىياجلىرىغا بېقىنغان روھنىڭ نىجاتلىقى بولمايدۇ.

بۇلارنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى روھنىڭ شەكىل يارىتىش — بەرپاچىلىق جەريانى بولۇپ، شەكىللەر ئەۋجىدە ئوچۇق كۆرۈنىدۇ.

كېيىنكىسى روھنىڭ تەندىن خالاس تېپىش — قايتىش جەريانى بولۇپ، ئەسلىي چىنلىقتا ماس ھالدا شەكىلسىز، مەۋھۇم ھالەتتە روي بېرىدۇ. بىراق تەن ـ شەكىل، يەنى لىباستىن مەھرۇم بولغان روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەسلىي چىنلىقنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە مەۋھۇم بولغاندىمۇ ئۇنى ئاۋۋالقىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ چاغدا روھ ماكانسىز سەرسانە ھالەتتە بولۇپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قايتىش پائالىيىتىنى پەقەت ھېس قىلىش، قىياس قىلىش ۋە ۋاستىلىك يارىتىلغان روھ سۈپەتلىك شەكىللەردىن ئىدراك قىلىشلا مۇمكىن.

سۇدىمەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى بىلىپ باغرى خۇن ھالدا كېچىلەپ يېتىپ كەلگەن شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرى بېشىغا قارا كۆرپە تەلپەك، ئۇچىسىغا قارا تون كىيىپ بەللىرىنى ئاق ماتا بىلەن باغلىغان مۇھەممەد بىلەن نەۋبەتنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن قەددىنى رۇسلىدى. ئۇنىڭ نەزەر ـ گۇزىرى ئۆي ئىچىگە لىق تولغان ھازىدارلاردىن بىر ـ بىرلەپ ھالقىپ ئۆتۈپ تەسەۋۋۇر ئالىمىگە كۆچۈشكە باشلىدى. شەيخ تەسەۋۋۇردا تۇنجى قېتىم ئەزىزانە خوتەن گۈلىستانىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى، ئەنسىز يىللارنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى، ئىنسان قەلبىنىڭ ۋەھىيكار پىر ـ ئەۋلىياسى تىجەن ھەزرەتنى؛ ھەق ـ ئادالەت پاسىبانى غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمنى، ئاندىن گۈل لېۋىدىكى شەبنەم مىسال يالتىراپ بۇ ئائىلىنىڭ روزغارىغا گۈزەل سۈبات بەخش ئەتكەن، تەۋەررۇك ئوغلان ـ نەۋبەتنى ھايات رىزقى چىمەنىگە يادىكار ئەيلىگەن تاغ پەرىسى سۇدىمەنى كۆردى. ئۇنىڭ نەپسى قىسىلىپ، كۆزلىرى ئېچىشىپ، قوللىرى تىترىدى. مۇھەممەد باشلىق تۆت يىگىت كۆك تاۋاردىن يوپۇق يېپىلغان جىنازىنى كۆتۈرۈپ توپ ئالدىدا ماڭدى. كۆزلىرى يىغىدىن قىزارغان، چىرايى بەرگى خازاندەك سولۇپ سارغايغان نەۋبەتى شەيخنىڭ يېنىدا چاپىنىنىڭ پېشىنى مۇجۇقلاپ باراتتى. تۇنجى كەتمەن توپىنى تاشلاش بىلەن ھوشىدىن كەتكەن دادىسىغا يېپىشىپ تېلىقىپ يىغلىغان نەۋبەتنى

شەيخ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. بالىنىڭ روھىنىڭ چوڭقۇر بىر يەر-
لىرىدە ئۆلۈم ۋە يوقلۇقنىڭ قاپقارا مۇدھىش كۆلەڭگىلىرى ئەلەڭ-
لەپ سۇر پەيدا قىلاتتى ھەمدە يۈرىكىگە يوپۇرۇلۇپ كىلىپ قور-
قۇنچ ـ دەھشەت سالاتتى. بالىنىڭ بېشىنى مېھرلىك ئالىقانلىرى
بىلەن سىلاپ، باشلىرى بىلەن قوشۇپ باغرىغا تارتقان كەرەملىك
شەيخ ئاخىرقى دۇئادىن كېيىن، ئاددىيلا قوپۇرۇلۇپ بېشىغا بىر
تال قارا تېرەك كۆچىتى تىكىپ قويۇلغان قەبرە ئالدىغا يۈكۈندى.
ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇھەممەد، سول تەرىپىدە نەۋبەتى سۈكۈتلۈك
ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق ۋە ئاھاڭدار ھالدا دولقۇنلاپ بېرىۋاتقان خەتمە-
قۇرئان ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتتى.

ھاۋا خېلى ئىللىپ قالغانىدى، ئەمما كېچىدە يەنىلا تەننى
قورۇغۇدەك سوغۇق شامال يەلپۈپ تۇراتتى. كۆكتە ئورغاق بىسى-
دەك پارلاپ تۇرغان ھىلال ئاي ۋە يىلىنجاپ تۇرغان توپ ـ توپ
يۇلتۇزلار قوڭۇر تۇپراق ئاستىغا دەپنە ئېتىلگەن تاغ پەرىسى سۇ-
دىممەنىڭ جۇدالىق زارىدا ئېسەدەپ كۆزلىرىدىن ئاپئاق نۇر ياشلى-
رىنى تۆكۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قەبرىستانلىقنىڭ ئەتراپىنى ئو-
راپ تۇرغان بۈك ـ باراقسان قارا تېرەكلەر گويا ئۇزاقتا سوزۇلغان
ھازىدارلار توپىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بېزەكلىك چىراغداندا
رېيىل ئۈستىدىكى قۇرئان بەتلىرىدىگە يورۇقلۇق چېچىپ تولغى-
نىپ كۆيۈۋاتقان جىنچىراغ ئەتراپىغا بىرنەچچە پەرۋاننى چىللاپ،
ئۇلار بىلەن تەسىرلىك ئىشق قىسسىلىرىنى ئېيتىشماقتا ئىدى.
ئۈچ كېچە، ئۈچ كۈندۈز ئەنە شۇ تەرىقىدە داۋام ئېتىپ تۆتىنچى
كۈنى سۈبھى ـ سەھەرگە ئۇلاشقاندا، ئۇنى پۈتۈپ كەتكەن شەيخ
ئاخىرقى دۇئانى ئورۇنداپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مۇھەممەد بىلەن
نەۋبەتىنى يېتىلەپ ئاستانىگە قايتىپ كەلدى. سۇدىممەنىڭ قىرىق
نەزىرىسىگىچە دەرقەمەدە تۇرۇپ بارلىق نەزىر ـ چىراغ ئىش-
لىرىنى ئۆزى باش بولۇپ بىر ياقلىق قىلغان كەرەملىك شەيخ
قىرىق بىرىنچى كۈنى مۇھەممەدنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ،
ساقال بېسىپ كەتكەن ئېڭەك ـ يۈزلىرىنى مېھرلىك سىلاپ ئۇزاق

تەسەللى بەرگەندىن كېيىن قەتئىيەت لەۋزى بىرلە سۆز ئېلىپ ئۆز مەقسىتىنى ئىزھار ئەتتى:
— ماڭا قارىغىن، ئوغلۇم، بارچىمىز ئاللانىڭ بۇ ئالەمدىكى ئامانەتلىرىدۇرمىز. قاچان كېلىپ، قاچان كېتىشنى ئاللادىن ئۆزگە بىرەر بەندىنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. روھىمىز چاقىرىلغان كۈنى ئۇ زاتى مۇبارەكنىڭ نۇرانە جامالىغا مۇيەسسەر بولغايمىز. قەددىڭنى رۇسلىغىن، خۇددى ئاتاڭ غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم ۋە تىجەن ھەزرەتلىرىدەك غەيرەت ـ شىجائەتلىك بول. ئۇلارنىڭ، مەرھۇم مەزلۇمەڭ سۇدىممەنىڭ پاك روھى ھەرقاچان سېنى يۆلەيدۇ. ئەمدىكى چوڭ ئىش، غۇنچە ھالىتىدە قىسمىتى جۇت ـ شىۋىرغانىنىڭ سوقۇشىغا ئۇچرىغان كۆڭلى سۇنۇق، باغرى خۇن، مۇشۇ شەۋكەتلىك جەمەتنىڭ تەۋەررۇك پەرزەنتى نەسرىدىننى ھەق يادى ۋە ئىلىم ـ ئېرپان خۇش ھاۋاسىدا ئەركىن، بىمالال نەپەس ئالدۇرۇپ، ئۆز پەسلىنىڭ نەۋ باھارىغا يەتكۈزۈشتۇر. مەنكى شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ئەزان توۋلاپ ئات ـ ئىسمىنى قىچقارغاندىن باشلاپ تاكى بۇگۈنگىچە، بۇ پەرزەنتى مۇبارەك نەسرىدىننى ئۆز تەربىيەمگە ئېلىشنى، ئاڭا دىلىم ۋە ئىلكىمدىكى بارلىق زاھىري ۋە باتىنىي ئىلىم دۇرلىرىنى بەخش ئەيلەشنى كۈتۈپ كېلىۋاتىمەن. جاھانىنىڭ ھاۋاسى بۇزۇق، تەلەتى سۈرۈن، خۇي ـ پەيلى يامان كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە نەسرىدىننى ئېلىپ سەھۋالىمدىكى غېرىب روزغارىمغا قايتىشىمغا رازىلىق بەرگەيسەن! — شەيخ سۆزدىن توختاپ نەۋبەتنىگە لەپپىدە قاراپ قويدى. مۇھەممەد ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن ئائىلىۋى بەختسىزلىكلەردىن كېيىنكى جۇدالىق ئازابلىرىغا چىدىماي تۇرسىمۇ، لېكىن قېيناتىسى تىجەن ھەزرەتنىڭ سەپەر ئالدىدا بەرگەن مەسلىھەتى ۋە ئاتىسى غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئاخىرقى نەپەسلىرىدە ئېيتقان ۋەسىيەتلىرىنى يادىغا ئېلىپ شەيخكە رازىلىق بەردى. شەيخ شۇ سائەتلەرنىڭ ئۆزىدىلا جابدۇنۇپ نەۋبەتى بىلەن بىرلىكتە سەھۋالىم تامان يول ئالدى. بۇ ئىنسان روھىنىڭ پارلاق چوققىلىرىغا،

خەتەرلىك ھاڭلىرىغا ۋە يەنە ھادىسىلەرگە تولۇپ تاشقان چەكسىز كەڭ چۆل - داللىرىغا قىلىنغان بىر قىتىملىق سەپەر بولۇپ، ئەسىرىدىن ئەۋبەتىنىڭ ئون يېشىغا، مىلادىيە 1700 - يىلى 4 - ئايغا توغرا كەلگەنىدى.

## 2

سەھۋالىم زىيارەتگاھى ۋە ئۈنىڭدىكى يېگانە كەپە شەھەر - ئاستانىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدىن، نىزام - ئەھكاملىرىدىن، بەگ - غوجىلارنىڭ نەزەر - گۆزىرىدىن يىراقتا بولغاچقا، بۇ يەردە ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە، ئۆز روھىي قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەش يولىدىكى تەپەككۇر پائالىيەتلىرى ئاجايىپ جىمجىت، ئاجايىپ بەھرىدار ۋە ئاجايىپ خەيرلىك دەملەرنىڭ ھىمايىسىدە دەخلىسىز ئورۇندىلىپ باراتتى. شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ ياشلىقىدىن بېرى مۇشۇ خىلۋەت زىيارەتگاھ ۋە ئۈنىڭدا قەبرىلەرگە يانداش ھالدا مۆكۈلىنىپ تۇرغان يېگانە كەپىنى ماكان تۇتۇپ، پانىي ئالەمنىڭ غەم - قايغۇلىرىدىن، ئارزۇ - ئىستەك ۋە ھەۋەس - ئىشتىياق- لىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆ- تۈشلىرى ئۈنىڭ كامالەت پەللىلىرىنى شۇ قەدەر يۈكسەلدۈرۈپ بارغانكى، ئۇ روھىيەتىنىڭ سۈپسۈزۈك جىلۋىگەر تاڭلىرىدا تۇرۇپ ئىككى ئالەم پايانىغا بىمالال نەزەر ئاغدۇراتتى. ئۈنىڭ قۇياشتەك پارلاق، روشەن قەلبى ئالدىدا ھېچكىم ئۆز سىرلىرىنى يوشۇرۇش- قا، ھېچ ئىش ئۆز سەۋەب - ئاقىۋىتىنى پىنھان تۇتۇشقا، ھېچ نەرسە شەكىل - ھادىسىلىرى بىلەن ئۈنى ئازدۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇ گويا پەرۋەردىگارنىڭ ئۆتكۈر كۆز نۇرىدەك بارچىنىڭ ئىچىگە، پىنھان خىلۋەتلىرىگە بىمالال شۇڭغۇپ كىرىپ ھەقىقەت جەۋھەرلىرىنى سۈزۈپ چىقاتتى. ئۈنىڭدىكى بۇ خىل غايىب ھېك- مەتدارلىق يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شېئىرىيەت بىلەن مەنتىقىي ھېكايەت-

لەرنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە نەقىشلىنىپ باراتتى. سەھۋالىم زىيارەت-گاھى ۋە كوھمارىم غارى[1] ئەتراپىدىكى ئاۋام خەلق شەيخنى بىر دەك «مۆجىزىكار ئەۋلىيا، ئۇلۇغ ئاتا، ئەللامە» دەپ تەرىپلىشىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز مۇشكۇلاتلىرىغا ئاسانلىق ۋە خەيرلىك نىشانلىرى ئىزدىشاتتى.

شەيخ، ئۆسمۈر نەۋەتىنىڭ قەلب جاراھەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەسلىي پىلان بويىچە قاتتىق قول تەلىم - تەربىيە يۈرگۈ-زۈش ئويىدىن ياندى ۋە ئۇنى بىر يىللىق مۇددەت ئىچىدە سوپىلىق - تەسەۋۋۇپ يولىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى — شەرىئەتتە تەربىيىلەش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خوتەن دىيارىدىكى بارلىق مازايى ماشايىخلارغا ئوخ-شاش سەھۋالىم ۋە كوھمارىملارمۇ تاۋاپچىلارغا، خەير - ئېھسان ئېتىپ ساۋابلىق تاپقۇچىلارغا تولۇپ كېتەتتى. مۇنداق ئەھۋاللاردا شەيخنىڭ كۆڭۈل بويى نەۋەتى بىلەنلا بولۇپ، ئۇنى تەربىيىسىدە تۇتۇشقا ئىمكانىيىتى يار بەرمەيتتى. شۇڭا، ئۇ سەھۋالىمغا قايتىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن نەۋەتىنى ئالدىغا يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇر-غۇزۇپ تۇنجى ساۋىقىنى باشلىدى:

— ئوغلۇم، بۇ چەت - خىلۋەت جاي ئەمدى سېنىڭ ئۆز روھىڭنى تىنچىتىپ كامالەت مەنزىللىرىگە يېتىدىغان دەرگاھىڭغا ئايلانغۇسى. «قۇرئان كەرىم» نى يادقا قىرائەت قىلىشتا دىلىمنى ئوۋلاپ، مەيلى - ئىختىيارىمنى ئۆزۈڭگە رام قىلغىنىڭغا ئىقرار-مەن. ساڭا تەپسىرى ئىلمىنى ئىگىلىتىشتىن ئاۋۋال ئۇشبۇ كىتاب-نى ئوقۇپ، ئۇنىڭ گۈل - گۈلىستانىدا سەير ئېتىپ چىقىشىڭنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ، سېنىڭ ئىسمىڭغا ئاتاڭ مۇھەممەدنىڭ ئىل-تىماسى بىلەن مەنبە بولغان شەۋكەتلىك نەسرىدىن رابغۇزى ھەز-رەتلىرىنىڭ پەيغەمبەر - نەبىيلەر ھېكايەتلىرىگە ئاتالغان «قىسەس-

---

① كوھمارىم غارى — سەھۋالىمغا تۇتاش تۆپىلىكنىڭ قاراقاش دەرياسىغا قارايدىغان تىك باغرىغا جايلاشقان ئىككى قەۋەتلىك ئۆڭكۈر.

سۇل ئەنبىيا»[1] ناملىق تەۋەررۇك ئەسەر بەدۇر. بارغىن، بۇ خىل-
ۋەت دەرگاھىنىڭ ھەممىلا يېرى سىنىڭ ئاياغلىرىڭنى ئۆز يەلكىسى-
دە كۆتۈرۈپ، زىكرىڭدىن تۆكۈلگەن تەسىرلىك قىسسە - ھېكايەت-
لەرگە جور بولىدۇ. ئۇرلە، تىنىڭنى خاك - تۇپراق ئۈستى-
دە قالدۇرۇپ روھىڭنىڭ پەرۋازىغا قېتىلىپ ئۇچقىن. پەرۋەردى-
گارنىڭ خاسىيەتلىك نەپەسلىرى روھىڭنى بوشلۇق - مۇئەللەق
ئىچىدە سۆيۈپ ئەركىلىتىپ بارسۇن، — شەيخ سۆزىنى تۈگىتىپ،
كۆزىنى يۇمغىنىچە بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى، ئاندىن كۆزىنى
لەپپىدە ئېچىپ، نەۋبەتىگە قايتا نەزەر ئاغدۇردى. شەيخنىڭ كۆزىدە
يېنىپ تۇرغان ئاجايىپ سېھىرلىك ئۈمىد ۋە مېھىر نۇرى نەۋبەتى-
نىڭ جۇدالىق ئازابلىرىدا بىر قەۋەت نېپىز مۇز ئۈيىغان يۈرىكىنى
ئېرىتىپ، ئۇنىڭ تېخى يورۇشقا ئۈلگۈرمىگەن يۈكسەك مەنىۋى
ئالەملىرىگە يارقىنلىق بەخش ئەتكۈچى سېھىرىي ئوتلارنى تۇتاشتۇر-
دى. ئېگىلىپ سالام بېرىپ قەددىنى رۇسلىغان، ئىچكى ھاياجان
ئىلكىدە لەۋلىرى تىترەپ كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلغان
نەۋبەتى گويا ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قۇش بالىسىغىلا ئوخشاپ قالغان-
دى. ئۇ ئاخىرى ئۇچتى، ئۇچقاندىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى يې-
تىپ بارالمايدىغان چەكسىز بوشلۇقلاردا ئۇچتى. يەر يۈزىدىكى
ھەممە نەرسە — سەھۋالىمىنىڭ خىلۋەت ئېتەكلىرى، ئۇنى شەرق
ۋە شىمالدىن ئوراپ تۇرغان بوستانلىقلار، بىر جۈپ قاش دەرياسى
ھەم تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە پىرقىراپ يۈرگەن ئادەملەر ئۇ-
نىڭ نەزەر ئۇپۇقلىرىنىڭ سىرتىدا كىچىكلەپ بارا - بارا يوقىلىپ
كەتتى. ئۇ ئىنسان زاتىنىڭ دۇنياغا ئايرىدە بولۇش جەريانىدىن
يارالغۇچى ئىلاھ - تەڭرىنىڭ قۇدرەت - كامالىغىچە بولغان
چەكسىز ئۇزاق جەريانلاردا مەجنۇن كەبى چۆرگىلەپ ئىن-
سان بالىسىغا كەمدىن - كەم نېسىپ بولىدىغان ئاجايىپ يارقىن

[1] «قىسەسسۇل - ئەنبىيا» 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
خارەزمىنىڭ رابانئوغۇز دېگەن يېرىدە ياشاپ ئۆتكەن بۇرھانىددىن ئوغلى نەسرىددىن رابغۇزى-
نىڭ 1311 - يىلى يېزىلغان دىنىي فانتاستىك رومانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىلاھىي نۇرلارغا مۇيەسسەر بولدى.

سەھۋالىم بىلەن كوھمارىمدىن ئىبارەت بۇ قوشكېزەك تاۋاپگاھتا سەيلە ـ تاۋاپ پائالىيىتى ئاخىرلاشقان كەچ كۈز پەسلىنىڭ بىر خاسىيەتلىك سەھىرى نەۋبەتى «قىسەسسۇل ـ ئەنبىيا» نىڭ قېلىن بەتلىرىنى يېپىپ قەلبىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا جاراڭلاپ پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ بېرىۋاتقان بىر سۇرلۇك، تەسىرلىك ئىلاھىي كۈي ئىچىدىن ئويغاندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولغىنى تىمتاسلىق بوشلۇقىغا بۆلەنگەن قىپيالىڭاچ سەھۋالىم ۋە ياكى سارغىيىپ، غازاڭ تاشلاپ يالىڭاچلىنىپ بېرىۋاتقان چەكسىز سەھرا بەلۋاغلىرى بولماستىن، بەلكى ئىنسان روھىنى ئىمان ـ ئېتىقاد، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ھەق ـ ئادالەت تەرتىپلىرى بىلەن قۇتقۇزۇش يولىدا رەنج ـ ئەلەم، رىيازەتلەر چەككەن قەيسەر ھەم كارامەتلىك ئەۋلىيالار توپى ئىدى. نەۋبەتى يۈكسەلگەن قىزغىن ئوي ـ خىياللىرى ئىچىدە ئۆزىنى ئاجىز ئىنسان بالىلىرى بىلەن قۇدرەتلىك پەيغەمبەرلەر تۈركۈمى ئارىسىغا قويۇپ مەنىۋى يېتىلىشىنىڭ ئۇلۇغۋار قىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان روھىدىكى ئاجايىپ سىرلىق كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى دەڭسىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشتىياق ـ ھەۋەسى قىسسە ـ ھېكايەتلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، زىكرى ـ يادىغا نەقىشتەك ئويۇلۇپ ئورناپ قالغان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ پىنھان مەنىسىگە مەھكەم باغلاندى.

## 3

نەۋبەتىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ بولغان رەڭگى ـ رۇخسارىدىن، پىكىر ۋە خىيال قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ ئاجايىپ سۈزۈك تامچىلارنى چاچرىتىۋاتقان زېھنىي قۇۋۋىتىدىن ئىلھاملانغان شەيخ ئاللاغا شۈكۈر ـ سانا ئوقۇغاندىن كېيىن، پاك لەۋزى ۋە قەتئىيەت ئىرادىسى بىرلە قۇرئان بەتلىرىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان نەۋبەتى ئاللانىڭ كالاملىرىنى دىللىرىغا مارجاندەك قاتار

تىزىپ، ئەقىدە ـ ئىخلاس نۇرلىرى بىلەن روشەن ـ يارقىن ئەيـلەپ، ئەڭ يېقىملىق ۋە ئەڭ تەسىرلىك تاۋۇش ـ تەلەپپۇزىغا يېقىن سۇرۇپ تەخ بولۇپ تۇردى. شەيخنىڭ كۆزلىرى نەۋبەتنىڭ تەق ـ تەييارلىق ھالەتلىرىنى كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپ كىتاب يۈزىگە ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن نەۋبەتنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرى ۋە ئاپئاق سەدەپتەك چىشلىرى ئارىسىدىن ئاجايىپ يېقىملىق ۋە ئاجايىپ مۇڭلۇق كۈي ـ ئاھاڭغا سېلىنغان بىرىنچى سۈرە ـ ئايەتنىڭ قىرائىتى تېشىپ چىقىپ شەيخنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى تىترىتىپ، پۈتۈن ئەزايى ۋۇجۇدىغا سۈر سېلىپ تارقىلىپ كەتتى. شەيخ شۇ يوسۇندا نەۋبەتنىڭ ساپ، سۈزۈك ئەرەب تىلىدا قىلغان قىرائىتىنى «قۇرئان كەرىم» گە بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈپ يېشىپ، تەپسىر قىلىپ چۈشەندۈرەتتى. نەۋبەتى ئۆزىنىڭ تۆت يېشىدىن باشلاپ ھەريەر، ھەر جايدىكى موللا ـ ئۇستازلىرىدىن ۋە رەھمەتلىك بوۋىسى غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇمدىن ئائىلىسىدە ئالغان ئەرەب تىلى بىلىملىرىگە تايىنىپ شەيخنىڭ تەپسىرى بايانلىرىنى ناھايىتى ئوتتۇقلۇق ھالدا ئۆزلەشتۈرۈپ بارماقتا ئىدى. شەيخ دەلمۇ دەل تەپسىر قىلىشتىن باشقا، يەنە ھەربىر سۈرە ـ ئايەتتىكى سۆزلۈكلەرنى ئىپادە قىلىدىغان مەنە دائىرىسى، تۈرلىنىش شەكلى، بىرىكىش ھالىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يېشىپ، تەھلىل قىلىپ چىقاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئانا تىلدا بېرىدىغان ئۆلچەملىك مەنىسىنى ئاۋۇالقى ئۇسۇل بويىچە تەپسىلىي دەلىللەپ بېرەتتى. نەۋبەتىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزى قىرائەت قىلغان سۈرە ـ ئايەت سۆزلۈكلىرىنىڭ خاس مەنىسىنى قىرائەت جەريانىدا قىياسەن مۆلچەرلەپ، شەيخنىڭ تەپسىر ـ يېشىملىرى ئاساسىدا قايتىدىن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ دەلىللەپ ئەس ـ يادىغا نەقىش قىلىپ چېكىۋالاتتى. ئەرەب تىلىدىكى سۈرە ـ ئايەتلەرنىڭ ئانا تىلدا سۈزۈك مەنىلەر چوڭقۇرلۇقى ھاسىل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدە ناھايىتى سىرلىق ھەم سۈرلۈك تۇيۇلغان «قۇرئان كەرىم» شەكىل جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئەمدى

لىكتە ئانا تىلدىكى كىتابلار قاتارىدا ئاددىي تۇيۇلدى. ئۇ «قۇرئان
كەرىم» نىڭ ئىنسان باللىرى ئۈچۈن ئورتاق نازىل قىلىنغان،
ئۆز تىلى ۋە ئۆز دىلى بىلەن مەنىسىگە يېتىش مۇمكىنچىلىكى
بولغان بەھرىدار كىتاب ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەنىدى. ئەمە-
ما، ئۇنىڭ مەنە جەھەتتىن تاغ كەلكۈنلىرىدەك تېشىپ ىسلى
دېڭىز كەڭلىكىدە زاھىر بولۇشى نەۋبەتنى ھەيرەتتە قالدۇردى.
ئۇ ئاشۇ دېڭىزنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ ئالەمنىڭ
پۈتۈنسۇرۇك سىرۇ ھېكمىتىنى تىڭشايتتى. ئالەم ئەمدى ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئاللانىڭ قۇدرەت - كامالىغا تۇتاشقان ھالدا يېڭىۋاش-
تىن نۇر - زىياغا پەۋەس تولۇپ، دەسلەپكى سەھەرنىڭ سۈزۈك،
يارقىن چېھرى سۈپىتىدە ئايان بولماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇ
سەھەر دەملىرىدە نۇرغا چۈمۈلگەن ھالدا قۇياشقا ئېگىلىپ بوي
تارتقان بىر تال يېشىل يۇمران گىياھقا، پەرۋەردىگارنى ئالەمنى
يورۇتۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئايرىپ، بارچە جانلىقنىڭ ھاياتـ-
لىق نەپسىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ساخاۋەتلىك قۇياشقا ئوخشات-
تى. بۇ ئوخشىتىشتا ئۇنىڭ تەلقىن قىلغىنى تەڭرىنىڭ زاھىري
سۈپەتلىرى ۋە ئىنسان بالىسىنىڭ روھقا تالىق باتىنىي سۇباتلىرى
بولۇپ، تەڭرى بارچىنىڭ كۆز ئالدىدا قۇياشقا ئوخشاش زاھىر
تۇرۇپ، ئۆز بەندىلىرىنىڭ روھىيەت پىنھانلىرىغا شەكىلسىز ۋە
مەۋھۇم رەۋىشتە سىڭىپ كىرىدۇ، ئىنسان بۇنىڭغا نىسبەتەن تەڭ-
رىنى تونۇش سېزىمىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ روھىيەت ئالىمىدە
يارانتقۇچىسىغا جاۋابەن كامىللىق نۇرى بەرپا قىلىدۇ، ئىككى نۇر
بىر- بىرىگە تۇتاشقان چاغدا تەڭرى بىلەن ئىنسان بىر رىشتىگە
مەڭگۈلۈك چېتىلىپ، ئۇلۇغ ۋەھدەد - بىرلىك ھاسىلاتى كېلىپ
چىقىدۇ، بۇ ھال بارچىگە سائادەت كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىدە
ئالەم ۋە ئىنسان باللىرى پۈتۈنلەي قاراڭغۇ - زۇلمەت ئىچىدە
تەمتىرەپ زاۋالغا يۈز تۇتىدۇ ... دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى.

بىر يىل جەريانىدا قاتتىق تەلەپ ئاستىدا ئىزچىل داۋام قىلى-
غان تەپسىر ساۋاقلىرىدىن كېيىن، نەۋبەتى ئۇستازى شەيخ نىزامە-

ـدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىگە يۇزلىنىپ ئۆز تەسىراتلىرىنى ئۇنىڭ
ئىلتىماسى بويىچە يۇقىرىقى ئورام ـ تەرزدە بايان قىلىپ بولۇپ
ئۇن سىلىپ يىغلىۋەتتى. شەيخ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ نەۋبەتنى
يەردىن دەس كۆتۈرۈپ باغرىغا مەھكەم باستى. ئۇنىڭ ئۆز كۇتكە-
ـنىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئۇتۇق قازانغان نەۋبەتكە يۇرەك ـ
باغرىدىن قايناپ تاشقان ئۇستازلىق، بەلكى ئاتىلىق مېھىر ـ
مۇھەببىتى قىسىلغان بىر جۈپ قوي كۆزلىرىدىن چەشمە بولۇپ
ئېقىپ چۈشتى. شەيخ نەۋبەتنى سۇپا ئۇستىدىكى بورىغا ئولتۇرغۇ-
زۇپ، قاچاندۇر بىر چاغدا، ھە، نەۋبەتنىڭ ساۋاق ئۇستىدە خىيا-
لى چېچىلغان، چارچاش تۈپەيلى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇشقا ئۇلگۇ-
رەلمىگەن بىخۇد چاغلىرىدا ھاسا بىلەن ئۇرۇپ ئىز قالدۇرغان
غوللىرىنى ئۇزاققىچە ئۇۋۇلاپ، ئاتا بولغان ئۆزرە ـ ئەپۇسىنى
ۋە خەيرىخاھلىقىنى ئىپادىلىدى. كىشىنى ئۆتكۈر قەلب كۆزلىرى
ۋە بىۋاسىتە تۇيغۇلىرى بىلەن سىزىپ، بىلىپ تۇرىدىغان ھېكمەت-
ـدار شەيخ نەۋبەتنىڭ شەھەر ـ ئاستانىنى، ئاتىسى ۋە مەھەللىدىكى
دوستلىرىنى سېغىنغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ تېخىچە ئېسە-
دەپ ئولتۇرغان نەۋبەتنىڭ يېنىغا تەكىيىنى قويۇپ:
— بالام، ساڭا مىڭلارچە ئاپىرىن، بىز داۋانلار ئاشتۇق.
كۆزۈڭنى يۇم، ئۇيقۇ ـ ئارام پەرىشتىلىرى ساڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت
بەخش ئەتسۇن. خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە بامدات نامىزىدىن كېيىنلا
ئاستانىگە يەتكەيمىز، — دەپ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئىشىك-
ـتىن ئېگىشىپ چىقىپ تۈپلىكنىڭ يۇقىرىسىغا، كوھمارىم غارىغا
قاراپ يۇرۇپ كەتتى.

## 4

ئۇزاق ـ ئۇزاققا سوزۇلۇپ شەھەر ـ ئاستانىگە تۇتىشىپ
كەتكەن توپىلىق سەھرا يولىدا چاچ ـ ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان
شەيخ خىلىلا بوي تارتىپ يىگىتلىك قەددى ـ قامىتىگە يېقىنلاپ

قالغان نەۋبەتى بىلەن قول تۇتۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. شەيخنىڭ قەلبى نەۋبەتنىڭ قەلبىگە ئوخشاش ھېس - ھاياجان دولقۇنلىرىدا چايقىلىپ، شالاڭلاپ قالغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىغا جۆر بولماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇتاش كەتكەن روھىيەت داللىرىدا ئادەم، ئالەم ۋە ئاللانىڭ گۈزەل خۇلق - سۈپەتلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا گىرەلىشىپ، ئاجايىپ مەپتۇنكار، نۇرانە جىلۋىلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ پات - پاتلا قايرىلىپ كۆز يېقىشلىرى، قوللىرىنى چىڭ سىقىپ قويۇشلىرى ۋە نېمىگىدۇر ئىنتىلگەندەك قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىشلىرى ئاشۇ خىل ئىچكى مەپتۇنكارلىقنىڭ تىلسىز ئىنكاسلىرى جۈملىسىدىن ئىدى.

نەۋبەتى ئېرىق بويلىرىدا شاخلىرىدىن ئاجراپ ئۇچۇپ چۈشكەن يوپۇرماقلارنى تېرىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئالىقانلىرى ئۈستىگە تىزىپ زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى. يوپۇرماقلاردىكى ھەر تەرەپكە شاخلاپ تۇرغان تومۇرلار نەۋبەتنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، پىكىر - خىيالىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆز دىلىدا ھاسىل قىلغان مۇقەددەس بىرلىكنىڭ قۇدرەت كامالىغا تۇتاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھاسسىنى يەرگە سانجىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىككى قولى بىلەن بېسىپ، تايىنىپ تۇرغان شەيخكە يۈزلىنىپ يۇمشاق تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— ئۇستاز، بۇ ئاخىرقى دەقىقىلەردىكى ھاللاردا كۆرگىنىم يوپۇرماقتىن تاشقىرى بىر ئۇزاق ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ پىنھان ھېكايەتلىرىمىكىن دەيمەن، — ئۇ ئىتتىك بېشىنى بۇراپ دەرەخ شاخلىرىغا تىكىلگىنىچە سۆزىنى داۋام ئەتتى، — يوپۇرماق شاختا، شاخ غولغا، غول يىلتىزغا، يىلتىز تۇپراققا، تۇپراق بولسا سۇغا تۇتىشىپ بەرپا بولىدۇ. بۇ يەردىكى باغلىنىش بەكمۇ سىرلىق، ئاخىرقى يوپۇرماقتا ئايان بولىۋاتقىنى ئاۋۋالقى — ئەزەلىي دەرەختە ئايان بولىدىغان مەڭگۈلۈك تەكرار بىرلىكنىڭ سۈرىتىدۇر. قارىسىلا، بىرتال يوپۇرماقتا بىر تۈپ دەرەخنىڭ سىيماسى ئايان بولماقتا. بىزمۇ بىر تال يوپۇرماق كەبى ئۆزىمىزدە تەڭرىنىڭ سۈپە-

تىنى ئايان قىلماق ئۈچۈن كۆكلەيمىز، شىلدىرلاپ سادا بېرىمىز، قەد كېرىپ سايە تاشلايمىز، ئاخىرى پىشىپ شاخلاردىن ئاجراپ تۇپراقتا ئارام تاپىمىز، ياق، تەڭرىگە قايتىمىز، خۇددى ئۆزلىرى تەلىم بەرگەنلىرىدەك تەن قەپەسلىرىدىن قۇتۇلۇپ ھۆرلۇككە ئېرىشىمىز. شۇ ۋەجىدىن ھەربىر ئىنسان بالىسىدىن زاتىغا يارىشا بىر نۇرانىلىك كۆرۈلمىكى، بىر ياخشى نامۇ نىشانە قالمىقى زۆرۈردۇر.

نەۋبەتى قولىدىكى ساپسېرىق يوپۇرماقلارنى دەرەخ تۈۋىدىكى قۇم توپىغا كۆمۈپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۇنىڭ نىيمىلەرنى شىۋىرلاپ ئىيتقانلىقى شەيخنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا، شەيخ ئۆزىگە قاراپ قول ئۇزىتىپ كېلىۋاتقان نەۋبەتىنىڭ ئالىقانلىرىغا سۆيۈپ، ئۇنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە كۆزلىرىدىن ئېپتىخار ياشلىرىنى ئاققۇزدى. نەۋبەتى شەيخنىڭ باغرىدىن بېشىنى ئېلىپ، يۇمشاق بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يىشـىنـى سۈرتتى. شۇ چاغ، بىر - بىرىگە قادىلىپ قېتىپ قالغان ئىككى جۈپ كۆزدە تەڭرىتائالاغا تۇتاش كەتكەن ئۇلۇغلۇق خىسلەتلىرىنىڭ ئاجايىپ روشەن ۋە ئاجايىپ يارقىن نۇرلىرى يالتىراپ، قۇياشنىڭ چەكسىز ئالەم ئارا سېپىلگەن ساخاۋەتلىك نۇرلىرىغا قوشۇلۇپ سىڭىپ كەتتى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەزگىلدە، ئۇلار ئاستانىگە يېتىپ، ئەلچى بازىرىنىڭ قايناق رەستىسىدىكى شىپاخانىدا مۇھەممەد بىلەن دىدارلاشتى. ئاتا بىلەن بالىنىڭ بىر تەن، بىر گەۋدە مىسالى يۇغۇرۇلۇپ ئېسەدەپ يىغلاشلىرى كەرەملىك شەيخ نىزامىدىن كاككۇكنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىۋەتتى. شەيخنىڭ بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، ئارقىدىنلا قۇياشـتـەك پارلاپ كەتكەن نۇرلۇق چېھرىدە يول - يول قورۇقلار ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ قالغانىدى. بۇ قورۇقلار ئۇنىڭغا ئاي - يىللارنىڭ سۈرئەت - رىتىمىدىن ئەمەس، بەلكى دىل رىشتىگە چاڭ چىگىلىپ بىر پۈتۈن ھاياتلىق تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن قىممەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈم - قازاسىغا ماس رەۋىشتە كۆرۈلگەن روھىي مەھرۇملۇقلىرىدىن قالغاند-

ـدى. شەيخ ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى
لەنتى قارا زامان ۋاباسى سەۋەبىدىن نابۇت بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىـ
ـدەك ناھەق تەقدىر ـ قىسمەتلىرىگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى.
سەھەردىن كەچكىچە، ھاياتلىقتىن ئۆلۈم پەيتلىرىگىچە، پانىي ئاـ
لەمدىن باقىي ئالەمگىچە بولغان ئارىلىقلارنى ئۇ پۇتۇنلەي قاراڭغۇ،
زۇلمەتلىك ۋە ئۆتكۈنچى ھېس قىلغىنى ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ماھىـ
ـيەت چوڭقۇرلۇقىدا ھازىر ۋە نازىر كامالى قۇدرەتـلـىـرى بىـلەن
ئۆز ـ ئۆزىنى يورۇتۇپ ھايات داۋانلىرىنى روشەن ئەيلەشلىرىنى،
ئاندىن ئوتقاش مىسالى لاۋۇلداپ ئۆزگىگە نۇر ـ يورۇقلۇق بېرىشىـ
ـلىرىنى تەڭرىلىك مۇقامىنىڭ بىرىنچى نىجادىيىتى دەپ بىلەتتى.
ئىككىنچى نىجادىيەتتە، ئىنسان ئۆز قەلبىنى ۋە ئۇنىڭ مۆجىزىكار
خىسلەتلىرىنى شەكىل ھالىتىدە ئىپادە قىلىپ پىنھان تۇرۇشى،
ھەربىر شەكىلدە ئۇنىـڭ پىنـھـانلىقتىكى غايىب ھېكمەتدارلىقى
نۇر ـ شولا بولۇپ كەڭ تارقىلىشى كېرەك ئىدى. ئۈچىنچى
نىجادىيەت — ئەبەدىيەت ۋىسالى بولۇپ، بۇنىڭدا ھاياتلىق بىلەن
ئۆلۈم، ئادەم بىلەن تەڭرى، پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەم ئۆزئارا
قوشۇلۇپ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە تەڭلىشەتتى ھەمدە ئادەمنىڭ
سىيماسى ئالەمنىڭ سىيماسىغا تەڭداش رەۋىشتە ئىلاھ ـ تەڭرىنىڭ
قەلبىدىن تاشاتتى.

شەيخ شۇ تەرزدە خېلى جىق نەرسىلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈـ
زۈپ، خوتەننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاستانىلەرگە، جۇملىدىن
خوتەننىڭ كۆزى سۈپىتىدە نۇر چېچىپ مەيلى ـ ئىختىيارىنى
ئوۋلاپ، زوق ـ ھەۋىسىنى قىزىتىپ، ئاداققى ئىشتىياقلىرىنى
سېھىرلەپ كەلگەن كېرىيە باغۇ ـ بوستانلىرىغا سەپەر قىلىش
ئويىدىن بىراقلا ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ ھېكمەتكە تويۇنغان تېرەن
پىكىرلىرى ئاللىبۇرۇن سۆز چىمەنلىرىدە رەڭدار ھۆسن تۈزۈپ
قەلەم ھىممىتىگە موھتاج بولغان ھالدا شەيخنى پىنھان كەپىسىگە
جىددىي قايتىشقا ئالدىراتقانىدى. شۇڭا، ئۇ، يىغىدىن كېيىنكى
دىدار شادلىقى ئىلكىدە قىن ـ قىنىغا پاتماي ئۆزگىگە تەلمۈرۈپ

تۇرغان نەۋبەتنىڭ بېشىدىكى سىلاپ تۇرۇپ ئۆزرە ئېيتتى:

— كەچۈرگەيسىزلەر، ئەزىز بالىلىرىم، ئاللادىن ۋەھىي كەلگەندەك دىلىمدا باشقىچە بىر نىيەت ئىقبالى پارلاۋاتىدۇ. كۆزدىن ئەتىيازغىچە بولغان قىش مەۋسۇمىدە ئۆچەككە كىرىش بارلىق جانلىقلار قاتارى بىزگىمۇ راۋادۇر. نەسرىدىنىنىڭ چارچىغان تېنى ۋە روھىنى قوبۇللىغا ئېلىپ ئارام ھەم قۇۋۋەت تاپقۇزغايسەن، باش باھارنىڭ مۇراد ـ مەقسەت گۈللىرى ئېچىلغان بىر خەيرلىك سەھەرىدە، خۇدا بۇيرۇسا ئالدىڭدا قايتا پەيدا بولغايمەن، — شەيخ ئالىقانلىرىنى ئېچىپ ئۇزاق دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغالدى. ئىشىك ئالدىدىن تاكى گۈلباغ مەھەللىسىگىچە ئۆزىنى بارغان نەۋبەتچى شەيخنىڭ قولىنى قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قىيالمىغان، جۇدالىق ھەسرىتىدە غەمناك بولغان كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى لىغىرلايتتى. شەيخ مېڭىشتىن توختاپ نەۋبەتكە بۇرۇلدى ۋە نەسىھەت تەرىقىسىدە مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:

— ئاگلا، ئوبدان بالام، بۇ ساگا بېرىلگەن تەتىل، ئارام ئېلىش پۇرسەتلىرىلا ئەمەس. دىلىڭغا ئورناشقان شەرىئەت قائىدە - قانۇنلىرىنى تەكرار پىششىقلاپ، ئاتاڭنىڭ تېبابەت ھۇنەرلىرىدىن ئۇنۇملۇك ئۈزۈق ئالغىن. نېسىپ بولسا، بىز كېلەركى يىلدىن باشلاپ يەنىمۇ مۇشكۈل بولغان تەرىقەت چۆللىرىدە كېزىپ، مەنتىقە ۋە بېشارەت ئىلىملىرىدىن يېشىل چىمەنلەرنى پەرۋىش ئەتكەيمىز. خەير، خۇداغا ئامانەت! — شەيخ شۇ سۆزىدىن كېيىنلا ھاسىسىنى ئوينىتىپ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 5

يىللار زامان ئۇقۇمىنى، زامانلارنىڭ چەك ـ پاسىللىرىنى، ئۆركەش ۋە داۋانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئېقىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئېنىق رېئال زامان ئۇقۇمى

بولمىغان رەڭسىز ۋاقىت ئېقىمى ئىلكىدە ئادەم بىلەن تەڭرى بىرلىكىنى چەكسىز زامان كەڭلىكىگە ئىگە قىلغان ھەمدە ماكانىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە بىر پارچە پىنھان، خىلۋەت يېرىدە بىپايان ئالەم قوينىغا تېشىپ چىقىپ قەلب ئەركىسىگە ئايلانغان ئون ئالتە ياشلىق نەۋبەتى شەيخنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تەرىقەت تەلىملىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا قاراپ چىدام ـ غەيرەت بىلەن ئىلگىرىلەمەكتە ئىدى.

ھاسىسىنى ئالدىغا قويۇپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، نەۋبەتىنىمۇ شۇ خىل ئۇسۇلدا يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزغان ھېكمەتدار شەيخ ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ تېشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— مەنتىقى تەلىمات كەۋسەرلىرىدىن دىل چىمەننىڭ ياشناپ، يەلپۈنۈپ تۇرغىنىغا ئىمانىم كامىل! ئەمدى بىزنىڭ ئالدىمىزغا مەنتىقە ئاچالمايدىغان باتىن ھەقىقەتلەر قويۇلىدۇ. ھايۋانات ـ جانلىقلار قورساق غېمى ۋە شەھۋەت ھەلەكچىلىكىدە ئۆمرىنى سەرپ ئېتىپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تېنى ـ ئېتىدىن تاشقىرى تۇرىدىغان بىرەر ئالاھىدە قىممەتنى ئىپادىلىمەيدۇ. يېيىلىش، بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش — مانا بۇ ئۇلاردىكى قىممەت. ئەمما، ئىنسان بالىسى بۇنىڭدىن پەرقلىق ھالدا ياراتقۇچى ئەسلىي زات — تەڭرىنىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ ۋەسلى ـ ۋىسالىغا تارتىشىپ ئۆزىدە ئويغاتقان تۇيغۇ ـ ئىلھاملار بىلەن روھىيەت كۈچلىرىنى كامالەت دەرىجىلىرىگە يەتكۈزەلەيدۇ. بۇنىڭ پايدىسى ئۆزىدىن كۆرە تولىراق ئۆزگىگە نېسىپ بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئاساسىي قىممىتى — تەندىكى ئاچلىق ـ ئىچىرقاشنى روھىيەتتىكى تولۇقلۇق ـ كامىللىق بىلەن يېڭىپ ياراتقۇچى ئىگىسىگە ۋە يەنە نەسىل ـ نەسەب لەۋھەسىگە مۇناسىپ مۆجىزىكارلىق خىسلەتلىرىنى ھاسىل ئېتىشلىرىدە كۆرۈلىدۇ. ناۋادا، كۆللى ئالەم ئىنسانلىرىنى بىرلىك ـ ۋەھدەتتە كامالەت ئاپتاپلىرى بىلەن يورۇتۇش مۇمكىن بولغىنىدا، ئىنسان بىلەن تەڭرىنىڭ ئارىلىقى يېقىنلىشار

ئىدى. ئەقىل ئىگىسى دانىشمەن ـ ئارىفلار بىلىپ تۇراركى،
ئاقىلدىن غاپىل، زاتى ئىنساندىن زاتى شەيتان، يورۇقلۇق كۈيچە-
سىدىن تۈن شەيدالىرى كۆپ لەنتى زاماندا ئۇ قەدەر ۋەسلى
مۇرادىنىڭ هاسىل بولمىقى بەسى مۇشكۇلدۇر، — ياشلىق پاجىئە-
لىرى كۆڭلىگە لەپپىدە سايە تاشلاپ ئۆتكەن هاياجانلىق شەيخ شۇئان
غەيرەتلىنىپ ئىپسىنى يىغدى ۋە مەسلىنىڭ نەق ئۆزىگە قايت-
تى، — قارىغۇنىڭ دىل كۆزى ئىچ ياقتىن نۇرلىنىپ بارغاچقا،
ئۇ هەرقانداق بىر ساغلام ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئۆتكۈر، بېشارەتلىك-
تۇر. ئۇنىڭ هەممىنى روشەن هېس قىلىشى كىشىنى هەيرەتتە
قالدۇرىدۇ. سەۋەبى، كۆڭۈل كۆزگە ئايلانغان، بۇ كۆزنىڭ نۇرى
هېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكنى بويلاپ هەر تەرەپكە
توسالغۇسىز يېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئالدىدا كامارغا ئوخشاش لاياقەتسىز
كۆزلەرنىڭ نېمە كېرىكى! شۇڭا، ساڭا ئېيتىمەن، ئوغلۇم، هېچ-
قانداق بىر ئىنس ـ جىن توسۇيالمايدىغان ۋە زەرەر يەتكۈزەلمەيدى-
غان پىنهان كۆڭۈل كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ بۇ ئالىمى پانىي
مەۋجۇداتلىرىغا زەن سال، ئۇلاردىكى بارچە ئۇيغۇنلۇقنى كۆزەت.
خۇددى بىر ئال يوپۇرماقتىن ئەسلىي زات — دەرەخنى كۆر-
گىنىڭگە ئوخشاش ئۇلارنىڭ شەكلى ـ سىياقى، خۇلقى ـ نازى،
جىلۋە ـ ئاۋازلىرىدا ئايان بولىدىغان ئىچكى هاللارغا بوسۇپ كىر-
گىن! ئىنساننىڭ نىيەت ـ غەرىزى ئۇنىڭ قەلبىدە پىنهان تۇرىدۇ.
سۆز ئۇنىڭ مۇتلەق ئىسپاتى ئەمەس، قەلب سىر ـ مەخپىيەتلىرىنى
ئاشكارا ئېيتىشتە كۆزدىن، كۆزدىن كۆزگىچە بولغان ئارىلىقنىڭ
روهىي هاللىرىدىن ئارتۇق بىرەر روشەن ئەينەك تېپىلماس. ئىن-
ساننىڭ كۆز بۇلاقلىرىغا چۆمۈلۈپ، سۆز لىباسلىرىنى قايرىپ،
ئاندىن ئۇنىڭ خۇلق ـ نازىغا، كەيپ ـ زوقىغا، قىلىق ـ هەرىكەت-
لىرى ۋە ئىش ـ ئەمەللىرىگە نەزەر سالساڭ، قەلبىڭدە بىر ـ بىرى
بىلەن زىچ ئۇيۇشۇپ قايتىدىن سۈرەتلەنگىنى ئىنساننىڭ ئەسلىي
ماهىيىتى بولۇپ چىقىدۇ. ئىنسان شەيتان بىلەن بىرلەشكىنى،
شۇنىڭدەك تېنىنىڭ نەپس ئېهتىياجىغا ئەگەشكىنى ئۈچۈن روهىي

كامالەتتىن يىراقتا تۇرىدۇ. بىلىۋالدىڭكى، ئاۋۋالقى مەنتىقىي تەلىملىرىم سىنىڭ تۇپلۇك ـ پۇتۇنلۇكلەرنى بۆلەك ـ پارچىلارغا ئاجرىتىپ چۈشىنىشىڭگە ۋە ئۇنىڭ تەكتى ـ ماھىيىتىگە سۇپەت ئېتىبارى بىلەن يېتىشىڭگە ياردەم بېرىدۇ. ئەمدىكىسى بولسا، ئىلمىي غايىب[1] جۇملىسىدە بولۇپ، تەبىئىتىڭدىكى جۇشتىن ئۆرلەيدىغان، ئەقىل- ئىدراكقا باغلىق بولمىغان تەبىئىي روھىي ھاللارنى ئۆستۇرۇپ تاۋلىشىڭغا ياردەم بېرىدۇ، — شەيخ ھاسىسى بىلەن نەۋبەتنىڭ تىزىغا بىرنى ئۇرۇۋېتىپ ئاۋازىنى كۆتۈردى، — تىنىڭگە ئۇرۇلغان تاياق ۋە ئۇ پەيدا قىلغان ئاغرىققا ئوخشاش بىر جىددىي، ئۇشتۇمتۇت ھادىسىگە دىققەت ـ نەزەرىڭ ئاغدۇرۇلغاندا، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۇپ، ئۇنىڭ باشلانما نۇقتىلىرىدا توختىغىن، ئاندىن ئۇنىڭ ۋەج ـ سەۋەبىنى، ئاقىۋەت ـ نەتىجىسىنى كۆزىتىپ قەلبىڭدە ئايان قىلغىن. ھەرئادەم، ھەر ئىش، ھەر شەيئىنىڭ ماھىيىتى مۇتلەقلىق ئېتىبارىدا خىلمۇ خىل بېشارەتلەرگە ئورۇن قالدۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ سۇپەت ـ سۇباتىدا جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان ئالامەت ـ بەلگىلەر ماھىيىتى بىلەن مۇتلەق بىردەك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بىراۋنىڭ قىسمەن ھەقىقىتىنى، پىنھان نىيەت ـ ئويلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسان بىلەن، كۆللى ئالەم مەۋجۇداتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولىدىغان روھىي ھاللىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۇنى بىلىش ۋە ئىلىم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ قانۇن ـ قائىدىلەشتۇرۇش ھېلىغىچە بىرەر ئىنسان زاتىغا نېسىپ بولمىدى. جان ھەم ئۇنىڭ لىباسى بولمىش تەن ئاشۇ روھىي ھاللاردا گاھ كۆكلەپ رەڭدار پورەك ئاچسا، گاھ سولۇپ خازانغا ئايلىنىدۇ. بۇلاردىن بىلىۋالىدىغىنىڭ ئىنسان ھادىسىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل، رەڭگا رەڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزۈڭگە تارتىشىپ قوزغالغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭنى قاناتلاندۇرۇپ، سىلىشتۇرۇش ۋە بىرىكتۇرۇش ئېلىپ

---

[1] ئىلمىي غايىب — ئىدراكتىن تاشقىرى تۇرىدىغان روھىي ھاللارغا، ئىنچىقە يوشۇرۇن ئاڭ ھادىسىلىرىگە تەتبىقلىنىدىغان سوفىستىك ئىلىم.

بىرىش، ئاندىن ئۇلارنى ئۆز ھەققىدە ھاسىل قىلغان بارلىق چۈشەنچە ۋە تەسىراتلىرىڭ بىلەن ئەسلى - ۋەسلىگە قايتۇرۇپ بېگىشتىن كۆرۈش. ئادەم ۋە باشقا جانلىقلار بىر ئەزەلىي يوسۇنغىلا باغلىق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ نەسلى - زاتىدىن تاشقىرى تۇرىدىغان ئالەم ھاۋاسىغا بېقىشتىن مۇستەسنا ئەمەس، شۇڭا ھەممە يەردە ئادەمىي ھايۋان، ئادەمىي شەيتانلار تولا…

شەيخ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ غېرىبانە مۆڭلارغا تولغان غەمكىن قەلبىدە ئىنسان باللىرىنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابئوقۇبەتلىك كەچمىشلىرى بىر - بىرلەپ ئايان بولۇپ تىنىقىنى قىستىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ قوشۇمىسىنى جىددىي تۈرۈپ ھاسىسى بىلەن يەرنى بىرنەچچە رەت چوقۇغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا سۆزلۈپ:

— مۆلچەرىمچە، يەنە بىرەر - ئىككى ئايلاردىن كېيىن سېنى ئاتاڭغا تاپشۇرىمەن. ئەتراپ تىنجىق ئىسسىق بولسىمۇ بەرداشلىق بەر، پەستىكى ئېرىق بويلىرىدىكى سۆگەت - جىگدىلەرنىڭ دالدا - سايىسى ساڭا ئىستىقامەتگاھ بولغاي. ئويۇقتىكى دىۋانلاردىن خالىغىنىڭنى ئېلىپ ئوقۇ ھەم قەلبىڭنى سۈكۈت، سەۋر ئىلكىدە تىڭشاپ بەر، — دېدى ۋە سىرتتا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان تاۋاپچىلار ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

## 6

بۇ بىرنەچچە ئاي نەۋبەتى ئۈچۈن ئاخىرقى سىناق، ئاخىرقى ئىمتىھان ئىدى. ئۇ يازنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا قويۇق شاخ - چېۋىقلىرىنى يەرگە تاشلاپ، مۈكچىيىپ قالغان قېرى سۆگەت سايىسى ئاستىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ شەيخنى، سەھۋالىم تاۋاپگاھىنى، ئەتراپتىكى يېشىل بوستانلىقلارنى، خوتەننىڭ قايناق كوچا - رەستىلىرىنى، يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىنى، ئائىلە

نەسەبكە چېتىلىپ ياشاپ ئۆتكەن قانداش كىشىلىرىنى، ئىشقىلىپ، مۇشۇ يېشىغىچە ئۇچراتقان بارلىق نەرسىلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇلار بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ سىرلىق مۇناسىۋەت بىرلىكلىرىنىڭ سىرلىرىنى يېشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن ھېس - تۇيغۇلىرىغا، ھېس - تۇيغۇلىرىدىن ئوي - خىياللىرىغا تېشىپ چىققىنى ئادەم زاتىنىڭ كۆللى ئالەم مەۋجۇداتلىرى ئارىسىدىكى ئۇلۇغۋار روھىي خىسلەتلىرى ئىدى. ئۇنىڭچە بۇ خىسلەت، نەسىل - نەسەب ئېتىبارىدا ئالدىنقى ئەۋلادنىڭ روھىي رىشتىسىگە، خۇلقى - تەبىئەت ئېتىبارىدا ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ قارىشىدىكى جىلۋىگەر دۇنيانىڭ بەھرىدار كەڭلىكىگە، مەقسىتى - مۇراد ئېتىبارىدا تەڭرىنىڭ قۇياش كەبى سۇپەت - سۇباتىغا تۇتىشاتتى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئادەم نەسەب، ئۆزلۈك، ئالەم ۋە تەڭرى بىر گەۋدە قىلىنغان ھاياتلىق رىشتىسىدە چەكسىز كېڭىيىپ ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىدىن، ماكان ۋە زاماندىن ھالقىپ ئۆتەلەيتتى ھەم ئاڭا ھەقىقەت تەلقىنلىرى بىلەن قايتىپ يېپيېڭى روھىي ھاللارنى بەخش ئېتەتتى.

نەۋبەتى ئۆز ئورنىدا كۆنلەپ ئولتۇرۇپ زېھنىنى شۇ قەدەر كۆچلۈك يىغقاندىكى، بارچە نەرسە ئەمدى ئۆزىنىڭ سىر - مۇئەممالىباسلىرىدىن بوشىنىپ چىقىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرمۇبىر ئاشكارا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئوي - خىياللىرى قېتىدىن چاقماقتەك تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت چېقىلىپ يورۇق نۇر - شولا پەيدا قىلغۇچى ئۆتكۈر تۇيغۇلىرى بارچىنىڭ شەكىل، تەن پەردىلىرىدىن توختاۋسىز رەۋىشتە بۆسۈپ كىرىپ ئىچكى خىلۋەتلىرىدە زاھىر تۇرغان پىنھان ھەقىقەتلەرنى سۇزۇپ چىقاتتى. شەيخنىڭ مەنتىقە ئاچالمايدىغان سىرلار ھەققىدە بەرگەن تەلىماتلىرى نەۋبەتىدە ئاجايىپ غەيۇر روھىي ھاللارنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ بەھرىدار كەڭلىكىدە چايقىلىماقتا ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئىستەك بوشلۇقلىرىغا كۆتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ يەردە — قەلب ۋە روھىيەتنىڭ يۈكسەلگەن بوشلۇقلىرىدا پەرۋاز ئېتىپ ئىنسان بالىسىنىڭ تەبىـ

ئەتكە رەڭداش، مەنداش ۋە قانداش بىر پۈتۈنلۈك ئىكەنلىكىنى تەكرار ـ تەكرار ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، نەۋبەتنىڭ دىققەت مەركىزىگە چۈشكەن ھەرقانداق نەرسە ـ شەيئى ئەسلىي ھالىتى بويىچە بۆلەك ـ بۆلەكلەرگە ئاجرىلىپ يوق بولۇپ كېتەتتى ۋە ئۆزىمايلا يېڭىۋاشتىن شەكىل تۈزۈپ يېپيېڭى بىر ھالەتتە زاھىر بولاتتى. بۇ جەريان، جان ئېقىنىنىڭ چوڭقۇر قاينامنلىرىدىن ئۇچقان تۈيغۇ دولقۇنلىرى بىلەن قىرغاقلاردا سۇزۇلگەن ئەقىل توختاملىرىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىسىدىكى جۇش ۋە شىددەتنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى نۇقتا—ماھىيەت، ۋاستە — شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتكە باغلىنىپ سىرتقا تەپكەن بىر يورۇش ئالامەتلىرى ئىدى. نەۋبەتى ئۇلارغا دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇرغان دەقىقىلەردە ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ خاتىرە بەتلىرىدىن مىسال ـ نەمۇنە ئېلىپ، ئۇنى ئوخشاشلىقلار ئىچىدە سېلىشتۇرغاندىن كېيىن پەرقلەرنى ئايرىپ چىقاتتى ۋە خاس نۇقتىلاردا توختاپ تېز ئاندا ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە ھۆكۈم قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىنساننىڭ تاشقى ھادىسىلىرىدىن ھالقىپ روھىيەت ئالەملىرىگە شۇڭغۇپ كىرگۈچى، ئۇنىڭدا ئەركىن سەيلە قىلغۇچى قەلب ئەركىنسىگە ئايلانغانىدى.

شەيخنىڭ سىناقلىرىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ ئۆزىدە ئادەتتىن تاشقىرى چىدام ـ غەيرەتنى، پولاتتەك قەيسەر ئىرادىنى ۋە تەپەككۇر ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن نەۋبەتى، ئاخىرقى بىرنەچچە كۈندە گويا غايەت زور ئوت ـ گۈلخان ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەندى. شۇنداق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىغان، ئوت ئۇنىڭ ھەربىر ئوي ـ خىياللىرى قېتىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىپ يورەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ بارماقتا ئىدى. بۇ، ئەبەدىيەت ئوتى، روھىي بالاغەت دوقمۇشلىرىدىكى سېھىرلىك ئىشق ئوتى ئىدى. ئۇنىڭ يالقۇن ـ ھارارەتلىرى ئىنسان قەلبىنىڭ تەشنالىق ئىستەكلىرى سۈپىتىدە نەۋبەتنى ئۆزلۈكنىڭ سىرتىدىكى بىپايان دۇنياغا، تەڭرىنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلار شەكلىدە رەڭگارەڭ

جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان گۈزەل ۋەسلى- ۋىسال گۈلىستانلىرىغا ئۈندە-
مەكتە ئىدى. نەۋبەتى ئۆزىگە ۋە ئۆز قارشىسىدىكى دۇنياغا نىسبە-
تەن ئەمدى بالا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ يېشىدا كۆرگىنى كۆزىنى
چېقىپ، قاماشتۇرۇپ تۇرغان بالاغەت سەھىرىنىڭ قۇدرەتلىك ۋە
كەرەملىك قۇياشى ئىدى. بۇ قۇياش ئۇنىڭ تېنى ھەم روھىدا تەڭلا
كۆتۈرۈلگەندە، ئۇ بىر خىل تەبىئىي ئىللىق سېزىم شامالىلىرى
ئىلكىدە يەلپۈنۈپ، بارا - بارا غايەت زور ئوت - ئاتەش ئۈستىدە
قاقلانغاندەك بولدى. قارشىسىدىكى جىمىكى نەرسە بىلەن چوڭقۇر
رىشتە ئارقىلىق باغلىنىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ مەركىزىدە ئاجايىپ مۆ-
جىزىدار ھېس قىلدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەڭ پىنھان، ئەڭ نازۇك
ئويلىرىنى نۇقتا قىلىپ چاقماقتەك تېز سۈرئەت بىلەن تەرەپ -
تەرەپكە يېيىلدى. ھەربىر يېيىلىشىدا ئېگىلىگەن تەپەككۇر بوش-
لۇقلىرىدىن ھايات رىزقى - غەنىيمەتلىرىنىڭ رەڭدار شولىلىرى
تۆكۈلۈپ، ئۆزىنى گويا مۇشۇ بىر پارچە خىلۋەت زېمىنىنىڭ يۈرە-
كى، مۇئەككىلى كەبى يېگانە، قۇدرەتلىك سەزدى. ئۇ ئەمدى
بارچىگە ئۆزىنىڭ ئىچكى چوڭقۇرلۇقىغا باققانغا ئوخشاش پىند-
ھان نىگاھى — قەلب كۆزى بىلەن بېقىپ زەن سالاتتى.

ئاخىرقى مۇددەت توشتى، شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەت-
لىرى نەۋبەتىنى قەبرى سۆگەت سايىسى ئاستىدا بىھوش بىر ھالدا
كۆرۈپ ئالىقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىدە يالتىراپ تۇرغان
مونچاق - مونچاق تەرلەرنى سۈرتتى، ئاندىن يېلىنجاپ تۇرغان
كۆپكۆك كۆزلىرىگە قادىلىپ سوئال قويدى:

— نېمىنى كۆردۈڭ، ئوغلۇم؟

— ئىنسانىنى، ئىنساننىڭ چەكسىز نۇرانە كامالەت سەھىرىنى
كۆردۈم، ئۇستاز!

— تەلقىن قىلىپ بەرگىنچۇ!

— بىر تىنىق، بىر نەپەس يەلدە جانغا ئېرىشكەن تەننىڭ
قۇربى ئالەمنىڭ قارشىدا كەڭ غۇلاچ تاشلايدۇ. ئۇ، ئۆزىگە ئالەم،
ئالەمگە زەررە سىياقىدا جىلۋە ئەيلەيدۇ. تۇغۇلۇش —

يوقلۇق قوينىدىن پارلىغان نۇر بولۇپ، ئۇ ئەۋۋەلى ھەم ئەزەلىدە زاتى — نۇرغا سىغىنىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىنىڭ ئۆمۈر جىلۋىسى نۇردا ئايان بولۇپ، نۇردا ئېقىپ، نۇرغا قوشۇلىدۇ.

شەيخ بىرئاز خاۋاتىرلەنگەندەك بولۇپ ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن سۆز قىستۇردى:

— ئاھ، كۆز نۇرۇم، بالام، قانات چىقارغىنىڭنى سېزىپ تۇرسامۇ، ئەمما مۇنچە ئۆرلەپ كەتكىنىڭنى بىلمەپتىمەن، ساڭا مىڭلارچە ئاپىرىن! — شەيخ نەۋبەتىگە ئىجازەت بېرىپ باش لىڭشىتتى. نەۋبەتى قەلب چوغدانلىرىدا تاۋلىغان زەر سۆز دۇردانىلىرىنى ئىنچاملاپ مۇلايىم تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

— ھەر جان تەڭرىنىڭ رىزقى ـ ئامانىتى سۈپىتىدە بەندىلەرگە بەخش ئېتىلگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچكى قۇۋۋەتلىرى شىددەتلىنىپ چىڭقىلىپ، ئوت ئېلىپ كۆيۈپ، نۇر بولۇپ ئۇيۇشۇپ سىرتقا تېپىپ، تېشىپ تۇرىدۇ. ئالەمنىڭ پەرۋىشانە ھاۋاسى ئۇنىڭدىن نەچچە باراۋەر كەڭلىك ـ چەكسىزلىكتە جىلۋە ئەيلەپ، جان گۈللىرىنىڭ ۋايى ـ ھەقداىغا جور بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىنى يېنىش ۋە كۆيۈش خۇسۇسىيەتلىك تارىشا گۇگۇتقا تەمسىل قىلىش مۇمكىن. تارىشا گۇگۇت چوغقا — ياندۇرغۇچى سەۋەبكە تېگىشى بىلەن يالقۇنجاپ ئوت ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۆيۈشى ئۆزىنى خورىتىش، ھالاك ئېتىش بەدىلىدە باشقىچە بىر شەكىلگە كىرىپ ۋىسال تېپىش ئۈچۈندۇر. دەرھەقىقەت، ئۇ كۆيگەن، كۆيۈپ تۈگەللەنگەن دەملەردە ئۆزىدىن تېخىمۇ زور بولغان گۈلخانغا ئايلىنىپ نۇر ۋە ئىسسىقلىق بېرىدۇ. بۇنىڭ بەھرىدە مۇزلىغان تەنلەر ئىللىيدۇ، قاراڭغۇ خىلۋەتلەر يورۇيدۇ، خام گۆش ـ كۆكتاتلار پىشىپ تائامغا ئايلىنىدۇ. ئادەم، قاچانكى ئۆزىدە ۋە ئۆزىنىڭ سىرتىدا يارقىن جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان نۇرانە ئالەمنى قوبۇل ئېتىپ، ئۇنىڭ ۋايى ـ بالاغىتىدە زاتى ـ ئېگىسىگە مۇناسىپ كامالەت دەرىجىلىرىگە يېتەلىسە، بۇ، ئۇنىڭ پانىيلىق شاراپىتىنى باقىيلىق شانۇ شەۋكىتىگە مۇشەررەپ ئەيلىگىنى بولىدۇ...

يىگىتلىك مەۋسۇمىنىڭ باش باھارىدا ئىلىم ـ ھېكمەت دەريا. سىنىڭ ئەۋج ـ دولقۇنلىرىدا، روھىنىڭ ساماۋى چوققىلىرىدا تۇ. رۇپ ئۆزىگە ھەم بارچىگە يېپيېڭى نەزەر بىلەن بېقىشقا باشلىغان نەۋبەتى شەيخكە باش ئېگىپ، ئۇنىڭ يىرىك قوللىرىنى سۆيدى. شەيخنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياشلاردا تەڭرى. ئاللاغا بولىغان ھەمىدۇساناىدىن باشقا، يەنە ئىنسان بالىسىنىڭ سىرلىق دىت ـ ئىستېداتىغا، روھىي قۇربىگە بولغان پەخرىي ھاياجانلىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ بېلىدىكى كۆپكۆك شايى بەلۋاغنى يېشىپ نەۋبەتىنىڭ بېلىنى باغلىدى، ئاندىن قولىغا مۆھۈر بېسىلغان لايا. قەتلىك شاھادەتنامىنى تۇتقۇزۇپ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئېيتتى:

— تەرىقەت يولىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ئارىپ[1]لىق شەرىپىگە يېتىشكە ئۆزۈڭنىڭ قۇربى يېتىدۇ. چەت ـ خىلۋەت ئۇشبۇ تاۋاپ. گاھ ھاۋاسىنىڭ تىمتاس قوينىدا دىلىڭنىڭ گۈلى ـ رەيھانلىرى ھۆسندار رەڭ تۈزەلمەيدۇ. زامان شاۋقۇنلىرى ئارا سەپەر ئېتىپ، ئەل ھالى چوغدانلىرىدا كۆيۈپ پىشىپ، دىدار ـ سۆھبەت پۇرسەت. لىرىدە خەندان ئەيلەپ مۇرادىڭنى ھاسىل ئەتكەيسەن. شەۋكەتلىك بوۋاڭ بىجەن ئوغلى تىجەن ھەزرەتلىرىنىڭ دىلىنى كۆيدۈرگەن تەۋەررۇك لەقەم ھۆرمىتىگە ئۆزۈڭنى بەخشەندە ئېتىپ زامان ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ نۆۋىتى ـ سائىتىنى ئىلكىڭدە تۇتقايسەن. قېنى يولۇڭغا ماڭ، ئوغلۇم، ئاللا ـ ئىگەم ساڭا يار ـ مەدەتكار بولغاي! — شەيخنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، كۆز چاناقلىرىغا سىغمىغان جۇدالىق ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. جۇدالىق ئازابى ئۇلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى پىنھان تۇرغان دىل رىشتىلىرىنى كۆچلۈك سىلكىپ، يۈرەك ـ باغرىنى داغلاپ، ئۆرتەپ ئۆتكەندە، بىرى يەنە بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا قوشۇلۇپ ئايرىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئاشۇ پۈتۈنلۈكتىن تېشىۋاتقان قۇياشتەك ئوتلۇق، ھارارەتلىك، ئادەتتىن تاشقىرى ئۇلۇغ مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھېس قىلىشتى. شۇڭىمۇ

① ئارىپ ـ مەرىپەتلىك، بىلىمدان، دانا.

نەۋبەتى ئاتىسىغا ئوخشاش ئەزىز كۆرۈپ قالغان ۋەھىيكار شەيخنى ئۆزى بىلەن ئاستانىگە قايتىشقا كۆندۈرەلمەي خېلى ئۇزۇنغىچە يالغۇزلاندىن كېيىن تەگسىز خىياللار ئىلكىدە جىمىپ قالدى. شەيخ مۇلايىملىق بىلەن:

— ئەمدى ئۆزۈڭنى داۋانلار ئۆركىشىدە ئۆرلىتىپ مېنى ئەۋۋەلى ھەم ئەزەلىي ھالىمغا قايتۇر. مېنىڭ بىر ئاللادىن ئۆزگە ھېچقانداق بىر بەندىگە، ھېچقانداق بىر نەرسىگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. ھەممىگە تەڭرىدىن، تەڭرى ۋەسلىدە شولا بېرىپ تۇرغان چەكسىزلىكىمدىن ئېرىشكەيمەن. قېرىغان بولسامۇ بۇرچۇم تېخى ئادا بولمىدى، ھايات چۆللىرى ھەققىدىكى كونا ـ يېڭى ھېكايەتلىرىم قەغەز يۈزىگە نەقىش بولۇپ چېكىلىپ ئەبەدىيەتكە يادىكار قالماي تۇرۇپ بۇ خىلۋەت ئارامگاھىمدىن نېرىغا ئاياغ باسمىغايمەن، — دېدى ۋە بۇرۇلۇپ ئېرىق بويلاپ تۆپىلىكنىڭ يۇقىرىسىدىكى تەنھا كەپىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى. نەۋبەتى بوۋاينىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىدە زاھىر بولۇۋاتقان ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئەرك تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە يېشىل ئورمانلار ئارىسىدىكى تۇپىلىق سەھرا يولىغا چۈشۈپ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىنتىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇداتقا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىشق ئوتى لاۋۇلدايتتى. بۇ ئوت ئۇنى چەكسىز ئالەم قوينىغا تارتاتتى. ئۇ ئۇيەردە ئۆزىدىن باشلىنىپ يىراق ـ يىراققا سوزۇلغان تاشقىنلىق روھ سەپىرىنىڭ مۇشكۇلاتلارغا يانداش يوللىرىنى ھەمدە يولسىز باياۋانلىرىنى كۆردى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ۋىسال تەشنالىقى سەير ـ سەپەرنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ماكاندىن، ئېنىقراقى خوتەن ئاستانىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئالتە شەھەر خانىدانىنىڭ پايتەختى يەركەن شەھىرىگە يېتىش زۆرۈرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنى نىيەت ـ ئىقبال لەۋھەسىگە يېزىپ بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

# يۇرت كۈيى

## 1

يۇرت — تۇپراق بىلەن خەلقنىڭ تەن بىلەن روھقا ئوخشاش بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي، ئىجتىمائىي ۋە مىللىي ھاياتلىق بەلگىسى. بۇ بەلباغ، ئالدى بىلەن تەبىئەتنىڭ ئالاھىدە بىر بۆلۈكى سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ، تۇپراق ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتىنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئانا يۇرت تۇپراققا تەڭلىشىدۇ، تۇپراق ئانا يۇرتنىڭ جەۋھىرى زاتىغا، بارلىق پاراغەت ۋە بالاغەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ ئۇلۇغلىنىدۇ، خەلق ھەم ئۇنىڭ ھاياتىي قۇدرەتلىرى تۇپراققا تايىنىش ۋە تۇپراققا يۆلىنىش ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىككىلەمچى بارلىق سۈپىتىدە قارىلىپ تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە، بۇ بەلباغ، تەبىئەتنىڭ ئادەملەشكەن شەكلىگە بەلگە بېرىپ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى ئالغا سۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئانا يۇرت خەلققە تەڭلىشىدۇ، خەلق ئانا يۇرتنىڭ جەۋھىرى زاتىغا، بارلىق پاراغەت ۋە بالاغەتنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىپ ئۇلۇغلىنىدۇ. تۇپراق ھەم ئۇنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتى خەلققە تايىنىش ۋە خەلققە يۆلىنىش ئارقىسىدا سۈپەت ھاسىلاتى بەرپا قىلغان ئىككىلەمچى بارلىق سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ خەلققە قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

يۇرت — ئادەمزاتنىڭ ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۆزىنى گۈللەندۈرۈش مەۋقەلىرىگە ماس تۈزۈلگەن زەنجىرسىمان

بوشلۇق.
يۇرت — مىللىي روھقا تايانغان خەلقلەر توپىنىڭ زامانئۋى غايىلەرنى چىقىش قىلىپ تەرەققىيات سەپلىرىدە تەپەككۇر، كۆرەش ۋە ئەمگەك پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئەزىم دەرياسىدۇر.
يۇرت — تۇپرىقى، خەلقى بىلەن، خاس روھىي ۋە ئېتىقاد-ئۆدۈملىرى بىلەن ئۆز قوينىدا مىسلىسىز كۆيلەرگە ھامىلدار بولغىنى ئۈچۈن، يۇرتنى ئۆز مەنىسى ۋە ئۆز قىممىتى نىگىزىدە چۈشەنگەن كىشىلەر يۇرت ئىشقىنىڭ ئوت - گۈلخانلىرىدا چاراقلاپ يېنىپ، سەل - كەلكۈنلىرىدە دولقۇنلاپ ئېقىپ، سەھەر- كېچىلى-رىدە خۇشناۋا بۇلبۇلغا ئايلىنىپ يۇرتقا شەرەپلىك ئەجىر-تۆھپە لەۋھەسى تەقدىم قىلىدۇ. يۇرت دېمەك بېھىش دېمەك، يۇرت دېمەك ئاسمان - ساما دېمەكلىك بىلەن ھەر جاننىڭ زوقى-شوقىغا پەرۋىشكار، رىزقى - ئامەتلىرىگە پاسىباندۇر...
سەھۋالىم زىيارەتگاھىدا، زېمىننىڭ ئاشۇ بىر پارچە پىنھان، خىلۋەت يېرىدە شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ تەلىملى-رى ئارقىسىدا بىر قېتىملىق روھ سەپىرىنى تاماملاپ كۆڭۈل كۆزلىرى روشەنلەشكەن، ئۆزىدە ماھىيەت بىلەن ھادىسىلەرنى سۇ-رەت مىسالى سىزىپ ئايان قىلغۇچى سىمۋوللۇق تەپەككۇر بالاغىتى ھاسىل قىلغان ئون سەككىز ياشلىق نەۋبەتى ئەمدىلىكتە نەزىم - شېئىرىيەتنىڭ چوغدەك قىزىل گۈللىرىنى پەرۋىش ئېتىپ تاشقىن-لاپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن كۆتۈرۈلگەن ئىستېدات شاۋقۇنلىرى خېلى بۇرۇنلا كۆي - ئاھاڭ تۈزۈپ، مەندار ھەم تېتىملىق شېئىرىي مىسرالاردا ئەكس سادا پەيدا قىلغانىدى. شۇ-ڭا، ئۇ شەيخ ھوزۇرىدىن ئاستانىگە قايتقاندىن بېرى، كۈندۈزلىرى ئاتىسى مۇھەممەدنىڭ يېنىدا تومۇر تۇتۇش، رەڭگىرويىغا ۋە مىزا-جىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىش، سۇنۇقلارنى تېڭىش، جاراھەتلەرنى ئەملەش، دورا تەڭشەش قاتارلىق تېبابەت بىلىملىرىنى ئۆگەنسە؛ كەچلىرى تاكى يېرىم كېچىگىچە شېئىرىيەت كۆكىدە پەرۋاز قى-لىپ، سۆز سەنئىتىنىڭ گۈزەل تۇتى قۇشلىرىنى ئوۋلىدى.

ئىككىنچى يىلى ياز ئايلىرىدا، نەۋبەتى ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپ ئۆيىگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ بالىلىقىدىن تارتىپ تاكى مۇشۇ دەملەرگىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىپ پۈتتۈرگەن بىرنەچچە دەپتەر شېئىرنى ئالدىغا يېيىپ، ئۇلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن يېڭى بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈشكە كىرىشتى. كۈنلەر كۈنلەرگە ئۇلىشىپ ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ئۆي ئىچى بالىلىق ئەسلىمىلىرى ۋە شېئىري ئاھاڭدارلىقنىڭ ئىلھامدار ھاۋاسىغا پەۋەس تولغان بولۇپ، ياش شائىرنى روھىي ئالەمنىڭ چەكسىز كەڭ دالىلىرىغا ئاچىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۆتمۈش ھەققىدىكى يېڭى پىكىرلەر نەزىم يىپىغا قاتار تىزىلىپ گۈزەل سۆز مارجانلىرىنى، تاماملانغان ئاۋۋالقى شېئىرلارنىڭ ئىلھام ئەۋجلىرىدە بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇشى يېڭىدىن ـ يېڭى مەنىدار مىسرالارنى پەيدا قىلىپ باراتتى. قومۇش قەلەمنىڭ سىرىق خوتەن قەغىزى يۈزىدە توختىماي چېپىشلىرى بىلەن كىتاب ئاخىرى تاماملىنىپ ئاڭا «دىۋانى نەۋبەتى» دېگەن مۇبارەك نام بېرىلدى. بۇ، نەۋبەتىنىڭ يىگىرمە يېشىدا، مىلادىيە 1710 ـ يىلى ياز مەۋسۇمىدە پۈتكۈزۈپ ئۆزىنىڭ شېئىري ئىستېداتىنى نامايان قىلغان تۇنجى دىۋانى، ئىجاد ـ مېھنەت گۈل ـ گۈلىستانىنىڭ قات ـ قات پۇرەك ئېچىپ خۇش ھىد تارقاتقان تۇنجى غۇنچىسى ئىدى.

شېئىر بىلەن شائىر ئارىسىدىكى تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل يوشۇرۇن رىشتە شائىرنى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ھاياجان شاماللىرىدا ئۇچۇرماقتا ئىدى. نەۋبەتى ئۆز ئەسىرىنى قولىغا ئېلىپ بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنى باغرىغا مەھكەم باستى. ياش شائىرنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن سۈپسۈزۈك ياش تامچىلىرىنى چۈشەنمەك تەس، ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىنسان ئۆز قەلبىدە يالقۇندەك ئۆرلەپ تۇرغان ئىچكى سېزىملىرىنى ئاشكارا ئىپادە قىلىپ، ئۇنى مۇئەييەن ئۇيغۇنلۇق ئىلكىدە شەكىل ھالىتىگە يەتكۈزەلىسە، بۇ، ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن ئۇچرىشىشى سۈپىتىدە بەخت ھۇزۇرى پەيدا

قىلىدۇ. نەۋبەتى ئەنە شۇ خىل بەخت ھۇزۇرىنى سۇرۇۋاتاتتى. بۇ ھۇزۇر شائىرغا گاھ ئىنسانلىق رىزقىنىڭ پەيزىنى، گاھ جىلۋىگەر دۇنيانىڭ خاسىيىتىنى ھېس قىلدۇرسا، گاھ شېرىن يار ۋەسلىنى، گاھ تەڭرى ۋەسلىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېس - تۇيغۇلىرى بولسا، ئۆز قەلبىنىڭ مەركىزىي نۇقتىلىرىغا جۇغلىنىپ چاقماقتەك يالت قىلىپ ياناتتى - دە، ئاندىن ئوت ئۇچقۇنلىرىدەك چېچىلىپ پۈتۈن ئەزايى - ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ كېتەتتى. بۇ روھىي ھاللاردا شائىرنىڭ ئېگىلەيدىغىنى ئۆزىدىن تاشقىرى ئالەمگە ئۆزىدىن مەنە ئاتا قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ئىنسانىي ئىستەكلەر بولاتتى. شۇڭىمۇ ئۇ بارچىنىڭ ئىچى ھەم سىرتىدا ناھايىتى ئەركىن، ناھايىتى بەھرىدار سەير - سەپەر ئېتىپ ئۆزىنى قەتئىي ئىرادىسى بىرلە ئىدارە قىلىپ تۇراتتى. ئىچكى كەڭلىك تاشقى كەڭلىكتە ئىشقا ئاشقان مۇنداق ئۆزلۈك نىجادىيىتىدە ئىنسان ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھالدىكى خاسلىقىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ھەر قاچان، ھەر زامان ئۆزگىگە كۆچەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن شەكىللەندۇرگەن بىرلىك رىشتىسىنى ئىچكى كەڭلىكىدە شاللاپ تەڭرى بىرلىكىگە تۇتاشتۇرالايدۇ.

## 2

ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىگە ئۆزىدىن مەنە ۋە شەكىل ئاتا قىلغان ياش شائىر نەۋبەتى، ئەمدىلىكتە تەن قەپەسلىرى ئىچىدە سىقىلىپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى. ئۇنىڭ روھىي پەرۋازلىرى ئۇنى ئۆزىدىن، ئۆيىدىن، ھەتتاكى قويىنى كەڭ خوتەن شەھىرى - ئاستانىسىدىن سىرتقا يېتەكلەپ بارماقتا ئىدى. بۇ، ماكان ۋە زامان سۈپەتلىك روھىي ھالقىشنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى سۈپىتىدە شائىرنىڭ تۇيغۇ نىگاھلىرىنى يىراق - يىراقلاردىكى پىنھانە دۇنيانىڭ سىرلىق قوينىغا باغلىۋەتكەچكە، ئۇ كۆز ئالدىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرگە مەست، ئەسىر بولۇش قىسمىتىدىن مۇس-

ـتەسنا ئىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى تەنھالىق چۆللىرىنى سەۋر ـ تاقەت، توۋا ـ ئىستىغپار ۋە تەۋەككۇل مۇقاملىرى ۋەزىنلىرىدە كېزىپ، ئۆزىدە ئىلاھىي ۋىسال دەملىرىگە لايىق ھېكمەتدارلىق ھەم مۆجىزىكارلىق خىسلەتلىرى يېتىشتۇرۇش ئىدى. شۇڭىمۇ شائىر شېئىرىيەتتە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جۇشقۇن ۋە رەڭدار رومانتىك كەيپىياتىنى بىمالال ئىپادىلەپ، رېئال ھاياتقا نىسبەتەن خېلىلا ئالغا كەتكەن غايىۋى مەۋقەلىرىنى كەڭ ئىجتىمائىي مەنىلەرگە ئىگە قىلىپ بارالىغانىدى. ئۇنىڭ سەھۋالىمدا يازغان مۇنۇ غەزىلى يۇقىرىقى مەنىلەرنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى جۇملىسىدە ئۇنىڭ قانائەتسىز روھىنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى:

بۇ ئالەمى فانىيغە كېلىپ مەن گۇزەر ئەتتىم،
تۆرت ياشىمدا ئىلىم ئىستەگەلى مەن سەفەر ئەتتىم.
بۇ ئىلمىي شەرىئەت يولىدا قالدىمۇ ھەيران،
بىر راھبەرى تاپماي ئۆزۈمى دەر بەدەر ئەتتىم.
تەۋفىق بولۇپ كەلدىمۇ ئۇستاد قاشىغە،
بىرنەچچە مەھەل تەھسىل ئىلىم ئىختىيار ئەتتىم.
يۈز شۈكرى ئىلاھىمغە، ماڭا قىلدى بۇ ئىنئام،
بىر زەررە ئىلىم تەھسىل ئېتىپ، بەھرۇ بەر ئەتتىم.
ھەر بارىكى قەسد ئەتسە ماڭا لەشكەرى ئەئدا،
ئايانتۇ ئەھادىسنى ئۆزۈمگە سۇفەر ئەتتىم.
ھەر يەردەكى بىر ئالىمى خۇش فەھمىنى تاپسام،
بىر لەھزە ئانىڭ مەجلىسىدە مەن مەقەر ئەتتىم.
كىم ئىلمى شەرىئەتنى ماڭا بەرسەلەر تەئلىم،
گوياكى ئانى پىر تۇتۇپ مەن پەدەر ئەتتىم.
بىھۇدە كۆپ سۆزلەمە، ئەي نەۋبەتى ئاجىز،
شەرئى نەبىيدىن ئۆزگەنى مەن مۇختەسەر ئەتتىم[1].

---

[1] «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 69 ـ بەت.

نەۋبەتى يىراق سەپەرگە بەل باغلاپ جىددىي تەييارلىق قىلىۋا-
تاتتى. ئەمدىلىكتە ھېچ نەرسە، ھەتتاكى شېئىر - نەزم ئىجادىنىڭ
تەسەللىچان رىغبەتلىرىمۇ ئۇنىڭ بۇ بىپايان دۇنيانىڭ رەڭدار قوي-
نىغا، ئادەم بىلەن تەڭرىنىڭ ئارىسىدىكى ئاشۇ نامەلۇم بوشلۇقلارغا
بولغان مىسلىسىز قىزغىن ئىنتىلىشلىرىنى توسۇپ قالىدىغاندەك
ئەمەس ئىدى. ئوغلىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى بىئاراملىقنى خېلىدىن
بېرى سېزىپ كەلگەن مۇھەممەد ئادەت بويىچە ئوغلىنى ئۆي -
ئوچاقلىق قىلىپ ئاتىلىق پەرھىزىنى ئادا قىلىش ئويلىرىدا شەيخ
نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا مەسلىھەتكە بېرىپ
باشقىچە بىر ئويدا قايتىپ كەلگەنىدى. شەيخنىڭ بەرگەن مەسلىھە-
تى نەۋبەتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىش ۋە كۆرۈلۈۋاتقان ئىچكى
مايىللىقنى ماس ھالدا ئۇنىڭ يەنىمۇ يۇكسەك پەللىلەرگە ئۆرلىشى
زۆرۈرلۈكىنى، بۇنى پەقەت سەير-سەپەر يولى بىلەن ئورۇنداش
مۇمكىنچىلىكىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئىلاجسىز قالغان ئاتا
سۈكۈت ئىلكىدە خىيالچان ئولتۇرغان نەۋبەتىنى ئاستا نوقۇدى.
ئاتىنىڭ كۆزلىرى بىر خىل تەگسىز مۇڭغا چۆككەن بولسىمۇ،
يەنىلا ئوتتەك مېھىر - مۇھەببەتنى ئاشكارا ئىپادىلەپ تۇراتتى.
ئۇ قولىدىكى بۆز خالتىنى ئوغلىغا ئۇزىتىۋېتىپ ناھايىتى بوش
ئاۋازدا:

— بۇنى ئال، ئوغلۇم، بۇ ئۇستازىڭ شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ
ساڭا تۇتقان يوللۇقى. ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىنى قەپەسكە بەند
قىلىپ قويۇپ ئۇنىڭ نالە - زار ئېتىشلىرىنى كۆرۈش ھەم ئاڭلاش
راۋا بولمىغىنىغا ئوخشاش سېنىمۇ ئۆزۈمگە باغلاپ تۇتۇپ قېلىشنى
راۋا كۆرمەيمەن. ئاللا - ئىگەم دىلىڭغا سالغان مەقسەتىسىرى ئىنى-
تىلگەيسەن. ساڭا ئىجازەت، ئوغلۇم، مەنزىلى - مەقسەتلىرىڭنى
تاپقايسەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.
نەۋبەتى خۇشاللىق بىلەن ھىجران ئۆزئارا گىرەلىشىپ دۇغ سۇ
مىسالى چايقىلىپ تۇرغان ھېس-تۇيغۇلار ئىلكىدە بىر ھازا سۈكۈت-

لمۇك ئولتۇردى، ئاندىن ئىسگە كەلگەندەك بولۇپ بوز خالتىنىڭ ئىغىزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدە شەيخىنىڭ نەۋبەتكە يادىكار ئەيلەگەن بىر دىۋانى بىلەن يەركەن چاسا[1]مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى پازىلئاخۇن ھەققىي ھەزرەتلىرىگە يوللىغان بىر پارچە مەكتۇبى بار ئىدى. نەۋبەتى سوۋغىلارنى قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى، ئاندىن يۈزلىرىگە يېقىپ سۆيدى. ئۇنىڭ قەلبىدە شەيخىنىڭ خىلۋەت مازايى ـ ماشايىختا تەنھا ئولتۇرۇپ جاھان ئىشلىرىنى ئالدىن كۆرۈپ قىياس قىلالايدىغان پىرى كامىللىقىغا نىسبەتەن چەكسىز تەشەككۈر ۋە ئىپتىخار ھېس ـ ھاياجانلىرى ئۆركەشلىدى. ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر يېتۈك بىر ئەللامە قولىدا تەربىيە ئېلىپ بالاغەت پەسلى باھارىغا ئۇلىشىپ رەڭدار چېچەك ئاچقانلىقىدىن چىن ئىخلاسى بىرلە پەخىرلەندى.

مىلادىيە 1710 ـ يىلى باش كۈزنىڭ بىر سۈبھى ـ سەھىرىدە ئاتىسى بىلەن كۆز يېشى قىلىشىپ خوشلىشىپ ئۆيىدىن تەنھا باش ئېلىپ چىققان نەۋبەتى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىگە — يەركەن يولىغا ئەمەس، بەلكى شەرق تەرەپتىكى كېرىيە يولىغا بۇرۇلۇپ، سەل ـ كەلكۈن سۇلىرى ئەمدىلا بېسىققان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بويىدا توختىدى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ، ئانا دەريا سۆيگە تىكىلىپ باللىق خاتىرىلىرىنى ۋاراقلىدى. سۇ يۈزىدە لىپ ـ لىپ قىلىپ ئۆتكەن رەڭدار سۈرەتلەر ئىچىدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئانا دەرياغا باغلانغان مەڭگۈلۈك ئىشقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. سۇنىڭ سۇغا باغلىنىپ تارتىششى كۈچ پەيدا قىلىپ، ئېقىشتىن ئىبارەت ھەرىكەتنى كەڭلىككە ياياتتى. بۇ ھال نەۋبەتىنىڭ ئۆتكۈر تۇيغۇلىرى قېتىدا يالت قىلىپ كەچكەن ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ ئالەمگە زەر نۇرلىرىنى سېپىۋاتقان سەھەر قۇياشىدەك نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىدراك قىلغىنى ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا بولغان سۆيگۈسى ۋە بىئىختىيار باغلانغان يوشۇرۇن رىشتىسى بەخش ئېتىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتلەرنىڭ ۋەزنى بولغىنى

[1] چاسا — ھازىرقى يەركەن ناھىيە بازىرىدىكى چاسا مەھەللىسى.

ئۇچۇن، ئۇ دەريانىڭ ئىككى يېنىدا قىزغۇچ نۇرلار ئىلكىدە جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان خوتەن بوستانلىقلىرىغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچكىردىكى قىرى شەيخنى دىلىغا هازىر ـ زاهىر قىلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۇ شۇ يوسۇندا ئەزىزانە خوتەن بىلەن، ئەزىزانە خوتەن تۇپرىقىدا قالغان ئۇستازى ۋە ئاتىسى بىلەن غايىبانە هالدا خوشلاشماقتا ئىدى.

يوللاردا ئۇتۇنچى دېھقانلارنىڭ هارۋىلىرى تاراقلاپ بىر خىل يېقىمسىز كۈيلەرنى پەيدا قىلاتتى، بۇنىڭغا تەڭكەش ناخشىلارنى پەقەت يۈرۈڭقاش دەرياسىلا توۋلايتتى. ئەمما، كۈي بىلەن ناخشا بىر ـ بىرىگە قولاشمايتتى، هارۋا چاقىنىڭ پەيدا قىلغىنى ئىچىنىشلىق مۇڭ ـ غېرىبلىق كۈيى بولسا، دەريانىڭ توۋلايدىغىنى زەپەر ـ غالىبلىق مارشى ئىدى. شائىرنىڭ باغرى ئېزىلدى، ئاشۇ ئارىلىق ۋە پەرقلەردە كۆرۈلۈۋاتقان ئازابلىق مەنزىرىلەردىن يۈرىكى ئېچىشىپ جىددىي كەينىگە ياندى. ئىلچى بازىرى، لاسكۈي ۋە خانئېرىق① كەنتلىرىنى كەينىدە قالدۇرۇپ ھەش ـ پەش دېگۈچە قاراقاش دەرياسى بويىغا كېلىپ توختىدى. دەريادا سۈپسۈزۈك سۇ كۆۋەجەپ ئاقاتتى، ئۇنىڭ ئۇستۈنكى بەللىرىدە، بوستانلىق بىلەن تاغ ـ تۆپىلىكلەر تۇتىشىدىغان جايىدا شائىر يەتتە يىللىق هاياتىنى يەتتە كۈندەك تېز ۋە بەھرىدار ئۆتكۈزگەن سەھۋالىم مەقبەرىسى بىلەن كوهمارىم غارى بار ئىدى. شائىر ئاشۇ يۇقىرىقى تەرەپكە ئېقىن بويلاپ سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق تونغا ئورانغان كەرەملىك شەيخ، سەھۋالىمدىن كوهمارىمغىچە سوزۇلغان ئېگىز ـ پەس تۆپىلىكلەر، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان تاۋاپچىلار ۋە ئۇلارنىڭ رەڭسىز، سولغۇن ئۆڭلىرى، قاراقاش دەرياسىنىڭ يىلاندەك تولغىنىپ ئاقىدىغان كەڭرى ئېقىنلىرى، ئۆزىنىڭ هەممە يەرنى ئارىلاپ خىيال ۋە تەپەككۇر ئىلكىدە تاشقىنلاپ يۈرۈشلىرى، كىتاب سەهىپىلىرىدە، ئالىمى ـ ئارىفلار سېپىدە بىر قاياشلىق روهقا ئەگىشىپ ئالەمچە كېڭەيگەن هاياجان-

① لاسكۈي، خانئېرىق — خوتەن شەهىرى ئەتراپىدىكى كەنتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىق دەملىرى، بارچىگە ئۆزىدىن مەنە ئاتا قىلىش رەۋىشىدە ئۆسـ. تۈرگەن ئىجادىي قۇۋۋەتلىرىنىڭ شېئىرىيەتتىكى رەڭدار جۇلالىرى. غا ئوخشاش خىلمۇ خىل كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرلەپ پەيدا بولۇپ، پۈتكۈل ئەزايى - ۋۇجۇدىنى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ، داغلاپ ئۆتتى. نەپسى قىسىلىپ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئېقىۋاتقان شائىر، مانا ئەمدىلىكتە جۇدالىق ئازابىنىڭ بارغانچە ئۇلغىيىپ ئۆركەش ياساۋاتقان سەل - كەلكۈنلىرىدە ھەريان داۋالغۇپ، چايقىلىپ بارماقتا ئىدى.

چۈش مەزگىلىدە قاراقاش بازىرىغا يەتكەن شائىر قىزىق گۆشگىردە بىلەن غىزالىنىپ جەنۇبقا بۇرۇلدى ۋە كەچكە يېقىن زاۋا① سەھراسىنىڭ چۆلگە تۇتىشىدىغان ئاخىرقى بوستانلىقىدا توختاپ، بىر تەنھا تۇگمەنچى بوۋاينىڭ ئاددىيلا ساتمىسىدا تۈنەپ قالدى.

## 3

شېغىل تاشلىق ساي ئۇزاققا سوزۇلاتتى. ساي ئارىسىدا يامغۇر سۈيى ۋە تاغ قىيانلىرىنىڭ ساقىندى سۇلىرىدىن پەيدا بولغان ئوت - چۆپلەرنى ھەمدە گويا دىيارىغا ئاقىدىغان غول ۋە پارچە ئېقىنلار بويىدىكى دەل - دەرەخلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قاراقاش زاۋىدىن تارتىپ تاكى قاغىلىق سەھرالىرىغىچە بولغان ئارىلىق چەكسىز كەتكەن چۆل - باياۋان ئىدى. گويا دىيارى مانا شۇ تاقىر ساي ۋە دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا شىمالغا ئىچكىرىلەپ، گويا جەننەتتەك كەڭ قويۇن ئېچىپ، ئالتۇندەك ساپسېرىق جىلۋە ئەيلەپ ئۈچ كۈن توختىماي يول يۈرگەن ھارغىن شائىرغا بىر كىچىكلىك ئارام ھۇزۇرى بەخش ئەتكەندىن كېيىن، ئۇزاققا قالمايلا كۆزدىن غايىب بولدى. سەھەر يولغا چىقىپ چۆل مۇڭلىرى ئارا ئۆز قەلبىنى تىڭشاپ ماڭغان شائىر ھەر تەرەپكە كۆز سېلىپ، ھەممە نەرسىنى نەزەر - گۇزىرىدىن ئۆتكۈزەتتى. ھاۋا بىر خىللا

① زاۋا — قاراقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبى چېتىدىكى بىر يېزا.

ئوچۇق ھەم ئىللىق ئىدى، جەنۇب تەرەپتە قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئېگىز ـ پەس قارلىق تىزمىلىرى، شىمالدا بولسا، چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان سارغۇچ چۆل ئۇپۇقلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. شائىر ئەنە شۇ ئارىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كارۋان يولىدا ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇشۇ زېمىن ـ تۇپراقنى بېسىپ ياتقان تەگسىز سۈكۈت ۋە ئېغىر غېرىبلىق مۇڭلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋارقىرىغۇسى، يامغۇر بولۇپ ئېچىرقىغان زېمىننىڭ يۈرىكىنى سۇغارغۇسى، بىر غايىب قۇدرەت شاپائىتىدە ھەممە ياقنى گۈل ـ گۈلىستان، باغۇ بوستانغا پۈركۈگۈسى كېلەتتى. بۇ، ئىنسان بالىسىنىڭ ئەركى ـ مەيلىدە تۇغۇلۇپ تۇرىدىغان غايىۋى ئىستەكلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەزنى شائىرنىڭ قەلبى ۋە روھىدىن جۇلا تارقاتقاچقا، ئۇنى پەقەت تاسادىپىي ئوينىڭ مەھسۇلاتى دەپ قاراشقا بولمايتتى. شائىرنىڭ ئۆرلىشى، ئۇزىشى قايتىش ئۇچۇن بولغىنىغا ئوخشاش، ئىستەكلەر كەڭلىكىدە ۋەزمىن قانات قېقىشىمۇ زېمىنغا سىڭىش ۋە زېمىندىن ھۆسندار روھ گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇش ئۇچۇن ئىدى. بۇ ھال شائىرغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتلەرنى ھەمدە يۈكسەك ئىجادىي كامىللىقنىڭ ئىلھام مەنبەلىرىنى بەخش ئېتەتتى.

سەپەر داۋام ئەتمەكتە، چۆل يولىدا ناگان ـ ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان كۆلا ـ جەڭگىللىك ئاشىقى دەرۋىشلەر، ئات ئۇستىدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ كارۋان باشلاپ كېتىۋاتقان بەگلەر ۋە يەنە ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان خەۋەرچىلەر شائىرغا بۇ ناتونۇش يېڭى دۇنيانىڭ بىر قىسىم ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ خىيال بوشلۇقلىرىدا خىلمۇ خىل مەنزىرىلەرنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. قاغىلىقتىچە ھەمدە پوسكام دىيارىدىن ھالقىپ زەرەپشان دەرياسىغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى شائىرغا ئەل ھالىنىڭ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىدىن يۈرەكنى ئېزىپ خۇن ـ زەرداب ئەتكۈدەك تەسىرلىك قىسسەلەرنى ئېيتماقتا ئىدى. پەلەكنىڭ تەتۈر چاقى ئاستىدا پايخان بولۇپ ئېزىلگەن، تىرىكچىلىك

موھتاجلىقىدا بىرلا ئاللاغا تارتىشىپ زارۋزار يىغلىغان بىچارە خەلق ئۇنىڭ ئوتتەك كۆيۈپ، ۋەزنىندار سوقۇپ تۇرغان بىتاقەت يۈرىكىنى سۇ مىسالى ئېقىتىپ كۆز ئالدىدىكى زەرەپشان دەرياسى-نىڭ ئويناق ئېقىنلىرىغا قاتماقتا ئىدى. ئەسىرلەر بويى ئېقىپ كەلگەن بۇ ئانا دەريا، ئەمدىلىكتە شائىرغا نومۇس- ھاقارەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ قان - ياشلىرى لۆمشىپ ئاقىدىغان قىيامەت دەرياسى سىيماسىدا كۆرۈندى. شائىر شۇ تاپتا شەۋكەتلىك بوۋىسى تىجەن ھەزرەتلىرىنىڭ «تەۋارىخى مۇلكى خوتەن» رىسالىسىدە ھــەسرەت بىرلــە بايــان قىلــىپ ئــۆتكەن 1678 ـ يىللىرىدىكى قانلىق ۋەقەلەرنى، يەنى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا) نىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ ئالتە شەھەر ئۈستىدە يۈز نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن يەركەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678) نى خانىۋەيران قىلغان ئاسىيلىقى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى لەنىتى جىنايەتلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ھەسرەتلىك دەريا سۈيىگە قوشۇلۇپ، دولقۇن - بۇژغۇنلار ئارا چايقىلىپ زېمىنىنىڭ پىنھان يۈرىكىگە ئېقىپ كىردى. زېمىن ئۆز ئوغلىنىڭ ئىسسىق يــاشلىرىدىن تــە-سەللى تېــپىپ، ئــۇنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىگە ئامان - ئېسەنلىك كۈيلىرىنى ياڭرىتىپ، سەھرا يوللىرىنى ساپسېرىق زەر-ئالتۇن يوپۇرماقلار بىلەن ھۆسندار قىلىپ بېزىدى.

كەچ مەھەلدە يەركەن شەھىرىگە يېتىپ بىر سارايغا چۈشكەن مۇساپىر شائىر، ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپلا چاسا مەھەللىسىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى پازىلئاخۇن ھەقىقىي ھەز-رەتلىرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشى شەيخ نىزا-مىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك مەكتۇپىغا باغلىنىپ ئاجا-يىپ تەسىرلىك دىدار دەملىرىنى سۈرەتلىگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن ھالقىپ بىپايان روھىيەت ئالىمى ئىچىدىكى مەنىدار ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى سۈزۈشكە باشلىدى. ئاق سەللە ئوراپ ئاق تون كىيگەن، يۈزى، قېشى، بۇرۇتى ۋە ساقىلى، ئىشقىلىپ،

پۇتكۇل قىياپىتى بىر خىللا ئاقلىق ئىچىدە جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان تەمكىن مۇدەررىس مۇبارەك مەكتۇپ ئىزھارىدىن ۋە نەۋبەتىنىڭ بىر جۈپ كۆپكۆك ئورا كۆزلىرىدە چاقناۋاتقان ئەقىل - پاراسەت ئۇچقۇنلىرىدىن كەيپى كۆتۈرۈلۈپ ئۇزاق يىللارنىڭ قىممەت-لىك ئەسلىمىلىرى ئارا ۋەزمىن قانات قاقماقتا ئىدى. نەۋبەتى مۇدەررىس ئۈچۈن بىر مۇساپىر مىھمان ئەمەس، بەلكى دىل رىشتى مەھكەم چىگىلگەن قەدىردان بۇرادەرلىرى شەيخ نىزامىدىن كاك-كۇك، غەيۇرۇللا قازى ئاخۇنۇم ۋە بىجەن ئوغلى تىجەن ھەزرەتلى-رىنىڭ روھى يۇغۇرۇلغان، ئۇلارنىڭ ئاللا ۋەسلىگە ياندىش نۇرانە سىيماسى مۇجەسسەملەشكەن ئەزىز پەرزەنت ئىدى. شۇڭا، ئۇ نەۋبەتىنى باغرىغا مەھكەم بېسىش بىلەن ئۇزاق يىللار مۇقەددەم مۇلكى خوتەن گۈلىستانىدا تۆت يىل بىرگە ئىلىم تەھسىل ئېتىش-كەن ئاشۇ جانجىگەر دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ۋەسلى - ۋىسالىغا ئېرىشكەنىدى. مۇدەررىسنىڭ ھېلىھەم نۇرلىنىپ تۇرغان قاپقارا قوي كۆزلىرىدە ھەم خۇشاللىقتا، ھەم ئازاب - ھەسرەتكە تۇتاش كەتكەن سۇپسۇزۇك ياش تامچىلىرى لىغىرلايتتى. ئۇ كۆزد-نى يېنىكى بىلەن ئېرتىپ قەتئىيەت لەۋزى بىلەن سۆز ئالدى:

— روھىڭنىڭ مەنىدار گۈلشەنلىرىنى كۆزلەپ رىيازەت چۆل-لىرىگە سەير - سەپەر ئەتكىنىڭگە مىڭلارچە ئاپىرىن! ئىنساننىڭ خۇددى بىر تىنىق نەپەستەك قىسقا ئۆمۈر جۇلاسىدا پەيدا قىلالايدى-غىنى چەكسىز ئۇزاق ئالەمگە باراۋەر كامالەت بوستانلىرىدۇر. بۈگۈن، ئاللانىڭ مۇشۇ ساخاۋەتلىك كۈن - سائىتىدىن ئېتىبارەن سېنى قاناتلىرىم ئاستىغا ئېلىپ پەرۋىش ئېتىش ھېسابىغا يىراق خوتەن مۇلكىدىكى قەدىردان بۇرادەرلىرىمگە ۋە ئۇلارنىڭ پاكىز، ھالال روھلىرىغا جاۋاب قايتۇرغايمەن، — مۇدەررىس بىلەن نەۋبە-تىنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆي ئىچى گويا بىر غايىب نۇر سېھرىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. مۇدەررىسنىڭ ئىلتىپاتىدىن، شۇنىڭدەك يەنە ئۇستازى ۋە شەۋكەتلىك بوۋىلىرى-نىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن تەسىرلىنىپ قەلبى توسالغۇسىز

رەۋشتە چايقالغان نەۋبەتى مۇدەررىسنىڭ قولىنى سۆيدى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ، مۇلايىم تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— ھەزرىتىمنىڭ قاناتلىرى ئاستىدا ئىلىم ـ ھېكمەت باغۇ. بوستانىنى كۆرۈشكە تەشنامەن. ئۇنىڭ رەڭدار مېۋىلىرىدىن بەھرە ئېلىپ، چۆل ـ باياۋانلار ئارا چاڭقاپ، ئېچىرقاپ كەتكەن غېرىب كۆڭلۇمنى توق، پۈتۈن ئەتكەيمەن...

ئېچكىرىكى ھۇجرىدىن ئاي نۇرىدەك پارلاپ چىقىپ نەۋبەتى. نىڭ چېھرىگە ئاپئاق نۇر ـ شولا تاشلىغان، شەلپەردەك قىزىرىپ ئاڭا ئېگىلىپ سالام بەرگىنىچە كەينىگە چېكىنگەن مۇدەررىسنىڭ نەۋرە قىزى گۈلئەتتەر نەۋبەتىنىڭ دىل چىمەنلىرىدىن ئۇرغۇپ تېشىۋاتقان خۇش سۆز ـ ناۋالىرىنى شۇ يەردىلا ئۈزۈپ قويدى. نەۋبەتى چېچىلغان ئەس ـ يادىنى يىغىپ ئالدىغا قايتا تىكىلگەندە، ئاي يۈزلۈك ئۇ دىلرەبا ئاللىبۇرۇن ئۆزىنى دالدىغا ئالغانىدى. مۇدەررىسكە ئەگىشىپ مەدرىسىگە بارغىچە نەۋبەتىنىڭ قەلبى، ھەت. تاكى پۈتكۈل ئەزايى ۋۇجۇدى كۆزدىن تۇتىشىپ ئېچكىرىلىگەنچە ئۆلگىيىپ بارغان ئاجايىپ سېھىرلىك بىر ئوت ـ يالقۇن ئىلكىدە كۆيمەكتە ئىدى.

نەۋبەتى مۇدەررىسنىڭ قولىدا ناھايىتى تېز ئىلگىرىلەپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پارس تىلىنى ئىگىلىدى ۋە پارس ـ تاجىك شېئىرد. يىتىنىڭ داڭلىق ئۇلگە ـ نەمۇنىلىرىدىن قانغۇچە ئوزۇق ئالدى. ئەمما، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بۇ تىل بىلەن شېئىر يېزىپ ئۆز ئىستې. داتىنى نامايان قىلىش ئويىدىن بارا ـ بارا يالتىيىپ قالدى. ئېھتىمال، بۇنىڭغا ئۇ شۇ مەزگىللەردە بېرىلىپ ئوقۇغان ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرى سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەلشىر نەۋائىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى ئانا تىل — تۈركىي ـ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ «مۇھاكەمەتۇل— لۇغەتەيىن (ئىككى تىل مۇنازىرىسى)» ناملىق ئەسىرىدە ئانا تىلنىڭ قۇدرىتى، پاساھىتى ۋە ئىپادىلەش ئۇستۇنلۇكى مۇھاكىمە قىلىنىپ ئىسپاتلانغانىدى.

بۇ هال نەۋبەتنى ئاتا تىلنىڭ قۇدرەت ـ كامالىغا ئاشنا ئەيلەپ، قەلب يىپلىرىغا پەۋەس تىزىلغان قۇياشتەك ئوتلۇق ۋە جىلۋىدار سۆز مارجانلىرىنى يېڭىچە بىر ئىجادىيەت يۈكسەكلىكىدە نەزم گۈل-شەنلىرىگە چېچىشقا تۈرتكە بولغانىدى. ئۇ، ئوقۇيتتى، يادقا ئې-لىپ دىلىدا تەكرار ـ تەكرا كۈيلەيتتى. سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىدىن تارتىپ مەنىلەرنىڭ كۈتۈلمىگەن ئەۋجلىرىگىچە مۇھاكىمە يۈرگۈ-زەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ شېئىرنى ھادىسىلەرنىڭ قۇرۇق بايان ـ تەسۋىرىدىن ماھىيەتنىڭ مەنىلەر قاتلىمىغا يېقىنلاشتۇرۇپ شەكىل گۈزەللىكىنىڭ ئىچكى مەنىدارلىقىغا بۆلەنگەن ھالدا روي بەرگۈچى سېھىرلىك بۇلاقلىرىنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىلھام-لىرىنى قوزغاتقىنى كۆز ئالدىدىكى شەيئىنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز ئويلىرىغا سىمۋول بولغۇچى ئىزگۇ قاتلىمى، شۇ قاتلامنىڭ ئىچكى مەنىدارلىق بىلەن ئۆزئارا ماسلىق شەكىللەن-دۈرگەن خاس جۇلاسى ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، شائىر-نىڭ يەركەن شەھىرىدە يازغان غەزەللىرى يۈكسەك شائىرانە بالاغەت-تىن بەلگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ يۇقىرى ئىپادىلەش ماھا-رەتلىرىنى نامايان قىلغانىدى.

ئىشق — گۈلئەتتەرگە بولغان چىن مۇھەببەت شائىر قەلبى-نىڭ پىنھانە خىلۋەتلىرىنى يەنىمۇ كەڭ يورۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۈچلۈك ئىلھامبەخش تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىپ بارماقتا ئىدى. شا-ئىرنىڭ تەلپۈنۈشى ئۆزى بىلەن گۈلئەتتەر ئارىسىدا دەۋر قىلىپ ۋىسال تاڭلىرىنى مەنزىل قىلغان بولسىمۇ، گۈزەل مەشۇق گۈلئەت-تەرنىڭ قايرىلىپ قاراشلىرى، يەر ئۆزرە بېقىپ كۆڭۈل كۆزلىرى بىرلە سۆيۈشلىرى قىزغىن ئىشقى ـ مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇلارنى رېئال يوسۇندا نىكاھقا ئۇلاش ھەر ئىككى تەرەپنى ناھايىتى مۇشكۈل، ناھايىتى تەڭقىس بىر ھالدا قويغانى-دى. ئۇلار پېتىنالمايتتى، ئەخلاق پەرەنجىسىدىن باش چىقىرىپ، نومۇس ـ ئىزا چۈمپەردىسىدىن قول سۇنۇپ، قەلب ـ دىل پىنھانى-لىرىدىن ئەرك ساداسى بېرىپ قېنىپ ـ قېنىپ سۆيۈشۈش ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن رىئاللىقتىن چۈشتەك ناھايىتى يىراقتا تۇراتتى. قاتمۇقات قائىدە ـ يوسۇنلار ئىسكەنجىسىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىنتايىن بىچارە بىر ھالدا ھېس قىلاتتى. نەۋبەتى ھەممىدىن بەكرەك مۇشكۇل ئەھۋالدا ئىدى، ئۇ ئۆزىنى مۇساپىر، مېھمان ھېسابلىغىنى ئۈچۈن مۇنداق نىكاھ ئالدىدا نومۇس-خىجالەت ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تەڭرى ۋەسلى ـ ۋىسالى ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈچەپ تارتىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ يارغا — ئىنسانغا بولغان ئىشقىنى تەقدىرنىڭ ئىختىيار ـ مەيلىگە تاپشۇرۇپ، ئىشق غەزەللىرى ئىچىدە ھۆرلۈك ـ ئازادلىق تاپتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز قەلبىگە تەسكىن بېرىپ، ئىجاد داۋانلىرىدا مەجنۇنامە بىر ھالدا ئۆرلەپ كېتىۋەردى. مۇنۇ غەزەل ئەنە شۇ خىل روھىي ھال ۋە تۇنجى ئىشقى كەچمىشلەرنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە نەۋبەتىگە خېلىلا يۇقىرى نام ـ ئاتاق ۋە شان ـ شەرەپلەرنى ئەكەلگەنىدى:

كۆرۈپمەن ئولتۇرۇپدۇر ھۇسنى باغى ئىچرە بىر دىلدار،
يۈزى ئايۇ كۆزى چولپان، فەرىشتە خۇي گۇل رۇخسار.
قاشى مىھراب يا مۇنبەر، كۆزىدۇر چەشمەئى كەۋسەر،
قەدى چۈن سەرۋى يا ئەرئەر، يۈرۈشى كەبكى خۇش رەفتار.
يۈزىدۇر بىر مەھى تابان، لەبىدۇر لەئل يا مەرجان،
بولۇپمەن ۋالەئى ھەيران، سۆزى شېرىنۇ خۇش گۇفتار.
تولۇنئايدەك جەمالىغە كۆڭۈل قۇل بولدى ھالىغە،
قاچان يەتكۇم ۋىسالىغە، كۆڭۈلنى ئالدى ئول مەككار.
قاشىغە باردىم ئول سائەت، قىلىپ تەئزىم ئول فۇرسەت،
ئاتىپ ئول تىيرى مىژگانىن باغىر زەخم ئەيلەدى ئەييار.
ئانىڭ ئىشقى خەراب ئەتتى، يۈرەكلەرنى كەباب ئەتتى،
كۆزۈمنى غەرق ئاب ئەتتى، كى بولدى فاش بۇ ئەسرار.
بۇ ئاجىز ئىلتىماسى، ئەي ئەزىزلەر، رۇھى فاكىڭدىن،
مەدەد قىل خاجە ھافىز بىرلە يا شاھ قاسىمى ئەنۋار.

مەلامەت قىلماڭىز ياران، ئەگەر بولسام خەراباتى،
گەھى ھەم يار كويىدا ئىچىپمەن بادەئى كۆكنار.
ھەمىشە يار ۋەسلىنى تىلەيدۇر نەۋبەتى، يا رەب،
ئانىڭ كويىدا ئۆلمەكلىك بىھىشتى تەھتىھەل ـ ئەنھار.①

## 4

مۇدەررىس پازىلئاخۇن ھەقىقىي ھەزرەتلىرى ئۆز زامانىغا يا-رىشا يېتىلگەن ئەللامىلەردىن بولسىمۇ، ئەمما دەرس ـ ساۋاق مۇنبەرلىرىدە، نەۋبەتى بىلەن بولغان مۇنازىرىلەردە نېمىدىندۇر قىسىنغاندەك ناھايىتى ئېھتىياتچان سۆز ئالاتتى. بۇ، ئەلنىڭ پايتەختىدە پاشايدىغان نامدار كىشىلەرگە خاس ئومۇمىي ئادەت بول-سىمۇ، ئەمما ئۆز قەلبىنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن قانائەتسىز، تەلەپكار رەۋىشتە ئالغا ئىنتىلىدىغان نەۋبەتى بۇنىڭدىن ئىچى سىقىلىپ تەگ-سىز خىياللار ئىچىدە غەمكىن يۈرەتتى. گاھى چاغلاردا بولسا، قەلبىدە چىگقىلىپ تۇرغان سوئاللارنى يوشۇرالماي مۇدەررىسكە سۆز قويۇپ ئۇنى تەڭقىسلىقتا قىيناپ قوياتتى. مۇدەررىس بۇنى چۈشىنەتتى، نەۋبەتىنىڭ قورقۇمسىز تەبىئىتى ۋە تەلەپكار ئىجتىھا-تى ئۇنىڭغا ھېلىغىچە ئىز ـ دېرىكى بولمىغان قەدىرلىك بۇرادىرى تىجەن ھەزرەتنىڭ نەق ئۆزىنى ئەسلىتىپ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى ئىللىق سېزىملىرىنى لاۋۇلدىتاتتى. شۇڭا، ئۇ نەۋبە-تىنىڭ بىر قىسىم ئۆتكۈر سوئاللىرىغا قىسقىلا ئىنكاس بىلدۈرۈپ، ھەر جان باغى ـ ئېرەملىرى ئۈستىدە تۇرۇلۇپ تۇرغان مۇدھىش قارا بۇلۇتلاردىن بېشارەت بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، نەۋبەتى ئۆز سوئاللىرىنىڭ قاتمۇقات چوڭقۇرلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇ-نىڭ نېگىزىدىن سىرتقى دۇنياغا — پايتەخت نىزام ـ ئەھكاملىرىغا

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 33 ـ بەت.

تۇتىشىپ تۇرىدىغان، ھالقىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان جاھىلانە بىر ئىجتىمائىي دىنىي ئادەتنى تونۇپ يەتكەندى. سوئاللارنىڭ يېشىلىپ، ئىنساننىڭ ئۆزىدىن تاشقىرى تۇرىدىغان ئىجتىمائىي كىلىمات بىلەن شەكىللەندۈرگەن قاتمۇقات مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاي- دىڭلىشىشى نەۋبەتكە تونجى قېتىم زامان ۋە پەلەك ئۇقۇمىنىڭ قېلىن پەردىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ بەھەيۋەت قەسىر- سارايلىرى ئىچىدىكى تۇرلۇك - تۇمەن سىرلارنى ئوچۇق كۆرسەتكەندى. شائىر مۇدەررىسكە بولغان ھۆرمەت - ئېپتىخارىنى ئىزچىل ساقلاپ قېلىش ھېسابىغا سۆيگۈنىدىن ۋە تىنچسىز دەريا ئېقىنىدەك چايقى- لىپ، داۋالغۇپ تۇرىدىغان پايتەخت يەركەن شەھىرىدىن ئايرىلىش قارارىغا كەلدى. مۇدەررىس ئۇنىڭغا پەقەت خەيرلىك تىلەكلىرىنىلا ئوچۇق ئېيتالىدى، ئۇنىڭ نەۋرىسى گۈلئەتتەر بىلەن شائىر ئوتتۇ- رىسىدىكى ئېشقى - مۇھەببەتنىڭ ئىقبالىغا بولغان سەممىي ئارزۇ - تىلەكلىرى گويا بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان خىجالەتكار ئايغا ئوخشاش ئۆزىنى قەلب چۇمپەردىلىرى ئىچىگە يوشۇرۇپ قال- دى. گۈزەل مەشۇق گۈلئەتتەر بولسا، لۆمشىپ تۇرغان كۆز ياشلىرى ۋە قىزىلگۈل نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئاق يىپەك ياغلىق بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ ئاھ ئۇرۇپ قالدى.

نەۋبەتى خۇرجۇننى يەلكىسىگە ئارتىپ پەرىشان ھالدا يولغا چىقتى، ئۇنىڭ يېنىدا بىرگە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ھەمساۋاق دوست بولۇشقان ئاتۇشلۇق رەھمەتۇللا قارى كېتىپ باراتتى. ئۇلار يەركەن شەھىرىنىڭ يول ئايرىلىدىغان تۆت كوچا دوقمۇشىغا كې- لىپ ئاتۇش دىيارىغا قايسى يۆنىلىش بويىچە مېڭىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇپ قالدى. قەشقەر يولى چۆل يولى بولسى- مۇ، ئەمما ئاشۇ ئامەتلىك دىيارنىڭ شۆھرىتى كىشىنىڭ دىل مەيلىنى ئۆزىگە مەھكەم تارتىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار چۆل يولىدىن، ئېنىقراقى يېڭىسار - قەشقەر يولىدىن ۋاز كېچىپ، يوپۇرغا - پەيزىئاۋات يولى بىلەن ئاتۇش دىيارىدىكى سۇلتان ساتۇق

بۇغراخان[1]قەبرىگاھىنى نىشانلاپ سەھرا ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى.
نەۋبەتى تۇنجى ئىشقىنىڭ ئىغىر ھىجران ئازابىغا بۆلەنگەن ھالدا ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن دەممۇدەم كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇڭلۇق، ئەمما يەنىلا بىر خىل شىرىنلىك بەخش ئەتكۈچى تىنىمسىز كۈيلەرنى تىڭشاپ باراتتى. ھەر نەرسە ئىنساندا ئۆزىگە خاس ۋە ئۆزىگە ماس ئىنكاس پەيدا قىلغىنىغا ئوخشاش تۇنجى ئىشقمۇ شائىر قەلبىنىڭ يەنىمۇ خىلۋەت، يەنىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئاجايىپ يورۇق ۋە ئاجايىپ نۇرانە شولىلارنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى بىر خىل مەنىسىز رىتىمدا چايقىلىپ تۇرىدىغان رېئال ھايات ئۇپۇقلىرىدىن دەس كۆتۈردى. ئۇ، ئىشقىنىڭ ئۆز قەلبىدە ئايان قىلغان غايىۋى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىگە ئەگىشىپ روھىيەتنىڭ كەڭرى ساماسىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سۇرەتلەنگىنى ئادەم بىلەن تەڭرى ئارىسىنى يورۇتقۇچى ئىشق قۇياشى، ئاشۇ ئارىدا ھايات جىلۋىلىرىگە پەۋەس تولغان ھالدا چەكسىزلىككە تۇتاشقان ئالەم سەيناسى ئىدى. ئۇ پەرۋاز قىلاتتى، ھەممە نەرسىگە مۇلايىم ھەم غەمكىن كۆزلىرى بىلەن باقاتتى، ھەممە نەرسىنى مېھىر ـ شەپقەتلىك قەلبى بىلەن باغاشلايتتى. شۇڭىمۇ شائىر ئۆزى ئۆلاشقان ھەربىر سەھرا قونالغۇلىرىدا پىنھانە جايلارغا مۆكۈنۈپ، قومۇش قەلىمىنى سىرىق خوتەن قەغىزى يۈزىدە بولۇشىچە چاپتۇرۇپ نەزم گۈللىرىنى تىزاتتى.
يول ئۇزاق ئىدى، ئىككى دوستنىڭ سۆھبەتلىرى ئىشقتىن شاخلاپ ئۆز دەۋرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىجتىمائىي، دىنىي مەسىلىلىرىگە تۇتىشاتتى. يەركەندە ئىككى يىلغا يېقىن رىيازەت چېكىشكەن بۇ بىر جۈپ قەدىناس دوستنىڭ قاراشلىرى ئىنساننىڭ كامالىتىنى قانداق قىلىپ ساقلاش ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئەڭ زىل، ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشكەنىدى. نەۋبەتىنىڭ قەلبىدە تۇنجى ئىشق قۇياشى كۆيۈپ تۇرغاچقا، ئۇ، ئۇستازى شەيخ

[1] سۇلتان ساتۇق بۇغراخان — قاراخانىيلار سۇلالىسى (870 — 1212) نىڭ ئىسلام دىنىنى تۇنجى قوبۇل قىلغان قاغانى.

نىزامىدىن كاككۈك ھەزرەتلىرىگە ئوخشاش نەزەردىن يىراق، خىلـ.
ۋەت ۋە پىنھان جايلارنى تاللاپ بېكىنىشنى خالىمايتتى، بەلكى
ئادەملەر ئارىسىدا ھۆر يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن شەكىللەندۈرگەن دىل
بىرلىكىدە خەندان ئۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭچە، ئىنساننىڭ
كامالىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىدە زاھىر بولۇپ مۇئەييەن چەككە
يەتكەن چاغدا ئۆزگىدە تەسىر پەيدا قىلاتتى، ئاندىن ئۆزگىگە باغلىـ.
نىش ۋەجىدىن ئىشق مۇقەررەرلىكى كېلىپ چىقىپ نىجادىيەتكە
قەدەم تاشلىناتتى. ئىشق ئۇلغايغانچە قەلب ئۆزىنى روشەن ۋە پاك
ئەيلەپ نىجادىيەتكە يېتىشنىڭ ئاساسىي مۇقامىنى ئىگىلەيتتى.
شۇنداق قىلىپ، ئادەم، ئۆز، ئۆزگە ۋە تەڭرى بىرلىكىدە ئېرىشـ.
كەن ئىشق كۈچى ئارقىلىق ئۆزىدىن، ئۆزىدىن تاشقىرىقى بارلىق
چەكلىمىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ نىجادىيەتكە ئۇلىشاتتى ياكى بولمىـ.
سا ئۇنى بىر مەھبۇبە سۈپىتىدە باغرىغا بېسىپ ۋىسال تاپاتتى.
ئاتۇش دىيارى قار ۋە يامغۇر سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان بوغۇز
دەرياسىغا تايىنىپ كۆكلەپ، ياشناپ تۇراتتى. تاشلىق سايدا ئاپىـ.
رىدە بولغان بۇ ئاۋات شەھەر كىشىگە ئۆز ئېگىسىـ خەلقىنىڭ
مېھنەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە تايانغان جەسۇرانە روھىنى ھېس
قىلدۇراتتى. چۆلدىن ئۇزاپ ئاتۇش بوستانلىقىغا ئۇلاشقان ئىككى
دوست كەچكە يېقىن مەشھەتكە[1] يېتىپ كېلىپ سۇلتان ساتۇق بۇغـ.
راخان تاۋاپگاھىدا تۈنەپ قالدى.
غازاڭ پەسلىنىڭ ھاۋاسى يەنىلا ئىسسىق ئىدى، بۇلۇتسىز
كۆپكۆك ئاسماندا پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى بۇ تەۋەررۇك تۇپراقتا
ياتقان دىنىي ئىسلام سەردارى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر
قاغانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان روھىغا مەڭگۈلۈك رەۋنەق چىرـ.
مىشىپ كەتكەندى. بۇ يەردە راۋاق شەكلىدە يېپىلىپ تۈۋرۈكلىرىـ.
گە نەقىش ئىشلەنگەن بىر ئېغىزلىق ئازادە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
سۇرلۇك سۇكە قەبرە ئالدىدا يىراق خوتەن دىيارىدىن كەلگەن شائىر
نەۋبەتى كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ، شۇ

[1] مەشھەت — ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسى، بۇغراخان قەبرىگاھى جايلاشقان ئورۇن.

تەرىقىدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىلىپ، بۇ ئۇلۇغ خاقاننىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۈنىڭدىن ئۆز ھالى، ئىقبالىغا خەيرىخاھىنە مەدەت، شەپقەت تىلەپ بىھوش بولدى. ئۇنىڭ چەكسىز كەتكەن جىمجىت قەلب دالىلىرىدا بىردىنلا تارىخنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك سەلتەنەتلىرى، داڭلىق مەدرىسلەر، كۇتۇپخانا ـ تىلاۋەتخانىلار، قانلىق جەڭلەر، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ قىيا ـ چۇقانلىرى، يەنە كىملەرنىڭدۇر سوزۇپ ـ سوزۇپ توۋلىغان تونجى ئەزان ئاۋازى... ئىشقىلىپ، بارلىق نەرسىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ، بىر شەجەرە ياكى تەزكىرە يىپىغا قاتار تىزىلىپ، كىچىككىنە يورىكىدىن، ئاندىن جۇپلەشكەن سارغۇچ كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ياش بولۇپ ئېقىپ چىقتى. شائىر ئاجايىپ ئىنسان، ئۇ ئاشۇ رەڭگارەڭ ئالەم ئىچىدىن ئۆزلۈك نېگىزىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت يىغىپ سۆز لىباسىدا شەكىل تۈزەتتى ـ دە، نەزم گۈللىرىنى ھۇپپىدە ئېچىلدۇرۇپ، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە خۇش ھىد تارقىتاتتى. بۇھال شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملىنىپ، شائىرنى گويا ۋەھىيكار ئەۋلىيالارغا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. شۇ ھاللاردا نەۋبەتنىڭ قەلىمى ئاپئاق بەتلەر ئۈستىدە يورغىلاپ مۇنۇ غەزەلنى نەقىشلىدى:

چىقىپ شەھرى ۋۇجۇدىدىن، تەماشايى جەھان كەلدىم،
بىفەرمانى ئىلاھى، قەترەئى سۇدىن نىھان كەلدىم.
ئىناياتى ئىلاھى، بولغان ئىركەن روزى ئەۋۋەلدە،
بىھەمدۇللاھ، مەن ئاجىز مۇھەببەت خانەدان كەلدىم.
ئۆلەر ۋەقتىمدە ئىمانىم سەلامەت ئاسراغىل، يا رەب،
بىھەققى ھۆرمەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان كەلدىم.
چىقىپ ياركەند دىيارىدىن مەنازىللارنى قەتئ ئەيلەپ،
زىيارەت قىلغالى سۇلتان سۇتۇق بۇغرايى خان كەلدىم.
مەن ئاجىز قۇلىغە پادىشاھىم رەھم ئەتكەي دەپ،
ئىمالار ماتەمىنى تۇتقالى مەن باغرى قان كەلدىم.

كېچە - كۈندۈز پىراقىدا يۈرۈرمەن دەر بەدەر ھەيران،
شەھىدلەردىن مەدەد بولغايمۇ دەپ، بىخانۇمان كەلدىم.
مەن بىچارە ئاجىز ھالىغە رەھىم ئەيلەگىل، يا رەب،
مۇرادىمنى تاپارمەن دەپ، شەھى ساھىبقىران كەلدىم.
نەمازىمنى قەزا قىلدىم كى شەيتاننى رىزا قىلدىم،
گۇناھىم شۇملۇقىدىن سارغايىپ بەرگى خەزان كەلدىم.
ياتىپدۇر نەۋبەتىكىم جەھد ئەيلەپ مەستۇ لايەئقىل،
ئۆزۈمدىن بىخەبەردۇرمەن، بۇ دەرگاھغە قاچان كەلدىم①.

## 5

پەسىللەر پەسىللەرنى قوغلاپ ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىدى. ۋاقىت ئېقىنى خۇددى كۆكۈلدىكى تۇيغۇ ئېقىنىدەك سۈرئەت ۋە دولقۇن ياساپ پىنھان ئاقىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەرىكىتى تۈرلۈك شەكىلدە ۋە ھەر خىل سىياقتا ئىز قالدۇرۇپ باراتتى. شۇڭا، ۋاقىتنى، ۋاقىت سۈرئىتىنى تەبىئەتنىڭ رەڭ ئالماشتۇرۇش تەرتىپىدىن، كۆكۈلدىكى ھازىرۇ زاھىر ئوي - تۇيغۇلارنىڭ ئەسلىملەر ئارا غۇۋالىشىپ بېرىۋاتقان ھالەتلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. تەنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇمۇ ھەم تەبىئەت تەرتىپلىرى تەركىبىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ ۋاقىت سوۋغىلىرىنى قوبۇل ئېتىپ تۇراتتى.

مەشھەتكە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان تاۋاپچىلارنىڭ، زىيارەتچىلەرنىڭ ئايىغى يىل بويى ئۈزۈلمەيتتى. كۆنلۈكى دەۋرەپ تۇرغان ئادەم توپلىرى ئىچىدە نەۋبەتى بىر مۇساپىر، شۇنداقلا يەنە شەرىئەت ۋە تەرىقەت ئىلمىگە توشقان تەقۋادار موللا سۈپىتىدە تاۋاپگاھقا قارايدىغان قېرى شەيخنىڭ دىققەت - نەزەردىگە، كەرەم - ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئاش - ناندىن،

① «دىۋانى نەۋبەتى»: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى 66 - بەت.

ئورۇن - جايدىن غەمسىز هالدا ئۆز ئوي - پىكىرلىرىنىڭ كېڭىيە-
ۋاتقان رەڭگارەڭ ئالەملىرىگە ئېچىلىۋېتتى. ئۇ كۈندۈزلىرى
قىرى شەيخنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئۇنىڭ تۈرلۈك قائىدە - يوسۇن
پائالىيەتلىرىگە هەمدەمدە بولسا، كەچلىرى قەبرىگاهنىڭ ئوڭ يې-
نىدىكى مەسچىت ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ تاۋاپ-
گاهتىكى كىتابلاردىن بەهرە ئالاتتى هەمدە شېئىرىي مىسرالارنىڭ
بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چاچرىغان ئوت ئۇچقۇنلىرىدا يورۇپ،
ساماۋى كۆكلەردە غايىبانە پەرۋاز قىلاتتى. ئۇنىڭ يازغانلىرى قەل-
بىدە تېپىچەكلەپ ئارام بەرمەيدىغان رەڭگارەڭ هېس-تۇيغۇلىرىدىن
ئاز بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىنتىلىشلىرى پەقەت شېئىر بىلەنلا
چەكلەنمىگەنىدى. ئۇ تىنىمسىز پىكىر قىلاتتى، پىكىرلەر يەشكەن
تۈگۈنلەرنى بويلاپ سەپەر قىلاتتى، كۆللى ئالەم مەۋجۇداتلىرىنىڭ
تەگرى بىلەن كېسىشىشلىرىدىن غىل - پال ئايان بولغان هەقىقەت
نۇر - جىلۋىلىرىنى هەق يادى بىلەن تاماشا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن
چەكسىز كېڭەيگەن، ئاخىرى بېرىپ تەگرىنىڭ لۇتفى - كەرەم
باغلىرىغا تۇتاشقان سىهىرلىك ئالەم گاه چېكىنتەك كىچىكلەپ
ئۇنىڭ روهىي - ۋۇجۇدىنى سىقسا، گاه چەمبەرسىمان كېڭىيىپ
ئۇنىڭ بارلىق مەۋجۇدىيىتىنى بەربات قىلىپ تاشلايتتى. شۇنداق
قىلىپ، ئۇ، شۇ دەۋر كىشىلىرى هەزەر ئەيلەيدىغان روهنىڭ
پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن هالقىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەنزىلى
كامىل ئىنسانلىق مۇقامىنىڭ مۆجىزىكار بەهرىلىرىدە تەگرى ۋەس-
لىگە يېتىش ۋە ئۇندا بارلىقنىڭ نىجادىيىتىگە قايتىشتىن ئىبارەت
بولۇپ، ئۇ بۇنى دەۋر قىلغان هالدا ئۆز - ئۆزىگە تەلىم - ساۋاق
بېرەتتى. ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزىدىن ۋە ئۆزگىدىن ئاگاهلاندۇرۇ-
شى، شۇنىڭدەك بارچە بىلەن بولغان قان- قېرىنداشلىق ئالاقىلى-
رىدە بىر پەرهىزكار، پەزىلەتكار ئالىي هايات مەقامىنى ياقلىشى
ئۇنىڭ ئەقىدە - ئىخلاس چىمەنلىرىگە ئاجايىپ جەلپكار هۆسن
بەخش ئېتەتتى.
نورۇزدىن كېيىنكى قىزىق تاۋاپ ئايلىرىدا نەۋبەتنىڭ بىر

بۆلۈك شېئىرلىرى كەڭ تارقىلىپ، بارچىنىڭ بىردەك قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن، قېرى شەيخنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۇلغىيىپ، ئىلىم دۇر-مارجانلىرىنى قەلبىگە پىنھان يوشۇرۇپ كەمتەرىن لەۋزى بىرلە خۇش پېئىل سەيلى ـ سۆھبەت ئېتىپ يۈرگەن شائىرنى رەسمىي يوسۇندا تاۋاپچىلار ئالدىغا چىقار-دى. شائىرنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، تۇرقى ـ سىياقى سۇباتلىق، مىجەز ـ تەبىئىتى چىقىشقاق بولغاچقا، ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدە بار-چىنىڭ دىل مەيلىنى ئۆزىگە مەھلىيا ئەيلەپ، كىشىلەر بىر كەلىمە سۆز لۇتفىغا زار-ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدىغان ۋائىزغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە يازغان مۇنۇ غەزىلى ھەربىر تاۋاپچىنىڭ زىكرى ـ تىلاۋەت قىبلىنامىسى بولۇپ قالغانىدى:

پادىشاھىم سىفاتىن بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز،
شاھى مەرداندۇر ئاتى بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
ئەۋلىيالار سەرۋەرى، ئەرەنلەرنىڭ جەۋھەرى،
مۇسۇلمانلار رەھبەرى، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
ئەۋلىيالار شەھبازى، مۇئمىنلەرنىڭ ھەمرازى،
بولدى شەھىدۇ غازى، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
ئاشىقىغە مەۋسۇمى گۇل، گۇل زەۋقىدە ئىچەر مۇل،
شەۋقىدە زار بۇلبۇل، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
كەلسە ئايى مۇھەررەم، بارچە تۇتۇڭلار ماتەم،
مەھشەر كۇنى يېمەس غەم، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
پادىشاھ تەۋاف قىلىڭلار، دەرگاھىغە بارىڭلار،
يامان ئىشدىن يانىڭلار، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
كەلسە ھەمە گۇنەھكار، دەرگاھىڭغە بەيەكبار،
مۇرىدلارغە بولۇڭ يار، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
رەھىم ئەيلە پادىشاھىم، سەنسەن مېنىڭ پەناھىم،
مەھشەر كۇنى گۇۋاھىم، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
رەھىم ئەيلە ئارسلانخان، مەدەد قىلغىل مۇرىدان،

مۇشكىلنى قىلغىل ئاسان، بىر لەھزە ئەيلە ۋائىز.
تاپساڭ زەمانى فۇرسەت، كىرگىل بۇ يول غەنىيمەت،
ئىچكىل تەھۇرى شەربەت، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز.
نەۋبەتىدۇر گۇنەھكار، رەھمەتىڭدىن ئۇمىدۋار،
مەھشەر كۈنى بولۇڭ يار، بىرلەھزە ئەيلە ۋائىز①.

نەۋبەتى ئەمدى كىچە ـ كۈندۈز تاۋاپچىلار ئارىسىدا ئالدىراش يۈرۈپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى تەنلەرنى چىلىق ـ چىلىق تەرلەرگە پۈركەپ سايە ـ سالقىنغا تارتاتتى، ئەمما نەۋبەتى بۇنىڭغا بىپەرۋا ھالدا كىشىلەرگە زەنجىرسىمان باغلىنىپ، مۇقەددەس بىرلىكنىڭ روھىي رىشتىسىگە ئىنتىلەتتى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ھەر يەر، ھەر جايدىن كەلگەن مۆمىن، بىچارە كىشىلەر بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ يەككە شەكلىنى يوقاتقانىدى. ئۇ بىلەتتىكى، ئىنسان ئاللانىڭ شەپقىتى ئىدى، ئۇ ئالەم بىلەن قوشۇلۇپ ئاللاغا يۈزلەنگەن چېغىدا شەپقەتنىڭ شەپقەت سۈپىتىدە قايتىش زۆرۈرلۈكى كۆرۈلەتتى. بۇ ھال ئىنساننىڭ ئۆزىدىن باشلىنىپ ئۆزگىگە قوشۇلۇش، ئۆزگىدە نىجاتلىق تېپىپ شەكىللەندۈرگەن بىرلىكلىرىنىڭ ساۋابى بىلەن ئاللاغا قوشۇلۇش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شۇڭا، شائىر ئۆزىنى تاۋاپگاھتىكى خىلمۇ خىل ئادەملەر گەۋدىسـىـىـدە كۆرۈپ پاكلانماقتا، ھۆرلۈك ۋە نىجاتلىق تاپماقتا ئىدى.

كۆز پەسلى يېتىپ كېلىپ دەل ـ دەرەخلەر سارغىيىشقا باشلىغان، تاۋاپگاھتا ئادەم خېلىلا شالاڭلاپ قالغان بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى شائىر توساتتىن ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ قالىد.

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 52 ـ بەت.

نىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن، تومۇر ـ تومۇرلىرىدىكى جىددىي تۈيغۇ ئۆركەشلىرىدىن ئۆرلەپ تۇرغان ئىشقى پىراققا قايتا چىرماش- تى. بۇ هال شائىرنى ئىشق رىشتىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە كۆرۈنگەن ئىككى سىيما، ئىككى يۇرت مەنزىرىسىگە كۆچلۈك تارتىشتۇرۇپ كۆز چاناقلىرىنى ياشقا تولدۇردى. ياقا يۇرتلاردا ئىشق ـ مۇھەببەت دەردىدە تەنها يۇرۇش، شۇنداقلا قىش مەۋسۇمىنىڭ يې- قىنلاپ بىر مۇڭلۇق يوقلۇق ئالىمىدىن شەپە بېرىشلىرى شائىرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا يارنى، يەنە جاندىن ئەزىز مېهىر ـ شەپ- قەتلىك باشپاناھ كىشىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يۇرت ـ ۋەتەن سۆيگۈ ئىشتىياقلىرىنى غايەت زور ئوت مىسالى لاۋۇلداتتى. بۇ دەملەر ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز بىر سېھرىي ئالەمنى كەڭ يېيىپ، شائىر قەلبىنىڭ بەت يۈزىدە تۇلپار كەبى چېپىشى بىلەن تەپەككۇر گۈلشىنىنىڭ خۇش ھىد ـ ئەنبەرلىرى ئىمتاس قەبرىگاھ، خانىقا سەينالىرى ئارا چېچىلدى:

دىلبەرىم، سەندەك يەنە ئارامى جانىم يوق مېنىڭ،
تال بويۇڭدەك يەنە بىر سەرۋى رەۋانىم يوق مېنىڭ.
بولماغاي ئالەمدە سەندەك مەھۋەشى، ئەي نازەنىن،
سۆزلەرى قەندىن لەزىز، شېرىن زەبانىم يوق مېنىڭ.
رەھىم قىلغىل مەن يەتىم، بىچارەگە، ئەي نازلىغ،
سەندىن ئۆزگە ھېچ يەردە مېھرىبانىم يوق مېنىڭ.
ئەۋرۇلۇپ پەرۋانەدەك شەمئى جەمالىڭ شەۋقىدە،
كۆيدى بۇ جىسمى زەئىفىم، پەرۇ بالىم يوق مېنىڭ.
ئىشىكىڭدە ياستىنىپ ئۆلسەم نە ئەرماندۇر ماڭا،
يادى ـ فىكرىم سەندەدۇر، ئۆزگە خەيالىم يوق مېنىڭ.
دادخاھلىق ئەيلەدىم مەن ئەرزى ئەھۋالىمغە يەت،
تاپمادىم، سەندىن بۆلەك بىر شەھسەۋارىم يوق مېنىڭ.
نەۋبەتى سەن يارنىڭ ئاستانەسىدە بول مۇدام،

تا تىرىكمەن، ياردىن ئۆزگە خەيالىم يوق مېنىڭ[1].

شائىرنىڭ ئىلھام ـ ھاياجان دولقۇنلىرى تېخى بېسىقمىغانىدى، ئۇنىڭ قەلب ئەينىكىدە ئايان بولغىنى مۆمىن پۇقرالارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەشتىن بۆلەك مەنىۋى يۆلەنچۈكى قالمىغان ئاچ ـ يالىڭاچ، غېرىب ھال ـ ئەھۋالى ئىدى. بۇ مەنزىرىلەر ئىچىدە كىشى كىشىگە تەلمۈرۈپ بويۇن قىساتتى، تۇرمۇشنىڭ دانىسىز خامانلىرىدا ئۆزلىرىنى ھەريان ئېتىپ نالە ـ زار قىلاتتى، قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ قان ـ يامغۇر يىغلىشاتتى. شائىرنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ پىغانى پەلەككە يەتتى. ئۇ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆككىنىچە ئەمدىلا سىياھدانغا چۆكۈرۈپ قويغان قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، قەلبىدىن بىر ئەزىم دەريا مىسالى قىيانلاپ تېشىۋاتقان پىغانلىق ناۋالىرىنى مىسرالارغا تىزىشقا باشلىدى:

رەھىم ئەيلەپ بەندەنى، يا رەب، بەلادىن قىل خەلاس،
مىھنەتى ئەندۇھۇ غەم كۈللى خەتادىن قىل خەلاس.
بىرلىكىڭ ھەققى بەلانى دەفئ ئەيلە، ئەي كەرىم،
ئاسرابان ھىفزى ئەمانىڭدا قەزادىن قىل خەلاس.
كۇفر ئېلى تۇتتى جەھاننى ئەيلەدى زۇلمۇ سىتەم،
ئەنبىيالار ھۆرمەتى زۇلمۇ جەفادىن قىل خەلاس.
ئاجىزۇ بىچارەلەرگە رەھىم قىلغىل، ئەي ئىلاھ،
بارچە مۇئمىنلەرنى ئول قىزىل جىلادىن قىل خەلاس.
رەھمەتىڭ بىرلە گۇنەھلەرنى كەچۈرگىل، ئەي رەھىم،
ھەم خەتاۋۇ غەفلەتى ئەجىب رىيادىن قىل خەلاس.
ئاسراغىل، يا رەبكى، ئول شەيتانى مەلئۇن شەررىدىن،
بارچە مۇئمىن بەندەنى نەفسى ھەۋادىن قىل خەلاس.

---

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 62 ـ بەت.

يىغلابان ھەر سائەتى تەۋبە قىلىڭلار، نەۋبەتى،
بەندەنى شەيتان لەئىن شۇم بىھەيادىن قىل خەلاس.[1]

ئاندىن ئۇنى ھۆسنخەت گۈلدەستىلىرىدە نەقىشلەپ بۇغراخان تاۋاپگاھىنىڭ باش شەيخى، ئۆزىنىڭ مېھرىبان باشپاناھى موللا ئابدۇرەشىد قارى ئاخۇنۇمغا يادىكار قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قايتىشقا ئىجازەت سوراپ سۆز ئالدى:

— ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ئۇشبۇ تاۋاپگاھقا يېتىپ ئۆزلىرىنىڭ مېھىر - شەپقەت ئاپتاپلىرىدا دىلىم يورۇپ مۇرادىم ھاسىل بولدى. سىلىنى ئۆز ئاتامدەك، تاۋاپگاھنى ئۆز ئۆيۈمدەك كۆرۈپ جاھاننىڭ غەم - غۇسسىلىرىدىن خالاس تېپىپ قالغان بىر چاغدا، ھىممەت - ئىلتىپاتلىرىغا لايىق جاۋاب قايتۇرالماي قايتىش قارارىغا كەلگىنىمگە خىجالەت تارتىپ تۇرۇپتىمەن. تۇغۇلماقنىڭ كەينىدە ئۆلمەك، كەلمەكنىڭ كەينىدە يانماق بىرئەزەلىي قانۇنىيەت سۈپىتىدە ئاللانىڭ تەقدىر - يازمىشلىرىغا پۈتۈلگىنى ئۈچۈن، ئالدىلىرىغا ئىجازەت سوراپ كەلدىم، كەمىنە مۇساپىر ئوغۇللىرىنىڭ لاياقەتسىزلىكىنى ئەپۇ قىلغايلا، شەيخ ئاتا! — نەۋبەتى كۆزلىرىنى شەيختىن ئېلىپ يەر ئۈزرە باققىنىچە سۈكۈتكە چۆمدى. شەيخ نەۋبەتىگە يېقىنلاشتىن بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن، قەددىنى رۇسلاپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى:

— ساڭا نەزەرىم چۈشكەن سائەتلەردىن باشلاپ سېنى يېنىمدا تۇتۇپ قېلىپ بالا قىلىۋېلىش ئويىنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئەپسۇس، بۇ ئويىنىڭ ساددا خىيال ئىكەنلىكىنى كېيىنچە بىلدىمكى، سەن ماكانسىز جاھانكەزدى، ئىگە - چاقىسىز يېتىم - يېسىرلاردىن ۋە ياكى تەييارتاپ، جانباقتى كەلگۈندىلەردىن ئەمەس، بەلكى بىر ئېسىل نەسەب - جەمەتنىڭ پەزىلەتكار پەرۋىشلىرىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ كامالەت پەللىلىرىگە يېقىنلاشقان لاياقەتلىك موللا - شا-

---

[1] «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى 49 - بەت.

ئىرلاردىن بولۇپ چىقتىڭ. شۇ تۇرقى ـ ھالەتلىرىڭدە ماڭا مىر ئەلشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن»[1] ھېكايەتلىرىدىكى چىن[2] شاھزادىسى پەرھادنى ئەسلىتىپ كۆڭلۈمنى چەكسىز شادلىق ـ ئىپتىخار ئىلكىدە چايقىدىڭ. پىنھانلاردا تۆككەن كۆز ياشلىرىڭدىن باتىنىڭغا نەزەر سېلىپ ئۇنىڭدا ئىشق ئوت ـ گۈلخانلىرىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، تاۋاپگاھقا كېلىش — سەير ـ سەپەر رايىڭنىڭ ئىشق دەردۇ ھىجرانلىرى ۋەجىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. تەقدىرىڭنىڭ ئەزەلىي شامىمۇ بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ نەزەرى چۈشكەن مېھرى ئىسسىق خوتەن دىياردا ئاجايىپ پارلاق ۋە نۇرانە كۆرۈندى. شۇڭا، سېنى تۇتۇپ قالالمايدىغانلىقىمغا، ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىسىنىڭ ھامان ئۆز ئۇۋىسىنى تاپىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ، سۈكۈت قىلىپ كەلگەنىدىم. ساڭا ئىجازەت ـ رازىلىق بېرىمەن، ئوغلۇم، قارارىڭدىن خىجالەت تارتىپ، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئەيىبلەپ غەمكىن بولمىغايسەن. ماڭا قىلغان مىننەتسىز ياردەملىرىڭ، تاۋاپگاھتا تەرلەپ پىششىپ، رەنج ـ رىيازەتلەر چېكىپ تاپقان ساۋابلىرىڭ ھەرگىزمۇ ئازلىق قىلمايدۇ. بۇ ساۋابلىرىڭ بىلەن مۇراد ـ مەقسەتلىرىڭ ھاسىل بولۇپ، ۋىسال باغى ـ چىمەنلىرىدە شادىمان كۈلگەيسەن، — شەيخ دۇئادىن ئالغان قوللىرى بىلەن نەۋبەتنىڭ ھاياجان ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، — ھامان بىر كۈنى قايتىش قارارىدا بۇ غېرىب كۈلبەمگە كېلىدىغىنىڭنى پەملەپ ئازراق يوللۇق تەييارلاپ قويغانىدىم، — دېدى ۋە ئۇلۇك يېنىدا قاتلاقلىق تۇرغان قارا تونىنى نەۋبەتكە كىيدۈرۈپ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتتى. نەۋبەتى شەيخنىڭ ئۆز قەلبىدە ھەممىنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرىدىغان، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار، تەقدىر بېشارەتلىرىگە كامىل، ھەق يادىغا ھېرىس، ئىلىم ـ ھېكمەتكە باشپاناھ تەقۋادار ئۆلىما ئىكەنلىكىدىن

① «خەمسە نەۋائىي» دىكى «پەرھاد ۋە شىرىن» داستانى.
② خوتەننىڭ تارىخىي ۋە گەدەبىي ئاتىلىشى.

چىن ئىخلاسى بىرلە پەخىرلەندى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ سوۋغا سۈپىتىدە تۇتقان ئىتىنى، پۇل ـ پۇچەكلىرىنى سىلىق رەت قىلىپ «ئۆزلىرىنى جوۋتىنىشقا ئەمدى مېنىڭ ھەددىم ئەمەس، مۆھتەرەم ئاتا» دېگىنىچە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى. تاۋاپگاھ دەرۋازىسى ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا توپلاشقان كىشىلەر ئۆزلىرىدىن يىراقلاپ دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدىكى سەھرا يولىدا غايىب بولغان ئاشىق سۈپەت شائىرغا قاراپ خېلىغىچە سۈكۈتتە تۇرۇشقاندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشتى.

ئىكساقتا[1] شائىرنىڭ قايتىش خەۋىرىنى ئېلىپ مەشھەتكە قاراپ كېلىۋاتقان رەھمەتۇللا قارى شائىر بىلەن بوغۇز دەرياسىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدە ئۇچرىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ دىدار ۋىسالىغا ئېرىشتى. شائىر ھەمساۋاق دوستى رەھمەتۇللا قارىنىڭ ئۆزىگە ئاتاپ يوللۇق تۇتۇپ ئەكەلگەن قارا ئېشىكىگە مىنىپ ئۇزاققا سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرى باغرىدىكى تاشلىق كارۋان يولىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

قاتارلىشىپ، سوڭدىشىپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ دوست يول بويى قىزغىن سۆھبەتلەر قىلىشىپ ئالەمنىڭ بىپايان كەتكەن قوينى، ھاۋاسى ۋە ئۇنىڭدا ھەر ۋاقىت، ھەر سائەت يۈز بېرىۋاتقان مۆجىزىلىك ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە پىكىر قۇشلىرىنى بولۇشىچە پەرۋاز ئەتكۈزۈشتى. بوشلۇق سۈپسۈزۈك، ھاۋا ئىللىق، يېقىشلىق ئىدى. قەلبلەر بولسا، ئاشۇ بوشلۇق ۋە ھاۋا بىلەن ئۆزئارا يۇغۇرۇلغان ھالدا مىسلىسىز دەرىجىدە كېڭىيىپ ئۆز خۇلقىغا ماس رەۋىشتە شەيئى، مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچكى سىرۇ ھېكمىتىگە ئۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇلار ھاياجانلىناتتى، ھاياجان تۈرتكەن ھەربىر سۆز دۇر ـ مارجانلىرىدا ئالەمنىڭ ئادەمگە باغلىق بولمىغان سىرلىق ئايلىنىش ۋە دەۋر قىلىش قانۇنىيەتلىرى ئايان بولاتتى. ئارقىدىنلا ئۇلار ئىنسان ھاياتلىقىغا ئورۇن، بەھرە بەرگۈچى ئالەم ئېتىكىنىڭ تارلىقى، ئىنسان نىجاتلىقىنىڭ غوۋا، گىرىمسەن مەنزىلى ۋە رىيا-

---

① ئىكساق — ئاتۇشنىڭ ئىكساق يېزىسى.

كارلىق زۇلۇمىنىڭ سۆڭەككە يەتكەن دەردۇ ھەسرەتلىرى ئۇستىـ
دىن شىكايەت قىلىشتى. ئۇلار يولدا بىرنەچچە رەت تېرىمچى مۇ-
ساپىرلارنى ھەيدەپ ماڭغان ئەمىر ـ لەشكەر، بەگ ـ سىپاھ-
لارنى ئۇچرىتىشتى، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلي يۇرت ـ مەھەللىلىرىدىن
زورمۇزور ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىنىپ شىمال يايلاقلىرىغا ھەيدەپ
ئەكېتىلىۋاتقان ئاشۇ مۇساپىر دېھقانلارنىڭ دەردۇ غەم يېغىپ تۇر-
غان سولغۇن چېھرى ۋە ئاچچىق قان ـ ياشلىرى قېتىپ قالغان
قاپقارا گۇنىسىز كۆزلىرى شائىرنىڭ جەڭگاھ مىسالى سۇرەن ـ
چۇقانلارغا تولغان قەلب خىلۋەتلىرىگە مەڭگۇلۇك داغ، جاراھەت
ئىزلىرىنى قالدۇردى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان مەھەلدە ئۇلار كارۋان يولىغا يېقىن
جايدا مەيىن چايقىلىپ تۇرغان شېكەركۆل[1] بويىغا يېتىپ، ئېشەك-
لىرىدىن چۈشتى ۋە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۇزاقىچە ئۈن-
تىنسىز تۇرۇپ قېلىشتى. ئايرىلىش ـ جۇدالىق دەردلىرى قەلبىنى
ئۆرتەپ تۇرغان قەدىردانلار بىر ھازادىن كېيىن خۇددى قانات
قاققان لاچىنغا ئوخشاش قوللىرىنى كەڭ كېرىپ بىر ـ بىرىنىڭ
باغرىغا مەھكەم يېپىشتى. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى دۇپۇلدەپ سو-
قۇپ، قەلب كۆللىرىدە سۇزۇلگەن چىن دوستلۇق ئابىكەۋسەرلىرى
كۆز ئېچىقلىرىدىن تېشىپ يامراپ چىقتى. شائىرغا ھەۋەس باغلاپ
كۆڭلىدە پەخري ھېسلىرى سەل ـ كەلكۈن ھاسىل قىلغان رەھمە-
تۇللا قارى كۆل بويلاپ جەنۇبتىكى پەيزاۋات بوستانلىقىغا قوشۇلۇپ
كېتىۋاتقان شائىر نەۋبەتىنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇرغاندىن
كېيىن، ئېشىكىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ مەغرىب تامان — ئانا
دىيار ئاتۇش تامان يۈرۈپ كەتتى.

6

يەركەن شەھىرى ئاۋۋالقىغا ئوخشاش باش كۈز مەنزىرىسى
ئىلكىدە غېرىبانە چايقىلىپ تۇراتتى. ئىشق دەردىدە سولۇپ خېلىلا

[1] شېكەركۆل — ئاتۇش ـ ئاقسۇ كارۋان يولىدىن پەيزاۋات يېزىلىرىغا قايرىلىدىغان جايدىكى تۇزلۇق كۆل.

www.uyghurkitap.com

ياداپ كەتكەن، ئەمما بىر جۈپ كۆپكۆك ئورا كۆزلىرىدىن
ئوت - ئۇچقۇن يېنىپ تۇرىدىغان زىلۋا، سۇباتلىق شائىرنىڭ
تۇيۇقسىز ئىشىكتە پەيدا بولۇشى مۇدەررىس پازىلئاخۇن ھەقىقىي-
نىڭ ئۈمىد شامىنى يالقۇنجىتىپ، ئۆي ئىچى گويا بىر غايىب نۇر
سېھرىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغى-
نىغا بىرنەچچە ئايلار بولغان مۇدەررىس نەۋبەتنىڭ قوللىرىنى
سىقىپ تۇرۇپ بوغۇق ئاۋازى بىلەن بوشقىنە شىۋىرلىدى:
— سېنى ئاتۇش زىيارىتىدىن توسۇمىغان گۇناھ مەندە، شۇنچە
يېشىمغىچە غەپلەت ئىلكىدە بىخۇد يۈرگىنىمگە تۇۋا قىلىمەن،
تۇۋا! سېنىڭ بۇغراخان تاۋاپگاھىدىن تاۋاپچىلار ئارقىلىق يوللىغان
شېئىرىي مەكتۇپىڭ يا ماڭا، يا نامە ئىگىسى نەۋرەم گۈلئەتتەرگە
ئەمەس، بەلكى نەق ئۇنىڭ ئاتىسى، ئوغلۇم ئابدۇلھەمىتنىڭ قولىغا
چۈشۈپ ئۆي ئىچى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئازغۇن ھايۋان
ئۆز پۇشتىدىن بولغان غۇنچە يەڭلىغ پەرىشتە قىزىنى ئاستانە قازى-
سىنىڭ بىكار تەلەپ، قىمارۋاز ئوغلىغا ياتلىق قىلىشقا رازىلىق
بېرىپ قويغاچقا، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بېشىمىزغا دوق - دەشنام
تاغلىرى يېقىلىپ يېگىنىمىز ئاش - نان ئەمەس، ئوغا - زەھەر
بولدى. بۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭدە خاتا چۈشىنىش بولمىسۇن، بالام،
ساڭا ئەيىب ئارتقىنىم يوق، سەندە نە گۇناھ ...، — بوۋاي
سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، نەۋبەتنىڭ ئىزا ۋە بەختسىزلىك
شەپىلىرىدىن ئوت ئېلىپ قىزىرىپ كەتكەن چېھرى ئۆسكىلەڭ
قوڭۇر چاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈندى، ئۆي ئىچى شۇ ھالدا خۇد-
دى كەچكى شەپەق ئولتۇرغان گۈگۈم - زاۋال مەزگىلىگە
ئوخشاپلا قالغانىدى. ئىچكەركى ھوجرىدىن ئاستا شىپىرلاپ چىققان
گۈلئەتتەر گۈگۈمنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن تولۇن ئاي مىسال
ھەممىگە باشقىچە بىر ھاياتىي جىلۋىدارلىق بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ
بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى نەۋبەتنىڭ كۆزلى-
رى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزلىرىنى بىر- بىرىگە تەسەددۇق ئەيلىگەن-
دىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا ۋىسال كۆكلىرىگە ئۆرلەپ بىر پۈتۈن-

لمۇك ھاسىل قىلدى. بۇ جەريان كۆزنىڭ ياردىمىدە، ئۇنىڭ ئىچكى چوڭقۇرلۇقىدىن تېشىپ، ئۇچۇپ چىققان ئىشقى ئىستەكلەرنىڭ پەرۋازىدا ۋە ئۇلارنىڭ روھەن گىرەلىشىشلىرىدە ئىشقا ئاشقانلىقى ئۈچۈن، كۆز تەننىي ۋاستە سۈپىتىدە ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ روھقا، روھنىڭ بۇ ئاجايىپ شېرىن ۋىسال دەملىرىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئۇلار كۆزگە موھتاج ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ تۈگمەس ئىشقى سۆھبەتلىرى پەقەت قەلب كۆزى ۋە بىئىختىيار روي بېرىدىغان ھەرىكەت بېشارەتلىرىگە ئورالغان سېزىملىرى ئار-قىلىق داۋاملىشىپ باراتتى. شۇ ۋەجىدىن گۈلئەتتەرنىڭ تۈيۈقسىز بوۋىسىغا يېپىشىپ يىغلاشلىرىمۇ نەۋبەتنىڭ كۆڭلىدە باشقىچە بىر ھالدا سۈرەتلەندى ـ دە، ئۆزىنى بوۋاينىڭ ئورنىغا قويۇپ مەشۇقى-نىڭ ئىللىق تەپتى ـ ھاراريتىدىن ھۇزۇر سۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى ...

سۆيگۈ ۋىسالى ئاشىقلارغا نىسبەتەن تولىمۇ غايىۋى ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ شېرىنلىكى، ئۇزاققىچە داۋام ئېتىپ دىل چىمەند-نى كۆكلىتىپ ياشنىتىپ تۇرۇشلىرى دەل ئۇنىڭ ئاشىق قەلبىدە تۈمەنلىگەن خىيال ۋە ئارزۇ ـ ئىستەكلەرگە چىرمىشىپ غايىۋى-لەشكەنلىكىدە. ناۋادا ئىنسان سۆيگۈ ۋە سۆيگۈ ۋىسالىنىڭ مۇنداق غايىۋى قىسمىنى چەكلىگەندە، ئۇ پەقەتكىنە تەننىي يېقىنچىلىقنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ چەكسىز سېھرىي گۈزەللىكى-نى، ئالەمچە سىرلىق كۈچ ـ قۇدرەتلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ. سۆيگۈ ۋىسالىدىن غايىبانە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېلىپ ئۆزىدىكى نومۇس ـ ئىزا تونۇرىدىن تارتىپ چىققان نەۋبەتى بوۋايغا ئۆززە ئېيتىپ تەسكىن ـ تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، دەرھال تومۇر تۇتۇپ كېسەلنى دەڭسىدى، ئاندىن قەغەزگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ ئالدىراشلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

نەۋبەتى ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن تېبابەت ئىلمىگە ئاساسەن دورا تەييارلاش ئۇسۇلى بويىچە ياسىغان دورىلىرى بوۋايغا ناھايىتى تېز تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى ئون كۈنگە بارمايلا ئورنىدىن دەس تۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئالىدىسى

غۇزدى. ئەپسۇس، ئىشق كوچىسىدا تەڭقىسلىق تارتىپ تۇرغان نەۋبەتى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ۋاقتىنچە قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدى ۋە ئۇنى بوۋايغا ئوچۇق ئىزھار قىلدى:

— كەمىنە ئوغۇللىرى لاياقەتسىزلىكىم تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىگە كۆپتىن كۆپ جەبىر ـ جاپا، رەنج ـ ئەلەملەر كەلتۈرۈپ، كۆڭۈللىرىنى ناشاد ئەيلىگىنىم ئۈچۈن ئىزا ئوتلىرى ئىچىدە تۇرىۋاتىمەن. ماڭا قايتماقتىن، ئالەمنىڭ جۇدۇن ھاۋاسىغا يۈز تۇتۇپ تەسكىن ـ تەسەللى تاپماقتىن ئۆزگە بىرەر چارە ـ ئامال تېپىلمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتامنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ ياقا يۇرتلاردا جاھان كېزىپ يۈرگىنىمنىڭ ئۆزىمۇ پەرزەنتلىك بۇرچۇم يېقىدىن ئېغىر گۇناھقا ياتۇر...

گەپنىڭ ئاخىرى ئۇزۇلمەي ئىچكىرىكى ھۇجرىدا تاماققا قوپقان گۈلئەتتەرنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇدەررىس نەۋبەتىنىڭ ئۆزگە ئېتىقانلىرىنىڭ ماھىيەتتە گۈلئەتتەرگە نىشانەن ئېيتقانلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، شائىرنىڭ سۆزلىرىنى بۆلۈۋېتىشنى ئەدەپ يۈزىسىدىن مۇۋاپىق كۆرمەي سۈكۈت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ سۆزدىن توختاپ ئوت ئىچىدىكى قىلدەك تولغىنىپ ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي تەمتىرەپ قالغان شائىرنىڭ باشلىرىنى سىلاپ ئېيتتى:

— قايتىش خىيالىڭ كۆڭلىمىزگە خوپ كەلمىسىمۇ، بىراق ھەر ئىشنىڭ چارە ـ ئامالىغا ئەقىل ۋە ۋاقىت خىراجى كېتۇر. مەن پازىلئاخۇن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، پەرىشتە قىزىمنى پەسەنددىلەرگە يېقىن يولاتمىغايمەن. ئاللا ئىگەم بەخت ـ تەلىيىڭلارنى بەرسۇن، باللىرىم، — بوۋاي نەۋبەتىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ باغرىغا چىڭ باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. بۇ، ئۇمىد، ئېچىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن تەڭقىس يىغا ئىدى. ئۇنىڭدا ئىنسان باللىرىنىڭ ئۆزگە، ئۆزىنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە ئىنتىلىش يولىدىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ بىر خىل تەسەللى ۋە خەيرىخاھلىق مەنىلىرىدە دىل چىمەنىنى

سوغىرىپ، ياشنىتىپ باراتتى.
بىر خىل تېز سۈرئەتتە يورغىلاپ كېتىۋاتقان قارا ئېشەك ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ ئوي ـ خىيالى تۈنجى ئىشقىنىڭ ھىجران كۈيىدە سىلكىنىپ ئەسلىي دائىرىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئالغا قاراپ قېتىپ قالغان كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلالمايتتى، بارلىق ئۇنىڭ قەلب كۆزلىرىدە زاھىر بولۇپ، چېقىندەك چېقىلىپ يورۇقلۇق تارقىتاتتى ۋە ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىپ، قاماللاپ باراتتى. بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ گۆگۈم پەردىسى ئەنچىگە چۆككەن ئازابلىق قەلبىنىڭ گىرىمسەن ئېتەكلىرى ھەربىر چېقىن تارقاتقان يورۇقلۇق بەھرىدە روشەنلەشكەنسېرى، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى زاھىرىي ئالەمنىڭ قاتمۇقات سىر ـ مۇئەممالىرى يېشىلىپ كېڭىيەتتى ۋە شائىرنى ئۆز بوشلۇقىدا ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. شائىر تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا چۆچۈيتتى، ئىزا، رەشىك ۋە گۇمان دۇت ـ يالقۇنلىرىدا داغلىناتتى. ئاشۇ تۇيغۇلارنىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە نىسبەتەن ھاسىل قىلغان ئىنسان ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىكى قاراشلىرى بارا ـ بارا لېيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئىنساننىڭ ئىنتايىن ئاجىز، ئىنتايىن بىچارە مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلىشقا ۋە ئۆز نىجاتلىقىنى زاماندىن ھالقىغان تەڭرى كەڭلىكىدىن ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. ئەمەلىيەتتە، شائىر ئۆزىدىن، ئۆز زامانىدىن ھالقىشنى خېلى بۇرۇنلا باشلىغان، بۇ ھال ئۇنىڭدا ئالەملىك ئوي ـ خىيالنىڭ دەسلەپكى چېچەكلىرىنى شېئىر ـ نەزم سۈپەتلىرىدە ئېچىلدۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانغا بولغان ئىشق تۇپەيلى ئۇ ئۆزىگە، ئۆزىنى قاماللاپ تارتىپ تۇرغان زامان ئىچىگە قايتىپ كەلگەنىدى. يەنى ئۇ ھالقىش دائىرىسىدە يەتكەن تەڭرى ئىشقىدىن ئىنسان ئىشقىغا قايتىپ، ئۇنىڭ ۋىسالى ئۈچۈن زامان ئىشكىدىن كىرگەن ۋە زامان سۈپەتلىك كۆيۈش جەريانىنى باشلىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئىشق رىشتىسىنىڭ يەنە بىر ئۇچى تەڭرىنىڭ ۋىسالىغا تۇتىشاتتى. شائىر ئۈچۈن، شۇنىڭدەك ھەربىر ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ھايات

مۇشۇ خىل قانۇنىيەت بويىچە داۋام ئېتىپ، ئىشقىنىڭ ئۆزلۈك ۋە يوقلۇق (ئىلاھىيلىق) تىن ئىبارەت ئىككى خىل قۇتۇپى ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز چايقىلىپ تۇرغاچقا، ھەرجانىنىڭ ھايات لەۋھەسى مۇ- قەررەر يوسۇندا سەرسان ـ سەرگەردانلىق بىلەن پۈتۈلۈپ، رەڭدار كەچمىش ـ سەرگۈزەشت بېزەكلىرى بىلەن بېزىلەتتى. ھاياتتا ئەزەلدىن تۈپتۈز يول بولغان ئەمەس، ھاياتنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل چىغىر يوللىرىدىكى ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك مۇساپىلەر، يولۇچىغا نىسبەتەن ھامان تەكرار جەريان بولۇپ قال- غاچقا، ئۆزلۈك نۇقتىسىدىن باشلىنىپ تەڭرى نۇقتىسىدا ئاخىرلى- شىدىغان ئۆمۈر مۇساپىسىدە ئىنساننىڭ ئىشق ۋەجى ئارقىلىق ئىگىلەيدىغىنى غايىۋى رەۋىشتە چىراي ئاچىدىغان ۋىسال شادلىقى بولماي چىقىدۇ.

ئىنسان قىسمەتلەر زەنجىرىنى تۈزگۈچى ئىجتىمائىي تائىپە سۈپىتىدە ئۆز ئامەتلىرىنىڭ سۈزۈك ئىمكانىنى قائىدە ـ يوسۇن تەرتىپلىرىدە قىسىپ بىقارار بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا ھالقىش خاراك- تېرلىك چەكسىزلىككە ئېرىشىپ تەڭرى گەۋدىسىگە ئۇيۇشىدۇ. بۇ، مەقسەت ۋە ئىشق جەريانى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزىدىن تاشقى- رى ئالەم بىلەن بولغان يوشۇرۇن رىشتىسىگە ۋە پىنھان سۆھبەتلى- رىگە چېتىلىدۇ. ئادەمنى ئۇنىڭ يارىلىش سەۋەبلىرىدىن ئېنىقلى- غاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەسلىدە بىر خىل ئاقىلانە مەقسەت ۋە مۇقەررەر ئىشق ۋەجى ئارقىسىدا زاھىرلىقى روشەنلىشىدۇ. شۇڭا، ئادەم تەڭرى گەۋدىسىدە تەڭرى ۋەسلىگە چېتىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئەس- لىي ۋە ئەزەلىي مەقسەت ئۈستىدىكى پەرۋازى ئالەمگە بىمالال قويۇپ بەرگەندە كامىللىق مەنزىللىرىنى ئىدراك قىلالايدۇ. تەڭرى ۋەسلى زاھىرىي ئالەمدە تەبىئەتنىڭ گۈزەل نەمۇنىلىرىنى دائىرىلى- سە، باتىنىي ئالەمدە قەلب مۆجىزىلىرىنى ئۆز دائىرىسى ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەڭرى — ئادەم ۋە ئالەمنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تاكامۇللۇقىغا سىمۋوللۇق ئىمكانىيەت بېرىپ، ۋىسال- نى ئاشۇ ئىككى دائىرىنىڭ بىرلىكىدىكى ئوچۇق بەھرىلەردىن ئىما

قىلىدۇ...

يول ئۈستىدىكى شائىر بەئەينى بىر پەرۋازدىكى قۇشنىڭ ئۆزى ئىدى. يۈز - كۆزلىرىنى سۆيۈپ، ئۆسكىلەڭ بۇزغۇر چاچلىرىنى ئويناپ ئۆتكەن كۈز شاماللىرى ئۇنى روھ ئەۋجلىرىگىچە كۆتۈرۈلگەن تۇيغۇ دولقۇنلىرىدا بىر خىل سىرلىق ئىلاھىي نەپەسكە قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشتۇرۇپ باراتتى. سارغايغان تەبىئەت ئۇنىڭ سارغايغان ئۈمىد - ئىستەكلىرىگە ئوخشاش مۇڭلۇق كۈي تۆكۈپ، ئۇنى ئاشۇ سىرلىق، ئاشۇ پىنهانە ئىلاھىي نەپەسنىڭ ئوتلۇق رىشتىگە تارتىپ ماڭماقتا ئىدى. بۇ رىشتىنىڭ شائىرغا ئەڭ يېقىن بىر تەرىپىدە گۈزەل مەشۇق گۈلئەتتەرنىڭ سۆيۈملۈك ئوبرازى جىلۋىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىگە، هاياتقا، دۇنيانىڭ گۈزەل، مەپتۇنكار بۆلەكلىرىگە ئۈندەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ رېئال ۋىسال هۇزۇرىنى تاڭ ئاتماس كېچىگە ئوخشاش ئېغىر ۋە ئۇزاق بىر زۇلمەت پەردىسى توسۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا ئىنسانىنىڭ ئۆزلۈك قۇدرەت - كامالىدىن تارقىغۇچى نۇر - زىيالارغا هەم ئىمكان يوق ئىدى. شۇڭىمۇ شائىر قەلبىدە ئىلتىجا تەرىزىدە سۈرەتلەنگىنى ئىنسانىنىڭ نىجادلىق باغى ئېرەملىرى، هەق - ئادالەت، تەڭ - باراۋەرلىك قۇياشى هامىي بولغان سائادەتلىك ئىزگۇ هايات تاڭلىرى ئىدى. شائىر ئاشۇ تاڭ پەيتلىرىدە بۇلبۇل مىسال شوخ خەندان ئۇرۇپ، چاڭ كەلتۈرۈپ سايراشنى، دۇنيانىڭ گۈزەل باغۇ بوستانلىرىدا ئۆز مەشۇقى بىلەن خۇشال ئويناپ كۈلۈشنى، ۋىسال دەرياسىدا بېلىقتەك ئەركىن ئۈزۈپ شېرىن هۇزۇر سۈرۈشنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرى ئۆزىدىن هالقىپ، بىۋاپا دۇنيانىڭ تار، قىستاڭ ۋە مەهكۇم كوچىلىرىدا يار ۋەسلى - دىدارى ئۈچۈن مۇڭلىنىپ دەرد - هەسرەت چېكىپ يۈرگەن بىچارە ئاشىق - مەشۇقلارغا تۇتاشقان دەملەردە، ئىنتىزارلىق هاياجانلىرى قەلبىدىن شىددەتلىك تېشىپ پۈتكۈل ئەزايى - ۋۇجۇدىنى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئېشىكىنىڭ نوقتىسىنى كۈچ بىلەن تارتىپ قومۇش قەلىمىنى قولىغا ئالدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەھ، نەخۇشتۇر، كىمكى يارى بىرلە تۇرسە يانداشىپ،
مېھرىبانلىق ئەيلەبان تاۋۇسى مەستدەك ئويناشىپ.
ئىلكىنى سالسە گىرە ئەيلەپ ئانىڭكى بويىنغە،
ئىشقىپېچاندەك بولۇپ تالدەك بويىغە چىرماشىپ.
بادەئى ئىشقى مۇھەببەت نۇش ئەيلەپ كەيفىدە،
غەنچەئى خەندان لەبىنى بۇسە ئەيلەپ يىلداشىپ.
ئاشىقى مەئشۇقى بىرلە ۋەسل بولسە ھەر زەمان،
ئۇنسۇ ئۇلفەت ئەيلەبان سۇھبەت قىلۇرلار مۇڭداشىپ.
بولماغاي ھەرگىز جۇدالىق دەردىدىن دۇشۋاررااق،
سائەتى بىر ـ بىردىن ئايرىلسە يۇرۇرلەر يىغلاشىپ.
خۇس ھۇزۇرىدۇر كىشىگە ئىشرەت ئەيلەپ ھەر كېچە،
ئىككى ئاشىق بىر بولۇپ بەستە گىرىھلەرنى شېشىپ.
سىدقۇ ئىخلاسى بىلە تائەت ـ ئىبادەت ئەيلەسە،
روزى مەھشەردە يۇرۇرلەركىم بىلىقدەك سويلاشىپ.
ئاشىقى سادىق ئېرۇر سەن قىل خۇداغە بەندەلىك،
تاڭلا جەننەت ئىچرە ھۇر بىرلە يۇرۇرسەن تويلاشىپ.
جەھد ئەيلە، بولما غافىل، تەۋبە قىل، ئەي نەۋبەتى،
جۇرمۇ ئىسيان تەقسىراتىڭ ئۆتتى ھەددىدىن ئاشىپ[①].

ئەپسۇس، شائىرنىڭ باغرىغا بېسىپ ئۆز كۆڭلىنى كۆتۈرگىنى شېرىن ئارزۇ ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر پارچە غەزەللا ئىدى. ئىلھام تەسىرىدە پەيدا بولغان شېرىن مىنۇتلارنىڭ پەيزى ئۇزاققا بارمىدى، شائىر ئەتراپقا مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن نەزەر سېلىپ ناھايىتى تېزلا ئاۋۋالقى پەرىشان ھالىغا قايتتى. ئازاب، ئەمدى ئۇنى تېخىمۇ كۆچلۈك قىزدۇرۇپ، لاخشىگىر بىلەن قىسىپ سەندەل ئۈستىگە قوندۇرۇپ، بازغانلىرى بىلەن ئۇرۇپ يانجىشقا باشلىدى. ئۆزلۈكتە يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەر ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقار-

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 17 ـ بەت.

غان ئىغىر ھىجران ئازابى شائىرنى ئىشق رىشتىسىنىڭ يەنە بىر
تەرىپىدە مەۋھۇم جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان تەڭرى ۋەسلىگە تۇرتۇپ
كامىل ئىنسان سىيماسىنى شەرتلىك يوسۇندا نۇرلاندۇرغاندا، شا-
ئىر قەلبىدە ئاجايىپ پارلاق بىر چېقىن چېقىلغاندەك بولدى. ئۇ
ئىتتىك ئۆزىگە كېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە بىر قۇر سەپسالغاندىن
كېيىن ئېشىكىگە كۇچەپ قامچا ئۇردى.
ئېشەك ئۇستىدە تىك ئولتۇرۇپ خوتەن مەنزىلىگە، شۇنىڭدەك
ئۆزىنىڭ مەنىۋى كامالەت پەللىلىرىگە ئىنتىلىپ تاشقىنلاپ كېتىد-
ۋاتقان شائىر نەۋبەتى شۇ تاپتا بەئەينى زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچى-
لەردە گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان يېگانە ئوت ـ گۇلخانغىلا ئوخشايتتى.
شۇ ھالدا ئۇ ئەتراپقا كۇچەپ يالقۇن ۋە يورۇقلۇق تارقىتاتتى،
قاپقارا تىنىق بوشلۇقنىڭ سۇزۇلۇپ، ئۇنىڭدا غۇنچە پەسلىگە تەلمۇ-
رۇپ تۇرغان جان گۇللىرىنىڭ نۇرانە جىلۋە ئەيلەشلىرىنى، ئۇلار
بىلەن كۆز قىسىشىپ، رەڭ ۋە نۇر چېقىشىپ، خۇش ھىد ـ ئەنبەر
تارقىتىشىپ ھايات پەيزىگە چۆمۈلۈشنى تىلەيتتى. مانا ئەمدى ھەم-
مە نەرسە — غازاڭ پەسلىنىڭ مۇڭلۇق سۇكۇتلىرى ئىچىدە ئۇيقۇغا
كەتكەن سەھرا ـ كەنتلەر، زۇمرەتتەك سۇزۇك سۇلارنى چايقاپ
ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسى، پوسكام، قاغىلىقنىڭ ئېرىق ـ
ئۆستەڭلىرى، ئاتلىق، ئېشەكلىك، ھارۋىلىق ۋە پىيادە ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان يولۇچىلار، قويۇن ئۇسسۇل ئويناپ غايىب بولىدىغان
زېرىكىشلىك غېرىب چۆللەر شائىردا سۇپەت ئالماشتۇرۇپ غۇۋا
ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر سايپىرىق
ھاياتلىق بەلبېغى كۆرۈنۈپ بارا ـ بارا كېڭەيدى ۋە شائىر قەلبىنى
سېھىرلىك كۈچ بىلەن ئۆزىگە تارتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىشقتىن
ئىشققا كۆچۈپ تاۋلانغان، ياردىن تەڭرىگىچە بولغان چەكسىز ئارد-
لىقنىڭ جەۋھىرى سۈپەتلىرى چوڭقۇر سىڭگەن بىر ئۇلۇغ كۇي
جاراڭلىدى. ئۇ، يۇرت كۇيى — ئانا دىيار، ئەزىزانە خوتەن گۇ-
لىستانىنىڭ شائىر ۋۇجۇدىنىڭ ھەربىر ھۇجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ،
تومۇر- تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياساپ، مىسلى زور ئىپتىخار ۋە

ئىزگۇ مۇڭ تەلقىنلىرىگە تولىشىپ كەتكەن ئەبەدىيەتكە تالىق مەر-غۇللىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر مىلودىيك دولقۇنىدا «خوتەن» دې-گەن جاراڭلىق سادا بىلەن تەڭ جەننەتتەك گۈزەل سېھىرلىك باغلار، ئويناقشىپ ئاقىدىغان قوشكېزەك قاش دەريالىرى، يېشىل جىلۋە ئەيلەپ تۇرىدىغان قۇمساڭغۇ تۇپراقلار، ھۆر - غىلماندەك ئۇز - بەرنا ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ نۇردەك يۇمشاق، ئاپتاپتەك ئىللىق خۇلق - تەبىئەتلىرى، ئەقىل - بىلىمگە توشقان شائىرانە سۇپەتلىرى، قان ۋە دىل يىپلىرىغا تىزىلىپ مەۋجۇتلۇق غۇرۇر - ئىرادىسى بەخش ئېتىپ كېلىۋاتقان جانجان قېرىن-داش - پاسىبانلىرى، يەنە قانداقتۇر تەپەككۇر قاتلاملىرىدىن غىل - پال نۇر بېرىپ ئۆچۈۋاتقان مەۋھۇم نەرسىلەر بىر - بىرلەپ سۈرەتلىنىپ باراتتى. شائىر ئاشۇ جىلۋىگەر سۈرەتلەر تۆكۈۋاتقان مەنىدار نۇر ئالىمى ئىچىدە قاناتلىنىپ شىددەت بىلەن ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ نەپىسى قىسىلغان، يۈرەك رىتىمى تېزلەشكەن بو-لۇپ، كۆك ئۇچقۇندەك يېنىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ ئورا كۆزلىرى-دىن ھاياجان ياشلىرى سىرغىپ چۈشەتتى.

سەھەرنىڭ مۇبارەك قۇياشى شائىر ئۇلاشقان زاۋۇا سەھراسى-نىڭ ساپسېرىق بوستانلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆزىنىڭ قىپ-قىزىل نۇرلىرىنى كەڭ يايىغان چاغلاردا ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزى-رە ھاسىل بولۇپ، شائىر قەلبىدە ئەۋجىگە چىققان ئاتەش كۈيلەر بىلەن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە بىرلىشىپ كەتتى. شائىر كۈي بىلەن مەنزىرە ئارىسىدا، ياق، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدە، بەلكى كۈيگە ئايلانغان ئۆزلۈك ۋە ئۆزلۈككە ئايلانغان كۈي مەركىزىدە چەكسىز كېڭىيىپ، ئېشىكىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، زاۋۇا سەھراسىغا تۇتاش كەتكەن بىپايان خوتەن بوستانلىقىغا قاراپ غۇلاچ كېرىپ يۈگۈردى، ئۆزىمايلا يول چېتىدىكى ئېرىق بويىغا يۈكۈنۈپ سېرىق قۇمساڭغۇ تۇپراقنى قاماللاپ سىققىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆك كۆزلىرىدىن تېشىپ تاشقىنلاپ مەڭزىنى ئىككى تارام بويىچە بويلاپ ئاقاتتى. بۇ ھال

خۇددى قاش تاغلىرىدىن تاشقىنلاپ كېلىدىغان بىر جۈپ قوشكېزەك قاش دەرياسىغىلا ئوخشايتتى. ياش بىلەن سۇنىڭ مەنبەسىمۇ، مەنزىلىمۇ بىر. ئۇنىڭ يەنە ئېقىپ چايقايدىغىنىمۇ بىر. ئەنە، شائىرنىڭ قەلبىدىن، كۆزلىرىدىن، پەرۋازى ئالەملىرىدىن چايقاپ سۇزگىنى قاشتېشىدەك سۈزۈك، جۇلالىق ھەم خاسىيەتلىك سۆز مارجانلىرى بولدى. ئۇنىڭ قومۇش قەلىمى كىچىككىنە بوغماق قاپاقتىكى قارا سىياھقا چىلىنىپ، سېرىق خوتەن قەغىزى يۈزىدە يورغىلاپ، سەھەردەك يارقىن، جىلۋىگەر، دەريا سۈيىدەك دولقۇنلۇق، قۇش ناۋاسىدەك ئاھاڭدار، يار نازىدەك جەلپكار تۇيغۇ جاۋاھىراتلىرىنى نەزم گۈلشەنلىرىگە نۇر-زىيا مىسالى چېچىشقا باشلىدى:

رەۋزىگە مانەند خەيال ئەت خوتەننى،
بېھىشتىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.

يا رەب، تەمۇغ - جەننىتىلەرگە،
ئەرجۇمەندىگە ۋىسال ئەت خوتەننى.

خۇجەستە خاكى رەھمەت سۇرمەسىدۇر،
كۆزۈڭگە تۇتىيا، خال ئەت خوتەننى.

پەرىلەر بۇسەسى تۇرفە شىرىندۇر،
ھۇرلەر لەبىگە بال ئەت خوتەننى.

تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرگە ئەختەر،
يادەك قاشىغە ھىلال ئەت خوتەننى.

چىقسا نەسىمى، كېلۇر شەمىمي،
لەيلى بويىغە دال ئەت خوتەننى.

بەرسە قادىرىم بەختىڭگە تەۋپىق،
قۇربىڭغا قۇدرەت ـ كامال ئەت خوتەننى.

گۇلىستانى ئىرەم بولسۇن تەھەييۇر،
ئۇنىڭغا نەۋرەس نىھال ئەت خوتەننى.

قاندۇر بىھاجەت لالە يۈزىگە،
قىزىللىق فەزاچۇن ئال ئەت خوتەننى.

مۇئەللىمى ئافاق بىنىشىن سۇخەنگۇي،
تىفلىكە دەرسى مەقال ئەت خوتەننى.

ئەي جەھان شائىرى گۇلشەنى باغى،
خەمسەڭگە قۇرباش ئىتتىسال ئەت خوتەننى.

سەن ھەم، نەۋبەتى، سىياھرۇي ئېلىگە،
رەقىبلەر كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى.

شائىر ئۇچۇن بارچە ئۆزى بىلەن بىر تۇتاش ئىدى. شۇڭا، ئۇ بارچىدە ئۆزىنى، ئۆزىدە ھەم بارچىنى كۆرۈپ تۇراتتى. شۇنداقـتىمۇ ئۆز ھەرقاچان ئۆز، ئۆزگە ھامان ئۆزگە ئىدى، ئۇلارنىڭ پەرقلىرى پەقەت ئۆزدىكى ماكان سەۋەبىدىن تۇغۇلۇپ زاماندا تەدرىـجىي ئەھمىيىتىنى يوقىتاتتى. ئىنساننىڭ ئۆزلۈك تەۋەلىكىنى، مۇشۇ تەۋەلىك چەمبىرىكى ئىچىدە ئۆز يىلتىزىنى بايقىشى، يۇقىـرىقى تەرتىپ بويىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىي كامىللىققا تاشلانغان بىر قەدەم بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزنى روھىيەتتىكى بىر قېتىملىق جىددىي ئۆرلەشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇ خىل ئۆرلەش ئىنساننى بارلىق مەۋجۇتلۇق سېزىملىرى بىلەن قوشۇپ چىنلىققا، ئېتىقاد ۋە نىجاتـ

لىقنىڭ ئەسلىي مەنبەلىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇراتتى.

شائىرنىڭ ھاياجان - ئىلھاملىرى تېخى بېسىقمىغانىدى، ئۇنىڭ رەڭدار ئەۋجلىرىدىن تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرنىڭ قارام دولقۇنلىرى شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلۈپ ئاجايىپ جىلۋىگەر بۇژغۇنلارنى چاچرىتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدە بولسا، ئانايۇرتنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىچكى قاتلىمى، تەسىرلىك ئىشقى رىيازەت ۋەقەلىرىگە ۋە غارايىپ پىر - ئۇستاتلىق قىسسىلىرىگە تۇتاش كەتكەن تارىخىي كارتىنىلار ئەكس ئېتەتتى. شۇڭا، شائىرنىڭ شېئىرىي كۆي ۋەزنىدە تاپشۇرغىنى ئانايۇرتنىڭ گۈزەل، پەخرى- ئىپتىخار سۈرىتى ۋە ئوتتەك قىزغىن ئىشقى - مۇھەببىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى قاتلاملار بويىچە باش تېما قىلغان «خەمسە»①ئىجادى پىلانىنىڭ پىنھانە جاكارلىرى ئىدى. يۇرت، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن بارلىقىنىڭ مەنبەسى، جۇلالىسى ھەم ھەقدادى سۈپىتىدە يەكتا كۆرۈنۈپ چەكسىز ئالەمگە تەڭلەشتى. شائىر بۇ ئالەمدە ئۆزىنى تۇنجى قېتىم ناھايىتى بەختىيار، ناھايىتى ئەركىن ۋە ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر ھالدا كۆردى ھەمدە ئۇنىڭ باغرىدىن كېلىۋاتقان مىسلىسىز سېھرىي كۈچ تەسىرىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. نۇردىن نۇرغا كۆچۈپ نۇرغا ئايلىنىش، رەڭدىن رەڭ چېقىپ رەڭگە ئايلىنىش، ئاخىرىدا تامام يوقىلىپ ھەممە نەرسىدە ئۆزىنى زاھىر ئەيلەش — ئاشۇ پەرۋازى دەملەرنىڭ ئاساسىي جەريانىنى تەشكىل قىلاتتى.

شائىر چۆچۈگەندەك قىلىپ ئېسىگە كەلدى ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تېزلىك بىلەن ئېشىكىگە مىڭگەشتى. بوستانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە، ئىككى قاش دەرياسىنىڭ ئارىسىدىكى قەدىمكى ئاستانىدە ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەردىن ئاتىسى، ئۇستازى ۋە دوست - بۇرادەرلىرى ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇنى كۈتۈپ، يوللىرىغا زارىقىپ قاراپ

---

① «خەمسە» — بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك شېئىرىي ئەسەر، بۇ يەردە، لى گوشياڭ ئەپەندىنىڭ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1987 - يىللىق 4- سانىدا ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر شائىرى نەۋبەتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدىكى شۇ خىل قاراشلارغا ئېتىبار بېرىلدى.

تۇراتتى. ئۇلارنىڭ هال ـ ئەھۋالى شائىر ئۈچۈن تېخى خىرە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار شائىر قەلبىدە ئەۋۋەلىگە ئوخشاش بەرنا ھەم نۇرانە سېزىلەتتى. خوتەن قەسىدىسىدىن كېيىنكى روھىي ھاللاردا، شائىرنى ئورنىدىن دەس كۆتۈرۈپ مەنزىلى مەقسەت تامان ئالدىراتقىنى، ئىچكى كۈچلىرىگە كۈچ ئاتا قىلغىنى، يەنە تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ئاراچلىرىدا سىزىلغۇسى خاس شېئىرىيەت گۈلىستانى — خەمسە پىلانلىرىغا مەنەن رەڭ بەرگىنىمۇ دەل ئاشۇ سۆيۈملۈك كىشىلەر ۋە ئۇلارنى مەركەز قىلىپ كېڭەيگەن خەلقلەر توپى ئىدى. سېغىنىش، دىدار دەملىرىگە بولغان ئوتلۇق زارىقىش شائىرنىڭ ياقا يۇرتلاردىكى ئۈچ يىللىق سەرسان ـ سەرگەردانلىق رىيازەتلىرى باغرىدىن قايناپ تېشىپ، ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئۆرتەپ داغلىماقتا ئىدى. ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن بۇ ئوت ـ يالقۇن شائىرنى تېقىمى بىلەن ئېشىكىنى دېۋىتىپ سۈرئەتنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشقا ئۈندەيتتى. چۆلدىن ئۆزاپ بوستانلىققا ئۇلاشقان شاش جانىۋار توپلىق يولدا بولۇشچە چاپماقتا ئىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە غازاڭ تاشلاپ شىلدىرلاپ ناخشا ئېيتىۋاتقان قارا تېرەكلەر شائىرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە تەبرىك ـ ئېھتىرام بىلدۈرگەندەك ئىرغاڭلىشاتتى. شائىرنىڭ مۇرىسىگە تاشلىنىپ تۇرغان ئۈزۈم قوغۇر چاچلىرى تاڭ شامال لىرىدا يەلپۈنۈپ، چەكسىز بوستانلىقلارغا تارقىلىۋاتقان مىسلىسىز شېرىن يۇرت كۈيىگە تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك قىلاتتى. مەڭزى زىناقلىرىدا، قويۇق، ئۆسكىلەڭ بۇرۇت ـ ساقاللىرىدا قېتىپ قالغان ياش تامچىلىرى ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن كۈن نۇرىدا يالتىراپ ئاجايىپ ئۈز ۋە مەپتۇنكار جىلۋە ئەيلەيتتى. بېشىغا قوندۇرۇلغان زەر ـ ئالتۇن كەشتىلىك ئۈچلۈق ئاق بۆك سۆيۈملۈك مەشۇق گۈلئەتتەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئىشقىغا شاھىت بولغان ھالدا بىر نامەلۇم ۋىسال پەللىلىرىگە قادىلىپ تىنىمسىز سىلكىنىپ، كۆز چېقىپ باراتتى.

# بەشىنچى باب

# ئۆزلۈك جۇلاسى

## 1

ئۆزلۈك — بىقىياس ئالەمنىڭ قارشىسىدا كۆرۈنگەن يەككە ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن مەۋجۇتلۇق ھالىتى بولۇپ، ئۇ ماكان، زامان ۋە تەڭرىگە نىسبەتەن ئىپادىلىگەن مۇستەقىل خاسلىقتا جۇلا پەيدا قىلىدۇ. بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئۆزىنى تونۇشىدىن باشلىنىپ، ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ بارلىق ھاياتلىق رىشتىلىرىنى ئىدراك قىلىش ئىشتىياقىدا، ئۇنى ئىگىلەش ئىرادىسى ۋە نامايان قىلىش ئىستەكلىرىدە تاكامۇللۇق تاپىدۇ.

ئۆزلۈك تاكامۇللۇقى ئادەمنى ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياغا بولغان چەكسىز كېڭىيىش رەۋىشىدە زورايتىپ ئالەمگە باراۋەر ئادەم ئۇپۇقىنى سىزىدۇ ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئالەم بىلەن چوڭقۇر پىكىر بىرلىكىگە ئىگە قىلىدۇ. ئادەم ئۇنىڭدا پىكرەن پەرۋاز قىلىپ ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتتە غۇلاچ كېرىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆزلۈك جۇلاسىنى ئاجايىپ مول، ئاجايىپ رەڭدار شەكىللەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزلۈكىنىڭ ئاساسىي ئۇقىدا، چەكسىزلىككە يۈزلەنگەن ئىنسان ئۇپۇقىدا تۇرۇپ ئۆزىنى، ئۆزگىنى، بارلىقنىڭ ماكان ۋە زامان سۈپەتلىك قاتلىمىنى سەير ـ تاماشا ئەيلەشلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئاڭا تەڭرىنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى ۋەھىيكار مۆجىزىلىرىنى ئاتا قىلىدۇ.

ئىنسان ئۆز بىلەن ئۆزگىدىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ ئارىسى-

ـدىكى سەرگەردان. ئۇنىڭ ئۆزلۈكنى بىلىشى، ئىگىلىشى ۋە ناما-
يان قىلىشى ئۆزگە نىسبەتەنمۇ، ئۆزگىگە نىسبەتەنمۇ بولىدۇ. بۇ
يەردە ئۆزنىڭ تەبىئىي بارلىقىدىكى ئەسلىي ئامىللار ئاساس ۋە
بىرىنچى سەۋەب سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا
هالدا ئۆزلۈك تاكامۇللۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.
ئۆزنىڭ ئۆزگىگە تارتىششى، ئۆزگىنىڭ ھەم ئۆزگە تارتىششىلى-
رىمۇ باشتىن - ئاخىر ئوخشاشلا ئۆزگە تالىق بولغان كىشىلىك
جەرياندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ جەريانلارنىڭ ئاخىرقى نىجاتلىقى
ئۆزنىڭ بارلىقتا ئۆزىنى كۆرۈش ۋە ئۆزىنى ئومۇمىلاشتۇرۇش
بەخت - سائادىتىدە كۆرۈلىدۇ.

نەۋبەتىنىڭ ئانا ديار خوتەن ئاستانىسىگە قايتىپ كېلىپ
ھېس قىلغانلىرى تەبىئەتنىڭ كۆز پەسلىدە ئاتا قىلىدىغان نېمەتلى-
رىگە ئوخشاش ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شائىر
قەلبىدىكى تۇتۇق، غۇۋا ۋە غىل - پال ئوي - پىكىرلەرنىڭ
چۈمبەردىلىرىنى كەڭ قايرىۋەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ
جىلۋىلەنگەن خوتەن ديارى ئاۋۋالقىدەك تۇرغۇن سۈكۈت ئىلكىدە
مەنىسىز چايقىلىشتىن خالىي ھالدا ھاياتىي كۈچ بىلەن ئەۋجلى-
نىپ، نۇر ئۆركەشلىرىدە رەڭدار بۈژغۈنلار يېيىپ بىر سېھىرلىك
ئەزەلىي كۈي تارقىتاتتى. شائىر يۇرتىدىن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ تې-
رەن ئىچكى ئالەمىنى كۆردى، ئۆزلۈكىدە خېلى بۇرۇنلا شەكىللىگە
كىرگەن ئاجايىپ رىتىمدار بىر ئىزگۈ ناخشىنىڭ ئەۋجىنى ئاڭلى-
دى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئىلچى بازىرىدا، يۇرۇڭقاش دەرياسى
ساھىلىدا ۋە يالڭاچلىنىپ بېرىۋاتقان يېزا - سەھرا قىرلىرىدا
تاشقىنلاپ يۈرگەن شائىر ئاشۇ كۈي - ناخشىلارنىڭ ئۆزىنىڭ
يۈرەك - قەلبىدىن، ھېس - تۇيغۇ قايناملىرىدىن مەۋج ئۇرۇپ
چىقىپ، ئۆزى كۆرگەن ھەربىر ئادەم، ھەربىر شەيئى ۋە ھەربىر
نەرسىگە يېيىلىپ، ئۇلار بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلغانلىقىنى
بايقىدى. ئانا ديارنىڭ كۈي بىلەن يۇغۇرۇلۇپ گۈزەل، مەپتۇنكار
بىر ھالدا يېڭىلىق تەۋرىنىپ تۇرغان مەنزىرىلىرى شائىر قەلبىگە

پەۋەس تولغان لىرىك كـۈي ـ ئاھاڭلارنى تۈر ـ قاتلاملارغا بۆ-
لۈپ، قىسمىتى چەكسىز كىشىلىكنىڭ تار چىغىر يوللىرىغا سىغ-
دىغاندىن كېيىن، بارا ـ بارا ۋەزىنلىك شېئىرىي شەكىللەر بىلەن
ئوبرازلىق تۈسكە كىرىپ، شائىرنىڭ ئىجاد ـ مېھنەت ئىشتىياقى-
نى زور دەرىجىدە قوزغاتتى. يۇرت ۋە يۇرتنىڭ ئىزگۈ راھىتى
ئەنە شۇ پىنھانە ئالەملەردە، ئۇلارنىڭ زامان زەنجىرىنىڭ ھەرقايسى
ھالقىلىرىدىكى تارىخىي شەجەرىلىرىدە، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە نىسبە-
تەن ئىپادىلەۋاتقان ئۇلۇغلۇق ھەققى ـ ھۆرمەتلىرىدە چەكسىز كې-
ڭىيەتتى. شائىر ئۆزى ئىدراك قىلغان ۋە تەپەككۇر كەڭلىكىگە
پۈتۈنسۇرۇك يايغان نۇرانە مەنزىرىلەرگە، يۇرتنىڭ ئەۋۋەلى ۋە
ئەزەلىي گۈل- گۈلىستانلىرىغا ھەم دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرىغا
چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن روھىيەت ئالەملىرىنى كېزىپ يۈرۈپ،
ئۇنىڭدىن ئاجايىپ تەسىرلىك ھەق ـ ئادالەت، ئىجاد ـ مېھنەت
ۋە ئىشقى ـ مۇھەببەت ھېكايەتلىرىنى تىڭشىدى. بۇ ھېكايەتلەر
شائىرغا ئەڭ تونۇش، ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك يۇرتتا تۇغۇل-
غاچقا، ئاڭا شائىرنىڭ نەسەب ـ جەمەت قاتلىمىدىكى ۋە دىل رىشتى
قارشىسىدىكى بارلىق كىشىلەر تەبىئىي ھالدا كىلىپ قوشۇلۇپ،
تېخىمۇ رېئال، تېخىمۇ مەنىدار تۈسكە ئىگە بولغانىدى.

شائىر ھاياجانلىق تەپەككۇر ئىلكىدە تاشقىنلايتتى، ئۆزىنى
گويا ھېكايەتلەر قاتلىمىدىكى ۋەقەلەرنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ تۈ-
گۈنلىرىدە چىڭقىلىپ يۈرگەن ئاشىقى دەرۋىش سۈرىتىدە ھېس
قىلاتتى. مەنزىللەردە بولسا، مەھكۇملۇق قەپەسلىرىگە بەند قىلىن-
غان، قانات ـ پەيلىرى بوغقۇچلانغان گۈزەل مەشۇق گۈلئەتتەرنىڭ
سىيماسىنى كۆرەتتى. شائىرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ئاشىق بىلەن
مەشۇق ئارىسىدىكى رېئال بوشلۇقنى ئىگىلەپ، ئەرك ھاۋاسىنى
قاماللاپ، ۋىسال ـ ئىقبال يوللىرىنى توسۇپ تۇرغان مۇدھىش
كۆلەڭگىلەرگە ئاغدۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى تىغ ئۇرۇلغاندەك
ئېچىشىپ كۆز چاناقلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار سىرغىپ چۈش-
تى. مۇشۇ ياشلار — ئىنسان بالىسىنىڭ تەلۋە ھايات تۈتەكلىرى

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە يوپيورۇق ۋىسال تاڭلىرىغا زارىقىپ تۆككەن ياشلىرى ئۇنىڭ ئىشق ئوتلىرىدا قىزدۇرغان ئىرادە تىغلىرىنى سۇغىرىپ تاۋلايتتى ھەمدە ئاڭا يول سۈپەتلىك پىنھانە بوشلۇقلاردىن ئۇچۇر - دېرەك يەتكۈزەتتى. دەرۋەقە، شائىر شۇ تاپتا ئۆزىدە يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك بىر نۇرانە جىلۋىدارلىقنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنىڭ كەيپى بىلەن يۇرت مىقياسىدىن ئۆرلەپ تېشىپ ئاللىبۇرۇن كۆي - ئاھاڭغا كىرگەن تەسىرلىك ھېكايەتلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

ئىشق — يول ئىدى، ۋىسال مۇشۇ يولنىڭ ئاخىرقى نىجاتلىقى سۈپىتىدە يولغا دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. يول ئۇزارغانچە ۋىسال مەنزىلى يېقىنلايتتى ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان كەچمىشى قىسمەت چەشلىرى ئارتىپ باراتتى. ئىنسان ئاشۇ چەشلەردىن دان تېرەتتى، دان تېرىش داۋامىدا ئۆزىنى تاۋلاپ لاياقەت دەرىجىلىرىدە دەڭسەيتتى. يول يۈرگۈچى ئاشىق بىلەن مەنزىل چېكىدە ۋىسال لەززىتى بەخش ئەتكۈچى مەشۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىنى تەمىن ئەتكۈچى ھەققى - ھوقۇق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇ، ئىنساندا كۆرىشىشنى، كۆرىشىش زۆرۈرىيىتىدە يول يۈرۈشنى، يول يۈرۈش زۆرۈرىيىتىدە قىسمەت داۋانلىرىدىن ھالقىشنى، ھالقىش زۆرۈرىيىتىدە كامىللىق پەللىلىرىنى ئىگىلەشنى، ئاخىرىدا يول ئەۋجى بىلەن مەنزىل تاڭلىرىغا يېتىشنى ئالغا سۈرەتتى. شۇڭا، ئىشقسىز، يولسىز، سەير- سەپەرسىز، قىسمەت - كەچمىشسىز، كامالەت- مۇقامسىز ھالدا ۋىسال لەززىتىگە ئۇلىشىش ھەربىر زامان زەنجىرىدە بىر ھالقا تۈزگەن ئىنسان باللىرى ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.

شائىر رېئاللىقنىڭ سىرتىدا، بەلكى ئۇنىڭ روھىيەت ساماسىدا ۋەزمىن پەرۋاز قىلاتتى. ئەنە شۇ يەردە، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر - تەپەككۇر كۆكلىرىدە جانلىنىپ ئۆزىگە خاس سۈپەت - سۇباتقا ئېرىشكەن قەھرىمانلار ۋىسال ۋەجىدىن ئىشق يولىغا كى-

رىپ، ئىشق ۋەجىدىن رىيازەتلەر چۆلىنى كېزىپ، لاياقەت ۋەجى-دىن زۆرۈرىيەتلەر زەنجىرىدە سىلكىنىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلاردىن تارىخنى شائىر تەگكەش قىلغان، ئىنساننىڭ يارالمىشىدىن تۇگەل-لىنىشىگىچە، ھەتتا ئۇنىڭدىن ھالقىغان چەكسىز زامان كەڭلىكىدە ئەزەلىي داۋام ئېتىدىغان ئاشىقانە ھاياتلىق كۈيى ئىدى.

خوتەن كوچىلىرىدا كەچ كۈز شامالىرىغا ئوخشاش ئۇچۇپ، دولقۇنلاپ يۈرگەن ئىلھامدار شائىر يەنە شۇ خىل سۈرئەت بىلەن ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يول بويى كۆرۈنگەن ھالەتلىرىدە گاھ مەجنۇن ـ ساراڭنىڭ سۈرىتى ئايان بولسا، گاھ جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى قارام چەۋەندازنىڭ سۈرىتى ئايان بولاتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى يەتكەن زامان ۋە ماكان چەكسىزلىكى ئارىسىدا ئېرىشكەن مىسلىسىز مۇڭلۇق كۈيلەرنى ئاللىبۇرۇن شەكىللەر قاتلىمىدا دەڭسەپ، ئاڭا ئۆزىدىن مەنە ئاتا قىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ بالىخانا ئۆيىدىكى يۇمىلاق شىرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇ-رۇپ يېڭى بىر دەپتەرنىڭ باش بېتىگە خوتەن دىيارىغا بولغان ئىشقى قەسىدىلىرىنى غەزەل شەكلىدە تۆكۈشكە باشلىدى. قەلەم بەت يۈزى-دە چاپاتتى، ئۇنىڭ قاپقارا ئىزلىرىدا بىر پىنھان دىت ـ ئىستېداتى-نىڭ ئالەمچە نۇرى پارلايتتى. بۇ نۇرلار جاھالەتلىك زاماندا قەلەم-دىن ئۆزگە ئات ـ تۇلپارغا مىنگىشىپ جەڭگىۋار سەپ تۈزۈشكە، قەلەمدىن ئۆزگە نەرسە بىلەن ھەق ـ ئادالەت دەۋاسى قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان ئىنسان بالىسىنىڭ قەھرىمانلىق خىسلەتلىرى جۈملىسىدە ئۇنىڭ ھايات چىمەنلىرىگە رەڭدار قىممەت شولىلىرىنى تاشلايتتى. ھەربىر شولىدا ئۇيۇشقان نۇر ـ رەڭلەر بىر پۈتۈن ھاياتلىق گۈلىستانىنىڭ زىننىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەشنا ـ چاڭقاقلىقىنىڭ بەرھەمى سۈپىتىدىمۇ كۆڭۈللەردە ئېپتىخار قوز-غايتتى.

شائىر «خەمسە نەۋبەتى»[1] نىڭ مۇقەددىمىسىنى «خوتەننى»

① لى گوشياڭ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدىكى «خوتەن قەسىدىسى» نىڭ «خەمسە نەۋبە-تى» نىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلار ئاساس قىلىندى.

رادىقلىق غەزەللىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلىدە تامامەن، ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەش داستانىنىڭ بىرىنچى داستانى ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھاياجان، ئىپادىلەش تەقەززاسى ۋە سوكۇت-كە، تۇرغۇنلۇققا قارشى ئىسيانكارانە روھىي رىغبەتلەر ئۇنى قەلەم تەۋرىتىشكە، مۇشۇ بىباھا ئەسەرنى تېزلىك بىلەن تامامەن يورۇق-لۇققا چىقىرىشقا ئالدىرىتاتتى. ئەمما، شائىر قەلبىدە شۇ دەملەر-نىڭ ئۆزىدە چاقناپ ئۆتكەن بىر غايىب ئەقىل نۇرى ئۇنىڭ بۇ خىل مىسلىسىز كۈچلۈك ئىجاد - مېھنەت ئىشتىياقىنى تېزلا توسۇپ قالدى. ئۇ دەل ھەقىقىي شائىرنىڭ ئۆز سالاھىيىتى ۋە قىممىتىگە مەسئۇل بولۇش ئېڭىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭىمۇ شائىر ئالدى بىلەن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان سوغۇق قىش ئايلىرىدا بىر يىل مۇقەد-دەم سەھۋالىمدىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغان ئۇستازى نىزامى-دىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنى ئىزدەش، ئۇچ يىلدىن بېرى يېزىلىپ خېلىلا قېلىنى بىر دەپتەرنى ھاسىل قىلغان ئىشقى غەزەللىرىنى دىۋان قىلىپ تۈزۈش، ئاندىن «خەمسە نەۋبەتى» نىڭ داستانلىرى ئۇچۇن خەلق ئارىسىدىن تېخىمۇ بىۋاستە، تېخىمۇ مول ئوزۇق ئېلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. بۇ، ھەقىقەتەنمۇ بىر ئاقىلانە تاللاش سۈپىتىدە شائىرنىڭ ئاۋام خەلق ئارىسىغا تېخىمۇ ئىچكىرى-لەپ كىرىشىگە، ھەقىقىي سەنئەت جەۋھەرلىرىنى سۈزۈپ ئېلىشىغا ۋە يىراق يەركەن دىيارىدىكى گۈزەل مەھبۇبىسىگە باغلانغان ئىشقى ئىستەكلىرىنىڭ شېئىرىيەتتە ئېچىلغۇسى رەڭدار گۈل - چېچەك-لىرىگە كەڭرى ئىمكانىيەت قالدۇرغانىدى.

## 2

نەۋبەتىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ كېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. ئۇستازى شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ ئىز - دېرەك-سىز غايىب بولغانلىقى ھەققىدىكى سۆز - چۆچەكلەر ئۇنى تەشۋىش ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە قىينىماقتا ئىدى. ئوغلىنىڭ غىزاغا ئېغىز

تەگمەي باش سىلىپ ئولتۇرغان مۇڭلۇق ھالىغا قاراپ كۆڭلى بۆلۈنگەن مۇھەممەد بىر ئاز خىجىللىق ئىلكىدە سۆز ئالدى:

— شەۋكەتلىك ئۇستاز بىر يىل مۇقەددەم سەھۋالىم مازارىدىن، ئۆزىنىڭ ئاشۇ خىلۋەت، تەنھا روزغارىدىن ئىز - دىرەكسىز غايىب بولغاندىن بېرى، ئۇنى قايتا كۆرۈش بىزگە نېسىپ بولمىدى، تەرەپ - تەرەپلەرگە چېپىپ ئىزدىگەن بولساقمۇ ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. ئۇ زاتى مۇبارەكنى پاناھ تارتىدىغان دەرۋىشلەرنىڭ تەخمىنىچە، ئۇستاز ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن غايىب بولغانمىش. بۇ ھەقتىكى گەپلەر ھەرخىل، ھەر كىم ئۆزىگە يارىشا قىياس قىلىشتى. مېنىڭچە، ئۇ ئالىمۇ ئارىفلىق ئالىمىدە سەير ئېتىپ يۈرۈر. بىراق، ئۇنىڭ كەچكىنى مۈلكى خوتەن ئاستانىسى ئەمەس، قەلب سازىنىڭ بىباھا كۈي - مەرغۇللىرىمۇ ئەمەس، ۋىسال قىبلىسىدە نۇرانە جىلۋە ئەيلىگەن مەشۇق دىدارى تېخىمۇ ئەمەس، ئىمانىم كامىلكى، ئۇ چوقۇم زامان ۋە زامان پىتنە بالاسىنىڭ كۆيدۈرگۈ يالقۇنلىرىدۇر، ئوغلۇم! — مۇھەممەد سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، شۇ تاپتا ئۇ نەۋبەتنىڭ كۆزلىرىگە خېلىلا قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئاتىنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىنھان روھىي كەچۈرمىشلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە تىڭشاپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

نەۋبەتنى سۈكۈت ئىچىدە خىيال سۈرەتتى، ئۇنىڭ خىياللىرى ئاتىدىن ئۇستازغىچە بولغان ئارىلىقلاردا چېپىپ، ئۇلارنىڭ خاس ۋەسلى - ھۆزۈرىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئاتا ئۇستازغا، ئۇستاز يەنە ئاتىغا قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كۆتۈلمىگەندە يەنە ئۆزىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ھەيرەتتە قالغان شائىرنىڭ سېزىملىرى شۇنىڭ بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ ھاياتلىق ئېقىمىنىڭ ئۇلۇغۋار ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى ئىدراك قىلىشقا باشلىدى. ئىنساننىڭ قان ۋە دىل رىشتى بىلەن ئۇلغايغان ھاياتلىق ئېقىمى مەڭگۈ ئالغا قاراپ ئاقاتتى. ئۇنىڭ بېشى بىلەن ئاخىرىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلىشقا قادىر بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ ئاي-

www.uyghurkitap.com

رىم بۆلەكلىرىنى بىلىشكە، ئالدىنقىسىنىڭ كېيىنكىسى ئۈچۈن
كۈچ بېرىپ خورايدىغانلىقىنى ئىدراك قىلىشقا بولاتتى. شائىر
بارچىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقى، ئۆزى ئۈچۈن ئېقىپ،
ئۆزى ئۈچۈن خوراۋاتقانلىقىنى تەستىق ئەتكەندىن كېيىن ئاتىسىـ
نىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ سىلاش بىلەن ئاڭا
بولغان مېھرى ۋە پەخرى ـ ئىپتىخارىنى ئىزھار قىلدى. ئۇستازمۇ
ئاتا ئىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ دەملەردە يوقلۇقى شائىرنى جۇدالىق زارىغا
مەھكۇم ئەيلەپ، ئاتىنىڭ پۈتۈنسۈرۈك گەۋدىسىگە بولغان كۈچلۈك
ئارزۇسىنى قاناتلاندۇردى. شائىرنىڭ قەلب بوشلۇقلىرى بىردىنلا
كېڭەيدى، ئۇچقۇر ئويلار پاسىللاردىن پاسىللارغا ھالقىپ، بىر ـ
بىرى بىلەن ئۇرۇلۇپ، دەم قورقۇنچلۇق، دەم سائادەتلىك مەنزىرىـ
لەرنى ئېھتىماللىق تەرزىدە سىزىشقا باشلىدى. مۇشۇ جەريانلارنىڭ
ھەممىسى ئاتا بىلەن ئۇستازدىن، پانىي دۇنيادىكى ئاشۇ بىردىنبىر
قاياشلىق گەۋدىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئانا دىيارنىڭ قەلبسېرى نۇرلانـ
غان گۈزەل قوينى ھاۋاسىدا شامالدەك مەۋجلىنىپ ئۇچۇش، روـ
ھىي مەنزىللەردىن ئۆزىنى قىستاپ كەلگەن مىسلىسىز مۇڭلۇق
كۈيلەر چوڭقۇرلۇقىدا غۇلاچ كېرىپ ئۈزۈش ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنى
سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ئىدراك قىلىش بىلەن خۇلاسىلەندى.

تۈن نىسپىنىڭ ئېغىر سۈكۈتى ئىچىدە يوقلۇق ھۆكۈم سۈرەتـ
تى، ئەمما ئۇنىڭ شائىرنىڭ قەلب باياۋانلىرى بىلەن كېسىشكەن
جايلىرىدا غايەت زور ئوت ـ يالقۇن پارلاق نۇر چېچىپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ نۇر ـ يورۇقلۇقى سۈكۈت بوشلۇقىدىكى يوقلۇق كۆلەڭگىـ
لىرىنى، تام ـ تورۇسلارنى، پەسىل ھاۋاسىنىڭ سوغۇق پەردىلىـ
رىنى، مۇساپە ۋە زامانلارنىڭ قورغان ـ سېپىللىرىنى بۆسۈپ
ئۆتۈپ مەڭگۈلۈك سەھەرنىڭ يارقىن ئېتەكلىرىنى كەڭ ياياتتى.
شائىر ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ، دۇنيانىڭ ۋە تەڭرىنىڭ ئەركىسى سۈپىـ
تىدە بارچىنى بىمالال كۆرۈپ تۇراتتى، بارچىنى بىمالال سۆيۈپ
ئۆتەتتى. بۇلارنىڭ بەھرى تۈيغۇ يوللىرى ئارقىلىق شائىرنىڭ خاس
ئۆزلۈك نېگىزىگە سىڭىپ كىرىپ كۈچكە قوشاتتى ھەم سۈپەت

ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ، ئەسلىي يول بويىچە چەكسىزلىكنى چەكسىزلىككە تۇتاشتۇرۇپ باراتتى. ئۆزلۈكىنىڭ چەكسىزلىككە تۇتىشىش ئۇقتىلىرىدا، پاسىللارنىڭ يوقىلىپ كەڭلىككە ئايلىنىش دەقىقىلىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى يورۇق نۇر چېقىنلىرى چېقىلىپ، پۈتكۈل ئالەمنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا، ئۇنىڭ بوشلۇقىدىكى يېگانە ئادەمنىڭ ئەرك ۋۇجۇدىغا جىلۋىدار يوسۇندا تارقىلىپ كېتەتتى. نۇر جىلۋىلىرىدە، ساماۋى بوشلۇقلاردا، يەر يۈزىدىكى يېشىل تەۋرىنىشلەردە يەنىلا ئاشۇ كۈي — شائىر خوتەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان ئاشۇ ھاياجانلىق دەملەردە ھاياجانلىق ۋۇجۇد مىقياسىدىن پارتلىغان مىسلىسىز جۇشقۇن يۇرت كۈيى چاراقلايتتى.

شائىر بىھوش ئىدى، كۈيگە، چەكسىزلىككە ئايلانغان، تەڭرىنىڭ ۋەھىيلىرىگە پەۋەس تولغان مۇشۇ دەملەرنىڭ ئۆزى شائىر ئۈچۈن يەنىلا بىر تېپىشماق سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئەقلىنى لال ئېتەتتى. شائىرنىڭ جىنچىراغىنىڭ نازىغىپ، تولغىنىپ كۆيۈۋاتقان ئوتلىرىغا قادالغان كۆزلىرى ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزلۈكىنىڭ بىپايان ئېتەكلىرىدىكى ئوت - گۈلخانلارنى، ئۇنىڭدىن تارقىغان نۇر - يورۇقلۇق جىلۋىلىرىنى كۆرەتتى.

شائىر دېرىزە پەنجىرىلىرىنى ئىتتىرىپ سىرتقا بويۇنداپ قارىدى. ئاي - يۇلتۇزسىز كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن شەھەر بەئەينى قارا پەرەنجىگە ئورانغان غايەت زور پەرىشتىدەك سىرلىق، سېھىرلىك كۆرۈنەتتى. شائىرنىڭ نەزىرىدە ئۇيقۇ ۋە غەپلەت زۇلمەتلىرى ئىچىدىكى ئەل ئاشۇ پەرىشتىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ جەلپكار لاتاپەتلىرى ئۆزىدىن تاشقىرىقى ئالەمنىڭ نۇر - يورۇقلۇقتىن مۇستەسنالىقى بىلەن پىنھان ئىدى. ئالەم قاچانكى نۇر - يورۇقلۇققا پەۋەس تولىدىكەن، ئۇنىڭ قوينىدىكى خەلقنىڭ يۈزى يورۇپ، دىللىرى نۇر ئېمىپ گۈل- چېچەكتەك پورەك ئاچاتتى.

شۇ تاپتا، شائىر ئۆزىنى، ئۆزىدە تېشىپ تۇرغان نۇر - يورۇقلۇق جىلۋىلىرىنى ئاشۇ قاراڭغۇ بوشلۇققا، ئۇنىڭدىكى ناتىۋان

خەلق چىھرىگە بەخش ئەيلەش تەقەززالىقىدا قانات يايدى، ئەپسۇس، ئۇ ئۇچالمىدى، مۇمكىنسىزلىك ئىلكىدە قاناتلىرى بوغقۇچلانغان قۇشقا ئوخشاش پىغان چەكتى. ئارقىدىنلا ئۇزى بىلەن ئەل ئارىسىدىكى بوشلۇقنىڭ يىراقلىقىنى، ئارىدا نىمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىك قىلىپ، يەنە نىمىدۇر بىر نەرسىنىڭ توسقۇنلۇق قىلىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. شۇ هالدا ئېغىر خىياللار ئىچىگە غەرق بولغانسىرى ئۇنىڭ تۇيغۇ دولقۇنلىرىدىن ئەقىل نۇرى چاچراپ پىنھان گۇل ـ چېچەكلەر لېۋىگە قونۇشقا باشلىدى. بۇ نۇر تامچىلىرى شۇ قەدەر ئۇز ۋە زوقمەن جىلۋە قىلاتتى، ئەمما ئۇنىڭ تەمى ئاچچىق، شورلۇق ئىدى. ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ، بەلكى ئۆزگە قوشۇلۇپ، بىر گەۋدىگە ئايلانغان ئۆزگىنىڭ ئارىسىدىكى تۇرغۇن بوشلۇقنىڭ زۇلمەت ئىچىدە قارىيىپ تۇرۇشى ئۆزگىلا باغلىق بولمىغان سەۋەبلەرنىڭ قاتلىمىنى روشەنلەشتۈرۈپ باراتتى. ئىككى ئارىدا گەرچە نەسلگە، ماكان ـ زامانغا ۋە تەقدىرىتائالاغا تارتىشقان ئۆزلۈك بىرلىكى بولسىمۇ، ئەمما بۇ بىرلىكنىڭ خاس هالقىلىرىدا تارقاتقان جۇلالىرى بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرق قىلاتتى. پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى تارتىشقان بىرلىك هالقىلىرىنىڭ تەسىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە يىغىنچاقلانغانلىقتىن، شائىر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلۈك زەنجىرىنى ئوراپ تۇرغان بىر پۈتۈن تۇتاش مۇھىت ـ كىلىماتنىڭ قېلىن پەردىسىنى، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىكى سانسىز ئۆزلۈك بىخلىرىنىڭ نائىلاج، مەھكۇم هالىتىنى كۆرۈپ يەتتى. بۇ هال شائىرنى ئۆزگىلەر قاتلىمىدىكى جىمىكى خەلققە دوق ـ ئاھانەت قىلىشتىن توسۇپ، ئاڭا چوڭقۇر ھېسداشلىق ۋە خەيرخاھلىق قىلىشقا رىغبەت بەخش ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ نۇر ـ يورۇقلۇق يەتكۈزۈش ئىستەكلىرىدە ئىچكى ياقتىن ئۆزىنى تېخىمۇ قىزدۇرۇپ قۇياش كەبى كۆيۈشىنى، تاشقى ياقتىن كۆيۈشتىن ئۆرلىگەن نۇر ـ يورۇقلۇق ۋە هارارەتنى شېئىر ـ نەزمە شەكلىدە ئەل قەلبىگە تەقدىم ئېتىشنى بىردىنبىر نىجادلىق يولى، ئۆمۈرلۈك

ئىنسانىي بۇرچ قىلىپ بەلگىلىدى.

شائىرنىڭ سىزىملىرىدە يەنىلا زۇلمەتلىك كىچىنىڭ كۆلەڭ-گىلىرى ئەلەڭلەپ يۈرەتتى. شۇڭىمۇ ئۇ ئۆزىنى ئۆزىدىن ھالقىغان ساخاۋەتلىك ئىنسان تاڭلىرىغا، ئاشۇ تاڭلاردا نۇرانە جىلۋە ئەيلەپ پورەك ئاچمىش گۈل ـ غۇنچىلەرگە ئاشىنا خۇشناۋا بۇلبۇل سىيما-سىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆچلۈك پىغان چەكتى. ئۇنىڭ تاڭدىن ھالقىغان تاڭلىرىدىن، تاڭ قۇياشى ئاستىدىكى رەڭدار گۈل ـ غۇنچىلىرىدىن، شۇنىڭدەك گۈللەر ئىچىدىكى خاس ئەتىرگۈلىدىن خەت ـ خەۋەر، ئۇچۇر ـ نىشان يوق ئىدى. تاڭ ئاتماس كىچىلەرگە مەھكۇملۇق، چاتقاللار ئىچىدىكى گۈلسىزلىك تاڭ ۋە گۈل ئىشقى باياۋانىدا مۇڭلۇق ئۇھ تارتىپ دەردلىك پىغان چەككەن بۇلبۇلغا ئەلەمدىن ئۆزگە نېسىۋە ئاتا قىلالمايتتى، ئۇنىڭ ئىنسانغا، ئىشقى كۆي ـ مەرغۇللىرىدا سەرسانە يۈرگەن ئاشىققا سالىدىغان ئازابىمۇ گۆر ئازابىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. چۈنكى، زۇلمەت ئىلكىدىكى نۇرسىزلىق، خازان پەسلىدىكى گۈلسىزلىك ۋىسالسىزلىقلا ئە-مەس، بەلكى يەنە يار ـ ئاشىناسىزلىق سۈپىتىدە يوقلۇققا تەڭلە-شىپ، ئىنساننىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنىڭ چېكىنى بەر-بات قىلاتتى ھەم ئۇنى چەكسىزلىككە ئايلانغان ئارزۇ ـ ئىستەك بوشلۇقىدا ئىچكى نەپەسلىرىدىن تېشىپ تۇرىدىغان ئىنتىزارلىق شامالىلىرى بىلەن ئۇچۇرۇپ، سورۇپ، يىقىتىپ باراتتى...

شائىر ئۇچتى، سورۇلدى، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ھالسىزلى-نىپ يىقىلدى. ئۇ ئۇيقۇ لەشكەرلىرىنىڭ قورشاۋىدا ئاڭلىرىدىن بىر ـ بىرلەپ جۇدا بولۇپ گۈزەل چۈش پەرىسىنىڭ قوينىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

## 3

كېچىلەر تاڭدا رەڭدار كۆلۈمسىرەپ، تاڭلار كېچىدە پىنھان مۇڭلىنىپ ۋاقىتنىڭ سىر ـ سۈرئەتلىرىنى ئاشكارا ئېيتەتتى. ھەر-

بىر كۆنىنىڭ بەھرىدار ھۇزۇرى تەختىدە ئالەمچە كېڭىيىپ ھەم ئالەمگە چەكسىز يېيىلىپ ئۆزىنىڭ ئىشقى خىياللىرىنى شاخلى-تىپ، ئايىنتىپ، ئۇنىڭدىن قىپقىزىل گۈل - غۇنچىلار ئېچىلىدۇ. رۇۋاتقان شائىر نەۋبەتىگە نىسبەتەن ھەممە نەرسە سىر - سۈرئەت ئىلكىدە جىلۋە ئەيلەپ پىكىر قىلاتتى، ماسلىق بۇلۇڭلىرىدىن قانات چىقىرىپ پەرۋاز ئېتەتتى. ھەرىكەتتىكى دۇنيا ھەرىكەتتى-كى ئادەم — نەۋبەتىنىڭ داۋامىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، كۈنۈ-تۈن قەلەم تۇتقان بۇ تەنھا ئاشىقنىڭ كۆرىدىغىنى كۆرۈش دائىرىسى-دىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆزى بىلەن پاراللېل ھالەتتە ۋە يەنە ئۆزى بىلەن بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە چەكسىزلىك يايغان دۇنيانىڭ رەڭدار سىر - مۇئەممالىرى بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا، شائىر ئۆزىگە نىسبە-تەن ئىچكىرىلەشنى بارا - بارا دۇنياغا نىسبەتەن ئىچكىرىلەش ھېسابىدا ئالغا سۈرۈپ، پانىيلىق قەپەسلىرىدىن باقىيلىق بوشلۇق-لىرىغا، ھەق سېھرىي پىنھان نۇر چېچىپ تۇرغان مەڭگۈلۈك ۋىسال تاڭلىرىغا قاراپ شىددەت بىلەن يۇلقۇناتتى. ھەربىر يۇلقۇ-نۇشتىن قەپەس — دۇنيا — ئۆزلۈك يېنىك جاراڭلاپ كېتەتتى، ئۇنىڭدىن تارقىغان ئاۋازلار شائىرغا كۈي - مۇزىكا ۋەزىنلىرىدە ئىلھام ئاتا قىلاتتى ۋە پاساھەتلىك سۆز مارجانلىرى بولۇپ چېچى-لىپ شېئىر - نەزمە يىپىغا تىزىلاتتى.

ئىنساننىڭ ھەممىلا ئىنتىلىشلىرى رېئال زۆرۈرىيەتلەرنى بەلگە قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەجى رېئاللىق ئۇقۇمىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بۇ ھالدا مەۋج ئۇرغان ئىنتىلىشلەرنىڭ ئورامىدا ئىنسان ماھىيىتىنىڭ ئۇچۇق ھەم مەۋھۇم چىنلىقلىرى ئوخشاشلا كۆرۈ-لۈپ، رېئاللىق بىلەن ماھىيەتنىڭ ئۇچرىشىشى نامايان بولىدۇ.

رېئاللىق — ئىنساننىڭ ئوچۇق چىنلىقى قاتلىمىدا كېڭە-يىپ، شەكىللىك يوسۇندا رەڭدار تۈس ئالىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆلىمى زور، تەسىرى ئومۇمىيۈزلۈك، كەيپىياتى قاينام - تاشقىنلىق، يول - مەنزىللىرى مەنىدار بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئۆزىنىڭ ئوچۇق چىنلىقى بىلەن رېئاللىق ئىچىدە زاھىرىي

هالەتتە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئەتكە تاشلانغان نى-
گاھلىرىمۇ رېئاللىققا تاشلانغان نىگاھلىرى بىلەن شەكىل جەھەت-
تىن بىردەكلىككە ئىگە. مۇنداق ئوچۇق، رەڭدار زاھىرىي ئالەم
ئىنساندا بىر پۈتۈن مەۋجۇتلۇق ھالىتى يېقىدىنلا ئەمەس، بەلكى
يەنە ئوچۇق چىنلىق كەينىدە پىنھان تۇرىدىغان مەۋھۇم چىنلىق
يېقىدىنمۇ ئىپادىلەش ۋە نامايان قىلىش تەقەززالىقى پەيدا قىلىدۇ.
ئىنسان بۇ خىل تەقەززالىق تۈرتكىسىدە رېئاللىققا تارتىلىدۇ،
تارتىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مەۋھۇم چىنلىق قاتلىمىنى بىر -
بىرلەپ ئوچۇق چىنلىق دەرىجىلىرىگە كۆتۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭ ھۆر
جۇلالىرىغا ئېرىشىدۇ. ئىنساننىڭ ئاساسىي ھەرىكىتى مۇشۇ تەر-
تىپ بويىچە ئالغا بېسىپ، رېئاللىقنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن
ھالقىغان چاغدا سائادەت تاڭلىرى يورۇيدۇ. ئەمما، رېئاللىق ئىن-
ساننىڭ ئەرك - ئىختىيار يولى ئەمەس. ئۇنىڭ چەكلىمىلىرى
ئۆزلۈك تەكشىسىزلىكىدىكى پەرقلەر سەۋەبىدىن يېيىلىپ تۇرغان-
لىقتىن، ئىنساننىڭ ئۆز ماھىيەتلىرى قاتلىمىدىن شەكىللىك،
ئۇنۇمدار ۋە ھۆر يوسۇندا تېشىپ چىقىشى ھەمىشە چەكلىمىگە
ئۇچرايدۇ. بۇ چەكلىمىلەر ئىنساندىكى ئىككى خىل مەزمۇنغا ئىگە
چىنلىق ئارىسىدا، تەن بىلەن روھ، ئۆز بىلەن ئۆزگە ئارىسىدا،
شۇنداقلا ماكان بىلەن زامان ئارىسىدا كۆرۈلۈپ، ھالقىش خاراك-
تېرلىك ئىنتىلىشلەرنىڭ ئاساسىي شارائىتىنى ھازىرلايدۇ.

چەكلىمە — رېئال مەنىگە ئىگە ئىمكانسىز بوشلۇق. ئۇ،
ئىنساننى ئۆزىگە، ئۆزىنى شاللاش ۋە دەڭسەش خاراكتېرلىك ئىچ-
كى ھەرىكەتكە قايتۇرىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭدا ئويلار قاينىمىنى دول-
قۇنلىتىپ ئۇنىڭ ۋەزنى، كۈچى ۋە ئىلھامى بىلەن تاشقى دۇنياغا
تىنىمسىز ئۇرۇلۇپ تۇرغانلىقتىن، ئىنسان بىلەن رېئاللىق ئارى-
سىدا ئۆتۈشۈش خاراكتېرلىك بوشلۇق ئىمكانى كۆرۈلۈپ ھالقىش
مۇقەررەرلىكى كېلىپ چىقىدۇ. ھالقىش — ئىنساننىڭ ئىچكى
رېئاللىقتىن تاشقى رېئاللىققا كۆچۈش خاراكتېرلىك ھەرىكەت جەر-
يانى بولۇپ، ئۇ باشتىن - ئاخىر ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى دەۋر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان هالدا داۋام ئېتىدۇ، تاشقى دۇنيانى ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئۆزگە بويسۇندۇرۇش رەۋىشىدە مەزمۇن تاپىدۇ.

شائىر نەۋبەتىنىڭ قەلبىدە يار ۋەسلىنىڭ شېرىن پەيزى ئەۋج-لىنەتتى. ئۇ، ئىنسانغا خاس بەخت هۇزۇرىنى كىشىلىك چەكسىز-لىكىدە، تۇرمۇش سەينالىرىدا رېئاللاشتۇرۇش، ئىچكى رېئاللىقى-نى تاشقى رېئاللىقى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئىگە قىلىش زۆرۈ-رىيىتىدە تاشقى دۇنيانى ئىگىلەشكە ۋە ئۇنى ئۆزگە بويسۇندۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن گۈزەل مەشۇقى ئارىسىدا تاشلىنىپ تۇرغىنى ئۇزاقتا سوزۇلغان ئىمكانسىز بوشلۇق بولغىنى ئۈچۈن، يىراقلىق دەردى ـ ئىزتىراپلىرى ئىچىدە ئۆرتىنىش ئۇ-نىڭ دائىملىق هېسسىي كەچۈرمىشىگە ئايلىنىپ، ئۇنى ئۆزلۈك ئالىمىنىڭ چەكسىز كەڭ داللىرىغا يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن هالدا ئەكىرمەكتە ئىدى. شائىر ئۇ يەردە ئۆزىنى تەكشۈرەتتى، دەڭسەيت-تى ۋە قىياس قىلاتتى، ئېغىر ئىشقى هىجران ـ ئازابلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ مۇڭلىناتتى ۋە تەڭرىگە ئىلتىجا بىرلە سېغىنىشا-تى. ۋىسال سائىتىنىڭ يېقىنلاپ مەشۇقى ـ دىلدارى بىلەن جەم بولۇشىنىڭ خۇشاللىق دەملىرىنى خىيالەن قۇچاقلايتتى. ئەم-ما، ئۇ، ئۆزىنىڭ دەردتىن، شەكلسىز كۆز يېشى ۋە پىنهان يۈرەك يىغىسىدىن ئۆزگە بىرەر تۆهپە ـ ئۇتۇق تاپماي سۈكۈت بىرلە، يار ۋەسلىدىن يىراق بىر جايدا تەنها ئۆتكەن كۈنلىرىگە ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە ئېچىناتتى… شائىر ئاچچىق هاياجان ئىلكىدە سىلكىنىدى ۋە قومۇش قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ ياردىن يارغا — ئىنساندىن ئاللاغا تۇتىشىپ كەتكەن ئاشۇ خىل ئىچكى كەچۈرمىش-لىرىنى شېئىرىي مىسرالارغا تىزدى:

نە خەتالىق مەندىن ئۆتتى، ياردىن تۇشتۇم يىراق،
كېچە ـ كۈندۈز يار كويىدا تارتادۇرمەن ئىشتىياق.
ئەي يارانلار، بۇ يىراقلىق دەردى ئۆلتۇردى مېنى،
سائەتى هازىر بولۇپ قاشىدا ئولسام ياخشىراق.

مەقسەدىم ئولدۇر مېنىڭ: قاشىدا قىلسام خىزمەتىن،
نە ئىلاج ئەيلەي، مېنى دۇنيايى دۇن سالدى يىراق.
كۆزدە غايىب بولسە ئول، كۆڭلۇمدە هازىردۇر مېنىڭ،
كەيف قىلدى بۇ مۇھەببەت بادەئى ئىچتىم ئەراق.
تا جەمالىن كۆرمەگۈنچە چىقماغاي ھەرگىز خۇمار،
دەردمەنلەرگە قىيامەت دەشتىدە ئاھۇ فىراق.
تاپمادىم يارىمغە قان ياشىمدىن ئۆزگە تۇھفەئى،
كېچە ـ كۈندۈز يادىدا كۆزدىن مەگەر ئاقتى بۇلاق.
سەبر قىلغىل، بۇ يىراقلىق دەردىگە، ئەي نەۋبەتى،
نا ئۈمىد بولمە، خۇدا رەھمەت قىلىپ بەرگەي بۇراق.①②

دەرىزە پەنجىرىلىرىدىن قىسىلىپ كىرگەن سوغۇق تاڭ سابا-
سى ئۇنىڭ ئىچكى ھاياجاندىن قىزىپ تەرلەپ تۇرغان چېھرىگە
سۆيۈپ ئۆتكەندە، ئۇنىڭ شېئىرىي ھاياجان بەھرىدىن بىرئاز تىنچ-
لانغان قەلبى ئاۋۋالقى ھالىتىگە قايتتى. شائىر ئەمدى
سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا چارىسىز ئىدى، ئارىدىكى ئېغىر سۈكۈتنىڭ
ئۇزاققا سوزۇلۇشى ئاڭا ھېچبىر پايدا ـ نېسىۋە بەخش ئېتەلمەيت-
تى. ئازابلىق يىراقلىق تۇيغۇلىرى يەنە كېلىپ شائىرنىڭ قەلب
چوڭقۇرلۇقىدىكى غايىبانە ۋىسال ھۇزۇرىنى بېسىپ چۈشەتتى.
رېئال تۇرمۇشتىكى چېكى كۆرۈنمەي كېڭىيىپ بېرىۋاتقان ئەسەبىي
ۋىسال تەشنالىقى ئۇنى سەۋەبلەر ئالىمىدە تاسقاپ ئۆتكەندىن كې-
يىن، «خەت» دېگەن ئۇقۇم نۇردەك يورۇپ ئۇنىڭ ئۈمىد ـ
ئىستەكلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ يىغدى. خەت — سەۋەب، خەت —
يول، خەت — قەدەم، خەت — سەير ـ سەپەر، خەت — ھالقىش،
ھالقىش ھاسىلاتىدىكى يېرىم دىدار بولغىنى ئۈچۈن، شائىر كىرىپ-

① بۇراق — دىنىي چۈشەنچە بويىچە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «مىئراج» كېچىسى كۆككە مىنىپ چىققان ئۇچار ئات، تۇلپار.
② «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 56 ـ بەت.

كىنى قەلەم، كۆز يېشىنى سىياھ، يۈرىكىنى قەغەز، مېھىر-سۆيگۈسىنى مەنەن مۇناجات ئەيلەپ نامە پۈتتى.

نامە شىرە ئۈستىدە چىرايلىق قاتلىنىپ گۈلدەك قات - قات پورەك ئېچىپ، نۇردەك ئاپئاق يورۇپ تۇراتتى. ئۇ، خوتەن گۈلىستانىدىكى نەسرىدىن ئاتلىق، نەۋبەتى تەخەللۇسلۇق ئاشىق شائىرنىڭ سىيماسىدا ئۇنىڭ ياشلىق ھەققى - ھۆرمىتىنى ئۆزىگە جەم - مۇجەسسەم ئەيلىگىنى ئۇچۇن، خەت بىلەن شائىر ئارىسىدا پەرق ۋە ئارىلىق يوقىلىپ بارا - بارا بىر پۈتۈنلۈك شەكىللەنگەندى. شائىر خەتنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى، خەتتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا شېرىن تۇيغۇ تارقىدى. شائىر خەتنى لەۋلىرىگە تەگكۈزدى، خەتتىن ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاتەش - گۈلخان بولۇپ كۆيدى. شائىر خەتنى باغرىغا باستى، خەتتىن ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى ئېرىپ ئۇلۇغ بىر ۋىسال ئېقىنى ئۆركەش ياسىدى... خەت، پەرۋازدىكى ئىنسانىنىڭ جۇلاسى! خەت، پىنھانلىقتىكى ئىنسانىنىڭ ھەققى، ئىلتىجاسى! خەت، ئاشىق بىلەن مەشۇق ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ رىشتىنىڭ كۈچلۈك تارتىلىشىدىن زاھىر بولغان ھاياجانلىق ۋىسال دەملىرىنىڭ نۇرانە سىيماسى! ئۇنى سۆيۈش ئىنسانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى، ئۆز - ئۆزى تەركىبىدە ھاياتلىق كۈيى بولۇپ جاراڭلىغان سۆيۈملۈك مەھبۇبىسىنى سۆيۈش بىلەن قانچىلىك پەرقلىنەر، ئاخىر!؟

شائىر دەپتىرىگە ئېگىشىپ قومۇش قەلىمىنى ھەريان ئۇسسۇلغا سېلىش بىلەن يىراقلىق مۇناجاتلىرىغا تۇتاش جاراڭلاپ سابا رىغبەتلىرىدە سىلكىنىپ كەڭ قانات يايغان، خەت ۋەزنىدىن ئۇرغۇپ تېشىپ ئىككى قەلب ئارىسىدىكى يىراق چۆل - باياۋانلارنى يېشىل چىمەنزار ئەيلىگەن ئوتلۇق ئىشقى تۇيغۇلىرىنى مىسرالارغا تىزدى:

كاشكى بىر رۇقئەئى نامە ئېبەرسە يار خەت،
ئىلتىفات ئەيلەپكى مەن بىچارەگە دىلدار خەت.

ھېچ گۈل سۆز گۈلشەنىنىڭ گۈلىدىن مەرغۇب ئەمەس،
يارنىڭ شېرىن سۆزى بىر دەستەگۈل، گۈلزار خەت.
كىرپىكىم ئەيلەپ قەلەم، ياشىم سىياھى ئەيلەبان،
چېھرەئى زەردىمگە مەن نامە پۈتۈردۈم يار خەت.
ئەي سەبا، بۇ نامەئى دەردىمنى يەتكۈر يارغە،
بىر گۈلى بەرگەيمىكىن شېرىن سۆزىدىن يار خەت.
كەلسە ناگاھ بىر خەتى ئەھدى ۋەفاسىدىن ئانىڭ،
ھېچ ئەرمان يوق كۆرۈپ ئۆلسەمكى مەن دىلدار خەت.
ئەي خۇدايا، رەھم ئەيلەپ يارنىڭ كۆڭلىگە سال،
بۇ مېنىڭ شورىدە ئەھۋالىمنى بىلگەي يار، خەت.
نەۋبەتى سەن ھەم تىلىگىدىن يارغە بىر خەت ئىبەر،
كىم سىرىڭنى يار بىلسۇن، بىلمەسۇن ئەغيار، خەت[①].

شائىر ئاستا - ئاستا ئۆزىگە قايتىپ، ئۆي ئىچىدە مەيىن چايقىلىپ تۇرغان تىمتاسلىق كۈيىگە بۆلەندى. ئەمدى ئۇنىڭ قەلب بوشلۇقلىرىدا، دەپتىرىدە، خەت - نامىسىدە ۋە يەنە قارشىسىدىكى بارلىق نەرسىدە ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. جىمجىتلىق-نىڭ شەكىلسىز قاتلاملىرى ئازاب ۋە دەردۇ ھىجرانلاردىن مۇس-تەسنا ئىدى، ئۇ بەئەينى قارا يامغۇردىن كېيىنكى نەم ھاۋانىڭ يېنىك تىنىقىغا، ھاياجانلىق ۋىسال دەملىرىدىن كېيىنكى مۇلايىم تەبەسسۇمغا، بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ ئەللەي ناخشىسى ئىچىدىكى شېرىن مۈگدەشلىرىگە ئوخشايتتى.

ئىنسان تەبىئەتنىڭ مېۋىسى، ئۇنىڭ ھاياتلىق تومۇرى تەبىئەت-نىڭ تومۇرىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تەبىئەتنىڭ كۈلكىسى ئۇنىڭ كۈلكىسى بىلەن، تەبىئەتنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن مەند-داشلىقتا ئىگە. ئىنساندا كۆرۈلىدىغان ھادىسە - ۋەقەلەرنىڭ ھەن-نىۋاسى تەبىئەتتە تەكرار كۆرۈلۈپ ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان بىلىش دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە ئۇنى تەبىئەتكە يېقىنلاش-

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى 51 - بەت.

تۇرىدۇ. شۇڭىمۇ ئىنسان تەبىئەت قوينىدا ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ئەسلىي زاتىنى كۆرۈش ھېسابىغا تەبىئەت بىلەن مەڭگۈلۈك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈز، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، يېشىل كۆكلەم بىلەن دەشت - باياۋان، سەل - كەلكۈن بىلەن چاڭقاقلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل قاتلىمى سۈپىتىدە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرىغا سىمۋوللۇق ئىشارەت بېرىدۇ. ئىنسان مۇشۇ ئىشارەتلەرنىڭ تەسىرى، ئىلھامى بىلەن ئۆزىگە ئىچ. كىرىلەپ تەبىئەتتەك گۈزەل ۋە نادىر سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىدۇ.

شائىر شۇ تاپتا ئۆزىدە روي بېرىپ ئۆتكەن روھىي ھاللارغا نەزەر سېلىپ ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتىدە قىياس قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن تەبىئەتنىڭ كەڭ ئېتەكلىرىنى خىيالەن قۇچاقلىدى. تەبىئەت بىلەن تەبىئەتنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە قوشۇلۇشى مىسلىسىز رەڭدار كەڭلىك يايماقتا ئىدى. ئۇنىڭ گاھ چېكىدە، گاھ مەركىزىدە، گاھ ئۆزىنىڭ تەبىئەت بىلەن كېسىشىش نۇقتىلىرىدىكى باش ئېقىنلىرىدا يۈرگەن شائىرنىڭ ھېس - تۇيغۇ. لىرىدا بارچە نەرسە بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان باغلىنىپ بىر ئەزەلىي ۋەھدەد - بىرلىكنى سۈپەتلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ سۈپىتى نۇرغا، ماھىيىتى ھاياجانغا تارتىلاتتى. شەكلى - سىياقى بولسا مەۋجۇداتلارنىڭ تۇر ۋە خىللىرىغا چېچىلىپ مەۋھۇم، پىنھان تۇ. راتتى. نەۋبەتى ھەيرەتتە قالدى، ئىنسان بالىسىنىڭ كۆللى ئالەم مەۋجۇداتلىرى ئىچىدە جەۋھىرى زات سۈپىتىدە غۇلاچ كېرىپ تۇ. رۇشلىرى ۋە بارچىگە چەكسىز رەۋىشتە يېيىلىپ نۇر سۈپەتلىك جۇش ئۇرۇشلىرى ئۇنىڭ تەگرىگە تۇتاش قۇدرەت - كامالى. نى ئاشكارا ئەتكەندە، شائىر قەلبى مىسلىسىز ھاياجان ئىلكىدە دولقۇنلاپ پۈتكۈل ئەزايى ۋۇجۇدىنى سېھىرلىك كۈچ بىلەن سىلە. كىپ، تىترىتىپ ئۆتتى. مۇشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسى شائىرغا ئىنسان قەلبىنىڭ مۆجىزىكارلىق خىسلەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن تونۇ.

تۇپ، ئۇنى شېئىرىيەتنىڭ تۇرلۇك شەكىللىرىدە ئىپادىلەشنىڭ چەكسىز مۇمكىنلىكىدىن ئۇچۇر بەردى. شۇنىڭ بىلەن، شائىر نېمىدۇر ئىسگە كېلىپ، نېمىگىدۇر ئالدىراپ خەتنى قوينىغا سالدى - دە، بالىخانىدىن ئايۋانغا چۇشۇپ ئىشىكتىن سىرتقا چىقتى.

## 4

نەۋبەتنىڭ ھەر كۇنلۇكى شىپاخانىغا كېلىپ ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇشى ئۇنىڭ ئۆز خاھىشى ئەمەس ئىدى. ئۇ كۇن بويى ئۆيىگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ شېئىرىيەت - نەزم كۆكىدە دەخلىسىز پەرۋاز ئېتىشنى قانچە ئارزۇ قىلسىمۇ، بۇ ئارزۇ ئاتىسى مۇھەممەد تەرىپىدىن تولۇق رىغبەتلەندۇرۇلۇپ ھىمات قىلىنغان بولسىمۇ، شائىر كۇنسېرى كۇچىيىپ ۋۇجۇد مىقياسىدىن ئۆرلەپ تېشىۋاتقان ئەرلىك نومۇس كۇچى سەۋەبىدىن شىپاخانىغا، ئۇ يەردىكى خامۇش، نىمجان كىشىلەر ئارىسىدا تەرلەپ پىشىپ ئىشلەۋاتقان، شىپالىق قوللىرى بىلەن ئەل - ئاۋام ئارىسىدا شانۇ شۆھرىتى ئېشىپ بېرىۋاتقان جاپاكەش ئاتىسىغا تارتىلاتتى. يىگىتلىك مەۋسۇمىنىڭ جاھاننى مالىمان قىلىشقا يەتكۇدەك كۇچ - قۇۋۋەتلىرى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ سەرپىياتلىرىدىن ئېشىپ - تېشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە كۇنلۇكى قايناپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل كۆرۇنۇشىدە ئۇ بىلىشنى ئىزدەيدىغان رەڭدار ھايات سىرلىرى ئەكس ئېتىپ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قاناتلىرىغا ئىلھام بەخش ئېتەتتى، ئوي - خىيالىنىڭ مەنىدار رىتىملىرىغا يىپ ئۇچى چىقىراتتى. شۇڭا، نەۋبەتى شىپاخانىنى تىرىكچىلىك يولى، يۆلەنچۇكى سۇپىتىدە ئەمەس، بەلكى ھاياتقا نىشانەن ئېچىلغان بىر يورۇق كۆزنەك سۇپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان قەلبىگە ئەركىن نىگاھ تاشلاش ئىشتىياقىنى ھەمدە ئاتىسىغا ھەمدەم بولۇشتەك ئوغۇللۇق بۇرچىنى رېئاللاشتۇر-

غانىدى.

نەۋبەتى ھەممىگە تەكشى نىگاھ ئاغدۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى شىپاخانىغا كەلگەن ھەربىر كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە بىرنەچچە دەقىقە توختاپ، ئۇنىڭ ئاساسىي، تىپىك ئالامەتلىرىنى بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان چېتىپ، مۇئەييەن كىچىك ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلب داللىرىغا بىمالال شۇڭغۇپ كىرەتتى. ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى خازان پەسلىدىكى تەبىئەتنىڭ سولغۇن، مۇڭلۇق كۆرۈنۈشىگە ئوخشاپ تۇراتتى، بۇ ھال يەنە كېلىپ ھەممىدە، ياش پەرقى رەد قىلىنغان ھەر بىر جاننىڭ ئىچكى ئالىمىدە ئوخشاشلا ئەكس ئېتەتتى. نەۋبەتى شۇ يوسۇندا شەكىلدىن - شەكىلگە، جاندىن - جانغا كۆچۈپ ئىچكىرىلەيتتى، ئاشۇ سولغۇن، مۇڭلۇق قەلب داللىرىدا ئايلىنىپ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا يەنە ئۆزىگە قايتىپ ئارىدا شەكىلسىز گۇركىرەپ سوقۇۋاتقان قارا بوراننىڭ تىۋىشىنى ئاڭلايتتى. قارا بوران ئىنساننىڭ ھەممىلا بوشلۇقلىرىدا زاھىر ئىدى، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزگە ئارىسىدا، تەن بىلەن روھى ئارىسىدا، سىرتقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى ماھىيەتلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىنىپ ئۇلارنىڭ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە قوشۇلۇشىغا ئىمكان بەرمەيتتى. شۇڭا، ئىنساننىڭ سىرتقا ئىپادە قىلغانلىرى ئىچكى بارلىق مىقياسىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئارىدىكى ئۆتۈشمە يول، بوشلۇقنى قارا بوران دەھشىتى ئىگىلەپ تۇرغاچقا، ئەسلىي تەركىبلەر توزۇپ كېتەتتى ياكى ماسلىشىش رەۋىشىدە سۈپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىپ ناھايىتى سۇس ئىپادىلىنەتتى. بۇنداق دەۋر قىلىش ئۇزاققىچە داۋاملىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئىنساندا ھارغىنلىق، ئۈمىدسىزلىك ۋە قورقۇش كەيپىياتى شەكىللىنىپ، ماھىيەت پەرۋىشكارلىقى بىر ئىزدا تاشلىنىپ قالغان ھەمدە نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى. شۇ سەۋەبتىن نەۋبەتى گاھ ئېچىنىش تەرزىدە ئۇھ تارتاتتى، گاھ ھېسداشلىق تەرزىدە ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

نەۋبەتى قەلبلەر ئىچكىرىسىدە، قەلبلەرنىڭ ئەڭ پىنھان چىن-

لىقلىرى ئارىسىدا تۇرۇپ، يەنىلا ئۆز بەرقىگە تارتىشىپ جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان ياپپېشىل هاياتىي بىخلارنى كۆردى. بۇ بىخلار هەربىر كىشىنىڭ قەلب پىنهانلىرىدا سىرتقى ئۇرۇنۇشلىرىدىن، ئىمكانى بوشلۇقلىرىدىكى بوران سوقۇشلىرىدىن تۆكۈلگەن سېرىق يوپۇرماقلار ئاستىدا يوشۇرۇن ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بوز - توپىلىرى نەچچە مىڭ يىللىق ئېتىقادىنىڭ قان - تەرلىرى بىلەن سۇغىرىلىپ ئۆزلىرىگە ئېسىل نەسىل - نەسەب تېپىلىرىنىڭ كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەلىرىنى ئۇلىغاچقا، ئۇلارنىڭ سۈپىتى ۋە بەرقىـــدە رەڭدار گۈل - چېچەكلەرنىڭ، شېرىن - شېكەر مېۋىلەرنىڭ سېيماسى نامايان بولاتتى. تەسەۋۋۇر بەھرىدە گۈزەل ئىستەكلەرگە غەرق بولغان نەۋبەتى ئاشۇ بىخلارنى ئۇلارنىڭ بەرقى - بالاغىتى بىلەن قوشۇپ غۇلاچلىرى ئارىسىغا ئالدى. بۇ هاللاردا، ئۇ ئۆزىدىن هالقىپ ئۆزگىگە قوشۇلدى، يەنى ئۇ ئۆزلۈكنى ئۆزگىلەر قاتلىمىدا كېڭەيتىپ ئالەمگە يېيىلدى.

— تەندە ئاغرىق ئالامىتى كۆرۈنمەيدۇ، خېنىمنى ئۆيلىرىگە ئەكېتىپ ئوبدان كۈتسىلە. كەم ماغدۇرلۇققا قۇۋۋەتلىك تائامدىن ئۆزگە چارە تېپىلماس، — مۇھەممەدنىڭ ئاۋازى ۋە ئۇ بەلگە بېرىۋاتقان بىمارنىڭ هال - ئەهۋالى نەۋبەتنى مەندار ئوي - پىكىرلەر ئىچىدىن تارتىپ چىقتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا سېرىق غۇنچىدەك تۈگۈلۈپ ماغدۇرسىز ئولتۇرغان زەپىران قىزغا بىر قۇر نەزەر ئاغدۇرغاندىن كېيىن، يەر ئۆزرە بېقىپ سۆز قىستۇردى:

— سېرىقلىق ئوتتىن، ماغدۇرسىزلىق كۆيۈك ھەسرىتىدىن بولۇر. ئىشق ئوتى تۇتاشقان، ئەرك - مەيلى قىسىلغان قەلبنىڭ جاراھىتىگە ۋىسالدىن بۆلەك داۋا كار قىلماستۇر. خېنىمنىڭ مەيلى - ئىختىيارىچە نىكاهقا رازىلىق بەرسىلە شىپاسى ئۆز - ئۆزدىن هاسىل بولۇر، پەرزلىرىمۇ گۈلى - گۈلىدە ئادا بولغاي، ئاتا.

شۇئان قىزنىڭ گۈنسىز كۆزلىرىدە قۇياش پارلىغاندەك بىر نۇرانىلىك ئەكس ئېتىپ، پۈتۈن ئەزايى - ۋۇجۇدىغا تارقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەددىنى بىردىنلا رۇسلاپ تىك ئولتۇرۇشلىرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«رەھمەت سىلىگە، ئەۋلىيا غوجام» دېگىنىچە يىغلامسىراپ ئانىسى-
نى تارتىشلىرى گاڭگىراپ قالغان مۇھەممەدنىڭ قەلبىدە ئوغلىغا
نىسبەتەن ئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل پەخىرى - ئىپتىخار ھاياجىنى
قوزغىدى. ئۇ نەۋبەتنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلدى. بۇ
كۆزلەر شۇنچىلىك نۇرلۇق، شۇنچىلىك تېرەن ئىدىكى، كىشى
ئۇنىڭ ئالدىدا پەقەت سەممىيەت ۋە ئەسلىي چىنلىق قۇربى بىلەنلا
تىك تۇرۇشقا قادىر ئىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ سىياقىدىن، نۇر
ئۆرلەپ تۇرغان ئىچكى چوڭقۇرلۇقىدىن سۇدىممەگە، تىجەن ھەز-
رەتكە تۇتاش كەتكەن ئۇلۇغ بىر جىلۋىگەر دۇنيا نامايان بولۇپ
مۇھەممەدنىڭ قەلب رىشتىلىرىنى تىترەتتى. ئاتا بىلەن بالا بەئەينى
سامادىكى قۇشقا ئوخشاش پەرۋاز ئېتەتتى، ئۇلارنىڭ كۆرۈش دائى-
رىسى تۈيغۇ دائىرىسى بىلەن كېڭىيىپ، قۇياشتەك پارلاپ ئۆتكەن
سۆيۈملۈك سىيمالارنى تاماشا ئەيلەيتتى.

نەۋبەتنىڭ كۆزلىرى ئاتىسىنىڭ جىددىي مەشغۇلات تەرتىپلى-
رىدە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خىيالى ئەمدىلىكتە تەرەپ - تەرەپتە
جاھان كېزىپ ئۇستازى شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنى
ئىزدەيتتى. ئۇ تەلقىن قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن قارا بوراننىڭ
خۇلقى ۋە ماھىيەتلىرى بىلەن شەيخنىڭ فانىيلىق ئالىمىدىكى غا-
يىبلىقى ۋە سەرگەردانلىقى ئارىسىدا روشەن بىر باغلىنىش كۆرۈ-
لۈپ، بەھرىدار ئالەمنىڭ سۇزۇك ھاۋاسى تۇتۇلغاندەك بولدى،
شائىرنىڭ قەلبىنىمۇ مۇڭ - يىغان قاپلاپ نەپسىنى قىستى.
شۇئان ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.
ئۇ، شەيخنى كەچ كۈزدىكى سەرسانە يوپۇرماققا ئوخشاش ھايات
دەشتىنىڭ ئىزغىرىن سوغۇق شامالىرىدا لەيلەپ ئۇچۇپ مۇڭلۇق
ئاۋاز تارقىتىپ يۈرگەن بىر سىياقتا كۆرۈپ، ئۇنىڭ دەردۇ جاپا-
سىغا تەڭ ئورتاق بولغانىدى. ئالىم — ئالەمنىڭ زاھىر مەۋجۇدىيە-
تى، ئالىم سۆھبىتى — بەھرىدار دۇنيانىڭ خاسىيىتى، مەنىۋىيەت
بوستانىنىڭ شېرىن نېمىتى. مۇشۇ مەۋجۇدىيەت رىشتىلىرىگە چى-
گىلگەن، مۇشۇ بەھرىدار دۇنيادا ئۆسكەن ۋە قەلبى - روھىنى

مۇشۇ دۇنيانىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت، ھەق ـ ئادالەت جاۋاھىراتلىـ-
رى بىـــلەن يورۇق ـ روشەن ئەيلىگەن شائىرنىڭ جۇدالىق ئازاب-
لىرىنى چۈشەنمەك ئانچە تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلھام دەۋتى
بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆز ھاياتىنىڭ ئالىمۇ ئارىپ سۆھبەت-
لىرىگە بولغان كۈچلۈك ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى ۋە ئىنسان بالىسىنىڭ
ئۇنىڭ بەھرىدە ئېرىشىدىغان ھايات رىزقى ئاپتاپلىرىنى مىسرالارغا تىزدى:

ۋەھ نە ياخشىدۇركى ئالىم سۆھبەتىدە بولسا فەيز،
شۈكرى قىلغىلىكىم خۇدانىڭ رەھمەتىدۇر بولسا فەيز.
ۋاجىبى ئىمان بىرىسى سۆھبەتى ئالىم ئېرۇر،
ھەر زەمان ئولتۇركى ئالىم سۆھبەتىدە بولسە فەيز.
ھەر كىشى ئولتۇرسە ئالىم سۆھبەتىدە بىر زەمان،
مەغفىرەت قىلغاي گۇناھىنى بىناگەھ بولسە فەيز.
بىرىيا تائەتدۇرۇر بىلگىلكى ئالىم سۆھبەتى،
جۇملەئى قىلغان گۇناھىغە كەفارەت بولسا فەيز.
ھەر كىشى ئولتۇرسە ئالىمنىڭ يۈزىگە تەلمۇرۇپ،
بىشەك ئول تائەت سەۋابىنى تاپاركىم بولسا فەيز.
رەھمەتى ھەقدىن ئۇمىد ئەتسەڭ كېچە بىدار بول،
نە ھەلاۋەتدۇر كىشىگە ھەر سەھەردە بولسە فەيز.
نەۋبەتى ئاجىز، جەھاندا دوست تۇتغىل ئالىمى،
تا تىرىكدۇرسەن گۇناھىڭنى كەچۈرگەي بولسە فەيز①.

## 5

تەبىئەت ئويغانغانىدى، ھەممە ياقتىن باش باھارنىڭ يېشىل
تىۋىشلىرى ئاڭلىناتتى. توڭلىرى ئېرىپ ئېسىلگەن تۇپراق قاتلاملىرىدىن كۆزگى بۇغداي مايسىلىرى ۋە بېدىلەرنىڭ يۇمران بىخلى-

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 50 ـ بەت.

ـرى باش چىقىرىپ، ئەمدىلا يوپۇرماق يارغان سۆگەت ـ مەجنۇنتال
چىۋىقلىرى بىلەن بىللە ئالەمگە يېشىللىق جىلۋىسى بەخش ئەتمەكتە
ئىدى. كۆڭلۈكى سۈزۈك جىمىرلاپ تۇرىدىغان ئوتلۇق قۇياش نۇر-
لىرى تەنلەرنى قىزدۇرۇپ، زىمىستان بويى ئۆچەكتە ياتقان ئىنسا-
ني تۇيغۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئويغاتماقتا ئىدى. مېۋىلىك دەرەخ-
لەرنىڭ چېچەكلىرى رەڭدار جىلۋە ئەيلەيتتى، قۇشلار ناۋا قىلات-
تى، سۇندۇك ۋە قارلىغاچلارنىڭ تەرەپ- تەرەپتە پەر قېقىپ ۋى-
چىرلاشلىرى تەبىئەتنىڭ ھۆسندار، قاينام- تاشقىنلىق ھاۋاسىدىن
بېشارەت بەرمەكتە ئىدى.

يەركەن شەھىرىدىن كەلگۈسى قاناتلىق خەتنىڭ ئۇچۇرىنى
يەتكۈزۈپ، شائىر دوستىنىڭ رايى بويىچە سەھرا ئارىلاپ قايتىپ
كېلىۋاتقان موزدۈز قۇربانىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كۆلكە بىلەن قى-
سىلدى. ئۇ گۈلباغ مەھەللىسىدە ئۆزلىرىگە يولۇقۇپ ئۆتكەن ناتو-
نۇش بىر گۈزەل قىزنىڭ شائىرغا قايرىلىپ قارىغىنىنى، بۇنىڭ
تەسىرىدە شائىر چېھرىنىڭ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى
كۆرۈپ قالغانىدى. ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر، بولۇپمۇ شائىر چېھرىدىكى
نومۇس كۆچى تەپكەن قىزىللىقنىڭ ھېلىغىچە ئۆچمەي بىر ئىچكى
ئوي ـ خىيالغا تارتىشىپ تۇرغانلىقى گەپدان قۇربانغا تۇتقا بولۇپ
بەرگەنلىكتىن، ئۇ كۆلكىدىن قىسىلغان ھەييار كۆزلىرى بىلەن
ئۇياق ـ بۇياققا بىر قۇر قارىۋېتىپ بوش ئاۋازدا گەپ تەشتى:

— ئۇ سەرۋى بويلۇق نازىنىن خېنىم دوستۇمىنىڭ كۆڭلىنى
ئوۋلاپ قاچتى. ئېيتقىنا، ئەزىزىم، ئىشق ئۇستىگە چۈشكەن تەڭ-
قىس ئىشققا ئەلچىلىكتىن ئۆزگە يەنە بىرەر ياخشى چارىمۇ
بارمۇ؟!

نەۋبەتى كەچكى شەپەق نۇرلىرى ئىچىدىن لەۋ يېرىپ كۈلۈم-
سىرىدى:

— مېنى گۇناھقا شېرىك ئەيلىمە، قەدىردانىم! ئۇزلۇق ـ
گۈزەللىك ئاللا چېھرىدىن تۆكۈلگەن نۇر ـ زىيادۇر. ئۇ جان
ھىممىتىدە ئەۋجلىنىپ ئالەمگە يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ بەھرىدە ئىشق

چوغدانلىرىنى قىزدۇرماسلىقتا بەندىدە نە چارە. ناتونۇش نازىنىن، بىر تىزىق نۇر ـ زىبا ۋە بىر يەلپۈم شامالغا ئۇرۇلۇش ئىخلاسىمنى ئىشقىمنىڭ چىنلىقىغا قايتۇردى، يىراقتىكى يارىمنىڭ سۆھبەت ـ سۆباتىنى تەسۋىرلەپ ماڭا دىدار نېمەتلىرىدىن نېسىۋە ئاتا قىلدى.
ئۇ دەملەردىن بۇ دەملەرگىچە بولغان سۈكۈتۈمنىڭ چوڭقۇرىغا نەزەر سالساڭ، ئىشق ھەققىگە تالىق ئوت ـ گۈلخانلىرىمنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى كۆرگەيسەن. ئىنشائاللا، ئەلچىلىك ھىممىتىڭ بىلەن ئىنتىزارلىق يار خېتىنى كۆزۈمگە سۈرتكەيمەن.
— بىلىمەن، ئىشقتىكى كاج، بىنەزەرلىكىڭ تۈپەيلى ئاستا‑نىدىكى نازىنىنلەرنىڭ ھالى خاراب، باغرى كاۋاپتۇر، بۇنىڭ ئۇۋا‑لى ساڭا بولمىسىكەن، ئىلاھىم! يارنىڭ ئەھدۇ ۋاپاسى خەت بىلەن بىرگە كۈلۈپ كەلسە، مەن كەمىنە بۇرادىرىڭ قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەرمەن، ھە. سەۋر قىل، ئاتام قىشلىق سودىسىنى تۈگىتىپ يەركەندىن قايتىش تەرەددۇتىدا، يەنە ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن ئامانىتىڭنى ئېلىپ بىزگە قۇچاق ئاچقۇسى.
ئىككى دوست بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مۇلايىم كۈلۈمسىرەشـ‑كىنىچە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىشىپ خەيرلەشتى.
تۈن نىسپى، شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان نەۋبەتنىنىڭ چۈشلىرى قاناتلانماقتا ئىدى. رەڭدار چۈش ئالىمى ئىچىدە غايىبتىن بىر ئاق پەرىزات پەيدا بولۇپ، پەنجىرىلەردە تىترەپ، ئويناپ ئېقىۋاتقان ئاپئاق نۇر تالالىرىغا تىكىلگىنىچە خىيالچان ياتقان نەۋبەتنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شۇئان باھار شامالىرى باغۇ بوستانلار‑دىكى گۈل ـ چېچەكلەر لېۋىدىن ئەكېلىدىغان بىر خىل يېقىملىق خۇش پۇراق نەۋبەتنىنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ نەپسى ـ ھەۋىسىنى ئوتقاش مىسالى ياندۇرۇشقا باشلىدى. «ئاھ» دېگەن نازۇك ئاۋاز ئۆي ئىچىدىكى جىمجىتلىقنىلا ئەمەس، بەلكى ھەرد‑كەتنى تىزگىنلەپ تۇرغان روھ زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. يۇم‑ران ۋە ئىللىق بارماقلارنىڭ ئوتتەك كۆيۈپ تۇرغان ساقاللىق يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتۈشى جان قەپەسلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۇندۇ‑

رۇشقا باشلىدى. «ئاھ...» دېگەن ئاشۇ سۈزۈك سادا نەۋبەتى بىلەن غايىب پەرىزاتنىڭ، ياق، كۈندۈزى يولۇقۇپ ناز قىلىپ ئۆتكەن ھېلىقى ناتونۇش نازىنىنىنىڭ تۇۋا - ئىستىغپارىمۇ ياكى يېقىنلاپ كەلگەن ۋىسال دەملىرىگە بولغان ئىلتىجاسىمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس ئىدى. نەۋبەتى ئۆزىنى ئەسىر ئالغان بىر قۇدرەتلىك سېھرىي كۈچنىڭ تىلسىملىرىنى خىيال قىلىشقا ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تۇنجى رەت ئايال زاتى بىلەن تۇغما ھالەتتە گىرەلىشىپ ئاللىبۇرۇن چېكىنىش مۇمكىن بولمايدىغان ئەسەبىي ھاياجان ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. نەۋبەتى شۇ ھالدا بىر خىل توسقۇنسىز كۈچ — تەن بىلەن روھنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدىغان قۇدرەتلىك ئىنسانىي كۈچنىڭ سېھرىي كارامەتلىرى ئاستىدا غۇۋالىشىپ بېرىۋاتقان شەرىئەت ھەم تەرىقەت يوسۇنلىرى ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غالىب كەلگەنىدى. ئۇ چۈش قوينىدا تۇرۇپ چۈشتىن، تەندە تۇرۇپ تەندىن ئۆرلىدى، ئۇنىڭ ھەربىر پەللە - قاتلىمىدا بۇ ئالەمدىكى بارلىق ئۇقۇملار، چۈشەنچىلەر بىر - بىرلەپ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ بارماقتا ئىدى. نەۋبەتى خۇددى ئاق، قارا رەڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كەتكەن تىنىق بوشلۇق ئىلكىدە قاناتلىنىپ لەرزان، بىمالال پەرۋاز قىلاتتى. بۇ، ئاڭنىڭ سىرتىدىكى يوقلۇق ئالىمى، مەۋجۇداتلارنىڭ تېخى ئېچىلمىغان يېپپېڭى تىلسىمگاھى، مەۋھۇم قاتلىمى ئىدى. ئاشۇ پايانسىز ئالەمدە ئادەم ئۆزىنى گويا كىرىچتىن ئۈزۈلگەن ئوقتا، قاناتلىرى يېشىلگەن ياكى قەپەستىن بوشىتىلغان قۇشقا ئوخشاش ھۆر، بەختىيار سېزەتتى. ئۇ يەردە ئىنسان بالىسىنىڭ كۆرىدىغىنى بىر ئۆزى، بىر ئۆزى بولغاندىمۇ پۈتكۈل ئالەمگە باراۋەر، پۈتكۈل ئالەمنى ئىدارە قىلغۇچى ۋە تەمىن ئەتكۈسى ئاجايىپ زور ھەم قۇدرەتلىك ئۆزى بولاتتى...

ئارقا ھويلىدىكى قىزىل تاجىلىق چار خورازنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ چىللاشلىرى چۈش چېچەكلىرى ئىچىدە ئالەمگە تەڭلەشكەن ۋە ئۇنىڭدىن قەدەممۇ قەدەم ھالقىپ بېرىۋاتقان نەۋبەتنى ئويغاتقان-

دا، ئەتراپ ئاللىبۇرۇن يورۇپ تاڭ قۇياشىنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى پەنجىرە ئاراچلىرىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ بىرنەچچە تال ئۇزۇن نۇر دەستىسىنى ئۇدۇلدىكى تامغا سانجىپ بولغانىدى.

تۈن، خۇددى غايەت زور قارا تونغا ئوخشاش جىمىكى مەۋجۇداتلارنى ئۆزىنىڭ مېھرى ئاتەش، كەيپى ئەبجەش باغرىغا تارتىدۇ ۋە پىنھانە ئىمكانلىرى ئىچىدە يالىڭاچلايدۇ. كىشى ئۇ يەردە ئەركىنلىك ھېس - تۇيغۇدىن ھالقىغان ئارامدار چەكسىزلىككە يېيىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۆزىنىڭ كۆرۈش دائىرىسىدە ئۆزگىگە ھالقىپ كېڭەيگەن ئەسلىي قىياپىتى ۋە ئەسلىي ھۆزۈرى روشەنلىشىدۇ. ئارقىدىنلا كىشى بارچە بىلەن بولغان ئالاقىدارلىقتىن بىر - بىرلەپ بوشىنىپ، ئۆز مەيلى ئىلكىدە ھۆر تىنىق ئالغان ئۆزلۈكىنىڭ تەبىئىي قىسمىغا قايتىدۇ. شۇڭا، تۈن قوينىدا روي بەرگەن ئىشلار كۆندۈزدىكىگە، ساختا نىقاب - پەرەنجىلەر ھىمايىسىدە روي بەرگەن ئىشلارغا قارىغاندا تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ بىۋاستە بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ماھىيەتكە ئالاقىدار تەجرىبىلىرىنى كۆچەيتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، نەۋبەتتىنىڭ چۈش ۋاستىسى بىلەن ئايال زاتىدىن تاپقان تۇنجى ۋىسال شادلىقى، بىلىش قاتلىمىغا سىڭدۈرگەن ھاياتلىق تەجرىبىسى كېچە، ئەرك ۋە ئۆزلۈككە باغلانغان ھالدا ناھايىتى تەسىرلىك، ناھايىتى ئۆزۈل - كېسىل بولغانىدى. ئۇ، ئەۋۋەلىدە ئادەت بويىچە ھەر ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئاللاغا، ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئىجازىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، دېگەن ئەقىدىگە باغلاپ قىياسلىغان بولسا، ئەمدىلىكتە، ئۆزلۈكىنىڭ ئۆزىگە، ئۇنىڭ ئاللا بىلەن بولغان بىرلىكىگە، مۇشۇ بىرلىكتىن ئىنساندا قايتا مەۋج ئۇرىدىغان ئەرك ھاۋاسىغا باغلاپ قىياسلاشقا باشلىدى. ئۇ چۈش ۋىسالى ئاچىققان يۈكسەك مەنىۋى پەللىلەردە، ئاڭ - ئىدراكتىن تاشقىرى ئاشۇ تىنىق ئالەمدە كۆرگەن، تەڭرىگە ناھايىتى يېقىن، بەئەينى تەڭرىتائالادەك زورىيىپ ئالەمنى كەڭ غۇلاچلىرى بىلەن قۇچاقلايدىغان قۇدرەتلىك ئۆزلۈك سىيماسىنى قايتىدىن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ نەق ئۆزى ياكى بىر خىل

ئېزىش پەيدا قىلغان خىيالىي تۇيغۇ ئىكەنلىكى ھەققىدە چوڭ-قۇر خىيالغا پاتتى.

«مېنى» دەيتتى نەۋبەتى تەئەججۈپ ۋە گۇمان ئىچىدە خىيال سۈرۈپ، «پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەم كېسىشكەن ئۇ تىنىق بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىشقا مۇشەررەپ ئەيلىگىنى نېمىدۇر؟ مەن ئۇ يەردە بىر ئۆزۈمدىن ئۆزگە مەۋجۇداتنى ئىلغا قىلمىدىم، تەندىن، بەلكى تەن سۈپەتلىك روھتىن قاناتلاندىم، ھاياجان مېنى شامال مىسالى كۆتۈردى، روھىمنىڭ كۈر مىڭلىغان رەڭدار جىلۋىلىرى ئىچىدە كۆزۈم قامىشىپ ئاستا ـ ئاستا كېڭەيدى. مەن تەڭلەشكەن ئالەم مېنىڭ بىلەن پەرقسىز ھالدا كىچىكلىگەندەك بولدى، قوللىرىمنى كېرىپ ئۇنىڭ چەك ـ پاسىللىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تاس ـ تاماس قالدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ قەدەر كۈچلۈك ئالەملىك ۋىسال ئىلكىدە زورايغانلىقىنى ئۆزۈم سەۋەبلىك، ئاشۇ ئازدۇرغۇچى ئاق پەرىزات — ناتونۇش نازىنىن سەۋەبلىك، تەن بىلەن روھنى ئارىلىق قالدۇرماي تارتىپ بىر مۇتلەق گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش ئىشتىياقىدىكى ئەسەبىي ھاياجان سەۋەبلىك كۆردۈم. بۇ ھاللار يەنە باشقىچە بىر شەكىلدە مەندە پات ـ پاتلا زاھىر بولاتتى. ئوي چۆلىدە سەرسانە يۈرەتتىم، ئىلھام ئاتلىق، ۋەھىي سىياقلىق ھاياجان شامالىرى ماڭا قانات بېرەتتى. سىلكىنەتتىم، نۇر تېزلىكىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچاتتىم، قەلبىم شاخلىرىدىن رەڭدار، شېرىن سۆز چېچەكلىرى قارىسىمان لەپىلدەپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان دەملەردە كىچىككىنە زاھىر ئۆزدىن ئالەمگە باراۋەر چەكسىز باتىن ئۆزنىڭ ئىلكىگە كۆچۈپ كېتەتتىم. ئۇمۇ خۇددى تەن كۆكىدىكى، شەھۋەت ئۆركەشلىرىدىكى ئاشۇ قۇدرەتلىك ئۆزگە ئوخشايتتى. ئۇلار ئارىسىدا شەكلەن ئوخشاشلىقلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوخشاش ئىلاھىي مەنىدارلىقمۇ بار ئىدى. بۇ، قانداق قۇدرەت ئۆزى؟ تۇزۇلمىسى سىرلىق، قىسمىتى چەكسىز، راھەت ـ ھۇزۇرى دەقىقىلەر ئارا زاھىر ھەم غايىب، سۈپەت ـ سۇباتى ئالەم ھۆسنىگە رەڭداش ئىنسانىنىڭ ئۆزلۈك قۇدرىتىمىدۇر! ؟ ئېھتى-

مال، ھەممە ئۇنىڭ ئاشۇ پىنھان سۆكۈتىگە يوشۇرۇنغان ھالدا تاشقى ئالەمنىڭ سەۋەبلىرىگە ئۇرۇلۇپ ئوت ئالغۇسىدۇر. ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى پىنھانە قۇدرەت ئوت-ئاتەش تەسىرىدە پىشىپ يېتىلگۈسى، ئۆزىنى زاھىر ۋە روشەن ئەتكۈسىدۇر، ئاخىر... ئاھ، پەرۋەردىگارا، ئىنساندا ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش كەتكەن كۈللى ئالەم مەۋجۇداتلىرى روھىدا ئۆزۈڭنى پىنھان تۇتۇپ تۇرغان بولساڭ، ھەر ۋاقىت، ھەر زامان ھازىر - نازىرسەنكى، مەندەك بىر غېرىب ئاشىقنىڭ ئەسلىم ۋە ۋەسلىم سەۋەبىدىن گۇناھقا شېرىك بولغىنىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن! دۇئا - ئىبادەت، تەۋبا - ئىستىغپارلىرىم بىلەن تېنىمنى، دىلىمنى ۋە ئىمانىمنى پاكلىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسەن!»

نەۋبەتى ئەمدى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى. چۈش كۆيى ھېلىھەم ئۇنىڭ قەلبىدە شېرىن ئاقاتتى، ۋۇجۇدى ئۇنىڭ كەيپىدە يېنىك تىترەيتتى. شائىر ھاياتقا بولغان بىرخىل چىنلىق، ھۆرمەت ۋە ئىنتىلىشچان ئوتلۇق ئىشق دەۋەتلىرىدە قولىغا قەلەم ئالدى:

بەناگاھ ئۇچرادى بىر دىلرەبا، تۇردىكى قاش ئاتتى،
ھەزىن كۆڭلۈمنى غارەت ئەيلەدى، سىرىمنى پاش ئەتتى.
جەھانغە كەلمەگەي ھەرگىز ئانىڭدەك بىر پەرى پەيكەر،
كېچە - كۈندۈز فىراقىدا كۆزۈمنى غەرق ياش ئەتتى.
فىراقىدا ئەگەر قان يىغلاسام ئەيىب ئەتمەڭىز زىنھار،
مۇسۇلمانلار، نېتەي، بىچارە كۆڭلۈمنى تالاش ئەتتى.
ھەرەمدىن چىقتى ئولدەم جىلۋە ئەيلەپ ماھى تاباندەك،
كەرەشمە بىرلە مەندەك بىنەۋالارنى ئاداش ئەتتى.
سەلاسىل زۇلفىنى دام ئەيلەبان چۈن دىلبەرى سەيياد،
جەمالى خىرمەنى ئۈزرە قارا خالىنى ماش ئەتتى.
ئەجەب مۇشكىل ئېرۇركىم يارنىڭ كويىدا جان بەرمەك،
غەمىنى تۇئمە ئەيلەپ، خاكپايىنى فەراش ئەتتى.

نە ئەرمان، نەۋبەتىكىم، يارنىڭ كويىدا جان بەرسەم،
قىىدا ئەيلەپ ئۆزىنى يولىدا ئىيسار باش ئەتتى[1].

مۇشۇ غەزەل بىلەن شائىر مۇھەممەد ئوغلى نەسرىدىن نەۋبەتى-نىڭ ئىككىنچى كىتابى — «غەزەلىيات نەۋبەتى» تاماملىنىپ، خوتەن ئاستانىسىدىكى شائىرلار، مەۋلانىلەر، تەقۋادار مولللار ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى ھەمدە شائىرغا يۇقىرى ئىستې-دات لاياقىتىدە ئالىي نوپۇز ـ ئاتاق بەخش ئەتتى. بۇ، دەل مىلادىيە 1716 ـ يىلىدىكى ۋەقە بولۇپ، شائىرنىڭ ئىستېداتىنى خوتەنگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئالتە شەھەرگە ئوچۇق جاكارلىغانىدى.

## 6

نەۋبەتىنىڭ تەبىئەتكە ماس رەۋىشتە ئويغانغان تۇيغۇلىرىدا ئۆزلۈك قۇياشىنىڭ مىسلىسىز ئوتلۇق ھارارىتى ئۆرلەپ ـ تېشىپ تۇراتتى. ھايات، ئۇنىڭ نەزەرىدە گويا جان بېغىچىدىن، ئۆلۈم خىلۋىتىدىن، يورۇقلۇق ھامىيسى — ساخاۋەتلىك قۇياش كەڭلى-كىدىن تۆكۈلگەن ئاسايىش ناخشىدەك ئەۋجلىنىپ، تۇيغۇلىرى يېتىپ بارغان بارلىق پىنھانە بوشلۇقلاردا رەڭدار چېچەك ئاچاتتى. ئويغىنىشۋاتقان تەبىئەتنىڭ خۇلقى ھەم نازى ئاشۇ ناخشا بىلەن پەر-ۋىشلىنىپ، ئاشۇ ناخشا بىلەن مەپتۇنكار سۈپەت ـ سۇباتقا ئېرى-شىپ، ئاشۇ ناخشا بىلەن قەدەممۇ قەدەم سىڭىشىپ بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىپ بارغاچقا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئىككى تەرەپكە ئۆزلۈكسىز يېيىلىش شائىر قەلبىنىڭ ئەزەلىي ئەركى ـ مەيلىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭىمۇ شائىرنىڭ قەدىمى، قەلبى ۋە قەلى-مى ھايات بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر- بىرىگە ماس، بىر- بىرىگە مەنىداش ھەم شەكىلداش بۆلەكلىرىدە ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ

---

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 87 ـ بەت.

مەنىدار ھەرىكەت رىتىمى يارىتاتتى.

باھار پەسلىدە خوتەننىڭ چەت ـ خىلۋەت جايلىرىدىكى مازايى ماشايىخلار تاۋاپچىلار بىلەن پەۋەس تولۇپ بەئەينى چايقىلىپ تۇرغان ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئۇ يەرلەردە بارچە ئادەم ھەقتائاللاغا يۈزلىنىپ تاڭ ـ باراۋەرلىك ھۆرىيىتىگە ئېرىشەتتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ تىنىپ كەتكەن غېرىبانە مەۋجۇتلۇق سېزىملىرىگە سەدىقە، خەير ـ ئېھسان ۋە دۇئا ـ تىلاۋەتلىرى بىلەن تەسەللى تېپىشاتتى. نەۋبەتى ئاشۇ ئادەم دېڭىزى ئىچىدە ئۈزەتتى. ئۈزۈن چاچلىق، كۆلاھ ـ جەندىلىك ئاشىقى دەرۋىشلەرنىڭ، بىھۇش، دەردلىك ۋە قەھرلىك ۋائىز ـ مەدداھلارنىڭ توپلىرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئېسىل ناخشا ـ قوشاقلىرىنى، تەسىرلىك ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى، ئۇزاق زامانلارنىڭ يىلتىزىغىچە تۇتىشىپ كەتكەن قىسسە ـ رىۋايەتلىرىنى ئاڭلايتتى. سەھەردىن كەچكىچە، ھەتتا تۈن نىسپىگىچە داۋام ئېتىدىغان سورۇنلاردا كىشى كىشى بىلەن زەنجىرسىمان باغلىنىپ قاياشلىق ئىنسان كەڭلىكىدە پەرۋاز ئېتەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان، تەڭرى، پەرزەنت ئالدىدىكى بۇرچ ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىدراك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى ئادەمىي ھەم ئىلاھىي مېھىر ـ شەپقەتنىڭ ئاتەش ـ چوغدانلىرىدا چاراسلاپ كۆيۈپ تۇۋا ـ ئىستىغپار لەۋزلىرىدىن ياش ۋە يىغا ـ زار بولۇپ تېشىپ چىقاتتى.

تاۋاپچىلار ئارىسىدا كۆزلىرىنى پات ـ پاتلا نەمدەپ، شىددەتلىك ھاياجان شامالىلىرىدا سورۇلۇپ، بىر غېرىبانە مۇڭ ۋە بىر غالىبانە سۇر ـ ھەيۋە ئىلكىدە سۇكۇتكە چۆمۈپ، ئۆزىنى ئەجداد، ئەۋلاد، تەڭرى بىرلىكىنىڭ مۇقەددەس رىشتىگە باغلاپ قاناتلانغان شائىر ئەمدىلىكتە باشقىچە بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئېرىشكەنلىرى بىلىش خەزىنىسىدە ساقلانغان ئاۋۋالقى جۇغلانمىلار بىلەن قوشۇلۇپ شۇنداق بىر مەنىۋى پەللە ياراتتىكى، شائىر ئۇنىڭدا ئەرش نىگاھىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ بىلەن بارچىگە چەكسىزلىنىپ تاشلىناتتى. خوتەن ۋە بارچە ئالتە شەھەر خەلقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىچىككىنە

بىر گۈلباغ، كىچىككىنە بىر كۆل، كىچىككىنە بىر ئالىقان سىيا- قىدا كۆرۈنەتتى. ئەمما، شائىرنىڭ قەدەملىرى ئاشۇ كىچىككىنە كۆرۈنۈشلەرنىڭ چېكىگە يېتىپ بارالمايتتى. قەدەملەر ئۆزىغانچە، گۈلباغ — تەڭرى ئېتەكلىرىگىچە تۇتاشقان چەكسىز كەڭ بېھىش - جەننەتكە، كۆل — ئۇپۇق قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان دېڭىز - ئوكيانغا، ئالىقان — سۈزۈك، جۇلالىق كۆك - ئاسمان سەتھىگە ئايلىنىپ قالاتتى. مۇئەللەقتىكى شائىر بىلەن سەپەردىكى شائىر ئارىسىدا قاشا - سېپىل، تام - قورغان يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۆتۈشۈشى دەقىقە ۋاقىت ئىچىدە ئورۇندىلىپ ئوتلۇق يۇرت كۈيىدە ۋىسال تاپاتتى. شۇڭا، شائىرنىڭ جىمىكى مەۋجۇتلۇق سېزىملىرى كۈي ۋەزنىدە ئۆرلەپ تېشىپ كۆز ئالدىدىكى بارلىق نەرسىنى ئىللىق قاناتلىرى ئاستىغا ئالاتتى.

ئىختىيارسىز بېرىلىش — شائىردىكى ئەسلىي دىتنىڭ جەۋ- ھىرى ئالامىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزگىگە باغلىنىش ۋە ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇش شائىرغا ئاجايىپ مول ھېسسىي كەچۈرمىشلەرنى بەخش ئېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزىگە ئالاھىدە ۋە ئەھمىيەتلىك بىلىنگەن ھەربىر نەرسىگە تەبىئىي ئىختىيارسىز- لىق بىلەن زەن سېلىپ، ئۇلارنىڭ خاس ئالامەتلىرىنى، خاس بۆلەك - قاتلاملىرىنى تۇتقا قىلىپ، ئۇنى پەيدا قىلغان روھىي ھاللارغا، كىلىمات ۋە ھاۋاغا قوشۇلۇپ كېتەتتى - دە، بىرنەچچە دەقىقىگە بارمايلا ماھىيەتلىك ئاساسلارنى، ئۇنىڭدىن تارقىغان دول- قۇنلارنى، كۆكلىگەن شاخ - پۇتاقلارنى تېپىپ چىقاتتى. بۇ جەر- يان شۇنچىلىك تېز ۋە قەتئىي تۈردە داۋاملىشىدىغان بولغاچقا، شائىرنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەم بۇ ئەھۋاللاردىن پۈتۈن- لەي خەۋەرسىز قالاتتى. شائىرنىڭ ئىنكاسى بولسا، كۈتۈلمىگەن تەرزدە يۈز بېرىپ، باشقىچە بىر خىل مەنىدار پىكىر كەيپىياتى يارىتاتتى ۋە شېئىرىيەتتە خاس ئىپادىسىنى تاپاتتى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي يەركەندىن، گۈزەل مەھبۇب گۈلئەتتەر-

دىن كەلگەن ئىنتىزارلىق مەكتۇپمۇ شائىردا ئالەملىك ئوي- پى-
كىرلەرنىڭ قاناتلىرىنى يېشىۋەتتى.
مەكتۇپ تەڭقىس، مەھكۇم، نائىلاج بىر قەلبنىڭ غەيۇرانە
ئەرز - دادلىرىنى، يالقۇنلۇق سۆيگۈ - ئىستەكلىرىنى ۋە مېھرى
دەريا ئەپۇ - ئۆزرىلىرىنى قان - ياش سۇيىدە نەقىشلىگەنىدى.
مەكتۇپ قۇرلىرىدىن گۈلئەتتەرنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرى نامايان
بولاتتى، ئۇنىڭ جىيەكلىرىدە ئىلاجسىزلىق ۋە مەھكۇملۇق قورغان-
لىرىغا ئۇرۇلۇۋاتقان تۇرۇم - تۇرۇم ياش سېلى قىيانلاپ ئاقاتتى.
كەچ كۈز يوپۇرمىقىدەك ساپسېرىق رەڭگى - رۇخسارىدا ھەس-
رەت - نادامەت تۇمانلىرىنىڭ مۇدھىش كۆلەڭگىلىرى لەيلەپ يۈ-
رەتتى. بىر جان، بىر ئىستەك، بىر غۇنچە، بىر ھەق ۋە رىزىق
سائادەت گۈلشەنلىرىدىن يۇلۇپ ئېلىنىپ، ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ
چۆل - باياۋانلىرىغا تاشلانغانىدى. قارا بوران ئۇنى تۇزۇتۇپ،
ئۇچۇرۇپ ۋە چەيلەپ تىرىك ئۆلۈم دەرگاھىغا ئەكېتەتتى...
شائىر خىيال ئىچىدىن ئويغىنىپ يۈرىكىنىڭ كۈچلۈك رىتى-
مىنى ئاڭلىدى. رىتىملار ئارىلىقى بارغانچە تارىيىپ، قان ئېقىمى
بارغانچە ئەۋجلىنىپ، نەپەس بارغانچە چىڭقىلىپ بوران مىسالى بىر
پىغان شۇنداق بىر شاۋقۇننى سىرتقا تەپتىكى، بىچارە شائىر «ئاھ»
دېگىنىچە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ
گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى پەرۋىش ئېتىپ كەلگەن سۆيگۈ -
مۇھەببەت رىشتىسى ئۈزۈلگەندەك بولدى، ئۇنىڭ ھاياتلىق تەركى-
بىگە مەنىدار جۇلا بەخش ئېتىپ كەلگەن ئىككىنچى بىر ھاياتلىق-
نىڭ بارلىق جىلۋىدار قاتلىمى ئۆچكەندەك بولدى. بىر ھازادىن
كېيىن ئېسىگە كەلگەن شائىر ئۆزىدىن ھالقىپ تۇرغان مىسلىسىز
كۈچلۈك ئىرادە ھىممىتى ۋە ئەقىدە- ئىخلاس دەۋەتلىرى بىلەن
قومۇش قەلىمىنى سىياھقا پاتتۇردى- دە، «خەمسە نەۋبەتى» نىڭ
ئىشق باغۇ بوستانلىرىغا كىرىپ كەتتى. سۆيگۈ ھىجرانى ئۇنىڭغا
ئىچكى ياقتىن كۈچ ئۇلاپ پىكىرلىرىنى قاناتلاندۇراتتى، بىۋاپا
دۇنيانىڭ جاراھەتلىرىنى ئاشكارىلاپ ئاڭا شېئىرىيەت مەلھىمى بى-

لەن بەرھەم بېرىشكە ئۈندەيتتى. شائىر تىنىمسىز يازاتتى، ناگاندا گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ «مەسنەۋى شەرىف»①، «دىۋانى ھافىز»②، «پەنج گەنج»③ۋە «خەمسە نەۋائى»④لارنى ۋاراقلايتتى. ئوقۇش بىلەن يېزىشنىڭ، شۇنىڭدەك يەنە ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقالغان چۆچەك ۋە قىسسە ـ رىۋايەتلەرنى ئىز قوغلاپ، ئىزدەپ سوراپ ئاڭلاشلارنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە كۆرۈلگەن ئاجايىپ يارقىن تەپەككۇر شولىلىرىدىن ئەسەرنىڭ گۈزەل رەڭگى ـ رۇخسارى نامايان بولۇپ، شائىرنى ئەسەرگە، بەلكى ئەسەر سىمۋولىدا ئوتتەك يېنىپ، لاۋۇلداپ تۇرغان قىپقىزىل گۈللەرگە ئاشىنا خۇشناۋا بۇلبۇلنىڭ ئۆزىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بۇلبۇل گۈل ئىشقىدا گۈل ئەتراپىدا، گۈل بەرگى ـ شاخلىرىدا قانات قېقىپ، چاڭ كەلتۈرۈپ خۇشناۋا ئەيلەيتتى. ئىشق چوغدانى — يۈرەك قاتلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان جاراڭلىق ئۈن ـ ناۋا سابا نازلىرىدا ئەۋج ـ دولقۇن ياساپ، داستانلار گۈلىستانىدا رەڭدار پۇرەك ئاچاتتى، خۇش ھىد ـ ئەنبەر چاچاتتى. شۇ ھالدا شائىر گاھ يىغان ئىچىدە دەردلىنىپ ياش تۆكسە، گاھ ۋىسال شادلىقى ئىچىدە كۆتۈرۈلۈپ خۇش تەبەسسۇم ئەيلەيتتى. شائىرنىڭ بارلىق مەۋجۇتلۇق سېزىملىرى رېئاللىقنىڭ روھىدىن باشقا تەرەپلىرىنى تەرك ئېتىپ داستانلار توپىدىكى بەدىئىي غايىۋى ئالەمگە پۈتۈنسۈرۈك قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

نەۋبەتى «خەمسە نەۋبەتى» نىڭ خاتىمىسىنى تاماملاپ تەكىيىگە يانپاشلىدى. ئالتە يىل شائىر ئۈچۈن ئالتە كۈندەك تېز ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ جەرياندا تۆلىگەن بەدەللىرى ھېسابسىز ئىدى. روھىنىڭ ئوت ئېلىپ كۆيۈشى، قىيانلاپ تېشىشى

---

① «مەسنەۋى شەرىف» — ئوتتۇرا ئەسىر شەرق مۇتەپەككۇرى جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسىرى.
② «دىۋانى ھافىز» — مەشھۇر شەرق مۇتەپەككۇرى ھاپىز شىرازىنىڭ ئەسىرى.
③ «پەنج گەنج» — مەشھۇر ئەزەربەيجان شائىرى نىزامى گەنجىۋىنىڭ ئەسىرى.
④ «خەمسە نەۋائى» — 15 ـ ئەسىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەسىرى.

ۋە كۈي ـ مۇزىكا بولۇپ جاراڭلىشى ئاددىي ھايات جەريانىدىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى. ئېغىر ئىجادىي مېھنەت، جان يىلىكىنى خوراتقۇچى تەپەككۇر رىيازەتلىرى شائىرنى قۇرۇق ئۇستىخانغىلا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھېسابىغا شائىر ئۆز ئەجدادلىرىدىن شېئىرىيەت پىرى ئەمىر ئەلشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىدىن كېيىن ئۆز روھىنىڭ ئىككى ئالەملىك ۋىسالىغا ئېرىشكەنىدى. بۇنداق ئۇلۇغ ۋىسال شادلىقى ئىچىدە ئادەم خەلق بىلەن تەڭرىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بۇرچ قاتلىمىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇپ ئاڭا ئېپتىخار نىگاھى بىلەن توپتوغرا باقالايتتى. ئىنسان باللىسى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇلۇغلۇق، شەرەپ ۋە شادلىق ئېپتىخارى بارمۇ، ئاخىر!؟

مانا، تەپەككۇر قۇياشىي پەلەككە ئۆرلەپ ئالەمگە يوپيورۇق نۇر ـ زىيا چاچتى — مۇھەممەد ئوغلى نەسىرىدىن نەۋبەتىنىڭ ئالتە يىللىق قان ـ تەرى ۋە ئەجىر ـ مېھنىتىنىڭ پەرۋىشىدە «خەمسە نەۋبەتى» دىن ئىبارەت بەش داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىملىك يىرىك ئەسەر دۇنياغا كېلىپ، موزدۇز قۇربانىنىڭ چېۋەر قولىدا كۆن بىلەن چىرايلىق تاشلاندى. بۇ دەل مىلادىيە 1723 ـ يىلى ياز پەسلىنىڭ بىر شەنبە كۈنلۈكى بولۇپ، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى.

«خەمسە نەۋبەتى» نى باغرىغا بېسىپ، ھاياجىنىنى باسالمىغان موزدۇز قۇربان دوغاپ ئىچىپ ئولتۇرغان دوستى — شائىر نەۋبەتىگە ئىلتىجا قىلدى:

— باغرىمىدا ئوت كۆيىدۇ، ئۇ، كۆكتىكى كۈنگە ئوخشاش نۇر ـ يورۇقلۇقنىڭ كانى ـ خەزىنىسىدۇر. ساڭا، بۇ كاتتا شەرەپ ـ شانىڭغا مۇبارەك بولسۇن، قەدىردان دوستۇم! كەمىنە بۇرادىرىڭ شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، كىتاب ئۇستا پۈتۈكچى مىرزىلار قەلىمىدە كۆچۈرۈلۈپ قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈلسە، شانۇشەۋكىتىڭ كەڭ تارقىلىپ ئەجىر ـ مېھنىتىڭ قوبۇل بولغۇسىدۇر.

شائىر ئۇيچان كۆزلىرىنى دوستىدىن ئېلىپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەتلەس دۇكىنىغا مەقسەتسىزلا تىكىپ بىر هازا جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن سالماق ۋەزىندە ئېيتتى:

— ئىلتىماسىڭ قولۇمدىكى مۇشۇ دوغاپتەك جېنىمنى راهەتلەندۇرىدۇ، ئەپسۇس، ئۇنى مەقبۇل كۆرۈشكە ئاجىزمەن. ئەقىل يېشى ۋەزىنىدە تۇرۇپ شۇنى دەگىسمەك هاجەت بولۇركى، داستانلىرىم جاهالەتلىك زامان ـ پەلەك ئۇستىدىن شىكايەت ـ ئىسيان قىلىدۇ. ئەتراپىمىزدا ئاۋۋالقى ئۈچ ـ ئاداۋەتنىڭ تۇمانلىرى تېخىچە تارقىلىپ كەتكىنى يوق. ئانا يۇرتتا، پۈتكۈل ئالتە شەهەر ـ ئاستانىلىرىدە هۆكۈم سۈرۈۋاتقىنى هەق ـ ئادالەت ۋە ئۇ هامىي بولغان قەلب ئەركىنىڭ رەگدار كۈيلىرى بولماستىن، بەلكى ئاسىيلىق بىلەن تەركىدۇنيالىقنىڭ غاپىل هەمدۇساناسىدۇر. مۇنداق بىر پەيتتە «خەمسە» نىڭ زۇۋانغا كىرىپ ئەل قەلبىگە چوغ تاشلىشى جاهالەت مەستانىلىرىنىڭ ئوغىسىنى قايناتماي قالمايدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ماڭا باغلانغان تالاي بىگۇناه بەندىنى ياخشىلىق بەختىدىن كۆرە يامانلىق قىسمىتىگە سۆرەپ كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە داستانلىرىم ئېغىر قان ـ تەر بەدىلىگە پورەك ئاچتى. شۇ سەۋەبتىن «خەمسە» مېنى، مېنىڭ ئەڭ قەدىرلىك نەرسىلىرىمنى ئۆزىدە هازىر ـ زاهىر ئېتىپ، ماڭا بىرخىل هەمراهلىق ـ غەمخانلىق ۋە ئاشنالىق ۋىسالىدىن مەي سۇنىدۇ. بۇنىڭ كەيپى ـ هۇزۇرىغا نېمە يېتەر، ئاخىر. ئېهتىمال، هەر كېچە كەينىدە بىر تاڭ بولغىنىغا، هەرگۈلنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر پەسلى بولغىنىغا ئوخشاش ئوتتۇز ئۈچ يېشىمنىڭ هەقتائالاغا قايتۇرغان جاۋابلىرى بولمىش خەمسىنىڭ يورۇق كۆرۈپ قەدىر ـ ئىززەتكە مۇيەسسەر بولىدىغان، بارچە دىل گۈل ـ گۈلىستانىنىڭ ئابىكەۋسىرىگە ئايلىنىدىغان كۈنلىرىمۇ بولار. ئاڭغىچە ئۇنى باغرىمغا تېڭىپ هوشيار ـ ئويغاق يۈرمىكىم بەرهەق پەرهىزدۇر...

سۆزنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلدى، شىپاخانىدىن ئالدىراش يېتىپ كەلگەن شاگىرت بالا مۇهەممەدنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شائىرنى

ئىلىپلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئۆرە تۇرغان پېتى خەيرلىشىشكىمۇ ئۇلگۇرمىگەن قۇربان تەئەججۇپ ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە شائىرنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېغىر ئۇھ تارتتى ۋە شائىرنىڭ قارىسى يىتكەن ئاخىرقى نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تەشۋىشلىك خىياللارغا غەرق بولدى.

مۇھەممەدنىڭ كەيپىياتى بىنورمال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چىرايى سىرتقا خېلىلا روشەن تەپكەن بىر خىل ئىچكى خاپىغانلىق بىلەن ھەمىشە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەرلىك غەيۇرانىلىكىنىڭ ئۆزئارا گىرەلەشمە ھالەتلىرىدە تېز سۈرئەتلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھاۋانىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گاھ ئېچىلىپ، گاھ تۇتۇلۇپ ئۆتكەن كۆرۈنۈشىنى ئەسكە سالاتتى. نەۋبەتى ئاتىسىنى، ئۇنىڭدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپلا بىر خىل يوشۇرۇن، ئاڭسىز تۇيغۇ ئىلكىدە كېڭىيىپ ئاتىسىغا قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىغا بېسىم، كۆلپەت دەھشىتى سېلىۋاتقان قارا تۇماننىڭ غىل - پال سايىسىنى كۆرگەندەك بولدى. تۇيغۇنىڭ چۈشىدىمان گىرىمسەن بوشلۇقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئاتىغا روشەن نىگاھلىرى بىلەن تىكىلگەندە، شائىر قەلبى بەئەينى بىر ساماۋى ئەينەكتەك يورۇپ - يالتىراپ، سەۋەبلەرنىڭ تۇتى قۇشلىرىنى ئۇۋلاپ، ئۇلارنى مەنتىقىي يوسۇندا ئىدراك قىلىپ بولغانىدى.

— بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، ئوغلۇم. جاھاندا ياشىماقنىڭ تەڭقىس ئوتىدا كۆيۈشتىن ئارتۇق ئازاب بولماس، ئېھتىمالىم. باقىي ئالەمگە كەتكەنلەرنىڭ تېنى تۇپراقتا، روھى ئاللا دەرگاھىدا ئەمىن تاپتى. پانىي ئالەمدە قالغانلارنىڭ بولسا، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ نىمجان ياشاۋاتقانلىقىغا ئاللا - ئىگەم ئۆزى گۇۋاھ. بەندە ھامان بەندە، ئۇنىڭ ئىلكىدە ئۆز ئەھۋالىغا سەۋەب قىلماقتىن ئۆزگە چارە يوق. يېشىم ئەللىك تۆتكە بارغان بولسىمۇ تاغ - داۋانلاردىن، دەريا - ئېقىنلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە يېتەرلىك كۈچ - ماغدۇرۇم بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ تاغ ئاناڭ سۇدىمە ۋە بوۋاڭ تىجەن ھەزرەتنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، ئوتلۇق

تىنىقلىرى قالغان ئەزىز ماكاندۇر. ساپ ھاۋالىق ئۇ تاغ يېرىنى كۆرۈش، روھلار شەنىگە دۇئا - تەكبىر ئېيتىش، دورىلىق ماتېرىياللارنى يىغىپ كېلىش ئۇزۇن يىللىق ئارزۇيۇمدا كۆيۈپ تۇراتتى. ئەتىلا يولغا چىقىمەن، شىپاخانا ئىككى شاگىرتىم بىلەن ساقا قالدى.

نەۋبەتىنىڭ توسۇشلىرى كارغا كەلمىدى، ئاتىنىڭ مۇشكۇل سەپىرى شائىر ئۈچۈن ئاددىي ھالدىكى بىر مەھەللىك جۇدالىق دەردى - ئىزتىراپلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. ئايرىلىش ۋە ئۇ پەيدا قىلغان ئەنسىز ئوي - خىياللار شائىر ۋۇجۇدىدىكى ئىزگۇ ھېسلارغا تۇتىشىپ تۇرغان جۇشقۇن ۋە ھاياتىي ئىنتىلىشلەرنىڭ بىر قىسمىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئارىنىڭ تىمتاس بوشلۇقلىرىغا سورۇۋېتەتتى، ئۇنى ھەم بارا - بارا يوقلۇققا تەڭلەشتۈرۈپ قاباھەتلىك ئۆلۈم - قازا تىۋىشلىرىدىن بېشارەتلىك سىگناللار بېرەتتى. بۇ ئوي - خىياللاردا، يەنە كېلىپ باقىي ئالەم تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ شائىر قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يېتىملىك - يالغۇزلۇق پىغانى تۇرتۇپ تۇرغان پاك - مەسۇم سىيمالار گۈلخان مىسالى كۆيۈۋاتقان بولغاچقا، سەپەر - ئايرىلىش - جۇدالىق، ئۇقۇم جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن مەنە ۋە ئېھتىماللىق كەڭلىكى جەھەتتىنمۇ سۇزۇلمەس قازا تۇمانلىرى ئىچىگە سىڭىپ كىرمەكتە، شۇنىڭدەك ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ زىل ھاياتىي رىشتىلەرنى ئۈزۈپ بارماقتا ئىدى.

ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلدى، بىر قولىدا ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى، يەنە بىر قولىدا ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە ئۇنسىز ياش تۆكۈپ تىركىشىپ تۇرغان شائىرنىڭ چىرايىدا تۇيغۇ ئارقىلىق سېزىلگەن ۋە ئۇنىڭ ئەۋج - شىددەتلىرىدە روشەن ھالدا ئىدراكلانغان يامان ئاقىۋەتكە تۇتاش سىرلىق بېشارەتلەرنىڭ قايغۇلۇق ئالامەتلىرى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ ھالدا، شائىر كەچ كۈز شىۋىرغانلىرىنىڭ سوقۇشىدا تىترەپ بېغىشىدىن ئۈزۈلەيلا دەپ قالغان يوپۇرماققا، مېۋىلىرى تۆكۈلۈپ شاخ - پۇتاقلىرى

سۇندۇرۇلغان دەل ـ دەرەخلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بار-
غانچە غۇۋالىشىپ گۇگۇم پەردىسى ئىچىگە چۆككەن كۆرگۇ دائىـ
رىسـىـدە ئۆزىنىڭ يېـتـىم ئوغلاقتەك بىچارە تۇرقى ـ سىياقى
جىلۋىلىنەتتى.
ئاتنىڭ چاپچىپ تىزگىن سۆرىشى بىلەن قوللىرى ئىختىيار-
سىز بوشىشىپ بىرئاز كەينىگە چېكىنگەن شائىر هالسىزلىنىپ
يەردە ئولتۇرۇپلا قالدى. مۇهەممەد باشچىلىقىدىكى ئۈچ ئاتلىق
كىشىنىڭ قارىسى هەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزاققىچە ئۆچمەي داۋام قىلىپ تۇرغىنى ۋە
قەلب جاراهەتلىرىگە تەسكىن ـ تەسەللى بېرىپ قالغىنى پەقەت
«خۇداغا ئامانەت» دېگەن خەيرلىك ئىدادىنلا ئىبارەت بولدى. ئىنـ
سان بالىسىنىڭ لەۋزى، دىلى ۋە ئەس ـ يادى ئۈچۈن ئىهتىمال
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خەيرلىك، يېقىشلىق، قاياشلىق سۆز ـ ئىبارە
يوقتۇر. ئۇنىڭدا ئىنسان بالىلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئامان- ئېسەنلىـ
كى، رىزقى ـ نېسىۋىلىرىنى هەقتائالا پاناهىغا ئۇمىدۋار، ئىشەنچـ
لىك يوسۇندا تاپشۇرۇش هېسابىغا رېئال دۇنيانىڭ هەممىلا تەشـ
ۋىشلىرىدىن، خېيىمخەتەرلىرىدىن ۋە بالا ـ قازالىرىدىن خالاس
تېپىلاتتى. شۇڭا، بۇ سۆز ـ ئىبارە لەۋزىدىن لەۋزىگە كۆچۈپ،
قەلبتىن قەلبكە تارقىلىپ ئىنسان بالىلىرىنىڭ هـاياتـلىق ئىسـ
تەكـلىرىـدىـى يالقۇنجـىـتـىپ، مـەۋجۇتلـۇق غۇرۇرىنى ئىكلەپ
باراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

# ئىشق سەھىرى

## 1

تارىخ، يەنىلا تۈن پەردىلىرى كەينىدە خىرە ـ شىرە كۆرۈنەتتى. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قامچىسى ئاستىدىكى ئالتە شەھەر خەلقى خۇددى شاخلىرى سۇندۇرۇلغان، ھەتتاكى يىلتىزلىرى قومۇرۇلغان كۆچەت ـ نوتىلاردەك مۇڭلۇق بىر سىياقتا سۇكۇتكە چۆمۈپ، ئۆزلىرىنى روھىيەت، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ياقلىرىدىن قورشاپ تۇرغان قارا بوران ئىچىدە مەيۇسانە باش چايقىشاتتى، ئىخلاس بىلەن دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇشاتتى. يارىلانغان قەلب، بىتاب تەن، بەرىكەتسىز زېمىن ـ تۇپراقنىڭ ھالى ـ رايىدا سۈكۈت كۈيى ئەۋجلىنىپ، بارچىنى ئۆزىنىڭ يوقلۇق ئالىمىگە تارتىپ، چىللاپ تۇراتتى. سېغىنىش، ئاۋۋالقى شانۇ شەۋكەتنىڭ قۇپقۇرۇق كۆل رەڭ بوشلۇقلىرىدىن قايتىپ ھەقتائالا پىنھانىغا قاراپ ئۆرلىمەكتە ئىدى.

غېرىبانە خوتەننىڭ سۇكۇتلۇك تاڭلىرى تەبىئەت ھىممىتىگە مۇناسىپ ھالدا بىر سېھرىي كۈچ ـ قۇدرەت ئىچىدە ئەۋجلىنىپ، دولقۇنلىنىپ باراتتى. بۇ يەردە روھنىڭ چىڭقىلىشى ھەرىكەتنى تىزگىنلەپ كۇتۇش سىياقلىق سۈكۈت مەنزىرىسى ھاسىل قىلغاندى. مۇز قاتمىسى ئاستىدىكى شىددەتلىك ئېقىنغا ئوخشاپ قالىدىغان بۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر مەنزىرە ئىچىدە كىشى كۆزى، يۈرىكى، باغرى بىلەن پىچىرلاپ سۆزلەپ باتىن ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ دولقۇن-

لىرىدا چايقىلاتتى.

نەۋبەتىنىڭ «خەمسە نەۋبەتى» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىگە سىڭدۈرگىنى خوتەن روھى — سۆيگۈ - مۇھەببەت، ھەق - ئادالەت، ھۈنەر - سەنئەت، ھەقىقەت ۋە كامالەت روھى ئىدى. بۇ روھ خوتەننىڭ مىڭلاپ يىللاردىن بېرىقى شانۇ شەۋكىتىدە، داغ - جاراھەتلىرىدە چاراقلاپ يېنىپ، ئالەم چىنلىقىنى باغرىغا باسقان سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ قىسمەتلىك كەچمىشلىرىدە قۇياشتەك ھارارەتلىك يالقۇنغا ئايلانغانىدى. خەلق مۇشۇ روھقا تايانغان، ئۇنىڭ زامان تۇتەكلىرى ئىچىدىكى غۇۋا شولىلىرىدىن ۋە رەسمىيلەشكەن يوسۇنلىرىدىن بەرىكەت تاپقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ روھنىڭ «خەمسە نەۋبەتى» ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان ئوبرازى سۈپەتلىرىدىن بىمالال ئوزۇق ئېلىپ كېتىشكە چارىسىز ئىدى. خەلق بىلەن روھ ۋە ئۇنىڭ سەنئەت گۈزەللىكىدە سىزىلغان سۈرىتى — «خەمسە نەۋبەتى» ئارىسىدا بىلىش - ئىدراك قىلىش چەكلىمىلىرىدىن باشقا، يەنە خۇراپىي دىنىي ئەھكاملارنىڭ، ساختا ئەخلاقىي يوسۇنلارنىڭ قېلىن پەردىسى كەڭ تارتىلغان بولغاچقا، خەلق ئۆزىنى ئاشۇ روھتىن، ئۇنىڭ سەنئەتلىك شەكىللىرىدىن كۆرۈشكە، قايتا تېپىۋېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. بۇنداق دىدار، زوق ۋە ھۇزۇر دەملىرىنىڭ بەختى - راھىتى كۆپ ھاللاردا ئەللامىلەر ۋە ئىجتىھاتلىق شائىر - قەلەمدارلارغىلا نېسىپ بولاتتى. شائىر نەۋبەتىنىڭ «خەمسە» ئىجادىيەت جەريانى ماھىيەت نېگىزىدىكى خاسلىق بىلەن روھىيەت ئەۋجلىرىدىكى ئىلاھىي ئىشقىنىڭ تەبىئىي پارلاش جەريانى بولۇپ، ۋىسال ئېھتىياجى سەنئەت ئەقىدىلىرىنىڭ سىرتىدىكى بارلىق ئىجتىمائىي بوشلۇقلارنى ئۇنتۇغان، شۇ ئارقىلىق سەنئەت ئىبادىتى مۇقىم ھېس ئىچىدە داۋام ئېتىپ، مەستلىك ئەۋجلەنگەن ھەمدە ئۇنىڭ كەيپىدە ئالەملىك سەنئەتنىڭ يارقىن نۇرى ھاسىل بولغانىدى. شائىر ئۈچۈن، ۋەھدەت، سەنئەت ئارقىلىق ئىشقا ئاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ كەيپى ۋە ھۇزۇرى ئالدىدا رېئال ئېھتىياج، رېئال تەلەپلەرنىڭ ئارتۇقچە قىممىتى قالمىغانىدى.

خوتەننىڭ كۆز ئايلىرى ياز ئايلىرىغا ئوخشاش يەنىلا ئىسسىق ۋە دىمىق ئىدى. پەقەت سەھەر ـ كەچلىرى مەيىن يەلپۈپ ئۆتىدىغان شاماللا تەنلەرنى قورۇپ ياز پەسلىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئاخىرلىشىپ، قىش پەسلىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئەسكە سېلىپ تۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردە شائىر ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، كۈندۈزلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن بىمارلار نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرسا، كەچلىرى بىر قىسىم ياش شائىرلار ئۇنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ مۇشائىرە ۋە مۇنازىرە سورۇنى تۈزىشەتتى.

نەۋبەتى كۆردىكى، بىمارلاردا تەن ئاغرىقىدىن دىل ئاغرىقى نەچچە باراۋەر ئېغىر بولۇپ، ئاڭا شىپاھ ئىزدەشتە تىبابەتنىڭ خاسىيىتى كۇپايە قىلمايتتى. ئىنسان باللىرى بىر تۇپراق، بىر قوۋم، بىر روھىي گەۋدىنىڭ گىياھى ـ غۇنچىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى ماددىي ۋە مەنىۋى يوقسۇللۇق كۆلپەتلىرىدە خوراپ، ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ نەپىسى يۆلەنگەن زامان ھاۋاسىمۇ بارغانچە قۇرغاقلىشىپ، ئالەمنىڭ جىلۋىگەر قوينىدىن زوق ۋە ئىلھام ئېلىش ئىمكانىيىتىنى يوققا چىقارغانىدى. بۇ ھال، نەۋبەتىگە ھەربىر بىمار ئۈچۈن تىببىي داۋادىن سىرت، يەنە ئەقلىي تەربىيىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇتقانلىقى ئۈچۈن، شائىر ھەم بىر تەقۋادار ئۆلىما سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ بىتاب تەن، مەجرۇھ دىللارغا شىپالىق يامغۇر بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى.

شائىرلار يىغىلىشىنىڭ تەرتىپى «خەمسە نەۋبەتى» نى ئوقۇشتىن باشلىنىپ ئۇ ھەقتە قىزغىن مۇنازىرىلىشىشكە كۆچەتتى، ئاندىن شېئىر ۋە شائىرلىق لاياقىتى خۇسۇسىدا تۈرلۈك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلاتتى. بۇ، سورۇن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆڭۈل رايى بويىچە بولغاچقا، تۆردە ئولتۇرغان شائىر نەۋبەتى سورۇننىڭ كۆزى، ھەممىنىڭ دىل چىرىغى سۈپىتىدە نۇر ـ ئاپتاپ سېپەتتى. «خەمسە نەۋبەتى» دىن كېلىۋاتقان مىسلىسىز شېرىن ۋە مۇڭلۇق ئىشق كۈيى ھەممىنىڭ روھىنى سېھىرلەپ ئىلاھىي نەپەستىن تارقىغان يالقۇن مىسالى ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدلارنى قىزدۇرۇپ يەلپۈيتتى.

تى. كۆزلەردىن تۆكۈلگەن ياشلار، ئىپتىخار هاياجانلىرىدا سىلىنغان چۇقانلاردا ئىادەم، ئالـەم ۋە تـەڭرىنى بىر ـ بىرىگە چىتىپ تۇرغان قۇياشتەك نۇرلۇق، هارارەتلىك يۇرت روهىنىڭ سىيماسى ئايان بولاتتى.

شائىر — ئەل ـ يۇرت ئىشقىدا كۆيگۈچى پەرۋانە ئىدى. شېئىر، ئۇنىڭ ئىشق ئوتىدا يارىلانغان يۈرىكىدىن، ھەق مەنزىلىدە ساياق يۈرۈپ تېشىلگەن تاپانلىرىدىن ئاققان قان، ئەل هالىغا توپتوغرا تىكىلگەن مۇڭلۇق كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن قەترە ـ قەترە ياش ئىدى. ئىنسان بالىسىنىڭ يېگانە مەۋجۇتلۇق سېزىملىرىدە كۆرۈلىدىغان ھەممىلا شېئىرىي ئىلهاملار يەنىلا ئەشۇ پۈتۈنلۈككە تالىق قان ـ ياشلارنىڭ زەررىچىلىرىنى هاسىل قىلىدۇ. يۇرتنىڭ گۈل ـ گىياھىغا، سەرۋى بويلۇق رەناسىغا، سۈزۈك، يېقىشلىق خۇش هاۋاسىغا، ئاشۇلارنىڭ چەكسىز ئۇزاق روهىي رىشتىلىرىگە كۆيۈش يۇرتقا كۆيۈش، يۇرتقا ئاشىق ـ شەيدالىق هېسابىدا قەدىرلىنىدۇ. ئەمما، شائىر يۇرت روهىدا پەرۋاز قىلغۇچى قۇش، يۇرت روهى خەلق روهى سۈپىتىدە ئىلاهىي تىنىقلارغا تۇتىشىپ تۇرغانلىقى، ئۆز قايناملىرىنىڭ ئېقىنلىرىنى ئىجادلىق هاۋاسىغا سۈرۈپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن، شائىرنىڭ رىتىملىق سەنئەت هاسىلاتلىرى خەلقنىڭ يەككە ئۆزدىن هالقىپ تۇرغان چىنلىقى ۋە ھەقىقىتى بولغاندا، يەككە ئۆزنىڭ ھەم ئومۇمىي خەلقتىن هالقىپ تۇرغان كامىللىق مۇقامى بولغاندا، ئاندىن ئەل ـ خەلق ئاڭا ھەقىقىي شائىرلىق لىباسى تارتۇق قىلىدۇ. شېئىر، مۇشۇ جەريانلارنىڭ سۈزۈك جاكارلىرى، يالقۇنلۇق ئىستەكلىرى، مەنىدار ۋە هېكمەتدار ۋەھىيلىرى سۈپىتىدە قەلب ـ روھ خىلۋەتلىرىگە ئىنسانىي ئوتلارنى تۇتاشتۇرىدۇ. شائىر رېئاللىقنىڭ قاتمۇ قات قورشاۋىنى بۇزۇپ تاشلاپ روھقا، روھ ئەۋجىگە يۆلەنگەن مەجنۇنانە ئەۋلىيا، ئۇنىڭ شېئىرى تۇمانلىق بوشلۇقنى يېرىپ ئۆتكۈچى چاقماق قامچىسى سۈپىتىدە تاڭلارغا، نۇر ـ يورۇقلۇققا ئىشانىدۇر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نەۋبەتنى مەركەز قىلغان شائىرلار سۆھبىتى ئۇزاققا سوزۇلاتتى. تۈن نىسپىنىڭ ئېغىر سۈكۈتى، سەھەر خورىزىنىڭ سوزۇپ چىللاشلىرى ۋە ساخاۋەتلىك تاڭ قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئۇلارغا دائىملىق ھەمراھ ئىدى. ئۇلار مۇشۇ زېمىننىڭ روھىغا شاھىد بولغان ھالدا قاياشلىق ئىنسان تاڭلىرىنىڭ نۇرانە قوينىغا مەدھىيە ـ قەسىدە ئوقۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بەختى- ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتقاندەك، ئاڭا غۇلاچ كېرىپ كىرىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قەلبى ئاشۇ تاڭلاردىن نۇر ئىمەتتى، مەنە ۋە ھېكمەت جاۋاھىرلىرىنى سۈزەتتى، سىمۋوللۇق سەنئەتلىرىگە رەڭدار ئەندىزە ـ نۇسخا ئالاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدى ھەمىشە يورۇپ، ھەمىشە كېڭىيىپ پىنھانە ھايات چىنلىقلىرىنى بىمالال ئىلغا قىلاتتى، شۇنىڭدەك خىيال بىلەن رېئاللىقنىڭ چېقىلىشىدىن ھاسىل بولغان قارام پىكىر ئۇچقۇنلىرىنى ئاشىق ـ مەشۇق چوغدانلىرىدىن، قۇشلارنىڭ رەڭگارەڭ تىللىرىدىن بەھۇزۇر ئىما قىلاتتى. بۇ، مۇشۇ دەۋر جاھالىتىنىڭ ئىمكانىدا كۆرۈلگەن يول، مۇشۇ دەۋر روھىيىتىنىڭ قۇربىدە ئېرىشىلگەن ئىقبال بولۇپ، نەۋبەتنىڭ دىۋانلىرىدا ناھايىتى كەڭ تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

## 2

ئىنسان ئۆزىنىڭ يېگانە ئالەمدە تۇرۇپ بولغۇسى ئىشلارنى ئالدىن بىلىشكە تامامەن قادىر.

ئىنساننىڭ مەۋھۇم چىنلىق قاتلىمىدا تەڭرىنى ئىدراك قىلىپ چەكسىز ئۇزارغانلىقى ئۇنىڭ ئالەم بىلەن بولغان بىر تۇتاشلىق رىشتىسىنى چىڭىتىدۇ. شۇڭا، ئىنساننىڭ ئۆزىگە چۆكۈپ سىلكىنىشى، سۈكۈت، ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت ئىلكىدە ئۆزىنى تىڭشىشى ئالەملىك ئويچان پەرۋازنىڭ بىر قېتىملىق ئايلىنىشى، دەۋر قىلىشى سۈپىتىدە ئاڭا سىرلىق بېشارەت ـ سىگناللارنى، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق، مەنىدار قاتلىمىنى ئاشكارا قىلىدۇ.

ئىنسان، ئىدراكقا تايىنىشتىن ئاۋۋال ھەم كېيىن ئۆز سې- زىملىرىدىكى غەيرىي نورمال ئىنكاسلارنىڭ تۈرتكىسىدە كېڭىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ سېزىملىرى، ھايات تەجرىبىلىرى تاشقى دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ھادىسىلىرى بىلەن ئۆزئارا چېتىلىپ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئالەملىك ئويلارنىڭ ئاساسىنى ھازىرلايدۇ. ئوي- لارنىڭ دەرىجىسى ئىچكى ۋە تاشقى دۇنيا ئۇچۇرلىرىنىڭ ئالمى- شىش سۈرئىتىگە بېقىپ ئۆسىدۇ ھەمدە ئىنساندا بارلىق ئېھتىمال- لىقنى ئوبرازلىق رەۋىشتە قىياس قىلىش ۋە سىزىپ چىقىشتەك ۋەھىيكار خىسلەتنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنسان ئۆزد- نىڭ مەۋجۇتلۇق گەۋدىسى تېخى سايە تاشلىمىغان يىراق مۇساپى- لەردە بولۇۋاتقان، بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىپ، ئۇنىڭ ھېسسىي ۋە ئەقلىي تەجرىبىسى بىلەن ئۆزىنىڭ كامىل ئىنسانلىق لاياقىتىنى دەڭسەپ ئىسپاتلايدۇ.

نەۋبەتىنىڭ جۇدالىق دەملىرىدە پەيدا بولۇپ، جۇدالىقتىن كېيىنكى جىددىيەتلىك ھايات پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل ساقلىنىپ دەممۇ دەم ئارام بەرمەي كېلىۋاتقان ئەنسىز تۇيغۇلىرى ئەنە شۇ خىل ئالدىن بىلىش تىپىدىكى ئىنسان روھىنىڭ خىسلەتلىرى جەۋ- لىسىدىن ئىدى. مۇھەممەدنىڭ ئېگىز چېقىل - قىيا ئۈستىدىن غۇلاپ قازا قىلغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن جۇدالىق راستىنلا ئۆلۈم قىسمىتىنىڭ مەڭگۈلۈك بوشلۇقىغا تۇتىشىپ چەكسىز ئۇزارغانىدى. شائىر ئەشۇ بوشلۇقتا، ئەشۇ چەكسىزلىك- نىڭ ئۇن - تىۋىشسىز قاپقاراڭغۇ ئېتەكلىرىگە تىكىلىپ ھازا ئاچقىنىچە قاراڭغۇ تاغنىڭ ئاتىسىنى يۇتۇپ كەتكەن خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق تىك قىيالىرى ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. ئەتىياز پەسلى بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە يەنىلا قەھرىتان قىش مەۋسۇمىنىڭ جان- دىن ئۆتىدىغان سوغۇق ھاۋاسى تەنلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. نەۋبەتى موزدۇز دوستى قۇربان ۋە شائىر دوستى غەمناكنىڭ ھەم- راھلىقىدا چوڭقۇر ھاڭدا كۆزدىن پىنھان ياتقان ئاتىسىغا، ياق، پەقەتلا ئۇنىڭ روھى - ئەرۋاھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، قاراڭغۇ

تاغ خەلقىگە نەزىر ـ چىراغ داستىخىنى سېلىپ ئاستانىگە يۈز تۇتتى. ئۇنىڭ يول بويى تۆككەن ئىسسىق ياشلىرى مەڭزلىرىدە، كىرپىكلىرىدە مۇز بولۇپ ئۇيۇپ ئانا تەرەپ جەمەتى ئـۆسۈپ يېـ. تىلگـەن ھەيۋەتلىك قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قار ـ مۇزلىرى ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ، شۇ يوسۇندا ئۆز باغرىنىڭ تامام ئېقىپ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا تاشقىدەك، كۆيگۈدەك ۋە ئىللىق. لىق بەرگۈدەك ھېچ نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلدى. قاقشالدەك قۇرۇق، قارانچۇقتەك جانسىز بىر گەۋدە ئالەم. نىڭ ئاسمانىغا، قۇياشقا ۋە ئاللا خىلۋەتلىرىگە ئەڭ يېقىن ئېگىزلە. كىدىن ئاستانىگە قايتىپ كېلىپلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. نەۋبەتى ئۇچۇن ئەمدى ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ھاياتلىق نەپىسى توختىغان، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ھاياتلىق زەنجىرىمۇ ئۈزۈلگەن، پەسىللەرنىڭ رەڭدار جىلۋىلىرى ئۆچكەن، ۋاقىت گويا چاقى سۇنغان غايەت زور ئۇرۇش ھارۋىسىدەك چوڭقۇر بىر لاتقا ئېچىگە پېتىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە ياقتا ئۆلۈم، قازا ۋە يوقلۇقنىڭ جان يىلىكىنى شورىغۇچى مىتە ـ قۇرتلىرى مىغىل. داپ يۈرەتتى. شائىر ئۇيقۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان روھىي ۋە تەنني خامۇشلۇق ئىلكىدە بىھوش ئىدى، ئۇنىڭ نۇرى ئۆچۈپ ئېچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆپكۆك كۆزلىرىدە ھاياتلىق ئىستەكلىر. نىڭ بىرەر بەلگە ـ نىشانى چېلىقمايتتى. تورۇسقا قادىلىپ زۇۋان. سىز، ئۈن ـ تىنسىز يېتىش بىلەن كۈنلەرنى كۈنلەرگە ئاران ئۇلاپ كېتىۋاتقان شائىرنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، چىرايى بارغانچە سولۇپ، ئاقىرىپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قالغانىدى. كۈنۈ تۈن شائىرغا ھەمراھ بولۇپ سەۋەب قىلىپ يۈرگەن موزدۇز قۇربان بىلەن شائىر غەمناكىنىڭ دىللىرىمۇ بۇ ھاللاردىن پەرىشان بولماقتا، ئوخشاش دەرد ـ ئەلەم زەربىسىدىن زەخىم يېمەكتە ئىدى.

ياخشى دوست يامان كۈنلەردە سىنىلار، دېگەندەك، ئۇلار مۇشۇ يامان، دەرد ـ ھەسرەتلىك، غېرىب ـ مۇسىبەتلىك كۈنلەردە نەۋبەتىنى دوستلۇق ـ بۇرادەرلىك مېھرى ـ ۋاپاسىنىڭ ئوتلۇق

هارارىتى بىلەن ئىللىتىپ، ئۇنى مۇسىبەت جۇدۇنىنىڭ قار - مۇلدۇرلىرىدىن ئاسراپ قالدى ۋە شائىر قەلبىدىكى هاياتلىق بىخ- لىرىنىڭ ئايىنىپ كۆكىرىشىنى جان - دىل بىلەن پەرۋىش ئەتتى. ئۈچ ئايدىن كېيىن، شائىر هويلا - ئارامغا چىققۇدەك بولغاندا، ئىككى دوست ئۇنى هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ يازنىڭ ياپيېشىل تونىغا ئورالغان خوتەن سەهرالىرىغا، سەل - كەلكۈن سۇلىرى دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان يۇرۇڭقاش بويىغا، شائىر هاياتىنىڭ ئالتە يىللىق ئوت- لۇق خاتىرە - ئىزى قالغان سەهۋالىم ۋە كوهمارىم تۆپىلىكلىرىگە ئاچىقىشتى. شائىرنىڭ تەبىئەتتىن ئالغان ئىلهام، هۇزۇرى ئىن- سان بالىلىرى باغرىدىكى ئاجايىپ كۈچلۈك، ئاجايىپ يالقۇنلۇق مېهىر - ۋاپا چوغدانلىرىدىن ئالغان ئىلهام، هۇزۇرى بىلەن قوشۇلۇپ ئاڭا هاياتلىقنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، خىسلەت - خاسى- يىتىنى ۋە شەرەپ - ئىپتىخارىنى يېڭىۋاشتىن تونۇتتى. شائىر بىلەتتىكى، هاياتلىق ۋە ئۇنىڭ ئالىمى هاۋاسى ئاللا نۇرىدىن تەجەل- لى بولغان بولۇپ، ئىنسان بالىسى ئۇنىڭ زاهىرىي هەم باتىنىي سۈپەتلىرى ئارقىلىق ئاللانى بىلىش قۇربىگە يېتەلەيتتى. شۇڭا، ئىنسان تۇغۇلۇشتىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە — روهىي ۋاستە بىلەن ئاللاغا قوشۇلغىچە ئارىلىقتا هاياتلىق ئالىمى بىلەن چەكسىز بىر تۇتاشلىق رىشتىسىگە ئىگە بولغان هالدا ئاللا نۇرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ جەريانغا باشتىن - ئاخىر سەۋەب يوشۇرۇنغان. سەۋەب- لەر ۋەزنى ئىشق ۋەزنى سۈپىتىدە دىللارغا ئوت يېقىپ ئىنساننى ئىنسانغا ۋە بارلىق مەۋجۇداتلارغا ئاشىق - تەقەززا قىلغانلىرىدا ئالەمدە تەجەللى بولغان ئەزەلىي نۇرنىڭ گۈزەل رۇخسارى ئەينى هالىتىدە روشەنلىشىدۇ. ئاڭا ئېرىشىش، ئاڭا قوشۇلۇش زۆرۆر- يىتىدە ئىنسان ئۆزىنى پاكلاش، ئۆزىنى كۆيدۈرۈش ۋە سەرپ قىلىش دەرىجىلىرىگە ئۆتۈپ ئىشقىنىڭ ئالىي مۇقامى بولغان ئىلا- هىي ئىشققا يۈزلىنىدۇ. بۇ هالدا ئىنسان ئۆزىنى تەڭرى ۋەسلىدە سېزىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بارلىق مەۋجۇتلۇق سېزىملىرى ئۆزىدىن، جىلۋىلىنىپ تۇرغان هاياتلىق ئالىمىدىن هالقىپ كەتكەن مەۋهۇم

بىر ئىلاھىي نەپەستىن تارقىلىدۇ. بۇ ھال، نەۋبەتتىكە يەنىلا بىر ئۇزاق جەريان ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ دەملەردە ئەس ـ خىياللىرىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغىنى ئاللا نۇرىدىن تەجەللى بولغان ھاياتلىق ئالىمىدىكى مىسلىسىز رەڭدارلىق، مىسلىسىز تۇرلەنگەن زەنجىرسىمان ئۇيغۇنلۇق ئىدى. بۇلارنىڭ شاراپىتى ھەممىدىن بەك ئىنساننى ئىلھام ـ ھاياجان شامالLىرىدا يەلپۈپ، ياشنىتىپ پورەك ئاچقۇزاتتى. دېمەك، دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن بەرپا بولۇش ھېسابىغا ئىنساننىڭ خاس گۈلىنى، نۇرىنى، كامالىيەت ئاپتاپلىرىنى كۈتەتتى. ئەمما، ئىنسان باللىرى دۇنياغا كېلىپ ـ كەتمەك بىلەن مەشغۇل ئىدى، ئۇلارنىڭ مەرىپەت دەرىجىلىرىنى تەمىن ئېتىش مۇشكۇل ئىدى. ئىنسان ئەۋۋەلى ۋە ھازىرى، ئىچكى ۋە تاشقى شەرتلەرنىڭ تارتىش نىسبەتلىرىدە قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كېلىپ تورمۇزلىناتتى ھەمدە نەپس سەۋەبىدىن ھايۋانىي يوسۇنلارغا بوي بېرەتتى. زاھىرىي ئالەمدە يۇلتۇزلاردەك چاراقلاپ يېنىش، ھەتتا قۇياشتەك پارلاپ ئۆتۈش ئۇنىڭ ھاياتىغا مىسال ھەم تىمسال بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ شەكىل ۋە سۈپەتلىرىنى ئۆزلۈك كۈچلىرى نېگىزىدە خاس دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈش كۆپىنچە ھاللاردا ھىممەتكە، قان ـ تەر بەدەللىرىگە ئېرىشەلمەي ئاددىي، تەكرار مەۋجۇتلۇق تەرتىپلىرىدە قېلىۋېرەتتى. نەپسنىڭ ياشاش ئېھتىياجى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى تۈرتكىسىدە ئىنسان ئۆز قىممىتىگە ماددىي پەرداز بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى بوشلۇقلىرىنى يوشۇرۇپ قالاتتى. نەتىجىدە، ئىنساننىڭ يېنىش، پارلاش مۇقامى ئەسلىي ھايات نېگىزىدىكى ئىلھام، ھېس ۋە تەپەككۇر مەستلىكىدىن، شۇنىڭدەك ئۇنى ۋەھدەد ئۇلى قىلغان ئىجاد ـ ئىختىرا ئىشتىياقلىرىدىن چەتنەپ شەرتلىك مەنپەئەتدارلىقنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە چىرمىشىپ كېتەتتى. ھاياتلىق جەننىتىدىن كەتكەنلەرنى كۈتۈپ تۇرغان ئاخىرەت سوراقلىرىدا ئاشۇ ئۆمۈرلۈك يېنىش ـ پارلاشنىڭ نۇر ـ شولىسى، ئۇنىڭ ئەل ـ ئاۋام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىرمۇ بىر ھېساب ـ كىتاب قىلىناتتى. جاۋاب بېرىش زۆرۈرىيىتى ھەربىر ئىنسان باللىسىنىڭ ھاياتلىق

لەۋزىگە يۈكلەنگەن ئۆمۈرلۈك بۇرچ ـ ۋەزىپىلىرىنى ئىزھار ئېتىپ تۇرانتى. مېھنەت ۋە قان ـ تەر بەدىلىدە، نەپسانىيەت ۋە شەخسىيەت سىرتىدا روي بېرىدىغان يېڭىش ـ پارلاش بەختىنىڭ ئىختىراۋى ھوسۇللىرىدا، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈككە يۈزلەنگەن ساۋابلىق قىممەتلىرىدە نۇرمۇ، شولىمۇ، ئاپتاپمۇ ھەم جاۋابمۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن ھازىرلىنىپ، ئىنسان بالىسىنىڭ يۈزىنى يورۇق ئېتەتتى، قەددىنى رۇسلايتتى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى قەدىر ـ ئېتىبار ھىمايىسىدە ئالقىشقا سازاۋەر ئەيلەيتتى...

ياز ئۆتۈپ كۈز پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن شائىر پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ رەھمەتلىك ئاتىسى ئورنىدا شىپاخانىدا قارار تاپتى. ئۇنىڭ ئۆيلىرى ئۆلۈم ـ قازا شاماللىرىدا سورۇلۇپ ھاياتنىڭ رىزقى ـ غەنىيمەت دانلىرىنى پاك ـ پاكىز ئايرىپ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ مۇشىۇ تۇپىراق چىمەنلىرى سۈرىتىدە كۆرۈنگەن ئاۋام ـ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسى مەرد ـ سېخىيلىق بابىدا ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بىر يېگانە ئادەمىي پەزىلەتنى ئىپادە قىلىشقا باشلىدى. شۇڭا، شىپاخانا ئۇزاققا قالمايلا يوقسۇل بىمارلارنىڭ، ئاچ ـ يالىڭاچ كەمبەغەللەرنىڭ، ھەتتا بەزىبىر ماكانسىز قەلەندەر ـ دىۋانىلەرنىڭ پاناھگاھىغا، ئاللا ۋە ئىنسان ھىممىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ساخاۋەتگاھىغا ئايلىنىپ، شائىر قەلبىدە ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىنسانىي ۋە ئىلاھىي تۇيغۇلارنى ئويغاتتى.

شائىر ئېچىنىش ۋە ئىپتىخار تۇيغۇلىرىنىڭ گىرەلەشمە بوشلۇقلىرىدا بىر يۈكسەك مەنىۋى پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇنىڭ يېرىم ئۆمۈرلۈك ھايات مۇساپىسىدە كۆرگەنلىرى قىسمەت ۋە دەرد ـ ئەلەم بىلەن دائىرىلەنگەن غېرىبانە ھايات بوشلۇقى بولدى. بۇ بوشلۇقتا ھەممە غېرىب، ئاچ ھەم يالىڭاچ ئىدى. شائىر بۇ بوشلۇقتىن ھالقىش، ئۇنىڭ سىرتىدىكى كەڭلىك شەۋقىگە تۇتىنىش ئىشتىياقىدا جاھان كەزگەن، ئىشق ئوتلىرىدا كۆيگەن، شېئىرىيەت ـ نەزمىنىڭ تىغ ـ شەمشەرلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاجايىپ جەڭگىۋار، ئاجايىپ ئۇتۇقلۇق يۈرۈشلەر قىلغان بولسىمۇ، ئەمما

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاساسىي ھاسىلاتلىرى شائىرنى رېئال يوسۇندا ئاشۇ غېرىبانە
بوشلۇقنىڭ سىرتىغا ئاچىقالمىدى. تۇرمۇش بىلەن سەنئەتنىڭ كې-
سىشىش نۇقتىلىرىدىمۇ بۇ خىل تراگېدىيە تەكرار رەۋىشتە كۆرۈ-
لۈپ شائىر قەلبىنى ھەمىشە ئۆرتەپ تىلغاپ تۇراتتى. ئازابلىق
ئەسلىمىلەرنىڭ داغلىرى، بىر - بىرىگە زەنجىرسىمان باغلىنىپ
كەلگەن ئۆلۈم - قازا قىسمەتلىرىنىڭ زۇلۇمى ۋە بىر پۈتۈن
غېرىبانە ھايات بوشلۇقىنىڭ بىناۋا دىمىق ھاۋاسى شائىرنىڭ قەلبى-
دە سۇزۇلگەن قاياشلىق ئىنسان تاڭلىرىنىڭ نۇرانە ئۇپۇقلىرىغا
گۇگۇم سايىلىرىنى تاشلاپ تۇراتتى. شائىر بۇنىڭ مەنىۋى بېسىمى-
نى بىر ئۆزى يېگانە كۆتۈرۈپ، دەردۇ ھەسرىتىنى بىر ئۆزى پىنھان
تارتىۋاتاتتى. تەنھالىق، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ مۇتلەق ھايات چىنلىقى
سۈپىتىدە رېئاللىشىپ، غېرىبلىق ۋە يېتىملىك تۇيغۇلىرىغا تېخى-
مۇ ئاچچىق مەزمۇنلارنى قوشقاچقا، ئۇ تۇيغۇ ساماسىدا يېنىپ -
پارلاپ، ئوي - خىيال كۆكىدە پەرۋاز ئېتىپ، تەنھالىقنىڭ بۇ
ئالەم پايانىدىكى نىجاتلىقىنى دېرەكلەيتتى. ئۇ، شۇ يوسۇندا زامانغا
بولغان گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىدە ئۆزلۈكىنىڭ بارلىق ئىمك-
انىيەتلىرىنى تەخمىن قىلىپ، ئۆز - ئۆزى بىلەن، ئۆز -
ئۆزىگە تۇتاش ئاۋام ھەققى - ھۆرمىتى بىلەن چەكلەنگەن تەنھا
كىشىلىكنىڭ قىممىتىنى ئۆزىدىن، پەقەت بىر ئۆزىدىنلا ئىزدەشكە
بەل باغلىدى. بۇ خىل ئىنتىلىشتىن گەرچە ئادەمگە ئەلەم يەتكۈز-
گۈچى تەنھالىق مۇڭى ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ئۇنىڭدا
پىنھان بىر يوسۇندا ئېرىشىدىغانلىرى رېئال ھاياتنىڭ ئومۇمىي
چەمبىرىكىدىن ھالقىپ كېتەتتى. شائىرنىڭ بۇ خىل يەكدىل مەۋقە-
سىدە شېئىرىيەت چۇقانلىرى ئارقىلىق تەنھا كۈرەش قىلىش بىلەن
تەڭرى ۋەسلىگە يۆلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل يوللا بار ئىدى.
چۈنكى، شائىر نەزىرىدىكى جاھالەتلىك زامان ئىنسانىنىڭ چىنلىقى-
غا، ھەق - ئادالەت يادى - ئېتىقادىغا، گۈزەل قۇت - سائادەت
تاڭلىرىغا قارشى قۇتۇپتا دەھشەتلىك تاشقىنلاپ باراتتى. مۇنداق
ئۇلۇغ زامان ئېقىنى ئالدىدا، شەخس، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن سىغ-

شالمايدىغان، ئاڭا قارشى مەيداندا تۇرغان ئىسيانكار يەككە ئادەم پەقەتكىنە بىر تال خەس - چۆپ، بىر يەلپۈم شامال ۋە بىر تۇرۇم بۇژغۇنىدىن ئارتۇق قىممەتنى ئىپادە قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. زامانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە شەخسنىڭ بىھۇدە ھالاكىتى سۈپىتىدە ئۇنى كېپەنسىز قالدۇراتتى، دىت - كامالەت دەرىجىلىرىنى قەدىر - ئېتىبارسىز تۇپراق ئاستىغا كۆمۈپ تاشلايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە زامان تەرتىپلىرىدىكى ئاساسىي يوسۇنلاردا تەكىتلىنىپ ئېتىبارغا ئېلىنغىنىمۇ تەرەققىيپەرۋەر ئادالەت ۋە كامالەت چۇقانلىرى بولماستىن، بەلكى تۇرغۇن، ساتقۇن جاھالەت ئەھكاملىرى بولغاچقا، شائىر نەۋبەتىنىڭ چىقارغان ئاخىرقى قارارى ئۆز زامانغا يارىشا ئاقىلانە تاللاش سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئەڭ تۆپكى ھايات پائالىيەتلىرىنى مۇقەررەر ھالدا روھنىڭ بىپايان ئالەملىرى ئىچكىرىسىگە، جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي، تىنچ، ئەركىن ۋە خىلۋەت جايلارغا ئېلىپ باراتتى.

شىپاخانىنىڭ بارلىق كىرىمىنى ئاتىسىنىڭ يىل نەزىر - چىرىغى خىراجىتى ھېسابىدا ئاستانىدىكى باشپاناھسىز كەمبەغەللەرگە ئاتاپ، قالغان مۈلكى - بىساتلىرىنى ئىككى شاگىرت تېۋىپقا ھەدىيە قىلىپ ئۆيىگە بېكىنگەن شائىر «خەمسە نەۋبەتى» دىن كېيىنكى مۇسىبەت سۈكۈتى چىرمىغان ئاي - يىللارنىڭ خاس تەسىراتلىرىنى شېئىرىيەت چوغدانلىرىدا قىزدۇرۇپ مىسرالارنى تاۋلاش بىلەن بەند ئىدى. شائىرنىڭ قەلبى ھېس ئىچىدە كۆيۈپ، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرى نۇر تېزلىكىدە ئۇچۇپ سەنئەت ئىبادىتىنى يەنىمۇ بىر پەللە ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەستلىك تازا دېگەندەك ئەۋج - دولقۇن ياسىيالمايۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىجادىي ھوسۇللىرى ئاۋۋالقىدىن پەرقلىق ھالدا بىرخىل ئىچكى رىتىمنىڭ كېڭىيىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇزۇلۇشىدىن؛ ھېس - تۇيغۇنىڭ ئوتتەك كۆيۈپ ئالەمگە تۇتىشىشىدىن، ئۇلۇغ بىر ۋەھدەت يالقۇنىغا ئايلىنىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەقىل جۇدۇنلىرىدا قار - مۇز بولۇپ ئۇيۇشىدىن ھاسىل بولماقتا ئىدى.

شۇڭا ھەربىر رۇبائىسي ھاياتنىڭ سىر ـ مۇئەمـمـالىرىغا، خىسلەت ـ خاسىيەتلىرىگە، بەخت ـ سائادەتلىرىگە، مەنىدار ۋە جۇلالىق قاتلاملىرىغا ئىما ـ بېشارەت بەرگۈچى ئەقلىي مەزمۇندار-لىققا ئىگە بولۇپ، تۆت مىسرا تۆت قاشا تام سۇپىتىدە بىر ھېكمەت ئۆيىنى ھاسىل قىلغان، ئاڭا كىرگۈچى ئۆزىنى گويا قاشالىرى بولمىغان، رەڭدار مېۋىلىرى چەكسىزلىكتە كۆزىنى چېقىپ تۇرغان جاھانباغقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشى تەبىئىي ئىدى. شائىر بۇ ئۆي، بۇ باغ، بۇ ھېكمەت ئالىمىگە تەكرار نىگاھ ئاغدۇرۇپ شېئىرلارغا يەنىمۇ ئىنچىكە زىننەت قوشتى، مەنە بېزەكلىرىنى تاقىدى ھەمدە ئۇزۇلۇپ قالغان، كۆڭۈل جاراھەتلىرى قېتىدا بېسى-لىپ قالغان نۇردەك پارلاق، چاقماقتەك غەيۇر تۇيغۇلىرىدىن يېڭى-دىن يېڭى مىسرالار گۈلدەستىسى تىزىپ، ئۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە «رۇبائىياتى نەۋبەتى» نىڭ سارغۇچ بەتلىرىگە نەقىش قىلىپ چەك-تى. مىلادىيە 1726 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تۆت يۈز رۇبائىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان «رۇبائىياتى نەۋبەتى» دۇنياغا كې-لىپ، شېئىرىيەت ـ نەزم گۈلىستانىدا ئۆزگىچە رەڭ بىلەن چاقنى-دى ۋە ئۆزگىچە خۇش پۇراق چاچتى.

## 3

تەقدىرنىڭ سىرلىق يازمىشى ئىنسان بالىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئويلىرىغا قويۇلۇپ سۇزۇلگەنچە، ئۇنىڭ ھاياتلىقتىكى رېئال كە-چۈرمىشلەر بىلەن بولغان ئالاقىدارلىقى كۈچىيىپ تەقدىر بىلەن ئىنساننىڭ ئەسلىي ۋە ئەزەلىي رەۋىشتە بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئىگە ئىكەنلىكى بىر ـ بىرلەپ يېشىلىدۇ. تەقدىر — ئىنسان ھاياتىنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن لايىھىسى، ماھىيەتتە، تەبىئىي ۋۇجۇد خاسلى-قىنىڭ ئىختىيار تىزگىنى سۇپىتىدە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بولغاچقا، رېئال ھاياتتىكى رەڭدار كەچۈرمىشلەر ئە-مەلىيەتتە تەقدىر رولىنىڭ نەتىجىسىنى، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۇنى

بىلىش، تېپىش ۋە تونۇش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىنسان مۇشۇ جەرياندا ئىگە بولغان كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەقلىي تەجرىبە-سى، سىرلىق بېشارەتلىرى ۋە ئويلاندۇرۇش كۈچى ئارقىلىق تەق-دىرگە چىڭ چېتىلغان ياكى ئاڭا ئالاقىدار يوسۇندا كۆرۈنگەن كېيىنكى مۇساپىلەرنى پەرەز قىلالايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىكى بارلىق ئېھتىماللىقلىرىنى دەڭسىيەلەيدۇ.

تەقدىر، ئىنساننىڭ تاشقى رېئاللىقىدىكى تۇرمۇش ھادىسىلى-رىدە كۆرۈنگەندەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىنساننىڭ ئىچكى رېئاللىقىدىكى ماھىيەتلىك ئويلار چوڭقۇرلۇقىدا ھەرىكەت قىلىپ ئۆزلۈك رايىنىڭ ئاساسىي مەۋقەسىنى بەلگىلەي-دۇ. شۇڭا، تەقدىر، ئىنساننىڭ تاشقى دۇنيا ۋاسىتىسى بىلەن ئۆز - ئۆزىگە ئىچكىرىلەش ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئىگىلەش قۇربىگە بېقىپ ئەسلىي تەرزدە ئۇنۇم بېرىدۇ ياكى ئەسلىي ھەقىقە-تىگە قايتىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرىقى ھاللاردا، تەقدىر بىلەن ئىن-ساننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى پارچىلىنىپ، تەقدىرنىڭ تورمۇزلى-نىشى، ئىنساننىڭ ئېزىش - قايمۇقۇشىدەك تۈپلۈك پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ.

نەۋبەتىنىڭ ئائىلە نەسەبىگە چېتىلغان تۇرمۇش پاجىئەلىرى تەقدىرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن كىشىلىك پاجىئە-لىرىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. چۈنكى، شائىر ئاشۇ بىر قاتار ئائىلىۋى پاجىئەلەرنى ئۆزىگە خاس بولغان كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ سىرتىدا كۆردى، ئۇ تۈپەيلى ھەم ئۆز تەبىئىتى دەۋەت قىلىپ تۇرغان ئىجادكارلىق خىسلەتلىرىنى، سەنئەت ئىبادىتى ۋە ئىشق ئېتىقادلىرىنى ئۇزۇپ قويمىدى. ئۆز تەبىئىتىنىڭ ئاكتىپ رايىغا قىزغىن بېقىش، ئىچكى رېئاللىقنىڭ نېگىزىدىن شائىرلىق سالا-ھىيىتى ۋە كامىل ئىنسانلىق لاياقىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىش — مانا بۇ نەۋبەتىنىڭ پاجىئەلەر كەڭلىكىدە تۇرۇپ ئىدراك قىلالىغان ۋە ئاڭا ماس ئاۋاز قوشالىغان ھەقىقىي تەقدىرى بولۇپ، ئۇ، شائىرنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىي قىممەت بىلەن ئىنسانىي سائا-

دەتىنىڭ ئىرەم باغلىرىغا يېتەكلەپ بارالايتتى.
ھويلا ئىچى بىسەرەمجان، غېرىب ۋە يوقسۇل كۆرۈنسىمۇ،
ئەمما نەۋبەتىنىڭ روھىيەت ئالەملىرىدە ئېرىشكەن تەپەككۇر ئۇتۇق-
لىرى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. شۇڭا ئۇ پۇتكۈل ۋۇجۇدىدىن
تېشىپ تۇرغان ئىرادە ھىممەتلىرى بىلەن ئەتراپقا تىكىلگەندە،
ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدىن يېڭىچە مەنە جۇلاسى
تاشلاپ تاشقى ھاللىرىنىڭ غېرىبانە كۆلەڭگىلىرىنى يوشۇرۇپ قا-
لاتتى ھەمدە شائىردا ماددىي ھەشەمنىڭ قىممىتىنى خىرەلەشتۈرۈپ
باراتتى. شائىر ئۇلاردىن، ماددىي دۇنيانىڭ ئىللەتلىرىدىن ھالقىپ
قەلبىسېرى يۈكسىلىۋاتقان مەنىۋى دۇنيادا پىكرەن پەرۋاز ئېتەت-
تى. نەپس سەۋەبىدىن، نەپسكە مەھكۇم ئەتكۈچى ئىجتىمائىي زۆ-
رۈرىيەت - ئېھتىياجلار بېسىمى سەۋەبىدىن روي بېرىدىغان تەڭ-
قىس دىشۋارچىلىقنىڭ ئىنسان ھاياتىنى ئاستا - ئاستا خورد-
تىپ، ئۇنىڭ روھىي بىرلىكلىرىنى پارچىلاپ، كامىللىق مۇقاملى-
رىدىن چالغىتىپ، ئاقىۋەت ئېغىر پۇشايمان - ھەسرەتكە قويىدى-
غانلىقى شائىرنىڭ ھالقىش كەڭلىكىدىكى پىكرەن پەرۋازلىرىدىن
نۇردەك يارقىن شولا تاشلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە نەپستىن،
مال - دۇنيادىن، ماددىي مەنپەئەت دىشۋارچىلىقلىرىدىن يىراق
تۇرغان، ئىشق ئوتلىرىدا تاۋلانغان، مەنىۋى پاراغەت ھىممىتى
بىلەن تىپتىنچ ئىجاد بەختىگە ۋە ئىلاھىي ئىشق ۋىسالى شاراپەتلى-
رىگە نائىل بولغان كامىل ئىنسان سىيماسى ئەكس ئېتىپ ئۇنى
ئۆزىگە كۈچ بىلەن تارتاتتى. شائىر شۇ مەنىۋى ھاللارنىڭ مەستلى-
كى بىلەن ھويلا ئىچىدە خېلى بىر ھازاغىچە سۈكۈتلۈك تۇرغاندىن
كېيىن، كۆزلىرىنى ھويلا - ئارام تاملىرىدىن ئارتىلدۇرۇپ كۆك
سەتھىگە مەقسەتسىزلا تىكتى. سۈزۈك تاڭ ئاسمىنىدا ئاندا - ساندا
قىزغۇچ بۇلۇتلار ۋە قارلىغاچلارنىڭ شوخ - تېتىك پەرۋاز ئېتىش-
لىرى كۆزگە تاشلىناتتى. باھارنىڭ، ئالەمدە بولىدىغان ھاياتىي
ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە يېتىپ كېلىپ ھەممە يەردە
ئۇچۇپ چۇرۇقلاپ يۈرگەن قارلىغاچلارنىڭ بۇ ھاللىرى شائىرنىڭ

ئەزەلىي تەقدىرگە بەلگە ـ بېشارەت بەرگەن هالدا ئۇنى ئېهتىمال- لىقلار ئالىمىگە ئېچكىرىلەپ ئەكىرىپ كەتتى. شائىر ئۇ يەردە تەقدىر ئېهتىماللىقلىرىنىڭ شەپلىرىگە چىرمىشىپ، ئۇلارنىڭ رې- ئال هەقىقىتىنى ۋە ئۆزى بىلەن بولغان مۇقەررەر بىرلىكلىرىنى دەڭسەپ ئىدراكلىماقتا ئىدى. سۇنغان ئائىلە ـ روزغار ئىچىدە تۇرغان شائىر مەۋجۇتلۇق شەكلى، هالىتى ۋە ئىرادىسى يېقىندىن راستىنلا ئاشۇ دىققەت ـ ئېتىبارىدا قانات قېقىشۋاتقان قارلىغاچقىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە تارتىشقۇدەك، ئۆزىنى تۇتۇپ، باغ- لاپ تۇرغۇدەك هېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇ ئاللىبۇرۇن هەممىدىن ئايرىلىپ، هەممىدىن ئادا ـ جۇدا بولغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭغا ئەزەلىي تەقدىردىن تېخىچە بەلگە ـ نىشانە بولمايۋاتاتتى. خوتەن تەختىدىكى بەگ هۇزۇرىدىن كەلگەن تەكلىپ ـ چاقىرىقلار ئۇنىڭ دۇنيا ئىشىدىن رايى قايتقان كۆڭلىگە ۋە ئەرك هاۋاسى قويۇق تىنچ خىلۋەتلەرگە بولغان ئىنتىلىشلىرىگە خوپ كەلمىگەچكە، ئۇنى سى- لىق رەت قىلىۋەتكەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىدە هېچقانداق ئەپسۇس ـ پۇشايمان ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئەزەلىي تەقدىرگە يۆلەنگەن بىر غەيۇر روهىي هال ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىگىلە- گەن بولۇپ، ئۇنى بارلىق ئېهتىماللىقلارغا يول بەرگەن ئىمكانلار كەڭلىكىدە ئوي ـ خىيالغا غەرق ئېتەتتى...

يېنىك بىر شەپىنى سېزىپ كەينىگە بۇرۇلغان شائىر ئۆزىنى پىر ـ ئۇستاز تۇتۇپ هۆرمەت بىلدۈرىدىغان، شېئىرىيەت بابىدا هەۋەس ـ ئىشتىياقتىن هالقىپ قولىغا قەلەم ئالغان ياش شائىر قەدىرىدىن غەمناكنىڭ ئۆزىگە بېقىپ، تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى باي- قاپ خىجالەت بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. غەمناك نەۋبەتنىڭ قوللىرىنى سىقىپ ئۇنىڭ ئوي ـ خىيال قۇۋۋىتى ۋە هاياجان شامالليرىدا قىزغۇچ تۇس ئالغان چېھرىگە زەن سېلىپ ئۇنىڭدىن ئۆز ئويلىرىغا ئىما ـ ئىشارەت تاپقاندەك غەيرەتلىنىپ:

— بۇۋاخ كېلىپ كەيپلىرىنى بۇزۇپ قويغىنىم ئۈچۈن ئەيىب- لىكمەن، سۇبھى ـ سەهەردە كۆرگەن خەيرلىك چۈشتىن ئىلهام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاپتىممۇ ياكى ئۆزلىرىگە ئەينى يىللىرى ئىشق ھىممىتى بەخش ئەتكەن يىراق يەركەن سەپەرلىرى دىلىمغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويغاندىمۇ، بۈگۈن ئۆزۈمنى سەير - سەپەرگە ئاتلىنىشۋاتقان يولۇچىدەك ئادەتتىن تاشقىرى روھلۇق سېزىپ تۇرۇپتىمەن، غەيرەت - شىجائىتىممۇ ئۇرغۇپ تېشىپ تۇرىدۇ. سىلىنى يوقلاپ، پاناھ تارتىپ كېلىشىمنىڭ خەيرلىشىش بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم، ئەمما... — غەمناك سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋەتتى ۋە نەۋبەتىگە ئىلتىجا بىرلە تىكىلدى. نەۋبەتى غەمناكنىڭ ئۆزىنى سەير - سەپەرگە دەۋەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ۋە ئاڭا كۆڭلىدىن كېچىۋاتقان يوشۇرۇن سېزىملىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىزھار ئەتتى:

— ئاللا ئىگەم مېنى نەسەب - جەمەتىمنى يەلپۈگەن قازا شامالىرى بىلەن چاقىرىدۇ. ئەمما، دىلىمنىڭ ئىچكىرىسىدىن مەۋھۇم كېلىدىغان ئۇ چاقىرىقتا ئەۋۋەلىگە ئوخشاش قازا تەقدىرىنى ئەمەس، بىرخىل ئۇزاقتا سوزۇلغان تىنچلىقنى سەزمەكتىمەن، تىنچلىق ئىچىدە بولسا، بىرخىل داۋراڭسىز ئاسايىشچان كۈنلەرنىڭ خاسىيىتىنى كۆرمەكتىمەن. ماڭا ئىشارە بولغىنى ئۆزۈمدىن ئاشۇ تىنچ خىلۋەتكىچە، ئۇنىڭدىن تەڭرى ۋەسلىگىچە بولغان ئارىلىقنىڭ سەير - سەپىرىدۇر. كۆز ياشلىرىمنى، كۆز نۇرۇمنى ۋە جېنىمنىڭ شاش ئەركە نازىنى بىر - بىرلەپ ئەكەتكەن مۇسىبەتلىك ئىشلار، ئىلكىمدە سۇنۇپ مۇڭلىنىپ ياتقان يوقسۇل روزغارىممۇ بۇنى ئىسپات ئەتمەكتە.

غەمناكنىڭ كۆزلىرى ھاياجاندىن نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ نەۋبەتىنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ ئۇزۇپ ئېيتتى:

— كەمىنە سايىلىرى ئۆزلىرىگە ئەگەشكۈچىمەن، سەپەر يۇقىرى ئاستانە — يەركەن شەھىرىنى مەقسەت قىلغان بولسا، مۇرادىم ھاسىل بولۇر ئىدى.

نەۋبەتى غەمناكنىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ تۇرغان شادىمان كۆزلىرىگە تىكىلىپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن ئىسىگە كەل-

گەندەك بولۇپ كېسىپلا ئېيتتى:
— ياق! سىلى سايە ئەمەس، سايەمۇ ھەم ئەمەس، بەلكى شولا، نۇرانە شولا. ھەركىمنىڭ شولىسى بىلەن سايىسى بىر ئۆزدىن، ئاندىن قالسا بىر ئاللادىن بولۇر. شۇڭا سىلىنىڭ سەير - سەپەرلىرى مەندىن، بىراۋدىن خالىي ھەم تاشقىرى تۇرىدىغان مەيلى - ئىختىياردا ۋىسال تاپقۇسى، ئاخىر. ئىمانىم كامىلكى، مەن قايتىمەن، سىلى ئۆرلەيدىلا. ئەمما، ئىككى ئارىنىڭ يىراقلىقى مۇساپە ئەمەس، يولۇچىغا نىسبەتەن ھەقىقەت مەنزىلىنىڭ يادى - ئېتىقادى بەخش ئېتىدىغان ۋىسال شادلىقى ئالدىدا ئېغىر ئازاب، ئاچچىق رىيازەتلەرنىڭ كارايىتى چاغلىق. خۇددى زېمىندىكى مەۋجۇدات سۇغا، ھاۋاغا، قۇياشقا يۈلەنگىنىگە ئوخشاش ئىنسان بالىسىمۇ ھەريەر، ھەرجايدا زاتى - ئىگىسىگە، ئۇنىڭ ۋەسلى نۇرىغا يۈلىنىپ چېچەك ئاچىدۇ. بۇنىڭ بەھرى، خاسىيىتىگە نېمە يېتەر، مەۋلانا! ئىشق قەۋەتلىرىدە ئالەمنىڭ، ئادەمنىڭ ۋە ئاللانىڭ نۇرىغا نائىل بولۇپ، ئۇنى نەزم گۈلشەنلىرىدە ئېچىلدۇرۇپ، ئىشق ئەھلىگە، مەھكۇملۇق تۈنلىرىدە رەھىمسىز، جۇلاسىز يۈرگەن غېرىب ئەل قەلبىگە تۇتالىساق، كۆپتىن كۆپ ساۋاب تاپقان بولار ئىدۇق. ئۈمىدىمنىڭ كۆڭۈللىرىگە خوپ كېلىشىنى تىلەش بىلەن تەڭقىس ھالىمغا مەدەت تاپقايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر يىلدىن بېرى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا يەركەن شەھىرى - ئاستانىسىدە قارار تاپقان بۇرادىرىمىز قۇربانىنىڭ مەنزىللىرىدە ھازىرلىقى مېنىڭ زاھىرلىقىمغا ئوخشاش پەرىشانلىقلىرىنىڭ قارا بۇلۇتلىرىنى، ھاجەتلىرىنىڭ قاراڭغۇ كېچىلىرىنى يورۇتقۇسى. مەنكى يوقسۇل، يېتىمنىڭ بارار جايىدا ئۇلۇغلۇق روھىنىڭ خەيرخاھلىقىدىن تاشقىرى بىرەر مەئىشەت جىلۋىلىرى چېلىقمايدۇ. كۈنلەپ ھەم تۈنلەپ ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇش بىلەن ئاللا ۋەسلىگە مۇشەررەپ بولۇشنى ئورۇندىيالىسام، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى ئەڭ ئالىي سائادەت ئىدى. ئىنشائاللا، تەڭرىم ھەممىگە قادىرلىقىدا تەقدىرىمىزگە يولباشچىدۇر. تەنلىرىمىز تۇپىراق ئاستىدا ئەمىن تاپقۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چە بولغان ھەربىر كۈننىڭ ساخاۋەتلىك بەھرىدە... — سىرتتىن ئاڭلانغان شېئىرىي سادا ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى شۇ يەردىلا ئۈزۈپ قويدى:

ساباھ دەيدۇ خاكىمنى قۇتلۇق كېرىيە مۈلكىدىن،
شەھىداندىن[①] كېلۇرمەن، ھىدىم گويا رەيھاندۇر.
ئەل كەزمىكىم پەرھىزدۇر، ئىشق ۋەجھى سۈبھىدە،
ئوت ئۈستىگە ئوت چۈشتى، خانۇمانىم ۋەيراندۇر.
ئۈچ رەت ئۈستۈم ئىشكىڭگە، ئامانىتىڭ ئىلكىمدە،
چىرايىمغا باقمىغىن غېرىبلىقىم پىنھاندۇر...

ئىككىلەن ئىشىكتىن كۆز ئېلىپ بىر - بىرىگە بېقىشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. نەۋبەتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دائىم ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان ئاشىق - قەلەندەرلەرنىڭ بېيىت - قوشاقلىرىدىن تۇپتىن باشقىچە بۇ ئاھاڭدار نەزمىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. غەمناك بۇ ھالنى نەۋبەتنىڭ مېھىر - شەپقەتلىك كۆڭلى - كۆكسىنىڭ دائىملىق ئىنكاسى دەپ چۈشەندى ۋە قويىنىدىن بىر مىس يارماق چىقىرىپ ئالدىراپلا ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك سىرتىدىكى دەرۋىش سۈپەت يوچۇن كىشى غەمناككا لەپپىدە بىر كۆز تاشلىغاندىن كېيىن كۆزىنى قايتا يۇمدى ۋە قەددىنى رۇسلاپ تەئەددى بىلەن ئېيتتى:

— سەۋر - تاقىتىم ئالدىدا سەدىقەڭگە ھاجىتىم يوقتۇر. ئۈچىنچى رەت كېلىپ ئىشىك قېقىشىمدا سەۋر - تاقىتىمنىڭ ئاخىرقى چېكىنى بىلگىنكى، موھتاجلىقىمنىڭ قىزىلگۈللىرى ھەزرىتىمنىڭ پۇشتى، مۇسىبەتلىك تۇپراقنىڭ كۆز يېشى، ئۆچكەن چىراغنىڭ يېغى، كۆكۈل بوستانىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى، شېھىدانىمنىڭ سۈبھى - سەھىرى بىلەن قات - قات پورەك ئېچىپ

① شەھىدان — كېرىيە قولتۇق كەنتىدىكى قوۋمى شەھىدان مازىرى، خەلق تىلىدا شېيدان دېيىلىدۇ.

خۇش ھەم چاچقۇسىدۇر. تىلىكىم قوبۇل كۆرۈلمىسە، ئۇشبۇ بوسۇغاڭ ئاخىرەتلىك دەرگاھىمغا ئايلىنىدۇ، ساخاۋەتچى.

غەمناك مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى، دەرۋىشنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ-غا شۇنچىلىك چۈشىنىكسىز، شۇنچىلىك سىرلىق تۇيۇلدى، ئەمما نەۋبەتى ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى. نەۋبەتى سۆز - تەمسىللەرنىڭ ئورامى ئىما قىلىپ تۇرغان نەرسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاستە ئالاقى-دارلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۆزىنى بىر پىنھانە مەنزىل-گە دەۋەت قىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندى. شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆتمۇش بىلەن كېلەچەكنىڭ خىياللىرى بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا گىرەلىشىپ تەقدىرنىڭ غۇۋا بىر سەھىرىنى يورۇتقاندەك بولدى. خىياللارنىڭ ئىلھامبەخش كەڭلىكىدىن قايتىپ ئۆزىنى تولۇپ تاشقان كۈچ - قۇۋۋەت ۋە غەيۇرانىلىك ئىلكىدە ھېس قىلغان شائىر بوسۇغىدا كۆز يۇمۇپ تىك تۇرغان يوچۇن كى-شىگە — ئۆز تەقدىرىنىڭ سىرلىق ئەلچىسىگە ئىنتىلىپ:

— تىلەكلىرى قوبۇل كۆرۈلدى، غېرىب خانىمىزغا مەرھەمەت قىلغايلا! — دېدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى. ياشلىقىدىن بېرى بىرەر ئىنسان بالىسىغا ئىللىق چىراي ئېچىپ باقمىغان، بارچىنى ئۆزىنىڭ سوغۇق نەزەرى بىلەن تۇرتۇپ تۇرىدىغان تەكەب-بۇر دەرۋىش تۇنجى قېتىم مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن شائىرغا ئېگىل-دىيۇ، ھايالشمايلا يەنە ئاۋۋالقى جىددىي، مەغرۇر ھالىتىگە قايتىپ قەددىنى رۇسلىدى. نەپەسلىرى ئىتتىكلەپ، پۈتۈن ئەزايى لەرزىگە كەلگەن شائىر شۇ دەملەرنىڭ ئۆزىدە دەرۋىشنىڭ كۆڭۈل ئەينەكلى-رىدە ئەكس ئېتىۋاتقان بارلىق روھىي ھالالارنى تۇغما ھالدىكى ئۆتكۈر تۇيغۇسى ۋە تەپەككۇرى بىلەن كۆرۈپ يېتىپ مۇنۇ پىكىر-لەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى: «ئىنسان ئۆزىدىن ھالقىپ ئىلاھقا پۈتۈنسۇرۇك قوشۇلۇپ كەتكەندە، ئۆزىدە ئاشۇ ئىلاھىي تەۋەلىكىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىپتىخار - ئىشەنچى ئەكس ئېتىپ ئالەمنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلىرىغا ئېتىبارسىز نەزەر بىلەن قارايدۇ. ئۇلارنى ئۆز پاكلىقىغا داغ - غۇبار يەتكۈزگۈچى، نەپسىنى، پەس

هاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى قوزغىغۇچى، دىل رىشتىنى ئىلاھىي ئىشق-
تىن چالغىتقۇچى سەۋەبلەر مەنبەسى سۈپىتىدە يەكلەيدۇ. ئەمما،
ئىنسان بالىسى تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ، ئالەم ھاۋاسىغا يۆلەنگەن
مېۋە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسەتلىرىمۇ ئۇنى ئا-
خىرقى ھېسابتا زاھىرىي ئالەمگە، ئادەملەرگە، ئۇلارنىڭ بىرلىك
سائادەتلىرىگە قايتۇرىدۇ. مۇنداق قايتىش ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئېتىد-
قادنىڭ پۈتۈنلۈك قىممىتىنى ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن
چۈشەندۈرىدۇ.»

ئۆز پىكىرلىرىدىن ئىلھاملانغان شائىر تەكەببۇر دەرۋىشنى
يېتىلەپ ئىچكىرىكى ھۇجرىنىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن
سىپايە بىر ئورامدا سۆز ئالدى:

— قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن! ئۆزلىرىنى سەپەر ھىممىد-
تىگە دەۋەت قىلغان مۇددىئانىڭ ئۆزى ھاجەتلىرىگە خوپ كېلىپ
ئىشىكىمنى چەككەن بولسىلا، مەن خىزمەتلىرىگە تەييارمەن. بې-
يىتلىرىدىن ھەم بۇرادىرىم قەدىرىدىن غەمناكقا ئېيتقان كۆڭۈل
سىرلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ غېرىبانە شوللىرىنى، تەقدىر لەۋزىدىكى
قاياشلىق يول بەلگىلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم. مېنى ئەزىز ئەت-
كەن زاتى مۇبارەكلىرىنىڭ روھىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈش بىلەن بىر-
گە ئۆزلىرىنى پىر ـ ئۇستاز تۇتۇشۇمغا رازىلىق بەرگەيلا.

دەرۋىش ئەمدى ھاياجىنىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى، ئۇ نەۋبەتتىكە
يېڭىۋاشتىن نەزەر تاشلاپ شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن شەۋكەتلىك ئۇس-
تازى تىجەن ھەزرەت بىلەن نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ
سېيماسىنى، ئۇلاردىن شائىرغا تۇتاش ھالدا تېشىپ تۇرغان كاما-
لەت جىلۋىلىرىنى كۆرگەندەك بولدى. دەرۋىش تىترەپ تۇرغان
قوللىرى بىلەن قويۇن يانچۇقىدىن پۈكلەنگەن بىر نامىنى چىقاردى
ۋە ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئالەمنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلغان شۇنچە يىللار مابەينىدە ھەق
يادى بىرلە جاھان كېزىپ يولۇقتۇرغانلىرىم كۆڭلۈمدە ھاسىل
قىلغان نۇرانە جىلۋىلەرگە يەتمىدى. ئىنساننىڭ ئالىمى پانىي ئىچد-

ده يۇرگەن تەڭقىس ھالغا ئېچىنىشتىن كۆرە ئۇنىڭ قاتمۇ قات نىقاب ـ پەردىلەر بىلەن ئورالغان يامان نىيەت ـ غەرىزىنى مازاق ئېتىشكە خۇشتارمەن. سەۋەب شۇكى، ئىنسان بالىلىرى بىـپـايان ئالەم سەتىھىدە ھازىر ـ زاھىر تەڭرى ـ ئاللا شاراپەتلىرىدە ئېزىپ ـ ئادىشىپ ئادەمىي شەيتانلار ھەم ئۇلارنىڭ گۇمراھلىق يولىغا كىردى، ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن شان ـ شەرەپلەر ھېس قىلىشـتى. ئەپسۇس، تاكى مۇشۇ كەمگىچە بىرەر خۇۋلۇق، بىرەر قۇت، بىرەر نىجاتلىقتىن شەپە بولمىدى. بۇلار بارچىگە ئەزەلىي تەقدىر سۈپىتىدە كۆرۈلۈپ تەڭرى ـ ئاللاغا باغلىنىپ قارىلىدۇ. ئاھ، يارانقۇچى تەڭرى ـ ئىگەم! مەنكى دەردمەن ئاشىقىڭ ساباھىدىنگە ئەيلىگەن شاراپەتلىرىڭنى ئۇلارغا بەخش ئەيلىگەن بولساڭمۇ، ئەمما ياشاش رىزقىڭنىڭ بەختــى ۋە قىممەتلــىرىگە كىملەر يەتتى، ئاخىر! ؟ كۈنۈتۈن يىغلاپ بىپايان ئالەم ئېتەكلىرىگە شەبنەم بولۇپ تۆكۈلۈشۈمنىڭ، ھەر يەر، ھەر جايدا ساباھ ـ شامال مىسال ئۇچۇپ چۆرگىلەپ ۋەزخانلىق قىلىشىمنىڭ ۋەجى ھېس، ئىدراك ۋە مەرىــپەت ئويغــىنىشــدا بەخت ـ سائادەت ئاپــتــىــپــى تاپمىش ئەل ـ ئاۋام ئۈچۈن ئەمەسمۇ!

تىجەن ھەزرەتنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى ئەڭ كىچىك تالىپى، ھەمىشە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان ئامراق بالىسى كېرىـيىلىك ساباھىدىن ھاياجاندىن بوغۇلۇپ سۆزدىن توختىدى ۋە بىرـنەچچە دەقىق كۆزىنى يۇمۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغاندىن كېيىن ئۆز سېزىملىرىدە خۇددى نەۋبەتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بوۋىسى، ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئۇستازى تىجەن ھەزرەتلىرى بىلەن سىردىشىۋاتقاندەك ھاياجان ـ ئىپتىخار ئىلكىدە سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— ئىنسانىنىڭ ئەزىز ـ خارلىقى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۆزىدىن، ئۆزىنى نېگىز قىلغان ئىش ـ ئەمەل، خۇي ـ پەيلىدىن، ئاندىن زامان ھاۋاسىدىن بولۇر. ئاللا ـ ئىگەم ۋۇجۇد ـ تەبىئەتلىرىمىزگە بەخش ئەيلىگەن دىت ۋە ئىلھام شاراپەتلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئۆنىڭ بەھرە ـ خاسىيىتىنى دەڭسىمەي، تەلقىن قىلماي تۇرۇپ،
غايىب نېسىۋىلەرنى تەمە قىلىپ يېتىش ئاسىيلىقتۇر. ئۆزگە قىلـ
غان ئاسىيلىق ئۆزگىگە قىلغان ئاسىيلىقتىن يامان ۋە بەتتەر بو-
لۇپ، ئۇ ئاقىۋىتىدە ئىنساننى ئاللاغا، ھەق ۋە ئادالەت تەرتىپلىرى-
گە ئاسىيلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. يەر يۈزىدىكى بارچە مەۋجۇ-
دات ۋە مەخلۇقات ئۆزخىلى، ئۆز تۈركۈمىدە خاس قانۇنىيەتلىرى
بويىچە ياشاش، بەرق ئۇرۇپ ئايىنىش بەختىگە مۇيەسسەر ئېتىلگەن
بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئادەت ـ يوسۇنلىرى ئەسلىي نىگىزىگە
مۇخالىپ كەلگىنى ئۈچۈن، ئادەم ئادەمگە، مېۋە مېۋىگە، گۈللەر
گۈللەرگە ئوخشاشماي ئېتىبارسىز تاشلىنىپ ياتىدۇ. سۆيۈملۈك
ئۇستازىم، تىجەن ھەزرەتلىرىدەك غەيۇر، زەبەردەست ۋە ئىمانى
كامىل زاتنىڭ تەقدىرىمۇ ئەۋۋەلىدە ئاشۇ خىل ئاسىيلىقنىڭ
پېتىدە ـ ۋابىاسى بىلەن نە بولدى، ئاخىر! ؟ يۈرىكىم يىغىدىن
بىر دەقىقىمۇ توختىغىنى يوق، جۇدالىق، ياش يۈرىكىمگە
ئازاب ـ ھىجران نەشتىرىنى سانجىغان ئوتتۇز بەش يىلدىن بېرى،
ئۇستاز تەلىمىنى زىكرى ئەيلەپ، يەرۇ ئاسمان ئارىسىدا ھەممە
كىشىدىن ئۇچۇر ـ خەۋەر دېرەكلەپ كەلگەن بولسامۇ، ئەمما
ئۇستاز دىدارىغا ئېرىشىش بەختى نېسىپ بولمىدى. بۇنىڭدىن ئون
بەش يىل مۇقەددەم كوھمارىم تۆپىلىكىدە ئۇستازىمنىڭ قەدىناس
بۇرادىرى شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنى بىتاپلىق ئىچىدە
ئۇچرىتىپ، ئاياغلىرىغا باش قويۇپ بىھۇش بولغىنىمدا، ئۇ شەۋ-
كەتلىك شەيخ ماڭا كۆپتىن ـ كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسەتتى ۋە
ئىلتىماسىمنى مەقبۇل كۆرۈپ كېرىيە مۇلكىدىكى قوۋمى شەھىدان-
دا قارار تاپتى...، — ساباھىدىن سۆزىدىن توختاپ ئېسىگە كەلگەن-
دەك قولىدىكى خەتنى نەۋبەتىگە ئۇزاتتى. ساباھىدىننىڭ سۆزلىرى-
گە ئىخلاس بىلەن زەن سېلىپ ئولتۇرغان نەۋبەتى ئۇستازى نىزامى-
دىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ نام ـ شەرىپىنى ۋە ئۇنىڭ ئەينى
يىللىرى خوتەن ئاستانىسىدىن، ئېنىقراقى خىلۋەت سەھۋالىم ۋە
كوھمارىم تۆپىلىكىدىن ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىنىڭ

سەۋەبىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى بىلىپ، كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى. يۇ، ھايالشمايلا يەنە ھىجران ۋە تەشۋىش تومانلىرىنىڭ قاتمۇ قات قاپسىشىغا ئۇچراپ ناخۇش بولدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ تومانلىق قەلب كۆكىدە ۋەھىمە چاقماقلىرى چېقىلىپ سۈپسۈزۈك روھ يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى. نەۋبەتنى يامغۇرلۇق گۈگۈم ئىچىدە تىنەپ ـ تەمتىرەپ قوللىرىدا چىڭ تۇتقان نامىگە تىكىلدى. نامە ئۇنىڭغا خۇددى مۇشكۇلاتلار ئىچىدە توساتتىن پارلىغان ئۈمىد يۇلتۇزىدەك، ئۇزاق زۇلمەت قاراڭغۇسىدىن كېيىن سۈزۈلگەن ئاقۇچ ئۇپۇق جىيەكلىرىدەك كۆرۈندى. ئەمما، نامە خېلىلا كونىرىغان، كىرلەشكەن ۋە بۇرجەكلىرى تىتىلىپ يىرتىلىشقا باشلىغان بولۇپ، كۆرۈنۈشتىنلا خېلى يىللار ئاۋۋال يېزىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. نەۋبەتى نامىنى لېۋىگە، يۈزىگە ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ بىرنەچچە دەقىقە تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن ئوقۇشقا كىرىشتى. ساباھىدىن نەۋبەتىنىڭ پات ـ پاتلا قىزىللىق ئۆرلەپ تۇرغان ئاقۇچ چېھرىگە تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى، ئۇ، ئۇستازى تىجەن ھەزرەتنىڭ خېلى كۆپ قىسىم بەلگە ـ ئالامەتلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم ئەتكەن بۇ چىراي ـ ئۆڭدە ئۇلۇغلۇقا ئىنتىلگەن كامىل ئىنسان روھىنىڭ نۇرانە جىلۋىلىرىنى كۆردى ۋە ئاڭا ئاستا ـ ئاستا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ جىلۋىلەر بىرلىكىدە ساباھىدىن ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى يوقىتا چىقىرىپ ئىلاھىي ۋىسال دەملىرىنى غۇلاچلىرى ئارىسىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ قانائىتىدە نەۋبەتىنى يەلكىلىرى ئۈستىگە ئېلىپ كۆتۈردى. نەۋبەتى ئۇزارماقتا، جىلۋىگەر ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلماقتا ئىدى. ئەمدىكى دۇنيا بىرلىك بىلەن، بىرلىك جىلۋىلىرى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز ئۆزىراش، كېڭىيىش خىسلەتلىرى بىلەن ئاۋۋالقىدىن تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ مەنىدار تۈس ئالماقتا ئىدى. ئۇ يەردە كىشى كىشىگە تۇتاش، مېھرى ئاتەش، روھىي بەرداش، ئىقبالى رەڭداش كۆرۈنەتتى. ساباھىدىن خىيال كۆتۈرگەن تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۆكلىرىدىن قايتىپ نەۋبەتىنى ئېلىپ كېتىش مۇددىئاسىنىڭ ئوچۇق ئىزھارى ـ بايانىدا تەڭقىس ـ مۇشكۇللۇك تارتىۋات-

قانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ قەلبى بىرخىل يوقلۇق ئىزتىراپلىد.
ىرى ئىچىدە ئۆرتىنەتتى، تەنلىرىدە نېمىدۇر بىر نەرسە تىنىمسىز
ئۆمىلەپ ئاچچىق نەشتەرلىرىنى سانجىپ ئارام بەرمەيتتى. ساباھىد.
دىن ئاريدىكى جىمجىتلىقنىڭ پاتراق ئاخىرلىشىشىنى، خەتنىڭ
نەۋبەتىگە ھەممىنى چۈشەندۈرۈشىنى ياكى چۈشىنىشكە يېتەرلىك
ئىلھام ۋە تەپەككۇر ئاتا قىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. دەرۋەقە،
نامە ئارقىلىق ئۇستاز دىدارى ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولغان، شۇنداقلا
ئۇنىڭ ھېكمەتدار بېشارەتلىرىدىن ھەممىنى، جۈملىدىن ئۇستازد.
ىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ساباھىدىنىنىڭ ئۈچ رەت
كېلىپ بىر رەت كۆرۈشۈشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن نەۋبەتى، يەر
ئۆزرە بېقىپ تەڭقىس بىرھالدا قايغۇلۇق ئولتۇرغان ساباھىدىنگە
يۈزلىنىپ قەتئىيەت لەۋزى بىرلە ئېيتتى:
— پۇرسەتنىڭ ئۆتۈشىدە ھېچكىم ئەيىبكە لايىق ئەمەستۇر،
ئاللا ـ ئىگەم ئەزەلىي تەقدىرگە شۇنداق قىسمەتنى پۈتكەن بولسا،
بەندىدە نە چارە! رەھـمەتـلـىـك ئۇستازىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن
ھەققى ـ ھۆرمىتىمنىڭ تەڭقىس كوچىلىرىدا مېنى دەپ ئۈچ رەت
سەير ـ سەپەر رىيازىتى چەككەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن كۆپ.
تىن كۆپ ئۆزرە سورايمەن. ھەر ئىشنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى ئۇنىڭ
خەيرلىكلىكى ۋە بەخت ـ سائادىتىگە باغلىق بولۇر، سىلىگە مالال.
لىق يەتمىسىلا ھەرقاچان يولغا چىقىشقا تەييارمەن! — نەۋبەتى
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆزىگە ئىنتىلگەن ساباھىدىنگە كەڭ قۇچاق
ئاچتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ باغرىغا مەھكەم يېپىشىپ ئىسسىق
كۆز ياشلىرىنى تۆكۈش بىلەن ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ روھىغا ئېرىش.
كەندەك بولدى ھەمدە ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئەزە.
لىي تەقدىر رىشتىگە چىڭ چىگىلدى.

## 4

نەۋبەتى ئۈچۈن خوتەن ئاستانىسى ئەمدى قۇپقۇرۇق بىر جەزد.

رىگە ئايلانغاندى، ئۇندا شائىرنى تۇتۇپ قالغۇدەك، ھېس - ھاياجانلىرىنى قوزغىغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغاندەك ئىدى. خوتەن، پەقەت ئۇلۇغلۇقنى ئۆزىگە مۇجەسسەم ئەيلىگەن ئۆزگىچە بىر روھ، ئەسلىمىلەر ئارا نۇرلىنىدىغان گۈزەل ۋە مەھلىيالىق بىر سىيما سۈپىتىدىلا يىراقتا كېتىۋاتقان شائىر قەلبىنى داغلاپ جۇدالىق دەردۇ ھەسرەتلىرىگە مۇپتىلا قىلاتتى. بۇ دەملەردە، شائىر ئۆزىنى يەتكۈسى كېرىيە مەنزىلىدىكى يېپيېڭى بارلىقتا، ئۇلار بىلەن ئىسسىق چىراي ئېچىۋاتقان بىر پۈتۈن گەۋدىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قاياشلىق بەھرىگە باغلاپ قىياس قىلاتتى. بۇ قىياس، يەنە كېلىپ بوۋىسى تىجەن ھەزرەتنىڭ ئىزلىرىغا، ۋارىسلىرىغا، ئۇستازى نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ روھىغا چېتىلىش بىلەن شائىرنىڭ تىنغان روھىيەت بۇلاقلىرىنى تاشتۇراتتى.

نەۋبەتى ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزى يولۇقتۇرغان ھەربىر ئادەم، ھەربىر نەرسىگە بىر - بىرلەپ زەن سېلىپ قارايتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمما، ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا سۈكۈت ۋە مۇڭ ئىلكىدە ئىپادىسىز كۆرۈنەتتى، پەقەت يۇرۇڭقاش دەرياسىدا لۆمشىپ ئېقىۋاتقان سۇلارنىڭ ئۆركەش ياسىشىدىن پەيدا بولغان شاۋقۇنلار شائىر قەلبىگە ھاياتىي تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىپ، ئۇنى ئۇزاق ئەسلىمىلەرنىڭ رەڭدار باغۇ چىمەنلىرىگە ئەكېتەتتى. ئۇ يەردە شائىر خۇددى بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكىدەك تەبىئەتنىڭ مىسلىسىز گۈزەل ئىلھاملىرىغا چۆمۈلۈپ ئالەمنىڭ سىر - مۇئەممالىرىغا تۇتىشىپ باراتتى.

كېرىيە نەۋبەتىنىڭ كۆز ئالدىدا ھاياتىي كۈچ - قۇۋۋەتلەرگە تولۇپ تاشقان ھالدا ئۇنى سېھىرلىك كۈچ بىلەن ئۆزىگە تارتتى. شۇ دەملەردە شائىرنىڭ قەلبى بوۋىسى تىجەت ھەزرەت بىلەن ئۇستازى نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىگە ئوخشاشلا بۇ يېپيېڭى دۇنياغا ئەسىر بولۇپ، ئۆزىنى ئاڭا تۇتاش ھەم رەڭداش بىر ھالدا ئىپتىخارلىق سېزىشكە باشلىدى. كېرىيەنىڭ قاراقىر[1]دىن باشلانغان

① قاراقىر — كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق يېزا.

www.uyghurkitap.com

سۇلىرى مول، ئېتەكلىرى كەڭ تۇتاش بوستانلىقلىرى بۇ يۇرتنىڭ باي - باياشاتلىقىغا بەلگە بېرىپ ھەرقانداق بىر كىشىدە ئىشەنچ، ئۈمىدۋارلىق ۋە خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى ئويغىتاتتى. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزگە يۇرتتىكى كىشىلەردىن پەرقلىق ھالدا يىراق ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئۆزگىچە كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشىپ خۇددى ساباھىدىنگە ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ خاس ۋە يېگانە ھەققى - ھۆرمىتىگە يۆلىنىپ تىك ھەم مەغرۇر يۈرەتتى. بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ بېشىدىكى ئېگىز قارا كۆرپە تەلپەك، بەللىرىنى چىڭ باغلىۋالغان رەڭدار پوتىلار ئۇلارنى تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ قەيسەر كۆرسەتسە، ئاياللارنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆكرەك قىسمىغا يەتتە تالدىن ئىككى قاتار قىلىپ قوۋۇرغا ياكى يا ئوقى شەكلىدە كۆك جىيەك تارتىلغان قارا پەرىجىسى، نېپىز ئاق يىپەك ياغلىق ئۈستىگە قوندۇرۇۋالغان پىيالىچىلىك كىچىك قارا تەلپىكى ئۇلارنى تېخىمۇ سىرلىق ھەم سېھىرلىك كۆرسىتەتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەر كېرىيە دىيارىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت قاتلىمىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بېشارەتلەپ، شائىرنىڭ قەلبىنى مىسلىسىز گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈرگەنىدى. شائىر يول بويى، قاراقىرىدىن قولتۇققىچە بولغان مۇساپىلەردە ھەممە نەرسىگە بىر - بىرلەپ زەن سېلىپ، ھەربىر نەرسە ئۈستىدە ساباھىدىنگە سوئال قويۇپ، ھەربىر نەرسىنى شاش - ئەركە خىياللىرى قېتىدا يېشىپ ئاختۇرۇپ، ئۇلار ھەققىدە ھاسىل قىلغان چۈشەنچە ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىلھام ئوتىدا كۆيدۈرۈپ سۇزۇك، جۇلالىق سۆز مارجانلىرىنى تاۋلاپ چىقتى ۋە ئۇنى كۆڭۈل دەپتىرىنىڭ يېپيېڭى بەتلىرىگە تىزىپ، قۇر - مىسرا يىپلىرىغا ئۆتكۈزۈپ تۇردى.

شائىر شۇ تاپتا ساباھىدىنىنىڭ قولتۇق كەنتىدىكى تاش ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان كەڭرى قورۇسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەپەر ھاردۇقى چىقىرىپ ئولتۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ يېپيېڭى دۇنيانىڭ ئاجايىباتلىرى ئىچىدە سەرسانە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن

سەپەر تېخى ئاخىرلاشمىغان، بۇ سەپەر ئۇنىڭ قاناتلىرى كەڭ كېرىلگەن روھىغا كۆچۈپ مەنزىللەردىن ـ مەنزىللەرگە داۋام ئېتىپ بارماقتا ئىدى. شائىر ئۇچاتتى، نۇرانە جىلۋىلەرگە پەۋەس تولغان چەكسىز ساما ئۈستىدە ئالغا ئىنتىلىپ، يىراق ـ يىراقلارغا كۆز تىكەتتى. بىر چاغلاردا شائىر ئۇنىڭ يېنىدىن خۇددى سەھەر قۇياشىدەك پارلاپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بىر گۈزەل مەھبۇبىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ توختاپ قالغاندەك بولدى ۋە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر ئىچكى قاتلىمىدىن بىر خىل مۇڭلۇق كۈي ـ ئاھاڭ ئۆرلەپ تېشىشقا باشلىدى. شائىر كۈي بەھرىدە بىردىنلا كېڭىيىپ، تۇيغۇلىرى قېتىدا ئاللىبۇرۇن يوچۇنلۇقتىن يېشىنىپ بىر پۈتۈن ھاياتلىق تەركىبىگە قوشۇلۇپ بولغان گۈزەل مەشۇققا قول ئۇزاتتى. ئالەمنىڭ پۈتكۈل گۈزەللىكىنى ئۆز جىسمى ـ روھىغا مۇجەسسەم ئېتىپ قۇياشتەك پارلاق كۆلۈمسىرەپ تۇرغان مەھبۇب ـ يار شائىرنىڭ تىنىق ـ نەپەسلىرى دائىرىسىدە توختاپ ناز ـ كەرەشمە بىلەن توزدەك رەڭدار جىلۋە ئەيلەپ جاھاننى لەرزىگە سېلىپ قاقاقلاپ كۈلدى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدا دۆۋە ـ دۆۋە، زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەرنى باغرىغا ئېلىپ مۇڭلىنىپ ياتقان بىر تاقىر ئويمانلىق پەيدا بولۇپ شائىرنىڭ يوقلۇق ھۆكۈم سۈرگەن تۇتاش قەلبىگە دەھشەت سېلىشقا باشلىدى. شائىر شۇ دەملەردە ئېسىگە كېلىپ ئۇستازى نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك قەبرىگاھىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە خېلى بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ خىيالىنى بۆلمەي بىر چەتتە كۈتۈپ ساقلاپ تۇرغان ساباھىدىن بىلەن بىرگە قوۋمى شەھىدان مازىرىغا قاراپ يول ئالدى.

قوۋمى شەھىدان مازىرى بۈك ـ باراقسان باغ ـ ئورمان بىلەن قاپلانغان قولتۇق كەنتىنىڭ باغرىدىكى ئويماندا مۇڭلىنىپ ياتاتتى. بۇ قەدىمىي قەبرىستانلىق خوتەن دىيارىدىكى باشقا ئۇلۇغ مازارلارغا ئوخشاشلا ئىسلام غازاتچىلىرىنىڭ ھالاكىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىسلام غازاتچىلىرىدىن بوز قوزىۋام ئاتلىق سەركەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىنىڭ بارلىق قوشۇنى دەپنە ئېتىلگەنىدى. قەبرىستانلىق ئەسلى تەكشى تۈزلەڭلىكتە بولسىمۇ، ئەمما ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ئەتراپىتىكى تېرىلغۇ ۋە ئورمان يەرلەرنىڭ تەدرىجىي تىنىپ ئېگىزلەپ بېرىشى بىلەن چوڭقۇر ئويماننى ھاسىل قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. بوز قوزىۋام قەبرىسى شېھىتلىكنىڭ دەل ئوتتۇرا قىسمىغا قوپۇرۇلۇپ ئەتراپى قاشا تام بىلەن قورشالغان، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەبرىسى شۇ جايدىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك كوللېكتىپ دەپنە ئېتىلگەن گەمە شەكىللىك قەبرىلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن بەش يىل ئاۋۋال ئالەمدىن ئۆتكەن شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ قەبرىسى بوزقوزىۋام مەقبەرىسى بىلەن شىمال تەرەپتىكى يەرلىك كىشىلەر قەبرىسى ئارىسىدا ئاپئاق ئاقىرىپ تۇراتتى. خېلىلا بوي تارتىپ شاخلىرىنى كەڭ يايغان بىر توپ يۇلغۇن كۆچىتى مۇساپىر شەيخنىڭ يېگانە قەبرىسىنى قوغداپ، ئاڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يۇلغۇن شاخلىرىغا چىگىلگەن رەڭدار لېنتىلار شامالدا ھەريان لەپىلدەپ بۇ ئۇلۇغ زات روھىنىڭ ھەر ۋاخ، ھەر زامان ھازىر - زاھىرلىقىغا بەلگە بېرىپ تۇراتتى. نەۋبەتى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئۇ قەبرىگىچە بولغان ئون - يىگىرمە چامدام ئارىلىقتا نەچچە قېتىم يىقىلىپ - قوپۇپ، ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئالغا ئىنتىلىپ يۈرۈپ قەبرىنى غۇلاچلىرى ئارىسىغا ئالدى ھەمدە ئەتراپىنى بېسىپ ياتقان ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ھۆكرەك ئېتىپ يىغا - زار قىلىشقا باشلىدى. شائىرنىڭ ۋۇجۇدى تىنىمسىز تىترەيتتى، كۆزلىرىدىن تېشىپ تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان ئىسسىق ياشلار قەبرە سۇۋاقلىرىنى ھۆللەيتتى. ساباھەدىن شائىرنىڭ يېنىدا قوللىرىنى دۇئاغا ئېلىپ جىمجىت ئولتۇرغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبى نەۋبەتىگە قوشۇلۇپ ئۆزىنى پارە - پارە ئەتمەكتە ھەمدە بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ئۇچراشقان روھلار شاراپىتىدىن لەرزىگە كېلىپ، ئىلاھىي ئىشق كۈيلىرىگە پەۋەس تولماقتا ئىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ

ئۆز ۋۇجۇدىنى ئىلكىگە ئالغان ئىشق كۆيلىرىنىڭ ئەۋج ـ دولقۇن- لىرىدا، يۈكسەك نۇرانە پەللىلىرىدە تەڭرىتائالا ۋەسلىگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقان ۋە يەنە كۆي بولۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە يېيىلىۋاتقان ئۇلۇغ شەيخنىڭ ئالەملىك سىيماسىغا يۈزلىنىپ گېلىنى قىردى. نەۋبەتى ساباھىدىنگە ئەگىشىپ ئاڭا تەڭكەش ھالدا قۇرئان قىرائىتىنى باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن، ياق، بەلكى يۈرىكى ۋە قەلبىدىن ھاياتلىق نەپىسىنىڭ ئەڭ نازۇك ئىچكى قاتلاملىرىدىن تېشىپ چىق- قىۋاتقان ئايەتلەر قەبرىلەرنى، قەبرىلەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەت- كەن شېھىتلەرنى، ئۇلارنىڭ روھلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، گۈگۈم ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سۈكۈتلۈك ئۇيقۇسىنى باشلىغان بۇ خىلۋەت سەھرانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا سىڭمەكتە ئىدى.

سۇبھى پارلىدى، تۈننىڭ قاپقارا چۈمپەردىسى ئاستا ـ ئاستا تارتىلىپ ئەتراپ گويا بىر غايىب ئۇلۇغۋارلىق سېھرىدىن يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئاندىن قۇشلارنىڭ شوخ چۇرۇقلاشلىرى بارغان- چە قويۇقلىشىپ قەبرىستانلىقنى بىر ئالدى. كۈي كۆيگە قېتىلدى، ئۇنىڭ مۇبارەك بىرلىكىدە ئادەم، ئالەم ۋە ئاللانىڭ مۇقەددەس بىرلىكى زاھىر بولۇپ ئۆي ـ ئۆيلەردىن قەبرىستانلىققىچە بولغان ئارىدا كېلىۋاتقان ھەربىر كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىۋەتتى. قەبرىستانلىق ئەمدىلىكتە ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى، نەۋبەتى بى- لەن ساباھىدىننىڭ كەينىدە سەپ تۈزۈپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقان كىشىلەر ئۆزلىرىنى تۈتالماي ئۈن سېلىپ يىغلاشماقتا ئىدى. قەب- رىستانلىق لەرزىگە كەلدى، گويا دېڭىز شاۋقۇنلىرىدەك ئەۋجلە- نىپ، ئەزۋەيلەپ بېرىۋاتقان غايەت زور سادا ئىچىدە قىرائەت ئاۋازى بىلەن قۇشلار ناۋاسى ئاڭلانمايلا قالدى. بارچە ئاۋاز بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ ناھايىتى ئېغىر ۋە ناھايىتى ئۇلۇغ ماتەم كۈيىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شەيخنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ئەل ـ ئاۋام قەلبىدىكى نوپۇز ـ شۆھرىتى، شۇنىڭدەك يەنە نەۋبەتى بىلەن ساباھىدىننىڭ شەيخ روھىغا تۇتاش كۆرۈنگەن مۇبارەك سىيمالىرى ئەكس ئېتەتتى. نەۋبەتى ساباھىدىن-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گە ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇردى، كىشىلەر ئۇلارغا ئېگىلىپ سالام
بەرگىنىچە يول بوشىتىپ قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىي بېشىغا جايلا-
شقان مەسچىت تامان ئاقتى. مەسچىت ئالدىدىكى كۆل بويىدا قول-
تۇق كەنتىنىڭ بېگى ئەيسا يۈزبېشى ۋە مەسچىتنىڭ ياش ئىمامى
ئىبراھىم قارىم قاتارلىق كەنت مۆتىۋەرلىرى خېلىدىن بېرى نەۋبە-
تىنى كۈتۈپ، ساقلاپ تۇرۇشاتتى. نەۋبەتى ئۆزىگە تېخى ناتونۇش
بۇ كىشىلەرگە بىرمۇ بىر سەپسېلىپ، ئۇلارنىڭ تەقى - سىياقى
ۋە روھىي ھاللىرىدا ئىپادىلىنىۋاتقان خاس ئالامەتلەردىن تونۇشلۇق
تاپتى ۋە ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ چوڭقۇر ئېگىلىپ
سالام بەردى. ئەيسابەگ «مۇبارەك، مۇبارەك» دېگىنىچە ئالغا ئىن-
تىلىپ نەۋبەتىنىڭ قوللىرىنى سىقتى، ئاندىن ئۇنى غۇلاچلىرى
ئارىسىدا باغرىغا مەھكەم باستى. بامدات نامىزى كۆپچىلىكنىڭ
بىردەك ئىلتىماسى بىلەن نەۋبەتى باشچىلىقىدا ئۆتۈلۈپ ھەر دىل
خانىلىرىدە ئاجايىپ چوڭقۇر، ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ۋە ئاجايىپ تەسىر-
لىك ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى، شۇنداقلا يېپيېڭى بىر مەنىۋى ھايات-
نىڭ نۇرانە سەھىپىلىرىگە بەلگە بەرگەن ھالدا شائىرنى «موللا»
نامى بىلەن ئاشۇ ھايات سەھىرىنىڭ بىپايان كۆك - ساماسىغا
قۇياش مىسالى كۆتۈرۈپ، ئۆرلىتىپ چىقاردى.

## 5

ساباھىدىنىنىڭ بۇك - باراقسان مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن
ئورالغان چاققانغىنا بېغىدا شائىر ئۈچ كۈندىن بېرى كۆزلىرىنى
يۇمۇپ شەرققە يۈزلەنگىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ قارىماققا
ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەس - يادى
قولتۇق كەنتى باغرىغا بېسىپ ياتقان ئۇلۇغلۇق ۋە مېھىر - مۇھەب-
بەتنىڭ سېھرىي خاسىيەتلىرىدە ئىدى. ئۇ بۇنى چۆرىدەپ ئۆز
قەلبىنىڭ خىلۋەتلىرىگە ئىچكىرىلەيتتى، ئاندىن ئۆزىدىن تېشىپ
چىقىپ ئەتراپقا، قوينى كەڭ، مېھرى ئاتەش، سېھرىي جەلپكار

قولتۇق كەنتىنىڭ ھەممە نەرسىسىگە چەكسىزلىنىپ يېيىلاتتى. شائىر ئاردا ئىككى تەرەپتىن ئۆزىنى قورشاپ كەلگەن نۇرانە جىلۋىلەرگە چۆمۈلۈپ شېئىرىي پىكىرلەرنىڭ يىپلىرىنى يېشەتتى ھەمدە ھېلىقى كۆنى نامازدىن قايتىپ يول بويىدىكى ئادەملەر توپى ئىچىدە تۇيۇقسىز ئۇچراتقان بىر جۈپ قاپقارا شەھلا كۆزنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ئۈزەتتى. شائىر ھەيرەت ـ تەئەججۈپ ئىلكىدە قەلبىدە بارغانچە ئۇلغىيىپ بېرىۋاتقان ئىشقى تۇيغۇلاردىن مەست ـ ئەلەس ئىدى. شەھلا كۆز شائىرغا ئۆز، تونۇشتەكلا بىلىنەتتى، ئاھ، ئۇ راستىنلا شۇ كۆزمىدۇر؟! شائىر ئاھ ئۇردى، پەرۋەردىگارنىڭ ۋەھىيكار مۆجىزىلىرىگە قايىللىق تەرزىدە ئىسسىق كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزدى. ئوتتەك قىزىپ كۆيۈشكە تەييار تۇرغان ۋۇجۇدىدىن ئىشقى ـ پىراقنىڭ دۇت ـ تۇتەكلىرى ئۆرلىگەندەك بولدى. شائىر ئاللىبۇرۇن بىلىپ يەتكەنكى، شەھلا كۆز دەل ئۇنىڭ قولتۇقتا كېلىپلا مەقسەتسىز قانات يايغان ئاجايىپ ـ غارايىپ خىياللىرى ئىچىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولغان گۈزەل مەھبۇبىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. شۇنداق، شائىر قولتۇقتىن ئىبارەت يېپيېڭى تۇپراققا ئاياغ بېسىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئەڭ پىنھان روھىي سېزىملىرى بىردىنلا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتراپتىكى بارلىق بەلگە ـ ئالامەت، ئۇچۇر ۋە سىگناللارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەزەلىي تەقدىرىدە كۆرۈلمىش ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەنىدى. شۇڭىمۇ شائىر خىيال بىلەن چۇش ئارىلىشىپ كەتكەندەك بىر خىل غەيرىي نورمال روھىي ھالەت ئىچىدە غايىۋى ئالەمگە كۆچۈپ ئۆز تەقدىرىگە ئالاقىدار يوسۇندا كۆرۈلگەن سىرلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈشكە نائىل بولغانىدى. تەبىئەت ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھاللىرىنى ھەر تەرەپتىن رىغبەتلەندۈرۈپ پەرۋىش ئېتەتتى، ھەر كۈنلۈكى سەھەر پەيتىدە ئالەمنىڭ ئاستا ـ ئاستا يورۇپ ھاياتىي كۈچ ـ قۇۋۋەتلەرگە تولۇشى، قۇياشنىڭ نۇرلىرىدا رەڭدار جىلۋىلىنىپ ئوتلۇق تىن ئېلىشلىرى شائىر ۋۇجۇدىغا تەققاسلانغان ھالدا ئۇنىڭ قۇتلۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىشقى ۋىسال سائەتلىرىگە بەلگە بېرەتتى.

كەم سۆز، ئېغىر ـ بېسىق ۋە تەكەببۇر كۆرۈنىدىغان، ئەمما پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئوي ھەم تەپەككۇر ئەۋجىدە چەكسىز ئالەمگە يېيىلىپ تۇرىدىغان ساباھىدىن شائىردىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى ھەرقاچان بىلىپ، پەملەپ يۈرەتتى. شائىر ئۇنىڭ ئۈچۈن خوتەن-نىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى، كەچ كۈز شىۋىرغانلىرىدا خازان بولغان قەلب باغۇ چىمەنلىرىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى سۈپىتىدە ئۆزى بىلەن تۇتاش، قانداش ۋە تەقدىرداش كۆرۈنەتتى. شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىككى ئالەم سەتھىگە نۇرانە شولىلار تاشلاپ تۇرغان ئىككى ئۇلۇغ سىيما، ئىككى ئۇلۇغ ئۇستاز روھى ئەكس ئېتىپ، ئۇزاقتا قالغان گۈزەل ئەستىلىكلىرىنى ۋە ئاخىرقى مەنزىللىرىگە تۇتاش ئىلاھىي ئىشق ۋىساللىرىنى يالقۇنجىتىپ بارغاچقا، شائىر، ساباھىدىننىڭ قەلب ۋە روھىيەت كۆكلىرىدە پەخرى ـ ئىپتىخار ھاۋاسى بولۇپ دولقۇنلايتتى. شائىر، بۇ يېڭى تۇپراق ئالدىدا ئۆزىنى ئاددىي مېھمـان، تـەقدىر چـۆللىرىدە چاڭقاپ ـ ئۇسساپ يۈرگەن يولۇ-چى ھېسابلىسىمۇ، ئەمما ئۇ ساباھىدىننىڭ نەزىرىدە ئىززەتكە سازا-ۋەر ئەزىز مېھمان، تەقدىرنىڭ ياپىيېشىل باغۇ چىمەنلىرىدە خۇددى بۇلبۇلغا ئوخشاش ئۆز گۈلى ۋە ئۆز ناۋاسىنى تاپقان، ئادەم، ئالەم ھەم ئاللا سىرلىرىدىن بېشارەت بەرگۈچى كامىل قەلب ساھىبلىرى-دىن ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ساباھىدىن شائىرنى ئۆز روھىنىڭ تەجەللىسى، سىر ـ مەخپىيەتلىرىنىڭ يېشىمى، جۇش ـ ئىلھام-لىرىنىڭ كۈيى سۈپىتىدە قەدرىيەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۇ-نىڭ ئەتراپىدا خۇددى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ ھال ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئىزچىل داۋام ئېتىپ، خوتەنگە ئۈچ رەت بېرىپ شائىرنى ئەكېلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەقدىر رىشتىگە ئەزەلىي رەۋىشتە چىگىلىشى بىلەن ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەنىدى. شۇڭىمۇ شائىرنىڭ خوتەندىكى ئاخىرقى كۈنلەردە، خوتەندىن كېرىيە قول-تۇققىچە بولغان ئارىدا يۈز بەرگەن بارلىق روھىي كەچۈرمىشلىرى گويا ئۆزىنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشاش قەلب ـ ۋۇجۇدىدا

بىرمۇ بىر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا، ئۇچىنچى سەھەرنىڭ قۇياشى پارلاپ ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن، ئەتراپ ئۇنىڭ ئوتلۇق تەپتى ـ هارارىتىگە قاقلىنىۋاتقان مۇشۇ دەملەردە ساباھىدىن كەڭ-ىرى هويلىسىدىكى خاس شىرەسى ئالدىدا مۇكچىيىپ ئولتۇرۇپ مۇبارەك ئەسىرى «مەسكەنى فازىلان» (پازىللارنىڭ ماكانى) نىڭ ئاتەش قۇرلىرىغا سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلب ئەينەكلىرىدە شائىرنىڭ ئىشق ئوتلىرىدا مونچاق ـ مونچاق كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇۋاتقان هالىتى ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدا شائىرغا ئىشق زۇلۇمى سېلىۋاتقان تونۇش شەهلا كۆزنىڭ سېيماسى ئېنىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ساباھىدىنىنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بو-لۇپ، ئىختىيارسىز هالدا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى ۋە بوش ئاۋازدا «ئېھ، قۇدرەتلىك مېھرىبان ئاللا، ئۆزۈڭ خالاپ سالغان ئىشققا ئۆزۈڭ ئىگە بولغايسەن، ئاشىقلارنىڭ يۈرىكىدىكى چوغ بەجايىكى ئاسمان سەتھىدە كۆيۈپ لاۋۇلداپ تۇرغان قۇياشتەك ۋە-سال بوستانلىرىنى نۇر ـ زىياغا، گۈل ـ چېچەككە ۋە مەي باغلىغان شېرىن مېۋىلەرگە مۇيەسسەر ئەيلىگەي، ئامىن» دې-دى، ئاندىن تۇيۇقسىز ئەيسا بەگنىڭ تەكلىپ ـ چىللىقىنى ئېسىگە ئېلىپ باغقا ئىنتىلدى. شائىر باغنىڭ تۆرىدىكى ئالما دەرىخى ئاستىدا ئاۋۋالقىدەك يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئۇڭ يېنىدا مۇزلىرى تامام ئېرىپ بولغان بىر چىنە دوغاپ، سول يېنىدا سىياهدان، ئاغا چۆكۈرۈپ قويۇلغان قومۇش قەلەم ۋە بىر دەپتەر تۇراتتى. ساباھىدىن شائىرنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ مالاللىق يەتكۈ-زۈپ قويۇشنى خالىماي تۇرسىمۇ، ئەمما بەگنىڭ ئىززەت ـ هۆر-مىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ئامالسىز شائىرنىڭ دولىسىنى ئاستا نوقۇ-دى، شائىر چۆچۈگەندەك بېشىنى بۇراپ ساباھىدىنگە لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، يەنە شۇ خىل تېزلىك بىلەن كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ ئالدىغا بىر ئاز ئېگىشتى ۋە يەڭلىرى بىلەن يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈ-ۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئارىدا ساباھىدىن شائىر-نىڭ كۆزلىرىدە ئىچكى نۇر قۇۋۋىتىدىن يېنىپ ـ يالتىراپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارمانلىق ياشلارنى، يۈزلىرىدە خىجالەت، ئىزا ئوتلىرى تەپكەن قىزىللىقنى كۆرۈپ قالدى.

ساباھىدىنىنىڭ چېۋەر قوللىرىدا چاچ ـ ساقاللىرى چۈشۈرۈلۈپ چىرايى ئېچىلغان، بېشىغا رەھمەتلىك شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەزرەتلىرىنىڭ تەۋرۈك سەللىسى يۆگىلىپ ئۇلۇغلۇق روھىدا يېپيېڭى تۈس ئالغان شائىر نەۋبەتى يېنىدا تەكشى قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان ساباھىدىنگە پات ـ پاتلا مېھىرلىك كۆزدە بېقىپ قوياتتى ۋە شۇ ئارقىلىق قەلبىدىن ئۆرلەپ تېشىۋاتقان چەكسىز ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى ئىزھار ئېتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ھەربىر ئۇچراشقاندا ئەتراپ بەئەينى بىر غايىب نۇر سېھرىدە يۆلەكچە يورۇپ كەتكەندەك بولاتتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىنكى چۈش مەزگىلىدە، ئۇلار قولتۇق كەنتىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئەيسا بەگنىڭ خاس بېغىغا يېتىپ كېلىپ، شائىر شەرىپىگە ھازىرلانغان زىياپەت سورۇنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. باراقسان ئايىنىپ شاخلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ تەبىئىي سايىۋەن ھاسىل قىلغان ئالما دەرەخلىرى ئاستىغا سېلىنغان مول داستىخان ئەتراپىدا قولتۇق كەنتىنىڭ ئونغا يېقىن موللا ـ مۆتىۋەرلىرى ئەيسا بەگنى ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. بېشىغا قاما تەلپەك كىيىپ، ئۇچىسىغا قارا تون ئارتقان، چېھرىدىن ۋە پۈتكۈل ئەزايى ـ ۋۇجۇدىدىن غەيرەت ـ شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان تەمبەل بەگ قارشىسىدا بارچىنىڭ دىل مەيلىنى ئوۋلاپ، ئۆزىگە مەپتۇن ـ مەھلىيا ئېتىپ ئولتۇرغان شائىر نەۋبەتىگە يۈزلىنىپ كۆڭلىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىزھار قىلدى:

— ئەل ئىشى بىلەن مالال بولۇپ قەدىر ـ قىممەتلىرىگە مۇناسىپ خىزمەتلىرىدە بولالمىغىنىمىز ئۈچۈن ئالدىلىرىدا كۆپ خىجىلمىز. ئىنشائاللا، بۈگۈن جەم بولۇپ دىدارلىرىغا بېقىپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، ئۆزلىرىنىڭ ئارىنى يىراق كۆرمەي، بىزنى ئەزىز بىلىپ يۇرتىمىزغا قەدەم باسقانلىقلىرى بىز ئۈچۈن كاتتا شان ـ شەرەپتۇر. رەھمەتلىك شەيخ ھەزرىتىم — ياتقان جايى

جەننەتتە بولسۇن، ھەمىشە سىلىنى تىلغا ئېلىپ يوللىرىغا تەلمۇ-
رەر ئىدى، ئاقىۋەت ئۇ زاتى مۇبارەكىنىڭ ئوتلۇق رىشتى ۋە بۇرادە-
رىم ساباھىددىننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزلىرىگە ئېرىشىپ مۇرا-
دىمىز ھاسىل بولدى. دېمەك، سىلى بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىزلا
ئەمەس، بەلكى قەدىناس يارۇ بۇرادىرىمىز ۋە ھۆرمەتلىك ئۇستازى-
مىز بولۇپ قالدىلا. مۇشۇ ئانا تۇپراق ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى
جىمىكى جانلىق سىلىنىڭ ئىلمۇ ئېرپان ئاپتاپلىرىدىن بەھرە ئې-
لىپ ياشىنغاي، بىزدىن ئەجىر - تۆھپىلىرىنى ئايىمىغايلا، قەدىر-
لىك مەۋلانا!

ئەيسا بەگنىڭ تۇپتۇز سۆزلىرى نەۋبەتنى خېلىلا ئوڭايسىزلان-
دۇردى، شۇڭا ئۇ كەمتەرىن لەۋزى بىرلە:

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، كەرەملىك بېگىم، — دېگىنى-
چە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە كۆپچىلىككە
تەكشى نىگاھ ئاغدۇرۇپ سىپايە تەلەپپۇزدا ئېيتتى، — بىۋاخ كې-
لىپ ھەربىرلىرىنىڭ ئارامىنى بۇزغىنىم ئۈچۈن تولىمۇ خىجىل-
مەن! ئىلتىپات ۋە كەرەمنىڭ ئىللىق تەپتىدە تەنھا جېنىمنىڭ
قايتىدىن ياشارغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇرۇپ ھەربىرلىرىگە يۈ-
رەك - باغرىمنى يېقىپ بىر تەن، بىر روھ سۆيپىتىدە قوشۇلۇپ
كەتكۈم كېلىدۇ. ئىنسان بالىسىنىڭ كەلمىشى بىلەن كەتمىشى
ئارىسىدا داۋام ئېتىدىغان ئۆمۈر مۇساپىسى بىر ئەزەلىي تەقدىرگە
باغلىقلىقى ئۈچۈن، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆزىنى قايسى ۋاقىتتا،
قايسى جايدا كىملەر بىلەن قانداق ھالدا كۆرىدىكى پىنھاندۇر.
ئەمما، ئىنسان ئۆز ھالىنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن بەلگە - بېشارەتلى-
رى ئارىسىدا تىنىمسىز ئوي - تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ تەقدىر ھەقى-
قەتلىرىنى دېرەكلىيەلىسە ۋە ئۇنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى ئىقتىدار
قۇۋۋەتلىرى ئىگىزىدە تۇتالىسا، تەقدىر بىلەن ئىنساننىڭ بىرلىكى
ئىشقا ئېشىپ خەيرلىك دەملەرنىڭ بەختى - شاراپىتى ئىنسانغا
ھەرقاچان، ھەر ۋاقىت يۈز تۇتقۇسىدۇر. ئوي - تەپەككۇرنى
بالقىتقان ۋە ئۇنىڭ ئىگىزىگە ئۇيۇشقان روھنىڭ قىيامىدا ئالەمنىڭ

ھەممىلا سىر ـ مۇئەممالىرى ئاشكارا بولغىنىدا، ئىنسان بالىسى ئۆزىنى ھەق نۇرىنىڭ شەيداسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ۋىسال شاراپەتلىرىدىن ئالەمچە كېڭىيىدۇ. ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت پەرھىزلىرى، شۇنىڭدەك ئادەم ۋە ئالەم غوۋغالىرى ئىچىدە ئۆزىگە يۈز تۇتقان، قەلب سىر ـ مەخپىيەتلىرىنى نىشان ئەتكەن ئىنسان بالىسى گويا ئەرشىئەلا مالائىكىلىرىدەك چەكسىز ساما ئىچرە ئەركىن پەرۋاز ئەتكۈسى ھەم كامالەت مەنزىلى تاپقۇسىدۇر. ئۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيانىڭ چەك ـ پاسىلى، قاشا ـ قورغانلىرى، ئۆز ۋە يات تەبىقىلىرى بولمايدۇ. ئۇ، ئىشق دەۋتى ۋە كامالەت ئېھتىياجىدا ھەر يەر، ھەر جايدا ئەركىن سەير ئېتىپ بارچىنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋەتىنىگە ئايلاندۇرىدۇ. كۆرۈپ تۇرغانلىرىمىزدەك، بۇ دۇنيا ئىنسان بالىلىرىغا بارچە ئۇيغۇنلۇقلىرى بىلەن پۈتۈنسۈرۈك بەخش ئېتىلىش ھېسابىغا ئىنساندىن مۇناسىپ بىر كامالەت جىلۋىسى كۈتىدۇ. شۇڭا، دۇنيا بىر يول، ئۇنىڭ يولۇچىغا چەك ـ پاسىلى، قاشا ـ قورغانلىرى بولمايدۇ. يولۇچى — ئۆتكۈنچى نۇر، ئىككى ئالەم ئارىسىدىكى غايىب نىجاتلىقتۇر. شۇنداق تۇرۇپ، يالىڭاچ كېلىپ يالىڭاچ كېتىدىغان ئىنسان بالىسىنىڭ ئالتە كۈنلۈك ئۆمۈر خىراجى ئۇچۇن ئارتۇقتىن ـ ئارتۇق ھەشەم ـ دەرەممىنىڭ نە كېرىكى!؟ ئىنسان ئۇچۇن پاك روھنىڭ ئىشق ۋە مەرىپەت چوغدانلىرىدا تاۋلىنىپ ئەتراپقا، ئەتراپنىڭ گۈكۈم ۋە خىلۋەتلىرىدە سەرسان ـ سەرگەردان يۈرگەن بىچارە كىشىلەرگە نۇر ـ يورۇقلۇق بەخش ئېتىشىدىنمۇ ئارتۇق ساۋابلىق، خەيرلىك ئىش بولماس! ئىنشائاللا، تەقدىر، جېنىمنىڭ سولغان گۈللىرىگە بۇ ئەزىز تۇپراقنى نېسىپ ئېتىپ، گۈزەل بىر پەسلى باھارنىڭ خاسىيىتىنى دىل خانەمگە كۆمۈپتۇ. ئىستىبدات ۋە كامالەتتە لاياقەتسىز بولساممۇ، ئەمما بارلىقىمنى ئەل قەلبىنىڭ يورۇقلۇقى ئۇچۇن تەسەددۇق ئەيلىگەيمەن، ھەممىلىرىنىڭ كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

كۆپچىلىك بەگكە ئەگىشىپ بىردەك:

— ئاپىرىن، ئاپىرىن، — دېيىشتى ۋە قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇشۇپ نەۋبەتنى غىزاغا تەكلىپ قىلىشتى. غىزادىن كېيىن قۇرۇق ۋە ھۆل يەل - يېمىشلەر كەلتۈرۈلۈپ داستىخان قايتىدىن راسلاندى. سورۇن ئەھلى شائىرغا ھەۋەس قىلغانلىقتىنمۇ ياكى ئاڭا گۇمان بىلەن قارىغانلىقتىنمۇ، ئىشقىلىپ تۈشمۇ تۈشتىن سوئال قويۇشقا باشلىدى:

— يۇرتىمىزغا قەدەم قويۇشلىرىنىڭ ۋەجىنى بىلىشكە بولار-مۇ، تەقسىر!

— ئاۋامغا پايدىلىق ئىش - كارلارنىڭ نىيەت - ئويلىرىدىكى سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇشقا ئىجازەت بەرگەيلا، موللام!

— بۇ چەت، خىلۋەت سەھرانى ۋەتەن تۇتۇپ قىلىشقا ئىشەنچلىرى زادى قانچىلىك؟ !...

بىر چەتتە ھەممىگە كۆلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئەيسا بەگنىڭ چىرايى تۇتۇلدى، ئۇ قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ سوئال قويغۇچىلارنى توسماقچى بولدىيۇ، بىراق شائىرنىڭ مەنىلىك ۋە تېتىملىق سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئويىدا ئۆزىنى تۇتۇپ جىم ئولتۇرۇۋەردى. ساباھىدىن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، شائىر دەرھال ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ كۆزلىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ قولتۇققا كېلىپ تۈنجى يازغان مۇنۇ غەزىلىنى كۆپچىلىككە جاۋابەن ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆڭۈللەر خاھىشى رەئنا جەمالىڭ ناگەھان كۆرگەچ،
قەدى شەمشاد تۈبىدەك نىھالىڭ سايەبان كۆرگەچ.
فىراقىڭدا قىلىپ شامۇ سەباھ بۇلبۇل كەبى فەرياد،
كى لەئلى غۇنچەئى خەندان تىشىنى ناگەھان كۆرگەچ.
مۇرادىم ئول جەمالىڭ خىرمەنىغە ئەيلەسەڭ ۋاسىل،
كۆڭۈل مۇرغى ئاتىلۇر نۇقتەئى خالىڭنى دان كۆرگەچ.
كى ئول مىھراب يەڭلىغ سەبزەپۇشى سەرۋ قاشىغە،
ھەمىشە سەجدە ئەيلەپ ئاستانەڭنى ئەمان كۆرگەچ.

باری ئاجىز قۇلۇڭنى فىتنەئى ئاخىر زەمانىدىن،
تىلەيدۇرمەن پەناھى شۇم، رەقىبلەردىن زىيان كۆرگەچ.
ئۇمىد بىرلە كېلىپمەن، نىگارا ئاستانەڭغە،
بۇ ئاجىز نەۋبەتى ئەلدىن سېنى ساھىبقىران كۆرگەچ[1].

شېئىردىكى ئىززەت ۋە ئىلتىجا، ھەربىر قۇر ـ مىسرا ئارىسىدىن ئۆرلەپ تۇرغان مۇزىكىلىق رىتىم كۆپچىلىكنى، بولۇپمۇ كۆي ـ نەغمىگە ھېرىس ئەيسا بەگنىڭ مېھىرلىك قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ، شېئىردىكى كەچۇرمىشنىڭ ئىچكى چوڭقۇرلۇقىدا يوقلۇق ۋە تەڭقىسلىق ئازابىغا بۆلىنىپ ساباھىدىنغا يۆلىنىپ ئاران ئولتۇرغان شائىرغا تەشەككۇر ۋە ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۇرگەندىن كېيىن، سورۇننىڭ چېتىدە شاگىرتى بىلەن ئىجازەت كۈتۈپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئىبراھىم مەجنۇنغا باش ئىشارىسى قىلدى. كېرىيە دىيارىنىڭ مەشھۇر ئەلنەغمىچىسى ئىبراھىم مەجنۇن دۇتارىنى قولىغا ئېلىپ كۆزىنى يۇمدى، شاگىرتىنىڭ داپنى يېنىك چېكىشى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرى تار ئۈستىدە يورغىلاپ ناخشا باشلىدى. ناخشا پۈتكۈل ئەزايى ـ ۋۇجۇدى كۆي ـ مۇزىكىغا ئايلىنىپ كەتكەن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئىبراھىم مەجنۇننىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئەتراپقا تارقىلىش بىلەن تەڭ بارچە ئۇنىڭ سېھرى بىلەن بىھوش بولۇپ ئۆزىنى خىيالىي دۇنيانىڭ گۈزەل ئېتەكلىرىدە كۆرۈشكە باشلىدى. جاننىڭ ئېرىپ ئېقىپ، دىلىغۇن ـ ئۆركەش ياساپ چايقىلىشلىرى، قەلبلەردە رەڭدار نۇر ھالقىلىرىنىڭ پەيدا بولۇپ قاراڭغۇ خىلۋەتلەرنى يورۇتۇشلىرى، خىيال ۋە ئوي ـ پىكىر تۈگۈنلىرىنىڭ يېشىلىپ ھايات قەدرى ھەم ۋىسالى تامان ئىنتىلىشلىرى نەتىجىسىدە كۆي بەئەينى ئەرشتىن كەلگەن ئىلاھىي ۋەھىيلەرگە ئايلانغانىدى. ئىبراھىم مەجنۇن ئۆز ئىختىيارىنى كۆيگە بەرگەن ھالدا ھەريان سىلكىنەتتى، چىرايى

[1] «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 26 ـ بەت.

گاھ تۈتۈلۈپ، گاھ ئېچىلاتتى، كۆزلىرىدە، مەڭزى ۋە ساقال ـ بۇرۇتلىرىدا ياش تامچىلىرى تىترەپ يالتىراپ تۇراتتى. شائىر بولسا، ھاياجان ئىچىدە بىر ئەزىم دەرياغا ئايلانغان بولۇپ، ئۆزىنى تامام يوقاتقانىدى، دۇنيا ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەببەت جىلۋىلىرىگە پەۋەس تولغان ھالدا ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتاتتى. شائىر ئىنتىلەتتى، ۋىسال تەقەززالىقىدا ئۆزىنى تۇمەن خىل گۈل ـ چېچەككە ئايلاندۇرۇپ ھەريان چاچاتتى، ئاشۇ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك دۇنيانىڭ ئەبەدىيلىك بەخت، خاسىيىتى ئۈچۈن جان تەسەددۇق ئەيلەيتتى. توساتتىن ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر نۇرانە جىلۋە پەيدا بولۇپ بارغانچە يېقىنلاشتى. قان ئېقىنى ئۆركەش ياسىدى، خىيالىي سېزىم بىلەن رېئال سېزىمنىڭ گىرەلەشمە نۇقتىسىدا بىر چولپان، بىر ئاي، بىر كۈن — سەرۋى بويلۇق شەھلا كۆز نازىنىن ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن بەگنىڭ كەينىگە مۆكۈندى. چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئالدىغا تاشلىۋالغان شوخ بەگ قىزى پاتىمە شائىرنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە لەپپىدە نەزەر تاشلاپ يۈزلىرىنى ياغلىقى بىلەن يوشۇردى. ئىككى جۈپ كۆزنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ناھايىتى تېز ئۇلارنىڭ دىل رىشتىسىنى مەھكەم چىگىپ ۋىسال ئىشتىياقىنىڭ چوغلىرىنى يۈرەك ـ قەلبلەرگە تۇتاشتۇردى. تەنلەر سۈكۈتتە ئۆز جايىدا قالدى، روھلار بولسا بىر ـ بىرى بىلەن چىرمىشىپ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ تۈنجى ۋىسالىدىنى خىيالىي يوسۇندا تېتىماقتا ئىدى ...

كۈي ئاخىرلاشتى، ئەمما سورۇن ئەھلى كۈي سېھرى ئېلىپ كەتكەن يىراق ھايات بوستانلىرىدىن ئۆزىگە قايتىپ كېلىپ بولالماي سۈكۈت ئىچىدە بىھوش ئولتۇرۇشاتتى. ئىبراھىم مەجنۇن ياغلىقى بىلەن پېشانە تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ شائىرغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى ۋە تەكەللۇپسىزلا ئېيتتى:

— خېلىدىن بېرى نامى شېرىپلىرىنى ئاڭلاپ دىدارلىرىغا تەشنا بولۇپ كەلگەنىدۇق، بۈگۈن ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن بەگ

غوجامنىڭ ھۇزۇرىدا جەم بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن شەرەپ ۋە ئىپتىخار ھېس قىلىمەن. نەغمىلەرگە ئىخلاس بىلەن زەن سېلىپ ئۇنىڭ قەدىر - ئېتىبارىنى قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە رەھمەت - تەشەككۈر ئېيتىمەن. ئۆزۈم نەزم ئەھلى بولمىساممۇ، ئەمما نەزم ئەھلىگە ھەمىشە ئاشىنا - شەيدادۇرمەن، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراركى، مۇشۇ تاپتا يۈرەكلىرىدىكى ئوت ئېھتىمال نەزم دۇر - گۆھەرلىرىنى تاۋلاپ لەۋلىرىگە قاتار قىلىپ تىزىپ بولدى، مالاللىق بولمىسا، بىزگە بىرەر كەلىمە نەزمە ئوقۇپ بەرگەيلا.

كۆپچىلىك خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ئىبراھىم مەجنۇنغا، ئاندىن ئەيسا بەگكە ئەگىشىپ بىردەك «مەرھەمەت قىلغايلا، موللام!» دەپ ئىلتىجا قىلىشتى، شائىر ئىبراھىم مەجنۇننىڭ نەغمىسىگىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھەممىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ ئولتۇرىدىغان توغما ئۆتكۈرلۈكىگە قايىل بولۇپ:

— دىدار غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت! ئالەمدە دىدار بەختىدىن ئارتۇق ۋەسلى - ۋىسال بولماس. ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك دىدارلىرىغا مۇڭلۇق كۈي - نەغمىلىرى قوشۇلۇپ غېرىپ ۋە ناتىۋان كۆڭلىمىزنى شادىمان ئەتكىنىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن كاتتا ئىلتىپات، سائادەتتۇر. قوللىرىغا، ئاۋازلىرىغا ۋە ئىستېداتلىرىغا كۆز تەگمىگەي، ھۆرمەتلىك ئۇستاز! ۋۇجۇدۇم ئىشق بىلەن پۈتۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھۇزۇرلىرىغا لايىق بىرەر نەزمە ئوقۇشقا تىلىم كۆيىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ دىلىمنىڭ مەيلىنى نەزم رەڭلىرى بىلەن بوياپ تۈپتۈزلا ئېيتىپ كۆرەي، — شائىر، ئاتىسى ئەيسا بەگنىڭ كەينىدە يەر ئۆزرە بېقىپ ئولتۇرغان پاتىمەگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:

چىقتى ناگاھ مەھۋەشى، تۇرفە نىگارى ئۆزگەچە،
ئاچىلىپ چۈن لالە ئەھمەر گۈلئۇزارى ئۆزگەچە.

ئىككى شەھلا كۆزلەرى كۆڭلۈم قۇشىنى قىلدى سەيد،
مۇبتەلا ئەيلەپ مېنى يارۇ نىگارى ئۆزگەچە.
ئاتتى مىژگان ئوقلارىن، پەيۋەستە قاشىن يا قۇرۇپ،
تەگدى ناۋەك ئوقلارى، قىلدى قەرارى، ئۆزگەچە.
نە ئىلاج ئەيلەي، يارانلار، دەردى ئۆلتۈردى مېنى،
بارچە دەردلەر بىر سارى، ئوق زەخمكارى ئۆزگەچە.
ياستانىپدۇر ماھى تابان چېھرەسىن پىنھان ئېتىپ،
ئەژدەھا يەڭلىغ ئىكى زۇلفى نىگارى ئۆزگەچە.
مۇددەئى قويماس ئانىڭ ھۇسنىن تەماشا قىلغالى،
ئىككىسەف لەشكەر تۇرۇپدۇر، سەدھەزارى ئۆزگەچە.
مۇددەتىدۇر مۇنتەزىردۇرمەن جەمالىغە ئانىڭ،
رەھىم ئەتكەي دەپ قىلۇرمەن نالە ـ زارى ئۆزگەچە.
كەلمەگەي ئالەمگە ئانداغ بىر پەرى مەككارەئى،
بىتەرەھۇم زالىمى ھەردەم شىكارى ئۆزگەچە.
كېچەيۇ كۇندۇز جەمالى شەۋقىدە بولدۇم خەراب،
كاشكى بۇ نەۋبەتى يا بولسە يارى ئۆزگەچە[1].

ئالقىش ۋە تەرىپ ـ مەدھىيە سادالىرى ئىچىدە شائىر بىلەن پاتىمەنىڭ ئاپئاق يۈزلىرى بەئەينى كەچكى شەپەق مىسالى قىپقىزىل تۇس ئېلىپ، يۈرەكلەردىكى پىنھان سۆيگۈ يالقۇنىنىڭ تەپتى ـ ھارارىتىنى ئوچۇق كۆرسەتتى. ئۇلار كۆزلەر چوڭقۇرلۇ-قىدىن ئۆرلەپ ـ تېشىپ تۇرغان تىلسىز پىكىرلىرىنى بىر ـ بىرىگە يوللاپ سۆيگۈ سەھىرىنىڭ ئىشكىنى پىنھانە چېكەتتى ھەم-دە شۇ ۋىسال سائەتلىرىنىڭ خەيرلىك دەملىرى ئۇچۇن ئىلاھىي بارلىقتىن مەدەت ـ خەيرخاھلىق تىلەيتتى. بۇ ھاللارنى پەملەپ ۋە باشتىن ـ ئاخىر بىلىپ تۇرغان ئىبراھىم مەجنۇن بىلەن ساباـ ھىدىن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ مەنىلىك باش ئىشارىتى قىلىشقاندىن

[1] «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى 79ـ بەت.

كېيىن تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈردى، باشقىلار بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ھالدا ئۆز سۆھبەتلىرى بىلەن بەند ئىدى. سورۇن ئەھلى ئىچىدە خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ پۇرسەت كۈتۈپ تەڭقىس ئولتۇرغان تەقۋادار موللا، بەگ قىزى پاتمەنىڭ ئۇستازى ھېيتئاخۇن خەلپەت شائىر بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئالدىغا بىرئاز ئېڭىشتى - دە، بەگ ئولتۇرغان تەرەپكە لەپپىدە قاراپ قويۇپ قورۇنغان ھالدا سۆز ئالدى:

— مەۋلانا، كەيپ - ھۇزۇرلىرىغا مۇخالىپ كەلمىسە، ئۆزلىرىدىن بىر كەلىمە تەلىم ئالغۇم بار ئىدى، — خەلپەتنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە قىزاردى، ئۇ ئادىتى بويىچە بەگكە يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويۇپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە شائىرنىڭ قول سۇنۇپ بىلدۈرگەن ئىلتىپاتىدىن غەيرەتلىنىپ سۆزىنى داۋام ئەتتى، — بىلاياقەتلىكىمدىن تەلىم - ساۋاق ئىشلىرىدا ھەمىشە تەڭلىك - مۇشكۈلگە قالىمەن. ماڭا ئەقىل كۆرسەتسىلە ھەزرىتىم، ئەرك - ئىختىيار تىزگىنى ئۆز ئىلكىدە تۇرىدىغان، ۋۇجۇد كامىللىقىدا ئالەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان مەزلۇمە زاتىغا قانداق تەلىم - ساۋاق ۋاجىپدۇر؟

شائىر خەلپەتنىڭ پاتمەنىڭ ئۇستازى ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر بولىسمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىگە مەلۇم بولغان بارلىق ئۇچۇر - بېشارەتلەردىن گەپنىڭ پاتمە ئۇستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە، خەلپەتكە قاراپ كېسىپلا ئېيتتى:

— ئۇ زاتى مەزلۇمە شاگىرتلىرىغا مۇنداق تەلىم - ساۋاق بەرمەكلىرى ۋاجىپدۇر: بارچىنى ئۆزۈڭدىن تاپ! كۆزۈڭنى يۇمۇپ كۆڭۈل پەنجىرىلىرىڭنى بىر - بىرلەپ ئېچىۋەتسەڭ، ئالەمنىڭ بارچە قاتلىمى خۇددى سۈرەتلەر تىزمىسىدەك روشەنلىشىدۇ. سەن ئۆزۈڭدە، بەلكى ئاشۇ رەڭدار ئالەمدە پەرىشتە - مالائىكىلەردەك قاناتلىنىسەن. ئالغا كېتىۋېتىپ ھەممىنى كۆرىسەن، ھەممىنى ئاڭلايسەن، ھەممىنى ھېس - ئىدراك غەلۋىرىڭدە تاسقايسەن. ئالغان ھوسۇلۇڭ بارچىنى، ھەتتا سېنىڭ ئەۋۋەلىڭنىمۇ بېسىپ

چۇشىدۇ...

كۆپچىلىك ھەيرەتتە قالدى، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆزلۈك كاما-لىتى يولىغا نىشانەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردە شائىرنىڭ تەنھا كىشى-لىك ئالەمدە يۇرۇپ ھاسىل قىلغان خاس تەپەككۇر تەجرىبىلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ، ئىنساننى ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدراك قىلىش-قا ۋە ئۆزى بىلەن ئالەمنىڭ بىرلىكىدە خاس بىر مەنىۋى پەللە يارىتىشقا چاقىراتتى. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر گەرچە ئومۇمىي دىنىي تەلىم ـ تەربىيە ئادەتلىرى بىلەن دىگۇدەك بىردەكلىككە ئىگە بول-مىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھاجەت، جاۋاب سۇپىتىدە دەلمۇ دەل ئوتتۇ-رىغا قويۇلۇشى ۋە ئىنساننىڭ تەبىئىي ئىچكى خاھىشلىرىنى رىغبەت-لەندۇرگەن ھالدا ئۆزگىچە سۆز دۇردانىلىرى بىلەن ئىپادە قىلىنى-شى ئۆملۈك ساماسىدىكى ھەربىر كىشىنىڭ يۇرەكلىرىنى تىترى-تىپ، قەلب چىمەنلىرىدە ئاجايىپ يېقىملىق خۇش كۈي ـ ناۋالارنى ھاسىل قىلدى. نەۋبەتى، قولتۇق مۆتىۋەرلىرىنىڭ نەزەرىدە ئەمدى ئىستىبداتلىق شائىرلا ئەمەس، بەلكى بىر مۆجىزىكار ئەۋلىيا، قەلب ئەركىسى سۇپىتىدە قۇياشتەك نۇرلۇق تۇس ئالدى. ھەممە ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ يەرۇ ئاسمانىنى يورۇتقان ۋە ئاپئاق نۇر ـ زىياغا پۇركەشكە باشلىغان بۇ غايىب قۇياشقا ئېگىلدى، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۇردى، ئۆزى ۋە ئەتراپىدىكى غېرىب كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئالىي تىلەكلەر تىلەشتى، قەلبلىرىگە پەۋەس تولغان گۈزەل ۋە رەڭدار نۇر شولىلىرى ئىچىدە مەنىۋى قوشۇلۇش-نىڭ ئۇلۇغۋار سائادىتىگە ئېرىشىپ، ئەتىلەرنى دەۋر قىلغان كېلە-چەك ساماسىغا ئۈمىد ۋە شادلىق ئىلكىدە مۇلايىم تىكىلىشتى.

## 6

شائىر ئىشنى تىلاۋەتخانىدىكى دەستە ـ دەستە قولىيازمىلارنى رەتلەشتىن باشلىدى. مەسچىتكە ياندىش سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق ئازادە تىلاۋەتخانا ئىچىدە شائىر ئۈچ ئايدىن بېرى كۆيۈپ ـ پىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ئىشنى تۈگەتتى. ئەمدىكى تىلاۋەتخانا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك كۈتۈپخانىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىدىن پاكىزلىق، ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەقىدە - ئېتىقاد نۇرى يېغىپ تۇراتتى. تىزىملىكى ئېلىنىپ، كۆن - خۇرۇمدا مۇقاۋىلىنىپ تۈر - خىللىرى بويىچە ئويۇقلارغا جايلاشتۇرۇلغان كىتابلار شائىر قەلبىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە زوق - ئىلھام بېغىشلايتتى. شائىر تىلاۋەتخانىدا ھەر تەرەپكە تويماي بېقىپ ئۇستازى شەيخ نىزامىدىن كاككۈك ھەزرەتلىرىنىڭ كىتابلىرى ئورۇن ئالغان ئىچكىرى ھۇجرىدىكى خاس ئويۇق ئالدىدا توختىدى ۋە قوللىرىنى كەڭ كېرىپ، ئاشۇ شاھانە ئەسەرلەر ئىچىدە چېھرى نۇردەك جىمىرلاپ تۇرغان ئۇلۇغ ئىنسان سىيماسىنى خىيالىي يوسۇندا باغرىغا باستى. شەيخ ئۇنىڭ باغرىدا، قەلبىدە ۋە جىسمىدا زاھىر بولۇپ، پەخرى - ئىپتىخار ھاياجىنىنى پەلەككە يەتكۈزدى.
خىيال بىر يول ئىدى، مۇشۇ يولدا ئىنسان ئۆزى ئۇچراتقان ۋە تېخى ئۇچرىتىشقا ئۈلگۈرمىگەن سانسىز ئادەم ھەم شەيئىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ ھايات بوشلۇقلىرىنى تولدۇرىدۇ، ھايات ئېھتىماللىقلىرىنى سۈرەتلەيدۇ، ھايات تەم - پۇراقلىرىنى خاتىرىلەشتۇرىدۇ. شائىرنىڭ خىيالى چەكسىز ئۇزارغانىدى، چەكسىز نۇر ئەۋجىدە قوللىرى ۋە دىللىرى بىر - بىرىگە تۇتاش ئىككى ئادەم يىراق مەنزىل تامان كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى يەتكۈسى مەنزىللەرنىڭ مۇقەددەس ۋىسالىغا، شۇ ۋىسال دىلبىرىنىڭ خۇلقى - نازىغا، ئۇنىڭ ئالەمنى تەمىن ئەتكۈچى كەرەم - لۇتفىغا، ئىشقىلىپ، مۇشۇ بىپايان جىلۋىگەر دۇنيانىڭ ئىنسان رىزقى - ئامەتلىرى ئۇچۇن يارىلىش خاسىيىتىگە تىكەتتى. نىگاھلار بىلەن قەلبلەر ئارىسى قىسقىراپ خۇددى دۇنيا ئۇلارنىڭ روھىغا كۆچۈپ كىرگەندەك بىر خىل مۆجىزىكار ھادىسىلەر يۈز بېرەتتى ۋە دۇنيا نۇر تېزلىكىدە شەكىل ئۆزگەرتىپ ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئېرەم بېغىغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئىككى گەۋدە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايتتى، بىرى ھامان بىرىگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ جان ئەۋجىدە دولقۇن

ئۇراتتى.

شائىر خىيالدىن يېشىنىپ سىرتقا چىقتى ۋە يەنە خىيالغا غەرق بولدى. ئىسسىققا تەڭكەش هالدا سوقۇپ تۇرغان غۇر - غۇر شامال، جىمىرلاپ تۇرغان ياپيېشىل ئورمان ئۇنىڭ خىيالىنى توزىتىپ هەر تەرەپكە ئېلىپ قاچتى. شائىر قولتۇققا كەلگەندىن كېيىن، ئۆز شەخسىيتى ئالدىدا توغرا تۇرغان مۇقەددەس ئۇقۇملار-نىڭ مەنىسىنى قەلبىدىن تاشقان ئادەتتىن تاشقىرى هېس - تۇيغۇلارنىڭ بەهرى بىلەن يېشىشكە ئۇرۇنسا، ئۇنىڭ مەۋھۇم سېپى-ماسىنى تەبىئەت ئالىمىدە رەڭدار جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ خۇلق - نازاكىتى بىلەن سۈرەتلەشكە ئۇرۇناتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ، ئوي - پىكىرگە ئەگىشىپ ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەيتتى هەمدە تەبىئەت قوينى-دىكى گۈزەل يېشىللىق جىلۋىلىرى ئارا سەير - تاماشا ئېتىشنى دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرغاندى. شۇ ئادەت تۈرتكىسىدە سەيلە - تاماشا ئېتىپ كېتىۋاتقان شائىرنىڭ قەلبى خىيال ۋە ئوي - پىكىر ئىچىدە هەريان چېچىلغاندى.

ئىنسان — رىزق، شاراپەتلەر نەمۇنىسى. ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزى-گە يۈز تۇتۇپ رىزق - شاراپەتلەردىن بەهرە - ئوزۇق ئېلىشلىرى تەڭرىنى تونۇش ۋە قوبۇل ئېتىش هېسابىدا يۈكسىلىدۇ. شۇڭا ئىنسان بالىسى ئۆزىدىن كېچىشنىڭ مۇمكىنسىزلىكىنى، دائىما ئازابقا تۇتاش ئىكەنلىكىنى هېس قىلغاندىن باشلاپ ئۆزلۈك هەققى-دىكى ئوي - پىكىرلەرنى قاناتلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى تەڭرىگە باغلاپ قىياسلايدۇ. شۇ يوسۇندا پەللىمۇ پەللە ئۆرلەش هەم كېڭىيىشنىڭ نەتىجىسى ئادەم بىلەن تەڭرى بىرلىكىنىڭ ئەكس ئېتىشى، مەزمۇن ۋە بالاغەت تېپىشى بولىدۇ. بۇنىڭدىن بارچىگە قوشۇلۇش، بارچىنى ئۆزلۈك يۈكسەكلىكىدە ئىدراكلاش، بارچە دىللارغا هەقىقەت ۋە مەرىپەت نۇرى ئاتا قىلىشتەك كامىل ئىنسان رېئاللىقى يارىلىدۇ...

شائىرنىڭ قەلب كۆزلىرى يورۇپ كەتتى، ئۇنىڭ نەزەر ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇقلىرىدا ئاشۇ خىل غايىۋى مەنزىللەرنىڭ مەھلىيالىق مەنزىرىلىرى ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، شائىر يوقلۇق ئىلكىدىكى غېرىبانە تۇيغۇلاردىن، ۋاستىسىز ۋە نىسبىۋىسىز تەركىدۇنيالىق ئىزتىراپلىرىدىن بىر - بىرلەپ خالاس تاپماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىگە چەكسىز ئورناپ بارلىق ئىش - ئەمەللىرىنى ئۆزدىنىڭ ئىشق ۋىساللىرىغا باغلىغان تەڭرى ئەمدىلىكتە ئىنسان قەلبىنىڭ ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇقىدا كۆرۈلۈپ، ھەقىقەت ۋە مەرىپەتنىڭ ئاشۇ تۇتاش قەلبلەردە زاھىرلىقىنى ئىسپاتلىماقتا ئىدى.

— سالام ئۇستاز!

پاتىمەنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل، ئەمما ۋەزىنلىك ئاۋازى خۇددى يول، ئېتىز - ئېرىق ۋە بوستانلىقلارغا، قىسقىسى مۇشۇ ئەتراپتىن چەكسىزلىككە سوزۇلغان جىمىكى ئالەم باغرىغا سىڭىپ كەتكەندەك ئۇلۇغۋار تۇيغۇلار ئىچىدە تورۇپ ئۆز قەلبىدە ئىچكىرىلەپ سەير ئېتىپ يۈرگەن شائىرنى چۆچۈتىۋەتتى. شائىر ئۆز تەمكىنلىكىگە خاس بولمىغان بىر خىل جىددىيلىك ۋە ھودۇقۇش بىلەن قايرىلىپ قاراپ كۆز ئالدىدا گويا ئانىسى سۇدىمە بىر چاغلاردا سۆزلەپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەردىكى ھۆر - پەرىزاتلاردەك گۈزەللىك ۋە لاتاپەت ئىچىدە تۇرغان پاتىمەگە ئېگىلىپ سالام بەردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەمدىلىكتە تۇنجى ئۇچراشقان چاغلاردىكى تاسادىپىيلىق ۋە قورۇنۇشتىن ھالقىپ كەتكەنىدى. پاتىمە ئەيسا بەگنىڭ ئارزۇلۇق يېگانە پەرزەنتى، رەھمەتلىك خوتۇنىنىڭ تەۋەررۈك مىراسى، ئۆز ھاياتىنىڭ چەكسىزلىككە سوزۇلىدىغان داۋامى ئىدى. شۇڭا بەگ بۇ ئەتىۋارلىق قىزىغا ھەممىنى تولۇقى بىلەن بەخش ئەتكەنىدى. مۇھەببەتكە، رىغبەت ۋە پەرۋىشكە پەۋەس تولغان، خۇددى تەبىئەت قوينىدەك ئوچۇق، بىپايان ۋە باياشات ئائىلىۋى دۇنيا پاتىمەنى ئەسلىي تەبىئىتىگە چىڭ تۇتاشقان، ئۆزلۈك غۇرۇرى ۋە ئەرك ئىرادىسىگە تويۇنغان قەيسەر بىر قىزغا ئايلاندۇرغانىدى. بۇلار ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئەقىل - پاراستى بىلەن بىرلىشىپ ئۇنى گويا چىڭقى چۈشتىكى ئوتلۇق قۇياشقا

ئوخشاش بارچىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى سېھىرلىك كۈچ ـ قۇد-
رەتكە ئىگە قىلغانىدى. قولتۇق خەلقى ئۇنىڭ بارلىقى بىلەن،
ئاددىيسى ئۇنىڭ قارىسى، جۇلاسى ۋە سايىسى بىلەنمۇ ئۆزلىرىنى
ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشىپ ئۆز كۆڭۈللىرىگە شادلىق تېپىشات-
تى. نۇر يېغىپ تۇرغان بىر جۇپ شەھلا كۆزنىڭ قويۇق قارا
كىرپىكلەر ئارىسىدىن پارلىشى بىلەن ئالەم باشقىچە يورۇپ كېتەت-
تى، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كىشىمۇ بۇ ھالدىن گاڭگىراپ نېمە
قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ قالاتتى ياكى ئەس ـ ھوشىنى
يوقىتىپ داغ ـ ھەسرەتتە قالاتتى. شائىر بۇ قىسمەتتىن مۇستەسنا
ئەمەس ئىدى، تۇيغۇدىكى ۋەھىيكار سۇرەتلەردىن تارتىپ تاكى
بۇگۈنگىچە بولغان ئارىدا شائىر ئاشۇ بىر جۇپ شەھلا كۆزنىڭ
خەنجەردەك تىكىلىپ ئەل بولۇشقا قىستاشلىرىنىڭ دەردۇ ھەسرە-
تىنى پىنھان تارتىۋاتاتتى. شائىرنىڭ مۇلايىم، سۇكۇتلۇك
تۇرقى ـ ھالىدىن بۇنى چۈشەنگەن چېچەن قىز ئۆز تەبىئىتىگە ماس
ھالدا يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆز ئاچتى:
— ئۇزاق بولدى، مۇبارەك دىدارلىرىنى بىزدىن يوشۇرۇپ
يۈردىلە، قايسى چاغ نە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگىنىمىزنى بىلەلمەي
گاڭگىراپلا قالدۇق. مالال بولمىسا، ئۆزلىرىنى تىلاۋەتخانا ئىچىگە
بەند ئېتىپ، يازنىڭ راھەتبەخش سەھەر ـ ئاخشىمىنى تەرك ئې-
تىشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قالسام بولارمۇ، ئۇستاز؟
شائىر بۇ كۇتۇلمىگەن سوئالدىن خېلىلا ئوڭايسىزلانغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئورام ۋە مەنىسىدىكى يېقىنچىلىقتىن كۆڭلى
كۆتۈرۈلۈپ تېزلا ئەسلىگە كەلدى ھەمدە كۆزىنى پاتمەدىن ئېلىپ
قېچىپ، يىراق بوستانلىقلارغا تىككىنىچە ئېيتتى:
— ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىن سىلىگە ۋە
ئەل ـ جامائەتكە كۆرۈنۈپ ئىزا ـ خىجالەت تارتىشتىن ئەنسىرەي-
مەن. تۆھپە ـ ئەجىرسىز ئەرنىڭ سايىسىدىن شەيتانمۇ يىرگىنۇر.
تىلاۋەتخانا قولىيازمىلىرىنى رەتلەش ئىشىنى پاتىراق تاماملاپ
ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئۇنىڭدىن بەھرە ـ ئوزۇق ئېلىشىغا تەقەززا

بولغىنىم، يۈرىكىمنىڭ ئوتلۇق نىدالىرىنى قۇر - مىسرالارغا تىزىشقا شەيدا بولغىنىم ئۈچۈن پىنھان يۈردۈم. ئەمما، كۆڭلۈم مەيلى - ئىختىيارىدا ئەركىن پەرۋاز ئېتىپ ئەڭ سۆيۈملۈك، دىلكەش كىشىلىرىمنى يوقلاپ، زىيارەت قىلىپ تۇردى. يازنىڭ راھەتبەخش سەھەر - ئاخشىمىنى قەلبىم بىلەن باغاشلاپ، ئۇنىڭدىكى تەنھا ئىزلارنى يۈرىكىم بىلەن ئىزدەپ ئۆزۈمگە تەسەللى ۋە قۇۋۋەت تاپتىم. بۇ كىچىككىنە گۈزەل سەھرادا بىر نىشانىنى نىشانلاپ، بىر دائىرىنى دائىرىلەپ تەنھا ئايلىنىپ يۈرۈشكە قىسىلچىلىق ھېس قىلدىم، ئەتراپىمدىكى كىشىلەرمۇ بۇ ھالىنى قوبۇل كۆرەلمەيدۇ...

— بىراق، — پاتىمە شائىرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ گەپ قىستۇردى، — ئاتام سىلىگە تىلاۋەتخانىنىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى كۆڭلىنىمۇ بەرگەن. ئارىمىز شۇنچە يېقىن تۇرسا، شۇ كەتكەنلىرىچە ئائىلىمىزگە قەدەملىرى يەتمىدى. كۆڭۈل بەرگەن، دوست - يار بولۇشقان كىشىلىرىنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن قورقمامدىلا، ئۇستاز!؟

شائىر بىر خىل يېقىنچىلىقنى، ئۆزىگە تارتىش ئورامىنى ئىپادىلەۋاتقان سوئاللاردىن شادلانغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدىكى بارلىق سىرلارنى بىراقلا تۆكۈۋېتىشنى بىئەپ ھېس قىلدى ۋە ئۇنى تەكەللۇپقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىپادە قىلىشقا تىرىشتى:

— سىلىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇشتىن، بولۇپمۇ مېنىڭ تۇپەيلىم سىلىنىڭ ئۇستىلىرىدە سۆز - چۆچەك بولۇپ قېلىشتىن قورقىمەن. بۇ خىلۋەت، تەۋەررۇك زېمىندا ئۆزۈمنى سىلەر بىلەن تولىمۇ بەختىيار سېزىمەن.

شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرى پاتىمەنىڭ قەلبىدىكى قارا تۇمانلارنى بىردىنلا تارقىتىپ، ئۇنى قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن يېپيېڭى بىر سەھەرنىڭ گۈزەل، مەپتۇنكار مەنزىرىلىرى ئىچىگە باشلاپ كىردى. ئۇ، سىرلىق ھاياجان بىلەن يەنىلا شۇ چەكسىز بوستانلىقلارغا تىكىلىپ نېمىنىڭدۇر بەھرى - ھۇزۇرىدا كۆڭلەن تاشقىنلاپ تۇرغان شائىرغا كۈلۈمسىرەپ ئىلتىجا تەرىقىسىدە ئېيتتى:

— كەچۈرسىلە، ئۇستاز! مەن چۈشەندىم، سىلىنىڭ قىلىۋاتقانلىرى ئۇلۇغ ۋە ساۋابلىق ئىش، سىلىنى توسۇشقا، رايىلىرىنى قايتۇرۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس. لېكىن، بىزنى تاشلىۋەتسىلە بولمايدۇ. سىلى بىزنىڭ نەزىرىمىزدە يېتىم ـ مۇساپىر ئەمەس، ئاللانىڭ شەپقىتى بىلەن ئاران دېگەندە نېسىپ بولغان كاتتا ئۇستاز. بىز سىلىنىڭ قان ـ قېرىنداشلىرى، يارۇ بۇرادەرلىرى، بىزنىڭ ئۆي ھەم سىلىنىڭ ئۆيلىرى. مەن ئاتامغا ئىلتىماس قىلىپ ئالدۇرۇپ كەلگەن دىۋانلىرىنى ئوقۇپ سىلىنىڭ كېلىشلىرىنى، مـاڭا تـەلىم ـ سـاۋاق بېرىشلىرىنى كۈتۈپ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆي ـ ئۆيلەردىن نامازغا ئالدىراپ چىقىشقان كىشىلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئەمدى قىزنىڭ ئىشكى ئالدىدا تۇرۇۋېرىش تولىمۇ بىئەپ بولغاچقا، شائىر پاتىمە بىلەن خوشلىشىپ ئالدىراشلا كەينىگە ياندى.

ئوت ئۇستىگە ئوت چۈشكەندى، گۈزەل يار پاتىمە شائىر نەۋبەتنىڭ كۆز ئالدىدا، قەلب ـ روھىدا، نەزەر ئۇپۇقلىرىدا، ئىشقلىپ ئۇنى ئوراپ تۇرغان بارلىق مەۋجۇداتلار باغرىدا كېچە ھەم كۈندۈز قۇياشتەك پارلاپ، ئوت ـ گۈلخاندەك لاۋۇلداپ ئۇنىڭ باغرىنى كاۋاپ، ھالىنى خاراب ئېتەتتى.

ئوت ئۇستىگە ئوت چۈشكەندى. بۇ ھال شائىرنى چەكسىز ھەيرەت ئىلكىدە ساراسىمىگە سالغاندى. كۆڭۈلگە خوپ، ۋىجدانغا تەگكىس، ئەخلاقىي كامىللىققا مۇخالىپ كۆرۈنگەن ئىشقى كەلمىشلەرنىڭ ئالدىدا شائىر خېلى چاغلارغىچە ئايىغى يوق چىگىش خىياللار ئىچىگە غەرق بولۇپ يۈردى. ياش پەرقى، يۇرت ۋە مەرتىۋە پەرقى سۆيگۈ چېچەكلىرىنى ھەريان توزىتىۋېتىشى، بەخت ۋە ۋىسال باغلىرىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىپ قويۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئوتنىڭ ئوت ئۇستىگە چۈشۈشى ئوتنى ئۇلغايتامدۇ ياكى ئۇنى ئۆچۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورامدۇ ۋە ياكى ئۇ كۆيۈش بىلەن ئۆچۈشنى تەڭلا ئورۇنداپ، تەقدىر لەۋھەسىگە ئۆلۈم ـ قازا مۆھۈرىنى باسامدۇ، بۇنىڭغا ھازىرچە بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى.

شائىرنىڭ قەلبىدە كەچكىنى ئەنە شۇلارنىڭ يەشمىسى، شۇنداقلا ئىشق ۋەجىدە ئىشقتىن كېچىش غەيرىتىنىڭ ئازابلىق نالىلىرى بولدى.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىشق — ئوت تەبىئەتلىك قىسمەت. ئۇنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى — يېلىنجاشتىن كۆيۈشكىچە، كۆيۈشتىن داغ - جاراھەتكىچە بولغان ئارىلىقنىڭ ھەممىسى ئوت بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئوتنىڭ ئوت ئۈستىگە چۈشۈشى ئازاب ھەم ھىجرانغا ۋەج تۇغدۇرسىمۇ، ئەمما نەتىجە يەنىلا ئوتتىن، يالقۇندىن، ھارارەتتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئوت، تەبىئىتى ۋە ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئوتنى يەكلىمەيدۇ، ئەكسىچە ناھايىتى تېزلا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن كەڭلىكتە نۇسرەت تاپىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە يەنە ئىنسان بالىسىنىڭ ئىشق دەرىجىسىگە، ئىشق ئىلتىجا قىلىپ تۇرغان ۋىسال ئىمكانىنىڭ دەرىجىسىگە باغلىنىدۇ.

نەۋبەتى ئۆز كۆڭلىگە ئىچكىرىلەپ زەن سالدى، تۇنجى ئىشق — يەركەن پەرىسى گۈلئەتتەرنىڭ ئىشقى ئوتلىرى ئورنىدا قاپقارا داغ - ئىزلار قالغانىدى. بۇ ئىز شائىر قەلبىنىڭ خېلىلا كەڭ بوشلۇقىنى ئىگىلەپ بىر خىل مۇڭلۇق ھىجران كۈيى تارقىتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساپلىقى ۋە پاك - غۇبارسىزلىقى بىلەن ئەبەدىيەتكە يادىكار قالغانىدى. تۇنجى ئىشقنىڭ بىر چاغلاردىكى مىسلىسىز كۈچلۈك ئوت - يالقۇنلىرى بولسا، ئۇزاق يىللار مابەينىدىكى ئۈمىدسىزلىك شاماللىرىدا سورۇلۇپ، تەنھالىق داغى - ھىجرانلىرىدا دىمىقىپ، پەقەت ۋە پەقەت لىرىك شېئىرىي مىسرالارنىڭ قات - قېتىدا باشقىچە بىر سۈپەتتىلا ساقلىنىپ قالغانىدى. شائىر ئېغىر خۇرسىندى، ئۇنىڭ نەزەرى پاتمەنى سىيپاپ ئۆتۈپ ئۆز - ئۆزىگە تىكىلدى ۋە يەنە شۇ خىل تېزلىك بىلەن قەلب چوڭقۇرلۇقى تامان ئىچكىرىلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزايى - ۋۇجۇدىلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ يوكسەك روھىي سۈپەتكە مۇيەسسەر بولغان نەزەر ئۇيۇقلىرىمۇ ئۆزىنى بىر پۈتۈن ھالدا ئىلكىگە ئالغان غايەت كۈچلۈك ئىشق ئوتلىرىدا ئۆرتەنمەكتە

ئىدى. ئوتنىڭ ئوت ئۈستىگە چۈشۈشى كۆچۈشنى ۋە قوشۇلۇشنى
بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنداپ پاتىمەگە، نۇرانە ئىشق سەھىرىگە مەركەز-
لەشكەندى. ئوت ئىچىدە قىلدەك تولغىنىپ، ۋىسال ئابىكەۋسەر-
لىرىگە زار بولغان شائىر ئىختىيارسىز ھالدا «پاتىمە» دەپ نالە
قىلدى ھەمدە يالقۇنلۇق ئىشق سەھىرىنىڭ تاشقىنلىق ۋىسال دەريا-
سىغا يۈزلەندى.

www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى باب

# قوۋمى شەھىداندىكى ئىستىقامەت

## 1

ئىنسان تۇپراقتىن ئەرشكىچە بولغان تۆۋەندىكى ئالەمنىڭ، تەن ـ ماددىدىن قەلب ـ روھقىچە بولغان مەۋجۇداتلار ئالىمىنىڭ خاسىيىتى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئاشۇ چەكسىز ئارىلىقنى سىزىش، ئىدراك قىلىش ۋە ئىگىلەش رەۋىشىدە روي بېرىدۇ. شۇڭا، ئىنسانساندا ئۆزلۈك ئوقىنى چېگرا قىلغان ئىككى يول ـ مۇساپە، ئىككى بوشلۇق ـ چەكسىزلىك ئىمكانى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇپەتلىرى باتىنىي ھەم زاھىرىي ھاللاردا قەلب ـ روھ بىلەن ئالەم ـ سامانى يۆنىلىش قىلغان؛ مەقسەت ـ مەنزىللىرى بولسا، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، ئادەم بىلەن ئالەمنىڭ، ئادەم بىلەن تەڭرى ـ ئاللانىڭ ئۇچرىشىشى، قوشۇلۇشى، ۋەھدەد ـ بىرلىكىدە ھەقىقەت ۋىسالىغا ئېرىششنى، ئۇنىڭدىن ئەۋۋەلى ۋە ئەزەلىي ئالەمگە ھەقىقەت نۇرى تەقدىم ئېتىشنى چەك قىلىدۇ.

ئىنسان تەن ئېتىبارى بىلەن تەبىئەت جانلىقلىرى قاتارىدا ئاددىي بىر مەۋجۇدات بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئەمما روھ ئېتىبارى بىلەن تەبىئەت جانلىقلىرىدىن ھالقىپ ئۈستۈنكى ئالەمنىڭ ئالاسىر ـ مۆئەممالىرىغا تۇتىشىپ ئۆز كەلىمىشى ۋە يارالمىشىغا ئالاقىدار تۇيلۇك سەۋەبلەرنى ئىزدەيدۇ، ئۇنىڭ ۋەھىيكار ئىلھامى بىلەن تۆۋەندىكى ئالەمنىڭ چەكسىز ئۇيغۇنلۇقىنىكى ھاياتىي باغلىنىشلىرىنى يېشىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشى بىر جەر

يان، ئۆزگىنى، پانىي ئالەم مەۋجۇداتلىرىنى تونۇشى يەنە بىر جەريان، هالقىش كەڭلىكىدە ئۇستۇنكى ئالەمنى تونۇشى، ئاخىرىدا ئۆز - ئۆزىگە قايتىپ بارچىنى يىغىۋاشتىن تونۇشى بولسا ئاخىرقى جەرياندۇر. بۇ جەرياندىن كېيىن ئىنساننىڭ ئىجاد - ئىختىرا مۇساپىسى باشلىنىدۇ. چۈنكى، ھەربىر جەريان بىر دەرىجە، بىر قاتلام ھاسىل قىلىپ، ئىنساننىڭ مۇكەممەللىكى ۋە كامالىتىگە بەلگە بېرىدۇ. ئالەمنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ، يېشىپ تەلقىن قىلغان ۋە ئۆزىنى ئاڭا پۇتۇنسۇرۇك قوشۇپ غولاچ تاشلىغان ئىنسان زاتىنىڭ مۇبارەك چېھرى تۈننى ئاقلاپ يورۇتقان ۋە نۇر پۇركىگەن قۇياشقا ئوخشايدۇ. ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ بالاغىتىگە يەتكەن يېتۇك ئەللامە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجاد - ئىختىرا مۇساپىسىنىڭ باغۇ ئېرەملىرىدە يۈرۈپ موھتاجلىق سەھراسىدا ھېرىپ - ئېچىپ سەرسانە بولغان ناتىۋان يولۇچىلارغا ئۆزىنىڭ شېرىن مېۋىلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىبادىتى مۇقىم ھېس ئىچىدە تەپەككۇر مەستلىكىنى ئەۋجلەندۇرۇش تەرتىپىدە داۋام ئېتىپ گۈزەللىك ۋە ھېكمەت گۆھەرلىرىنى سۈزۈشنى ئىككى ئالەمنىڭ ساۋابىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى بىر ئالەم، ئالەم يەنە ئۇنىڭ ئۆزىدە، كۆزىدە، تەپەككۇر ئۆركەشلىرىدە جىلۋە ئەيلەپ ئالەملەر بىرلىكىنى ۋە ئالەملەر كەڭلىكىنى يارىتىدۇ...

بۇ دۇنيانىڭ بارلىق ئارزۇ - ھەۋەسلىرىدىن خالاس تېپىپ ئۆزىنى تەڭرى ئىشقىغا بېغىشلىغان، سوپىلىق يولىنىڭ ئاخىرقى مۇقامى — ھەقىقەت داۋانلىرىدا ئىلگىرىلەپ بېرىۋاتقان ساباھىدىن خوتەن دىيارىدا ئۆتكەن ئالىم - پازىللارغا بېغىشلانغان زور ھەجىملىك ئەسىرى «مەسكەنى فازىلان» نىڭ ئاخىرقى قۇرىنى تاماملاپ قومۇش قەلىمىنى توختاتتى. ئۇ نەۋبەتىنى جىددىي كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىشقى رىيازەتلىرى ئۈچۈن تارام - تارام ياش ئاققۇزدى. ئەمما، يەنە ھايالشمايلا خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە مۇلايىم كۈلۈمسىرىدى. بىر - بىرىگە ئاشىق - بىقارار بولۇپ ۋىسال سائەتلىرىگە زار ھالدا نىكاھ بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان بىر جۈپ

ياش ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرمۇ بىر سۈرەتلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخار ھېسلىرى ئىلكىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆ-تۈردى:

— ئېھ شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللا، كېرەم ـ لۇتفىڭدا باراق-سان ئاينىپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ئۇ بىر جۇپ غۇنچىگە، ئۇلارنىڭ ھالال نىكاھىغا خەيرلىك بەرگەيسەن، ئامىن، — ساباھىدىن بىر خىل تەخىرسىزلىك ۋە جىددىيچىلىك ئىچىدە بوسۇ-غا ئاتلاپ ئىبراھىم مەجنۇننىڭ ئۆيىگە قاراپ تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

ئالتۇن كۈزنىڭ بىر خاسىيەتلىك يەكشەنبە كۈنلۈكى قولتۇق بوستانلىقىدا نەۋبەتى بىلەن ئەيسا بەگنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ توي مەرىكىسى بولۇپ ئۆتتى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋام ئېتىپ قول-تۇق خەلقىگە چەكسىز شادلىق بەخش ئەتكەن بۇ توي مەرىكىسى ساباھىدىن بىلەن ئىبراھىم مەجنۇننىڭ ئەلچىلىك ھىممىتىدە ئە-مەلگە ئېشىپ بارچىنى، جۈملىدىن ئەيسا بەگنى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئەلچىلەردىن خالاس تاپقۇزغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭ-لىدىكىدەك خاسىيەتلىك ۋە ساۋابلىق ئىش بولغانىدى.

ئوت ئىچىدىكى بىر جۈپ يۈرەك، بىر جۈپ قەلب مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ شېرىن ۋىسال دەملىرى ئەيسا بەگ-نىڭ خاس بېغىدا، ئەينى يىللىرى شەيخ نىزامىدىن كاككۇك ھەز-رەتلىرىنىڭ ھۆرمەت ـ شەرىپىگە سالدۇرۇلغان، ئەمما نېمە ئۈچۈن-دۇر شەيخ ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلمەي رەت قىلىنغان نەقىش ـ پەنجىرىلىك ئازادە ئۆيلەردە ئۆتتى. باغ ئۇلارنىڭ جەننى-تى، ئۇلار بۇ جەننەتنىڭ ھۆر ـ غىلمانلىرى ئىدى. ئامەتلىك شائىرنىڭ كۆك ئۈچقۇندەك يېنىپ نۇر ئۆرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ھەممىگە، مۇشۇ بەخت روزغارىنى تەشكىل ئەتكەن بارلىق نەرسى-لەرگە بىرمۇ بىر ئاغدۇرۇلۇپ پاتىمەنىڭ تەگسىز بۇلاقتەك مۆل-دۈرلەپ تۇرغان قاپقارا شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلگەندە، ئالەم تىنى-

قىدىن توختاپ، غايىب بىر سېھىر تەسىرىدە تىلسىملانغاندەك بولات-تى - دە، ئوت ئىچىدە ئېچىلغان ئاتەش لەۋلەردىن قىپقىزىل خۇش پۇراق گۈل - غۇنچىلار ئۈزۈلەتتى. بىھۇش تەنىنىڭ پايانىدا ۋىسال كەلكۈنلىرى ئۆركەشلەپ ئېقىپ قاغجىرىغان روھ چىمەنلىرىنى سۇغىراتتى. كۆنلەر شۇ تەرىقىدە ناھايىتى تېز ئۆتۈپ زىمىستان قىش پەسلىنىڭ دەسلەپكى شەپىلىرىگە تۇتاشتى.

شائىر كىتاب ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ يېپيېڭى پىكىرلەر قاينىمىغا شۇڭغۇدى ۋە ئۇنىڭدىن ئىنسان باللىرىنىڭ ئەركى ۋە بەخت - شادلىقلىرىنى خاراب ئەتكۈچى تۈپكى سەۋەبلەرنى تەلقىن قىلىشقا باشلىدى.

ئادەم، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ئىچىدە، — نە ئۈچۈن قىسمەتلەر ئىچىدە بەرگى خازاندەك سارغىيىپ تۆكۈلىدۇ؟ بۇنىڭ ۋەجى بوران زەخملىرىدىمۇ ياكى ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئايىن-تىپ، ياشنىتىپ تۇرغان ئىچكى قۇربەتلىرىنىڭ ھالسىزلىقىدىمۇ؟ ئېھتىمالىم، ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدا، تەقدىرى لەۋھەسىدە ھېچبىر شەك - شۈبھە يوقتۇر. تەڭرىمۇ ئۆز بەندىلىرىنىڭ پېشانىسىگە بىھۇدە دەردۇ كۈلپەتلەرنى پۈتمەستۇر. شول خاسىيەت ۋە لۇتفى - كېرەمدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان ئادەمنىڭ ئۆز ئەركى ۋە بەخت - شادلىقلىرىدا ۋىسال شاراپەتلىرىگە مۇيەسسەر بولالماي قان - ياش يۇتۇپ خارۇزار بولۇشلىرى ئۇنىڭ ئەسلىي قۇۋۋەت خۇرۇچىنىڭ كەملىكىگە، ۋاقتى - قەرەلىدە ئىلىم - مەرىپەت نۇرى بىلەن قاراڭغۇ دىل خانىلىرىنى يورۇق ئەتمىگەنلىكىگە، بالاغەت پەسلى باھارىدا ھۈنەر - كەسىپ ۋە كامىللىق يولىغا كىرمىگەنلىكى ۋە ئادەمىي مېھىر - شەپقەتنىڭ ئۇلۇغ دەرياسىدا غۇلاچ كېرىپ ئۈزمىگەنلىكىگە باغلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئادەم بالىسى مېۋىلىك كۆچەتلەرگە ئوخشاش باغۇەنگە، سۇ - تۇپ-راق، كۈن - قۇياش، ھاۋا - كىلىماتقا باقىدۇ، قىسقىسى ئىگىسىگە يۆلىنىدۇ، شۇ ئارىدىكى ئەزەلىي رىشتىلەرنىڭ مەدەتلى-رىگە تايىنىدۇ. بارچىدىن ئايرىلىپ بىر ئۆزى بىلەن يەككە - يېگانە

ياشاش ئادەم زاتىغا مۇناسىپ مىزان ئەمەس. ئەل ئارزۇسى ئۆملۈك ـ ئىناقلىقنىڭ باغۇ چىمەنىگە ئوخشىشىدۇ. ئۇندا ئادەم-نىڭ ھەممىلا ئىمكانى سۇرەتلىنىپ غەيرەت ـ شىجائەتكە كۈچ ـ ئىلھام بېرىپ تۇرىدۇ. بىراق ئادەم باشقا، يوسۇن باشقا، ئىستەك باشقا. شۇڭا، ئەل ئارىسىدىن ئىبارەت بۇ باغۇ چىمەن ئىمكانىدا ئادەم يەنە ئارزۇ بىلەن يوسۇننىڭ، مەيىل ۋە راي بىلەن قائىدە ۋە مىزاننىڭ توقۇنۇشىغا دۇچ كېلىپ ئۆزىنى چەكلەشكە ياكى ئۆزىدىن، ئۆزىدىكى شېرىن ئىستەكلەردىن كېچىشكە ۋە ياكى ئۆزد-نى بىرلا ئاللاغا تاپشۇرۇپ تەنھالىق سەھراسىغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىللەت، نۇقسان بار. ئە-قىل ـ بېشىمغا يېتىپ ھارماي ـ تالماي، تىنماي ۋە قانماي كۈيلىگەن گۈزەل ئىستەكلىرىمنىڭ ۋەج ـ سەۋەبىگە ئەنە شۇلار يېتەرلىك. مەن يەنە نېمىنى ئوچۇق ئېيتالىشىم مۇمكىن. تىلەش — تۇرغۇن ھالەتتىكى كۈتۈش ئەمەس، ئۇ ھەرىكەت ھالىتى-دىكى سەپەر جەريانى. ئاڭا ئىلكىڭدىكى جەۋھىرى خىسلەتلەرنى بەخش ئەيلەپ ھەق مەنزىلىگە ئەقىدە ـ ئىخلاس بىرلە ئات سالالىساڭ، كېلەچەك سېنى باشپاناھسىز، بەخت ـ شادلىقسىز قالدۇرمايدۇ. ئادەم ئەبەدىيەتنىڭ جۇلاسى، ھەقىقەتنىڭ شولىسى، كۆللى ئالەم جاراھەتلىرىنىڭ داۋاسىدۇر. ئۆزۈڭگە بېقىپ ئالەمگە چەكسىزلىنىپ تىكىلگىنىڭدە، بارلىق ھاياتىي قۇدرەتلەرنىڭ ئۆ-زۈڭدىن، ئۆزۈڭگە تۇتاش جانلىقلار زەنجىرىدىن تاشقىرى ئەمەسلى-كىنى بايقايسەن، بۇلارنىڭ بارلىق ھادىسە ـ كارامەتلىرى ئادەملەر-دىن پىنھان ئېيتىلگەن روھنىڭ خىلۋەتلىرىدە يۈز بېرىدۇ...

شائىر ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ يۈزلىرى، پۈتۈن ئەزايى ـ ۋۇجۇدى دولقۇنلۇق ھاياجان تەسىرىدە قىزىپ كەتكەنىدى. شائىر-نىڭ سىرتقا چىقىش، ئوچۇقى تىلاۋەتخانىغا بېرىش خىيالىنى پەم-لەپ ئىچكىرىكى ھۇجرىدىن شىپىرلاپ مېڭىپ چىققان پاتىمە شا-ئىرغا ئۇزۇن قارا تون چاپىنىنى ئۆزىتىۋېتىپ ئۇنىڭ چېھرىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئالامەتلەردىن بىرئاز خاۋاتىرلەنگەندەك بولۇپ

تۈرۈپ قالدى.

سىرتتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى، شائىرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ قار ئۇچقۇنلىرىغا ئوخشاش پاك ـ غۇبارسىز، ساپ ـ مەسۇم باللارنىڭ چېھرى ھەم قۇپقۇرۇق روھىيەت داللىرى بىردىنلا سۈرەتلەندى. ئۇلار ئاللىبۇرۇن شائىرغا يۈزلەنگەن، شائىرنىڭ ئىلىم ـ ئېرپان نۇرلىرىغا چۆمۈلۈشنى، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ۋە ئۆزگىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقان، ھايات رىزقى ـ غەنىيمەتلىرىنى خىيالىي يوسۇندا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭدىكى نامەلۇم نىجاتلىقلىرىنى دېرەكلەش ئىشتىياقىدا كۈن بويى تىلاۋەتخانىغا توپلىنىپ، شائىرنىڭ يولىغا قاراپ قېلىشقانىدى. شائىر غۇلاچلىرىنى كەڭ كېرىپ لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارلارنى، ياق، ئاشۇ قار مىسالى نۇرانە كۆرۈنگەن سەبىي باللارنى باغاشلىدى. بۇ دەملەرنىڭ تۇيغۇسى ئاجايىپ ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. مۆلدۈرلەپ تۇرغان پاك ـ غۇبارسىز قارا كۆزلەر خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن پەرىزاتلاردەك ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ، قوشۇلۇپ كەتمەكتە، مىسلىسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت سۈيىتىدە ئالەملىك تۇيغۇلارنى دولقۇنلاتماقتا، يۈرەك ـ باغرىنى ئوتتەك كۆيدۈرۈپ گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى چاراقلىتىپ ياندۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر بىلىپ يەتتىكى، ئۇ ھەممىگە، بولۇپمۇ قولتۇق باللىرىغا، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا كامالەت تېپىپ بۇ يورۇق دۇنيانىڭ سىرۇ تىلسىملىرىنى يېشىشلىرىگە بىر ئۆمۈر قەرزدار ئىدى.

شائىرنىڭ ئۇچقۇسى كەلدى، ئۇ يۈگۈردى، نېپىز قار بىلەن قاپلانغان توپىلىق يول ئۇنى يەلكىلىرىدە يېنىك كۆتۈردى. يۇمشاق قار، يۇمشاق توپا ئۈستىدىكى يېنىك قەدەملەر شائىرنى گويا يەردە ئەمەس، بەلكى سامادا ئۇچۇۋاتقاندەكلا تەسىراتقا كەلتۈردى. ئۇ ئەمدى باللار بىلەن، مۇشۇ تۇپراقنىڭ كېلەچىكى بىلەن ئىلىملەر ۋە تىلسىملەر دۇنياسىدا يىراق مەنزىللەرگە قاراپ زەپەر مارشىنى

توۋلايدۇ، مۇزلىغان دىللارنى ئۆز هارارىتى بىلەن ئىللىتىپ ئۇلار-
غا ئادەمسي مېهىر - مۇهەببەتنىڭ قۇياشلىق مەنزىللىرىنى
كۆرسىتىدۇ...

## 2

باش باهارنىڭ ئىللىق شامالىرى باغدا تەنها ئايلىنىپ يۈرگەن
نەۋبەتنىڭ يۈزلىرىنى يۇمشاق سىلاپ كۆتۈنۈش ئۇچۇن ئاتىسى
ئەيسا بەگنىڭ يېنىغا كەتكەن ئېغىرئاياغ پاتىمەنى ئەسلىتەتتى هەمدە
ئۇنىڭ يېقىملىق خۇش ئاۋازىنى قۇلاقلىرىغا خۇپپيانە شىۋىرلايتتى.
ئاتا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بەختىيار شائىرنىڭ قەلبى شامالارغا،
يېڭى بىر يىلنىڭ هاياتىي شەپىلىرىگە قوشۇلۇپ دولقۇنلايتتى. شۇ
تاپتا ئۇ ئۆزىنى يېڭىۋاشتىن تونۇۋاتقاندەك يېپيېڭى هېس - تۇيغۇ-
لار ئىلكىدە ئۆتمۇشكە، سەنئەت ئالىمىدە قەلەم ياردىمىدە سۈرەتلەن-
گەن بىتەلەي ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قىسمەتلىك كەچمىشلىرىگە
نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاۋۇالقى تەشنالىق چۆللىرىدىكى هىج-
ران - ئازابىنى، هايات بىلەن سەنئەتنىڭ تۇتاش بەلۋاغلىرىدا
هېلىهەم خارۇ زار يىغلاپ ئۆلۈم قىسمەتلىرىگە يۈز تۇتۇۋاتقان
سانسىز ئاشىق - مەشۇقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شائىر ئەس-
لىمە سۈرەتلىرى ئىچىدە، چەكسىزلىكتىن چەكسىزلىككە يېيىلىپ
بارغان ئاشۇ تەشنالىق چۆللىرىدە يېگانە يۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ
ئالەمگە تۇتاش، قايناق، جىلۋىگەر هېس - تۇيغۇلىرى ئىجاد -
مېهنەتنىڭ جانغا هۇزۇر بېغىشلىغۇچى يول - مەنزىللىرىنى ئۇچۇق
كۆرسىتىپ، ئۇنى شېئىرىيەت ۋە مەرىپەتنىڭ چوغدانلىرىدا تاۋلاپ
زەر - ئالتۇنغا ئايلاندۇرغانلىقى ئۇچۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ بەخت ۋە
ۋىساللىرىنى كۆز يېشى هەم ئۈمىدسىزلىكنىڭ قاراڭغۇ هاڭلىرى-
دىن ئەمەس، بەلكى قان - تەر ۋە ئىشەنچنىڭ ئىمكانلارغا باي
هاياتىي كەڭلىكىدىن كۈتكەن، ئاڭا ئىرادە ۋە ئەقلىي شىجائەت
بىلەن پۈتۈنسۇرۇك يېپىلغانىدى. شۇڭا، تەقدىر ئۇنى ئۆزىگە،

ئۆزىنىڭ ئۇچۇر ـ بىشارەتلىرىگە باي ئىرەم باغلىرىغا يېقىن تار-تىپ، ئىېزىش ۋە قايمۇقۇش رەۋىشىدە دائىما روي بېرىپ تۇرىدىغان چەتنەش خاراكتېرلىك تەتۈر، شورپېشانە تەقدىر پاجىئەلىرىدىن ئاسراپ، خۇش پۇراق قىزىلگۈل مىسال بەقۇۋۋەت ئاينىتىپ ئېچىل-دۇرغانىدى.

بەخت — خۇش ناۋا بۇلبۇلغا ئوخشىشىدۇ. تەكرار، بىمەززە، زېرىكىشلىك تۇرمۇش مۇساپىسى ۋە روھىيەتنىڭ سۇكۇتلۇك بوش-لۇقلىرى ئەبەدىيەتكىچە ئاڭا موھتاج، ئاڭا زار ۋە مۇپتىلادۇر. شۇڭا، يەر يۈزىدىكى ھەممىلا ئىنسان زاتىنىڭ ئۇنى كۆرگۈسى، تۇتقۇسى، ئىگىلىگۈسى، ئۆزلىرىنىڭ گۈل باغلىرىغا بەند ئېتىپ، گۈل بەرگى ـ شاخلىرىغا قوندۇرۇپ يېقىملىق خۇشناۋالىرىدىن ھۇزۇر سۈرگۈسى كېلىدۇ. ئەمما، بۇلبۇل بىر قۇش، پەرۋازدىكى ئەرك سەيياھى سۈپىتىدە چۆللەردىن، دەشت ـ باياۋنلاردىن، قۇ-رۇپ قاقشال بولغان، سولۇپ خازان بولغان رەڭسىز، جىلۋىسىز باغۇ بوستانلاردىن يىراق. ئۇنىڭ مەنزىللىرى يېشىللىق جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان باغۇ چىمەنگە، ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان قى-زىلگۈلگە، گۈل پورەكلىرىدىن گۈپۈلدەپ ئۆرلەپ تۇرغان خۇش پۇراقتا تۇتاش. شۇڭا، بەخت ئىشتىياقىدىكى ئىنسان بەخت قۇشى — بۇلبۇلغا پەقەت باغ ئىچىدە خۇش پۇراق قىزىلگۈل بولۇپ ئېچىلىش شەرىپىدىلا ئېرىشەلەيتتى. بۇنداق شەرتلىك بەخت مەنزى-لىدە ئادەم بىلەن بەخت ـ سائادەتنىڭ ئەرك ۋە كامالەتكە تۇتاش بىر يۇرۇش خىسلەتلىرى ئۇچۇق كۆرۈلۈپ، ئىنسان بالىسىنى ئىلىم ـ مەرىپەت ئالىمىنىڭ كامالەت باغلىرىغا يېتەكلەش، ئۇ يەردە ئۆز رېڭى ۋە ئۆز پۇرىقى بىلەن پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلاتتى.

بەخت قۇشى — بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدا مەست قىلغۇچى سېھىر بار. ئۇ ۋۇجۇد ـ روھىيەتكە تارقىلىپ ئىنساننىڭ موھتاج-لىق سەھراسىدىكى بارلىق غەشلىرىنى، تەشۋىش ـ ئەندىشە ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ، ئاچلىق ـ ئېچىرقاشلى-

رىغا بەرھەم بەرگەندىن كېيىن، ئادەمدە بىر خىل تىپتىنچ ئارام زوقى ئەۋجلىنىپ، بەخت ئىشتىياقى قوزغىغان ئاۋۋالقى زۇرۇر مېھنەتلەرنىڭ ئورنىنى ئۇيقۇ ۋە غەپلەت بوشاڭلىقى ئىگىلەيدۇ. بۇ، بەختنىڭ خەۋپ - خەتىرى سۈپىتىدە ئادەمنىڭ، بەخت شادلىقىدا مەست ياكى بىخۇد يۈرگەن ئادەمنىڭ ئوي - تەپەككۇر نېگىزىدە گە قويۇلۇشى زۇرۇردۇر. ئۇنداق بولمىغاندا، بەخت قۇشى — بۇلبۇل ئۇنىڭ بېغىغا، بەرگى - شاخىغا قايتا كەلمەس، قايتا قونماستۇر. بۇلبۇل كۈيىنىڭ بۇنداق خەۋپ - خەتىرى پەقەتلا گۈلنىڭ ئۆزىگە، بەرقى ۋە بالاغىتىگە باغلىق بولغىنى ئۈچۈن، گۈلنىڭ ھەربىر پەسلى چاغى ئۇنى يېڭىچە سۈپەتكە، يېڭىچە ھىد - پۇراققا، قاتلاممۇ قاتلام ئۆسۈپ، ئەۋجلىنىپ بارىدىغان بالاغەت ۋە كامالەت سەھەرلىرىگە موھتاج ئەتكەندۇر. چۈنكى، ھەر يىلنىڭ ھاۋاسى، نۇسرىتى، رىزقى - شاپائەتلىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىغا، بىر - بىرىگە پىنھان ئېتىلگىنىگە ئوخشاش، ھەر باھار گۈل بىلەن بۇلبۇل ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئەۋۋەلدىن پەرقلىق ھالدا بىر - بىرىنىڭ تەشنالىقى ئىما قىلغان خىسلەت ھەم خاسىيەتلەرنى شەرت قىلىش ئاساسىدا ئىشق ۋىساللىرىنى رېئاللاشتۇرىدۇ…

تىلاۋەتخانىنى ساباھىدىنىنىڭ كىچىك ئىنىسى ئابدۇرەشىدكە تاپشۇرۇپ، بالىلارنى ئەتىياز ۋە يازنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە قويۇپ بېرىپ ئۆزىگە ۋاقىت ۋە پۇرسەت تاپقان شائىر پىكىرلەرنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىدا چايقىلىپ خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى ھەمدە بىر خىل تەخىرسىز جىددىيلىك ئىچىدە چېچەك تاشلاۋاتقان ئالما دەرەخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ قورۇ ئالدىدىكى سۇپىغا يېقىنلاشتى. سۇپىدىكى يۇمىلاق شىرە ئۈستىدە سىياھدان، قومۇش قەلەم ۋە قېلىن بىر دەپتەر تۇراتتى. شائىر قىبلىگە يۈزلىنىپ يۈكۈندى، ئاندىن ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ كۆزىنى يۇمدى. شۇئان ئۇنىڭ قەلب كۆزلىرى بىردىنلا ئېچىلىپ، زاھىري ھەم باتىنىي ئالەم مەۋجۇداتلىرىنىڭ

رەڭدار سۈرەتلىرىنى سىزىشقا باشلىدى، ئۇيلىرى ئىككى ئالەمنىڭ گىرەلەشكەن چەكسىز بوشلۇقلىرىدا گويا بۈركۈت مىسال ۋەزمىن قانات قېقىپ، يۇكسەك پەللىلەر تامان پەرۋاز ئېتىشكە باشلىدى. ئەمدى شائىرنىڭ ئۆزلۈكىدە ئەۋۋەلىگە ئوخشاش رېئال ئارزۇ - ئىستەكلەر يوق ئىدى، ئۇ ئۆزىنى بارچىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ چىقىپ، يەككە - يېگانە ھالەتكە يەتكۈزگەن، ئاشۇ يەككە - يېگانە-لىقىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆز قەلبىنىڭ چوغدانلىرىنى زور دەرىجىدە قىزدۇرغانىدى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارىدا ئۆز بىلەن تاشقى ئالەم مەۋجۇداتلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى داۋامىدا يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ ماسلىق ۋە ئوخشاشلىقلار مۇتلەق چوڭ سالماقنى ئىگىلەپ، تەپەككۇرنىڭ دولقۇنلۇق بىر ئەزىم دەرياسىنى ھاسىل قىلغانىدى.

شائىر ئۆزىنى ئۇنتۇغانىدى، ئۇنىڭ تەندە تۇرۇپ تەندىن، زېمىندا تۇرۇپ زېمىندىن ئۆرلەشلىرى ئۇنى پەرۋازى سۈپەتكە نائىل ئەتكىنى ئۈچۈن، ئۇ ئاشۇ نۇرانە نىگاھلار يېتىپ بارغان يىراق روھىيەت مۇساپىلىرىدە جاھان كەزمەكتە ئىدى. شائىرنىڭ پەرۋازى، سەپەرلىرى تېپتىنچ باغ ئىچىدە دەخلىسىز ئورۇندىلىپ مەۋھۇم سۈرەتلەرنى روشەن ھالدا كەڭ ياياتتى ۋە ئۇندىكى نۇرانە بۆلەك - قاتلاملىرىدا توختاپ ماھىيەتنىڭ ئالتۇن - كۆمۈش، ئۈنچە - مارجانلىرىنى يىغاتتى.

شائىر شۇ تەرىقىدە كۆنلەپ ئولتۇرۇپ جىمىكى نەرسىنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى، جىمىكى نەرسە بىلەن ئۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئاۋاز، توزان ۋە نۇر تاشقىنى ئىچىدە يۇيۇندى. جىمىكى نەرسىنىڭ يەككىلىكى بىلەن بىرلىكى ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەزەلىي ھالالارنى تەخمىن قىلىپ، ئاجايىپ ئوتلۇق ئىلھام ھارارەتلىرىدە تەرلەرگە چۆمۈلدى. شائىرنىڭ ئەمدىكى ئىجاد ئېھتىياقىدا رەتكە تىزغان سۆز ھەم سىرلار تېخىمۇ ئاھاڭدار، تېخىمۇ ئەۋجدار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىپادە ئېھتىياجىدا تاللىغان شېئىرىي شەكىللىرى مۇخەممەستە ئۆز ئۇيغۇنلۇقى ۋە بالاغىتىنى

تاپتى. ئۇنىڭ قومۇش قەلەم بىلەن سىرىق خوتەن قەغىزىگە پۈتكەن- لىرى ئىشقنىڭ ئىنسان قاتلىمىدىن تارتىپ تەڭرى قاتلىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەسلى - ۋىسال باغلىرىنىڭ شېرىن ئۈمىدى ۋە ئۇنىڭ تەتۈر كىلىماتىغا ئۇرۇلۇشتىن كېلىپ چىققان ھىجران ئازابىدىن ئىبارەت ئىدى. شائىر شېرىن رىشتىسىگە باغلانغان «يار» رېئال ھاياتتىكى گۈزەل نازىنىنلارنىڭ تۈرقى - قىياپىتى ۋە خۇلق - تەبىئەتلىرىدىن نۇسخا ئالغان ھالدا ئىنسان كامالىتىگە، سائادەتنىڭ يېپيېڭى تاڭلىرىغا، ئىنسان بىلەن تەڭرى بىرلىكىنىڭ ئالەمنى تەمىن ئەتكۈچى مەنىۋى كۈچ - قۇدرەتلىرىگە تۇتى- شىپ كېتەتتى. شۇڭا، شائىر يار ۋەسلى ۋە تۇرمۇش پاراغەتلىرى ئىچىدە تۇرسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئىشق ئوتىدا ئىزچىل كۆيەتتى:

ئەزەلدىن بەندەگە بولدى قەدەر ئاھىستە - ئاھىستە،
كۆڭۈلدە ئىشق ئوتى قىلدى شەرەر ئاھىستە - ئاھىستە،
ئۇرۇپ پەرۋاز، يەڭلىغ بالۇپەر ئاھىستە - ئاھىستە،
بارۇرمەن يار قاشىغە تاڭ سەھەر ئاھىستە - ئاھىستە،
شۇرارمەن لەبلەرىن شىرىن - شەكەر ئاھىستە - ئاھىستە.
..................................

دەرىغا، ئاھكىم، ئول يار باقماس بىۋەفالىقدىن،
ماڭا سەبرۇ تەھەممۇل يوق ئېرۇر ئەمدى جۇدالىقدىن،
مېنىڭ ئەرزىمگە يەتكىل، ئەي نىگارا، ئاشنالىقدىن،
تىلەكىم ئول دۇرۇر مەھشەر كۈنى دىدارى، خالىقتىن،
كى رەھم ئەتكەي ماڭا كىم ئۆمر ئۆتەر ئاھىستە - ئاھىستە.

ئىچىپمەن بادەئى ئىشقى مۇھەببەت قىلدى مەستانە،
يۈرۈرمەن دەر بەدەر ھەيران كويۇڭدا كەئبەئى خانە،
تۆكەرمەن دىيدەئى ئەشكى نەدامەت، مىسلى دۇردانە،

جەمالىڭ شەمئىغە بىچارە ئاشىق بولدى پەرۋانە،
كى مەئشۇقۇم يۇرۇركىم بىخەبەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.①

ئادەم بالىسى پىكىر ـ تەپەككۇر ئالىمىنىڭ يېگانە شاھى ـ سۇلتانى شەرىپىگە مۇيەسسەر ئېتىلمىگەن بولسا، ئېھتىمال ئۇ ئۆزىدىن سىرتقى ئالەمدىن بىخەۋەر ھالدا ئۆزلۈك مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئېھتىياج قاتلاملىرىدا چەكلەنگەن، ھايۋانلار تۇركۇمىدە ئۆلۈم ـ قازا تەقدىرىنى كۈتۈپ ئۆركۈپ يۈرگەن، كۆللى ئالەم مەۋجۇداتلىرىمۇ ئۇنىڭ نەزەر ئۇپۇقلىرىغا سىغمىغان بولار ئىدى. ئالەم، ئادەمنىڭ بىقىياس پىكىر ـ تەپەككۇر دىتى بىلەن ھەرىكەتكىلا ئەمەس، بەلكى سۈپەت ـ سۇباتقا ئېرىشتى. پىكىر — ئادەمنىڭ روھىيەت يېشىمى، بۇ يېشىمدە ئادەم ئۆزىنىڭ تەننىي چەكلىمىلىرىدىن خالاس تېپىپ روھىيەتتىن ئىبارەت تىلسىملىق، بەھرىدار ئالەمنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

پىكىر قىلىش — ئىنساننىڭ خاس ئەرك ئالىمىدە ئۆزىنى، ئۆزگىنى ۋە دۇنيانىڭ سىر ـ مۇئەممالىرىنى يېشىش ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازسىز، ساداسىز، ھەرىكەتسىز ھالدا داۋام ئېتىپ بارىدىغان سۈرئىتىنى، قاتلام ۋە چوڭقۇرلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئىنسان بالىسى ھەرقاچان پىكىرنىڭ ئۇچقۇر قاناتلىرىغا مىنگىشىپ روھىيەت ئالىمىنى ئەركىن، بىمالال سەير ـ تاماشا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ھاسىلاتلىرىنى ئىجاد دەرياسىدا چايقاپ تۈرلۈك شەكىللەردە يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ. پىكىر — ئىنسان بالىسىنىڭ ھاياتلىق بەلگىسى، ئۆمۈر جۇلاسى، بەخت ئەلچىسى، قەدىرىيەت شولىسىدۇر. پىكىرسىز ھايات جۇلاسىز نۇرغا ئوخشاش خۇنۇك، خىرە جەرياندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچكىمگە، ھېچ نەرسىگە پايدا ـ مەنپەئىتى يوقتۇر. شۇڭا، ئىنسان تىرىكلا بولىدىكەن، ھەريەر،

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 90ـ، 91 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەر جايدا پىكىر ۋە تەپەككۇردىن بىرەر مىنۇتمۇ توختاپ قالماسلىقى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى مەھرۇم، مۇستەسنا تۇتماسلىقى كېرەك.

كۆڭلەر ئىستىقامەت ئىلكىدە پىكىر - تەپەككۇرنى ئەۋجلەندۈرۈپ، شېئىري مىسرالاردا نۇر ۋە رەڭ تۈزۈپ ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىدى. شائىر نەۋبەتى ئۈچۈن ئەمدى ۋاقىتنىڭ يىراق چەكسىزلىكى، دەريادەك لۆمشىپ ئاقىدىغان ئۇزاق مۇساپىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ۋاقىت زور دەرىجىدە قىسقىراپ، ئۆمۈر بارا - بارا ئاتقان بىر تاڭ، ئالغان بىر نەپەسكە تەڭلىشىپ قالغانىدى.

## 3

شائىر، قېلىن بىر دەپتەر بولۇپ پۈتكەن، سىمۋوللارغا باي دولقۇنلۇق كۆيلەر ساماسى، يەنە بىر نادىر دىۋانى — «مۇخەممەس نەۋبەتى»نىڭ ئاخىرقى قۇرىغا «مىڭ بىريۈز قىرىق تۆتىنچى ھىجىرى كېرىيا» (ھىجرىيە 1144 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1731 - يىلى كېرىيە) دېگەنلەرنى يېزىپ بېشىنى شىرەدىن كۆتۈردى ۋە چەكسىز ئىپتىخار ئىلكىدە تۆت ياشلىق ئوغلى ئېرفاننى چاقىردى. شائىر ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئانىسى پاتمەگە تارتقان رەڭگى - رۇخسارىغا تىكىلگىنىچە خىيالغا پاتتى. خىيال ئۇنى بالىلىق ئەسلىمىلىرى قالغان خوتەن ئاستانىسىدىن بۇ خىلۋەت ماكان - كېرىيە قولتۇقىغا ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىدە ئېرفاننى ساباھىدىنگە تاپشۇرۇپ ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن بەھرىدار تەلىم - تەربىيىسىدە ئەقىل يېشىغا يەتكۈزۈش ئىستىكى تېشىپ ۋۇجۇدىنى شادلىق ۋە سۆيۈنۈش ھاياجانلىرى چۇلغىدى. بالا ئاتىنىڭ قۇچىقىدا سەكرەپ ئارامسىز سىلكىنەتتى، بارچىگە ئىنتىلىپ قول ئۇزىتاتتى. گۈللۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئالما دەرەخلىرى ئارىسىدىن خۇددى مۆجىزىدەك پەيدا بولۇپ شائىرغا ئىنتىلگەن ساباھىدىن ئاتا - بالا ئىككىسىنى قوشۇپ باغرىغا بېسىپ قىزغىن

هال ـ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن خىجالەت ئورامىدا سۆز ئالدى:
— مۇبارەك پەرزەنتىنىڭ تېز ئارىدا بۇنچە چوڭ بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەس، ئاھ... ئىنسان بالىسى ئۆمۈر ـ ۋاقىت سۈرئىتى ئالدىدا نەقەدەر ئاجىز! سېنى رەھمەتلىك ئۇستازىم تىجەن ھەزرەتلىرىنىڭ قۇچىقىدا كۆرگىنىمدە ئىككى ياشلىق بالا ئىدىڭ، مانا ئەمدى ئوغلۇڭنى باغرىڭغا بېسىپ تۇرۇپسەن. مەنمۇ قېرىدىم، كېچەيۇ كۈندۈز بىر ئوتلۇق چاقىرىقنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇ ـ ئارامدىن بىداردۇرمەن، ساۋابىمدىن گۇناھىم كۆپ بولسىمۇ، ئەمما مۇبارەك پەرزەنتىمىز ئىرفانبەگنى ئۆزۈمنىڭ خاس تەربىيەمدە پەسلى باھارىغا يەتكۈزۈشنى نىيەت ـ ئىقبالىم لەۋھەسىگە پۈتكەنىدىم. ئەپسۇس، يىراقتىكى چاقىرىقلارغا قۇلاق سالماسلىققا ئىلاجىم يوق. تەبىئىتىم شۇنداق يارالغان بولسا كېرەك، بىر يەردە يىلتىز تارتىپ كۆكلەپ قېلىشقا ئىشتىياقىم يوق. ئالەم مېنىڭ ماكانىم، ھەممە يەردە كېزىپ يۈرۈش بىلەن مۇرادىمنى ھاسىل ئەتكەيمەن. مېنى، مەندەك بىر ئەرزىمەس جاھانساز دەرۋىشنى كەچۈرگەيسەن، قەدىرلىك مەۋلانا!
— ئۇنداق دېمىسىلە، مېنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن، كامالى ـ ئىقبالىمغا ۋەھىيكار بېشارەتلەر بېرىپ، چېچەكلىرىمنىڭ تۇزۇماي، مېۋىلىرىمنىڭ شىرنە يىغىشىغا پاسىبان ۋە باشپاناھ بولغانمۇ دەل ئۆزلىرى. ئالدىلىرىدىكى قاتمۇ قات قەرزلىرىمنى قايتۇرۇش تۈگۈل خانىلىرىگە تۇزۇكرەك سالامغىمۇ بارالماي ئۆز ئىشىم بىرلە بىخۇد يۈرگىنىم ئۈچۈن ھەمىشە خىجالەت تارتىمەن، — شائىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قىزارغان ئۇپۇق باغرىدىكى سەھەر قۇياشىغا ئوخشاش كۆزلىرىدىن نۇر ياشلىرىنى تۆككىنىچە ساباھىدىنىڭ قوللىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ مەھكەم سىقتى. ساباھىدىن شائىرنى بەزلەپ كېلىش مۇددىئاسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتتى:
— بىلىمەن، كۆڭلۈڭنى بىھۇدە يېرىم قىلما، ھەممە ئەيىب مېنىڭ جاھانسازلىقىمدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ھېچ نەرسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هاجىتىم يوقتۇر. ھەممىنى ئۆزۈمدىن، ئاللاھنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن تاپقايمەن. بۈگۈن بوسۇغاڭغا ئاياغ بېسىشىم شەھەرنىڭ يەكشەنبىلىك بازىرىنى بىرگە سەيلە ـ تاماشا ئېتىشكە چىللاش ئۈچۈندۇر. تاۋۇك نېچۈك، مەۋلانا؟ — شائىر ھاياجان ئىچىدە ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ساباھىدىننى سول يېنىدىن قولتۇقلىۋالدى. پاتىمە بىلەن ئىرفان ئۇلارنى تاكى باغنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. پاتىمە ئاتىسىغا تارتىشىپ يىغلاپ يۇلقۇنۇپ تۇرغان ئىرفاننى باغرىغا باسقىنىچە دەرۋازا لىمىغا يۆلىنىپلا قالدى.

شائىر بىلەن ساباھىدىننىڭ سۆھبەت دەملىرىگە نائىل بولغان چاغلىرى ناھايىتى ئاز ۋە قىسقا بولدى. ئەمما، ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن يىراقلىشىپ كەتمىدى، ئۇلارنىڭ تەقدىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى، قەلب رىشتىلىرىمۇ بىر ـ بىرىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار مۇشۇ تۇپراق، مۇشۇ ئەل ـ خەلق، مۇشۇ زامان ـ دەۋراننىڭ كۆزى ھەم يۈرىكى، تىلى ھەم دىلى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىش ـ كارلىرى شەكىلسىز داۋام ئېتىپ، گۆزەل مەقسەتلەرنى رېئاللاشتۇرۇپ باراتتى. ۋاقىت ۋە پۇرسەتنىڭ قەدرىدە پىكىر ۋە تەپەككۇرنىڭ ئالتۇن قەسىرلىرىنى ئايلىنىپ، يوللارغا نىشان، دىللارغا چىراغ، ئىش ـ ئەمەللەرگە رەھنەما بولغۇچى ھېكمەت دۇر ـ گۆھەرلىرىنى يىغاتتى. بۇنىڭ تەسىرى ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئېتىقاد مەيدانىدىكى چىن ئىخلاسى بىلەن قوشۇلۇپ خېلىلا كەڭ دائىرىدە ئىنكاس پەيدا قىلاتتى. ساباھىدىن بىلەن نەۋبەتى ئۈچۈن، ئەقىل نەزەرى بىلەن باققاندا پەقەت شۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلاتتى.

قولتۇقتىن تاش ئۆستەڭ بويلاپ شىمالغا يۈرۈپ چوڭ كارۋان يولىغا چىققان بىر جۈپ قەدىناس شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چەكسىز ئېتىز ـ ئورمان ۋە ئۇنىڭدا جىمىرلاپ تۇرغان ياپيېشىل باھار بىخلىرى ئۇلارنىڭ سېزىملىرىنى دولقۇنلىتىپ، پىكىر ـ تەپەككۇر تۈگۈنلىرىنى بىراقلا يېشىۋەتتى:

— ئۇلۇغلار روھىي ماكان تۇتقان قۇۋمى شەھىدان مازىرىنى

نەچچە ئون مىڭ رەت كېزىپ، ئايلىنىپ چىققاندىمەن. رەھمەتلىك ئۇستازىم تىجەن ھەزرەتلىرىنى قاراقاش دەرياسى بويىدا ھەج - تاۋاپقا ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، جاھاننىڭ بۇزۇق ھاۋاسىغا ئىچىمدە ئۆچ - ئاداۋەت ساقلاپ، قوۋمى شەھىدان مازارىنى ماكان تۇتتۇم ۋە ئۇ يەردە بارچىدىن خالاس تېپىپ، ئىبادەت ھەم ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل بولدۇم. كۈنلەر كېچىلەرگە، كېچىلەر كۈنلەرگە ئۇلىشىپ قىسقاردى. كۆڭۈل كۆزلىرىم يورۇپ، روھىم تازىلىنىپ سۇزۇلگەندە ئالەمدىكى جىمى نەرسە ئۆز - ئۆزۈمدە زاھىر بولدى. ۋۇجۇدۇمدا ئوت كۆيەتتى، نەپەسلىرىمدىن يالقۇن ئۆرلەيتتى، كۆزلىرىمدىن ياش ۋە نۇر گىرەلىشىپ ئاقاتتى. روھىمدا بولسا، سىرلارنىڭ تۈگۈنلىرى يېشىلىپ، ھېكمەت چېقىنلىرى چېقىلىپ، مەرىپەت شاماللىرى مەۋج ئۇرۇپ ئۇچاتتى. شۇ ھاللاردا زېمىندىن، خىلۋەت ماكانلىرىمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ بىپايان ئالەم ئارا مەيىن - شامالغا ئايلاندىم. بىر يەردە تۇرۇپ كونىراشقا تاقىتىم يوق ئىدى، ئالتە شەھەرنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى ۋە ئەرەبىستاننىڭ بىپايان چۆللىرىدە ئوتلۇق شامال كەبى ئەگىپ يۈردۈم. كۆزۈم يەنىمۇ ئېچىلدى، روھىم ئالەمچە كېڭەيدى. كۈچ - قۇۋۋەتلىرىم ئۇرغۇپ تېشىپ سەير - سەپەر رايىنى مۇتلەق ئىستەككە ئايلاندۇردۇم. نەپەستىن نەپەسكە، دىلدىن دىلغا ئۆتمەي تۇرۇپ بۇ ئالىمى پانىينىڭ ھەقىقىتىگە يەتمەك مۇشكۇلدۇر. ئادەم نېمە، ئالەم نېمە، ھەممىسى بىر ئەزەلىي بارلىقنىڭ سۈرىتى ھەم تەجەللىسىدۇر. بەخت - سائادەت ھەر كۈنكى قۇياشتەك ھەممە ياققا ئوخشاش نۇر - زىيا تۆكۈپ تۇرىدۇ. ئىنسان بالىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەقىل مېۋىسىگە ئېغىز تەگكۈزۈپ ئۆتكۈزگەن تۇنجى خاتالىقىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئارىدا گۇناھتىن، ئېزىش ۋە خاتالىقتىن خالاس تېپىپ، ئۆزىنى پاكلىيالىغىنى، ئۆزىنى قۇتقۇزالىغىنى، ئۆزىنى مۇراد - ئىقبال مەنزىللىرىگە يەتكۈزەلىگىنى يوق...، — ساباھىدىن سۆزدىن توختاپ كۆپكۆك ئاسمانغا تىكىلگىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ

ئوي - پىكىرلىرى ئاشۇ كۆك ئاسماندەك ساپ، تازا ۋە سۈزۈك بولۇپ، نەۋبەتتىن ئىبارەت بۇ قۇش بالىسىنى ئۆز قوينىدا ئۇچۇرۇپ تېخىمۇ يۈكسەك پەللىلەرگە يېتەكلىمەكتە ئىدى.

— چاڭقاق - تەشنا دىللارغا ۋىسال كەۋسىرىدىن قانائەت تېپىپ ئىجاد دىلبىرى بىرلە خۇش كۈلمەكلىكنىڭ ئۆزى بەسى مۇشكۇلدۇر. جاھان نەپ - پايدىسىنىڭ گۈلدار هارۋىسى كەينىدە خوش - خوش ئېتىپ ئاۋارە يۈرگەن بىچارە بەندىلەر بىلەن ھەق يادىغا ھېرىس ئىشق ئەھلى ئارىسىدا چەكسىز ئۇزاق مۇساپە سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مۇشۇ ئارىدا بولۇنغان ۋە بولۇۋاتقان كۈلپەتلىك ۋەقەلەرنى، بەرىكەتسىز ئىش - كارلارنى كۆز ئالدىمدا روشەن ئەيلىسەم ھەمىشە دەرد - پىغانىم پەلەكلەرگە يېتىپ كۆزلىرىمدىن ياشلار سەل بولۇپ ئاقۇر. بەندە بەندىلىكىنى قىلۇر ئىكەن، ئۇنىڭ مېھنەت ۋە ئىشق قىممىتىنى بىلىپ ھالاللىق سەپلىرىدە ئۆزىنى تونۇشى، قاراڭغۇ كۆڭۈل كۆزلىرىنى روشەن ئېتــىــپ ھەقنى، ھەق يول - ئىمكان بەرگەن ئىجاد بەختى - خاسىيەتلىرىنى تونۇشى ئۇ ئالەمنىڭ لۇتفى - كەرەملىرىگە مەنسۇپ ئىكەن. ئەلدىن ئېلىپ ئەلگە قايتۇرۇش — ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايــات مىزانى سۈپىتىدە ئۇنى ئاللاھنىڭ بېھىش - جەننىتىگە مۇشەررەپ ئېتەر ئىكەن. سەۋەبلەر بەرىكىتىدىن تۇغۇلغان ئىمكانلاردا سىر - ماھىيەتلەر تۈگۈنىنى يېشىپ ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە ئىللىق تىكىلىش، ئىنسان باللىرىنى بىر تىزىق مارجان قىلىپ ئىلىم - مەرىپەت رىشتىلىرىگە ئۆتكۈزۈش ياشــاپ ئۆتۈشــنىــڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئىكەن...

كوچا - رەستىلەردە قەدەمدە بىر ئۇچراپ ئېگىلگەن باشلار ۋە ھال - ئەھۋال سوراشلار شائىرنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭ دىققەت - نەزىرىنى كۆز ئالدىدا قايناپ، ئۆركەشلەپ تۇرغان ئادەملەر دېڭىزىغا تىكىشكە مەجبۇر قىلدى. ساباھدىن خۇددى بىر چاغلاردا نەۋبەتنىڭ ئىشكىدە «ساباھ دەيدۇ خاكىمنى قۇتلۇق كىرىيا مۈلكىدىن» دەپ ئېيتقىنىدەك، كېرىيە شەھرىدە ئۇنى

تونۇيدىغان، بىلىدىغان، ئاڭسا ئىخلاس ـ ئەقىدە قىلىپ پىر ـ
ئۇستاز ئورنىدا چوقۇنىدىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. سابا-
ھىدىنىڭ بىر مەھەل كىرىيە مەدرىسىدە بەرگەن تەلىمى ۋە
ساۋاقلىرى، ھېيتگاھ[1] مەسچىتىدە ۋە تۇرلۇك موللا ـ
ئۆلىمالار يىغىلىشىدا قىلغان ۋەزخانلىقلىرى، بەگنىڭ مەرتىۋە ـ
ئىلتىپاتلىرىدىن كېچىپ ھەق يولىنى تۇتۇشلىرى ھېلىھەم كىشى-
لەرنىڭ ئەسلىرىنى كۆيدۇرۇپ رايىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئىخلاس ـ
ئەقىدىلىرىنى دولقۇنلىتىپ تۇراتتى. نەۋبەتى ھەممىگە قىزىقسىنىپ
سىنچىلاپ نەزەر سالاتتى، قارلۇق ئۆستىڭىدىكى تاختا كۆۋرۈك[2]
نى مەركەز قىلىپ داۋان بويلاپ ھېيتگاھ ۋە تاناپېشى كوچىلىرىغا
سوزۇلغان قايناق بازار ئىچىدە سەيلە ـ تاماشا قىلىپ
يانغان بىر جۈپ پاك گەۋدە ئادەملەر ئارىسىدا خۇددى ئاسماندىن
چۈشكەن غايىب يورۇقلۇقتەك جىمىرلاپ ئۆزەتتى. ئەتراپتا كۆزلەر
سەرسان، دىللار ھەيران ئىدى. ئۇلار ئۆز سۆھبەتلىرى نۇر بەرگەن
يىراق چەكسىزلىكلەرگە ئېگىلگىنىچە بارچىدىن ھالقىپ، يىراقلاپ
كەتمەكتە ئىدى.

ھالقىش — ئىنسان كامالىتىنىڭ بەلگىسى، شۇنداقلا دائىم-
لىق خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە ئىنساننى ئەسلىي ئۆزىنىڭ يېپيېڭى
قاتلاملىرىغا ئەچىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنىڭ ساپاسىنى، دەرىجىسىنى ئەقلىي ھالدا دەڭسەيدۇ ھەم
شاللايدۇ. شۇڭا، ھەربىر قېتىملىق ھالقىش جەريانى ئىنساننىڭ
ئۆزىنى تونۇش، ئۆزىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۆزىنى
يۈكسەلدۈرۈش جەريانى بولۇپ، روھىيەتنىڭ چەكسىزلىككە تۇتاش
بەھرىدار، يوشۇرۇن قاتلاملىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ھا-
سىلاتلىرىنى ئەسلىي ئۆزىنىڭ سۈپىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش رولىنى

[1] ھېيتگاھ — كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كونىشەھەر رايونىدىكى ھېيتگاھ مەھەللىسى ۋە ئۇنىڭدىكى بەھەيۋەت قەدىمىي مەسچىتنى كۆرسىتىدۇ.

[2] تاختا كۆۋرۈك — كېرىيە بازىرىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان قالۇق (قار-لۇق) ئۆستىڭى ۋە ئۇنىڭدىن كونىشەھەرگە ئۆتىدىغان تاختا كۆۋرۈكنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوينايدۇ. بۇ خىل ھالقىش تەكرارلىقى نەتىجىسىدە، ئىنساندا ھەممىگە ئۆزىدىن چىقىپ، ئۆزىدىن ھالقىپ نەزەر تاشلايدىغان، ھەممىنى ئۆزىنىڭ يۈكسەلگەن تەپەككۇر يارقىنلىقىدا قاتلاملارغا ئاجرىتىپ تەلقىن قىلىدىغان ھەمدە ئاڭا يېڭىچە مەنە ۋە شەكىل ئاتا قىلىدىغان تۈپلۈك كامالى ـ ئىقتىدار قۇۋۋەتلىرى ھاسىل بولۇپ، ھەقىقەت سىرلىرىنىڭ پىنھان ئىشىكلىرى بىر ـ بىرلەپ ئېچىلىدۇ.

ھالقىش، ئۆزىنى مەيدان قىلغان، ئۆزىنىڭ ئىمكانى بوشلۇقلىرىنى ساما قىلغان تەپەككۇر پەرۋازى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىنسان بالىلىرىدا دەممۇ دەم پەيدا قىلىدىغان جۇش ـ شىددىتى ۋە جۇلاسىنى ئۆزلۈكتىن، ئۆزلۈكنىڭ بارلىق ئالاقە، ئېھتىياج قاتلاملىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. روھتا مەۋج ئۇرغان يېڭىچە، گۈزەل ھالقىشسىمان ئىستەكلەر قانچىلىك شېرىن، قانچىلىك مەپتۇنكار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تۈرلۈك زۆرۈر ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنى رېئاللاشتۇرالىشى يەنىلا ئۆزلۈك ئالاقىلىرى بىلەن ئۆزلۈك ئېھتىياجلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئال تەقەززاسىغا باغلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، نەۋبەتنىڭ ساباھىدىنگە ياندىش ھالدا قوزغالغان ھالقىش ئىستەكلىرىنىڭ سەير ـ سەپەر رايىنى ئۇنىڭ ئائىلىسى، تىلاۋەتخانىسى، تەلىم ـ ساۋاق ئىش ـ كارلىرى ھەمدە ئۇلار ئالدىدا ئۈستىگە ئالغان ئەرلىك ۋە ئىنسانلىق بۇرچلىرىنىڭ رېئال ئېھتىياجى تۇتۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزىدىن، ئۆز مۇھىتىدىن ھالقىپ، روھىيەت، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت چەكسىزلىكىدە بۇ دۇنيانىڭ بەھرى ھەم خاسىيىتىگە چۆمۈلۈش ئىشتىياقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇ، شەھەرنىڭ غەربىي چېتىدىكى قاچۇن ئۆستىڭى[1] بويىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تەق بولۇپ تۇرۇشقان ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئاشۇ خىل

① قاچۇن ئۆستىڭى — كېرىيە بازىرىنى غەربتىن كېسىپ ئۆتىدىغان، قارلۇق ئۆستىڭىدىن ئېقىپ كېلىدىغان تارماق ئۆستەڭ.

سەير ـ سەپەرگە ئاتلانغىنلىۋاتقان ساباھىدىننى مەھكەم قۇچاقلاش ئارقىلىق ئاڭا قوشۇلۇپ كېتىشنى، ۋۇجۇد بىرلىكىدە مۇرادىنى ھاسىل ئېتىشنى تىلىمەكتە ئىدى. ياشلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ مەڭزىلەردىن مەڭزىلەرگە ئاقتى، ۋۇجۇدلار بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ ئۆزىنىڭ يەككە شەكلىنى يوققا چىقاردى، روھلار بىر ـ بىرىگە تارتىشىپ ئارىنىڭ تىمتاس بوشلۇقلىرىدا نۇرانە چېقىنلارنى ھاسىل قىلدى. خېلىدىن كېيىن، ساباھىدىن شائىرنى بەزلەپ ـ پەپىلەپ، خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە ئېيتقاندەك ناھايىتى بوش ئاۋازدا ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ شىۋىرلىدى:

— ساباھ نازى ئەۋجلەندى، ئۇنىڭدا ئىككى ئالەم ھەرىكىتىنىڭ تىنىقى گۇرۇلدەيدۇ. ئۇ ئوتلار، قايناشلار، چېقىنلار پەرۋىشى. ئۇنىڭ خاسىيىتى مەۋجۇداتلار قۇربىدىن رەڭدار شولا تاشلايدۇ. ئەي ساباھ، ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئالەمنى يەلپۈپ ئۆتمىكىڭ، روھىڭ بىلەن ئالەمنى سۆيۈپ، باغاشلاپ كۆلمىكىڭ قەرز ھەم پەرھىزدۇر. توختىما، شاخلار، يوپۇرماقلار، مېۋە ۋە دانلار بەھرىڭدە ھۆر تىنىق تېپىپ شادىمان ئۇسسۇل ـ ساماغا چۈشسۇن...

ئالەم كەچكى شەپەق نۇرىدا قىزغۇچ تۇس ئېلىپ، ئاستا ـ ئاستا گۈگۈم پەردىسى ئىچىگە شۇڭغۇدى. جۇدالىق، ئالەمدە ۋە يۈرەكلەردە تەڭلا روي بېرىپ، ئۇزاققا سوزۇلغان كېچە ھەسرىتىنىڭ شاۋقۇنلۇق دەرياسىنى ھاسىل قىلدى. شائىر ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدا تۇرۇپ ئۆزىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن ساباھىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ قارىسىغا قاراپ قېتىپ قالدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا گويا يولدىن ئېزىپ ـ ئازغىنىپ قالغان بىچارە يولۇچىغا، ۋەسلى ـ ۋىسال گۈلزارىدىن جۇدا بولغان دەردمەن ئاشىققا ھەمدە ئوي ـ تەپەككۇر مەستلىكىدە ئۆزىنى ئۇنتۇغان مەجنۇنە ئەۋلىياغا ئوخشايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ روھىدا كەچكى شەپەقتەك سۆيۈملۈك ئىنسان سىيماسى بېشارەت بەرگەن ئاداققى مەنزىللەرنىڭ ئىلھامى دولقۇنلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ نۇرانە قوينىغا كۈچ بىلەن تارتاتتى.

4

يىگىرمە جۈپ كۆز، يىگىرمە جۈپ يۇلتۇز، يىگىرمە جۈپ ئالەمنىڭ ئىچكى چوڭقۇرلۇقىدا شائىرنىڭ بەش يىللىق ئەجىر ـ مېھنىتى پەرۋىش ئەتكەن ئىلىم ـ مەرىپەت دۇر ـ گۆھەرلىرىنىڭ نۇرانە شولىلىرى جىمىرلايتتى. بۇ شولىلار ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى تونۇش ۋە ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش جەريانلىرىدا دۇچ كېلىدىغان ھۈنەر ـ كەسىپ ماھارەتلىرىگە تۇتاشقان ھالدا ئىككى ئالەمنىڭ ساۋابىنى تەمىن ئېتىپ، ھەقىقەت مەنزىللىرىگە مەشئەل ياقاتتى. شائىر خۇددى ئۇچۇرما بولغان قۇش بالىلىرىدەك ئۆزىنىڭ ساماۋى بوشلۇقلىرىغا ئىنتىزارلىق ئىلكىدە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان يىگىرمە جۈپ قارا كۆزگە بىرمۇ بىر نەزەر سېلىپ، ھەربىرىنىڭ ئىچكى قۇۋۋىتىنى دەڭسەپ، دىت ـ لاياقەتلىرىنى ئۆلچەپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئىپتىخارىغا يۇلەن-گەن ھالدا ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتتى:

— پەسىل ـ مەۋسۇملىرىدە ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان بۇ دۇنيانىڭ سىرۇ ھېكمەتلىرى ھەمىشە قەلب كۆزلىرىڭلارغا قۇيۇ-لۇپ يېشىلىپ بارغاي. جاھان غوۋغالىرىدىن خالىي پىنھانلاردا ھەقىقەت ۋەسلىگە دىل بېرىپ ئىلىم ـ ھېكمەتنىڭ ئەزىم دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئالىمۇ ئارىفلارنىڭ سۆھبىتى كېچىلەر باغرىنى يېرىپ نۇسرەت تاپقان سەھەر خاسىيىتىدەك دىل گۈلىستانىڭلارنىڭ ئوتلۇق كۈيىگە ئايلانغاي. ھۈنەرسىز ئەر ئەر ئەمەس، تەمىسىز شېكەر شېكەر ئەمەس. ھەربىر ئىنسان بالىسىنىڭ قۇربىگە كۆللى ئالەم مۆجىزىلىرىنىڭ مەجازى سۈپەتلىرى پىنھان ئېتىلگەندۇر. شۇڭا، ئەجىر ـ ھىممەت ياقىسىدىن باش، شىجائەت ۋە ئىجتىھات قويۇنلىرىدىن قول چىقىرىپ ئىجاد خامانلىرىدا تەر، ياش ۋە قان ئاققۇزۇش ئارقىسىدا ئەر ئەرگە ئوخشاپ ئادەمىي بەخت ـ سائادىتى-نىڭ ئىشىكلىرى كەڭ ئېچىلغاي، ئاللا سىلەرگە رىزىق ـ ئامەت ئاتا قىلغاي!

شائىرغا ئەگىشىپ قوللىرىنى دۇئادىن ئالغان، هاياجان ئىلە-كىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان تالىپلار شائىرنى ئارىغا ئېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىدىن سۆيۈشتى، شائىرمۇ ئۇلارنىڭ هەربىرىنى پېشا-نىسىدىن سۆيۈش بىلەن ئۇلارنى تىرىكچىلىكنىڭ دالىسىغا ئۇزات-تى. چۈغدەك قىزىق لەۋنىڭ تەپتى - هاراريتى يۈرەكلەرگە، يۈرەكلەردىن تومۇر - تومۇرلارغا تارقىلىپ، ۋۇجۇد ۋە روهىيەتتە ئادەمىي مېهىر - شەپقەتنىڭ ئۇلۇغۋار هېس - تۇيغۇلىرىنى ئەۋج-لەندۈردى. ئۇلارنىڭ كەينىگە، ئۇستازىغا تارتىــشىپ باسقان ئىغىر - ئىغىر قەدەملىرىدىن گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنىڭ تىۋىشلىرى كېلەتتى. ئىغىزىغا ئىلىم، يۈرىكىگە ئوت سالغان سۆ-يۈملۈك ئۇستازىدىن ئايرىلىش، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن قايناق، بەهرىدار چاغلاردىن جۇدا بولۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مۇڭى هەم هەسرىتى يىللاردىن - يىللارغا كۆچۈپ، هەر دىل چىمەنىگە قارا بولۇتتەك سايە تاشلاپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ كەينىدە قۇياش پارلاپ، نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇ ئارىدىكى تەقەززالىق ئۇلارنىڭ دىل رىشتىلىرىنى تېخىمۇ مەهكەم چىگىپ، ئالغا، كېلەچەكنىڭ گۈزەل ۋە نۇرانە مەنزىللىرىگە كۈچ بىلەن تارتىپ باراتتى. ئىنسان-نىڭ ئىنسانغا قوشۇلۇشى ۋە كۆچۈشى شۇ تەرتىپ بويىچە داۋام ئېتىپ، ئىنساندا ئىنسان كەڭلىكى ئىشقا ئاشاتتى هەمدە ئۇنىڭ خاسىيىتىدە ئالەم ئۈز رەڭگى - رۇخسارىغا نائىل بولاتتى.

شائىرنىڭ ئۇستازلىق شەرىپىدە تاپقان ئالەمچە شادلىقلىرى ئۇزاققا بارمايلا غايىب بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدا ئائىلىگە چەمبەرچاس باغلانغان غەم، مۇڭ تۇمانلىرى پەيدا بولۇپ، شائىرنى بارلىق ئىش - كارلاردىن جۇدا قىلدى. چۈنكى، شائىر بىر تەرەپ-تىن ساۋاتىنى چىقىرىپلا كىتابنى تاشلىغان، ئويۇن - تاماشا كويىدا هەممىنى ئەستىن چىقارغان ئوغلى ئىرفانغا قاراپ ئەپسۇس چېكەتتى. شائىرنىڭ ئۇنــى زورلاش تەرىــقىــسىدە يۈرگۈزگەن تەلىمى - ساۋاقلىرى ئايالى پاتىمە ۋە قېيناتىسى ئەيسا بەگنىڭ زىيادە مېهىر - مۇهەببىتى تەرىپىدىن، بالىنىڭ ئاڭغا ماس هالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىلدۈرگەن ئەركە، تەييارتاپ مىجەز - تەبىئىتى تۈپەيلىدىن تۇسقۇنلۇقتا ئۇچراپ ئۈزۈلۈپ قالاتتى. شائىرنىڭ قىزىقتۇرۇش تىپىدىكى تۈرلۈك ئامال - چارىلىرىمۇ كارغا كەلمەيتتى، بالىنىڭ ئانىنى، بولۇپمۇ بوۋىسىنى پاناھ تارتقىنى تارتقانىدى. شائىر بۇلار ئالدىدا ئوغلىغا قاتتىق قوللۇق قىلىشقا ئاجىز ئىدى، ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاشقا ئۆزىنىڭمۇ يۈرىكى چىدىمايتتى. پىنھانە ئەپسۇس چېكىش، ئاللادىن ئىنساپ تىلەش، شەيخ ھەزرىتىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغلار روھىغا سېغىنىش شائىرنىڭ مۇشۇ تەڭقىس، مۇشكۇل يىللاردىكى بىردىنبىر ئامالى بولۇپ قالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېغىرئاياغ پاتىمەنىڭ ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. بىرنەچچە قېتىم بويىدىن ئاجراپ، ئەمدىلىكتە يەنە ئېغىرئاياغ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان پاتىمە ئۈچۈن شائىر ئۆزىنى گۇناھكار سۈپىتىدە ئەيىبلەپ، قاتتىق دەرد - پىغان چېكەتتى، پۇشايمان ئوتلىرىدا كۆيۈپ - پىشاتتى. شۇڭا، ئۇ كۈن بويى ئۆيىدە پاتىمەنى پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، دورا ئەملەپ يىگۈزەتتى ۋە تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ شىپالىق دورا ماتېرىياللىرىنى يىغاتتى. دەرۋەقە بۇنىڭ پايدا - مەنپەئەتى كۆرۈلدى. شائىرنىڭ كۈمىلاچ دورىلىرىنىڭ تەسىرىدە پاتىمە تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، تالا - تۈزگە چىقتى ۋە ھويلا - ئارامنىڭ تاشلىنىپ قالغان كونا - يېڭى ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. تۇمانلار تارقىلىپ ھاۋا ئېچىلدى، زىمىستان قىشنىڭ مۇزلىرى ئېرىپ تەرەپ - تەرەپتە باھار سۇلىرى شىلدىرلاپ ئاققاندەك بولدى، ئەمما بۇلارنىڭ قارارى يوق، ئۇنىڭ چېكىگە بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. شائىر، تەڭرى ئاسانلىق ۋە خەيرلىك بەرگەن بۇ كۈنلەرگە شۈكرى - سانا ئېيتىپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇيتتى. پاتىمە شائىرغا ئۇزاق - ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ كېتەتتى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا سۆيۈنۈش ھېسسىياتى، ئاداققىچە بىرگە ياشاش، مۇشۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان ۋە كۆز ئېچىش ئالدىدىكى مۇبارەك پەرزەنتلىرىنى بىرلىكتە چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش، بىرگە پەرۋىش ئېتىش ئىستەكلىرى

ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ شائىرنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى سىققىنىچە مۇلايىم كۈلۈمسىرەيتتىيۇ، ھايالشىمايلا كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلايتتى. شائىر ئېگىرقايتتى، گۇ- مان ۋە ئەندىشە ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن تۇتۇق ھېس - تۇيغۇلار ئىچىدە پاتىمەنىڭ ياشلىرىنى سۇرتۇپ، باشلىرىنى سىلاپ ۋە چاچ- لىرىنى تاراپ تەسەللىي بېرەتتى، مىسلىسىز كۈچ ۋە جىدام - غەيرەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرىكىدە ئۈنسىز يىغلايتتى. شائىر ئۆزىدىكى ۋە ئايالىدىكى بۇ خىل ئىپادە - ئالامەتلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇپ، قاتتىق چۆچۈگىنىچە پاتىمەنى مەھكەم قۇ- چاقلايتتى. كۆڭۈل ھەممىنى تۇيىدۇ، دىل ھەممىنى سېزىدۇ. خەتەر ۋە بالايى - قازانىڭ ئاچچىق تىكەنلىرى تەنگە سانجىلىپ يۈرەككە يەتكەندە، روھ شىددەت بىلەن ئەۋجلىنىپ ئۆزىنىڭ تۇيغۇ ۋە سېزىملىرىدە بارچىنى يورۇق - روشەن ئەيلەيدۇ.

قىش بىلەن باھارنىڭ ئاراچلىرىدا پاتىمەنى تولغاق تۇتتى. شائىر ئايالىنى تەجرىبىلىك تۇغۇت ئانىلىرى بىلەن ئىچكىرىكى ھۇجرىدا قالدۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ، ئاللاھنىڭ مۇبارەك جامالىدىن چاچرىغان نۇر - شولىلاردەك يارقىن جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار تۇركۇمىگە ئىلتى- جا قىلاتتى. شائىرنىڭ مىلادىيە 1690 - يىلىنىڭ باش باھارىدىكى تەۋەللۇت ئەسنالىرى بۇگۇن، يەنى مىلادىيە 1735 - يىلى كۆز ئالدىدا ئوخشاش بىر ھالدا تەكرارلانماقتا ئىدى. شائىر ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، قوللىرىنى چىڭ مۇجۇپ ۋە بىر - بىرىگە ئۇرۇپ تىنمايتتى. ئىچكىرىدىن پاتىمەنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئاۋازى گاھ بوغۇلۇپ، گاھ ئۇزۇلەتتى. ھويلىدا قۇرئان سۇرە - ئايەتلىرىنى تىنىمسىز شىۋىرلاپ تۇرغان شائىر تۇغۇت ئانىسىغا ئەگىشىپ ھۇجرىغا كىردى. پاتىمە تۆشەكتە ھالسىز ياتاتتى، بۇ دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان مۇبارەك قىز پەرزەنت خۇددى پاتىمەنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۇرىتىدەك يۆگەكتە يېنىك تەۋرىنەتتى. پاتىمە كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ شائىرنى كۆر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى ۋە ئاڭا تارتىشقاندەك بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان بىر ئاچقىنىچە جىمىپ قالدى.

سۇبھى چولپىنى بۇ ئالەمنىڭ رىزقى - ئامەتلىرىگە كۆلۈپ باقالمىدى، ئۇ، تۇرۇم - تۇرۇم قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. كۆك قەرىدىن بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۇزۇن بىر چاقماق چېقىلدى، ئالەم شۇئان پاللىدە يورۇپ بۇ دۇنيانىڭ ئېتەكلىرىنى چاقنىتىپ ئۆتتى. تومۇردەك شاخلاپ زېمىنگە، ئادەملەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەللىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلغان ئاشۇ چاقماق يولىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر ئەتكەن بىر جۈپ پاكىز روھنىڭ غېرىبانە سىيماسى بىردىنلا ئايان بولۇپ ئىشىكنى ئەمدىلا ئاچقان ساخاۋەت-لىك قۇياشنىڭ نۇرانە باغرىغا سىڭىپ كەتتى.

قۇۋمى شەھىدان مازىرى ئادەم دېڭىزىدا چايقىلاتتى، ئۇنىڭ ھەربىر ئۆركەش - دولقۇنىدا ھايات بىلەن ماماتنىڭ ۋىسال ئەۋجى-دىكى ئىشقى - مۇھەببىتى ئاپئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتاتتى. قور-قۇنچ، تەئەججۈپ ۋە ئاڭدىن مۇستەسنا ھالدىكى ئېغىر سۈكۈنات ھەر جان بېغىچىنى سىلكىپ تىترىتىپ، يارائتقۇچىنى خاتىرىلەرنىڭ ھايات تۇزانلىرى باسقان خىرە ئەينەكلىرىدە قايتا نامايان قىلاتتى. قەبرە — ئادەمنىڭ يوقلۇق ئىلكىدىكى سىيماسى، بارلىق زەنجىرى-دىكى ئىزناسى، شۇنىڭدەك ھايات ئەۋجىنىڭ ئاخىرقى چېكى - پاسىلى سۈپىتىدە ئۆلۈمنىڭ ھەقىقىتىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۆلۈم - بەرباتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئۇنى دەقىقىلەر تەرتىپىدە ئالغا سۈرگەن ھايات ئابىكەۋسەرلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار قىمە-مەتلىرىنى ئەسكە سالاتتى. شۇڭا، قەبرە ئالدىدىكى ئادەم ئەڭ ئاۋۋال تەقدىر تەختىدە بەقۇۋۋەت ئولتۇرغان ئاللاغا يۈزلىنىپ، ئۇنىڭ چەكسىز ئۇلۇغ سېھرىي خاسىيەتلىرىنىڭ ئىنسان باللىرىغا ئالاقىدار يۇسۇنىدا كۆرۈلگەن پىنھان ئويلىرىدا ئۆز - ئۆزىگە يېڭىۋاشتىن نەزەر سالاتتى ۋە ئۆزىنى ئۆلۈم بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا ھاياتنىڭ ئەسلىي چىنلىقلىرىغا قايتاتتى. بىراق...

قۇۋمى شەھىدان قەبرىستانلىقى پاتىمە ۋە ئۇنىڭ قىزىنى ئۆز

قوينىغا ئېلىپ ئەسلىدىكى سۈكۈتلۈك مۆڭلىرىغا قايتىپ ئۇزاقا
بارمايلا زېمىن ـ تۇپراقتىن ئەرشىئەلاغا ئۆرلەپ چىققان بىر ئەسە-
بىي نالە ـ پەرياد ئىچىدە بىھوش بولدى. قەبرىستانلىقتا بۇ يەرگە
ئارىلاپ كېلىپ تۇرىدىغان، نىمە ئۈچۈندۇر يەنە توساتتىن ئىز ـ
دېرەكسىز غايىب بولىدىغان جاھانساز ئاشىقى دەرۋىشلەرگە ئوخشى-
شىپ كەتمەيدىغان تونۇش بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، ئادەملەرنىڭ
ناھەق تەقدىرگە، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىغا، تەڭرىتائالانىڭ مۇت-
لەق ھۆكۈمى ۋە تەقدىر ـ قىسمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى.
ئۇ، ياشلىرى تامام قۇرۇپ بولغان، دەرد ـ ھەسرەت ۋە
غەزەپ ـ نەپرەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان،
كۆپكۆك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا — قىبلىگە تىكىپ توختاپ قالغان
بەختسىز شائىر نەۋبەتى ئىدى.

شائىر ئۆيىنى، تىلاۋەتخانىنى، ھەممە نەرسىسىنى ئەستىن
چىقارغانىدى. قەبرە ـ تۇپراق بېشى ئۇنىڭ ئۆيى، ئۇنىڭ تىلاۋەتخا-
نىسى، قىبلىگاھى، ئەرز دەرگاھى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇ يەردىن
كېچەلمەيتتى، ئاشۇ يەردە تەقدىر پەردىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى
رەھىمسىز سىيمالارغا سوئال نەزەرى بىلەن پىنھانە تىكىلىپ ئۆز
ھەقىقىتىنىڭ مەنزىللىرىنى كۆرۈش ئىرادىسىدىن يانالمايتتى.
ئەيسا بەگنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ
پەند ـ نەسىھەتلىرى، تالىپ ـ شاگىرتلارنىڭ يىغلامسىراپ ئۆتۈ-
نۇشلىرى شائىرغا كار قىلمىدى. ئۇنىڭ كەينىدە سايىدەك ئەگى-
شىپ ئىز بېسىپ يۈرگىنى ياش تالىپ، ساباھىدىننىڭ كىچىك
ئىنىسى ئابدۇرەشىد قارى ئىدى. ئۇ بولغانلىقى ئۈچۈن جامائەت
شائىرنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەرگەنىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئەيسا
بەگ ئەۋەتكەن يىگىتلەر ساباھىدىننى لوپنىڭ ئىمامى ئاسىم تاۋاپگا-
ھى[①]دىن تېپىپ قولتۇقلا ياندۇرۇپ كەلدى. ساباھىدىن شائىر
بىلەن بىرگە پاتىمەنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز

---

① ئىمام ئاسىم تاۋابگاھى — لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىغا جايلاشقان، خوتەن-
نىڭ ئىسلاملىشىش تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك قەدىمىي قەبرىستانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇرئان تىلاۋىتى قىلىپ، دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇغاندىن كېيىن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان شائىرنى يېتىلەپ ئۆيىگە ئەكەتتى. ئۈچىنچى كۈنى تاڭ ـ سەھەردە ئۇلار قولتۇقتىن ئاتلىنىپ خوتەن يولىغا چۈشتى ۋە كۆڭۈللىرىگە پۈكۈشكەن ھىدايەت مەنزىللىرىنىڭ ئۇلۇغۋار سېھرىي كۈچى بىلەن بىپايان ئالەم ئېتەكلىرىگە يورۇقلۇق بولۇپ قوشۇلدى.

## 5

بەش يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادىيە 1741 ـ يىلى باش كۈزنىڭ بىر خەيرلىك سەھىرىدە شائىر ساباھىدىن بىلەن بىرگە مۇشۇ قۇتلۇق سەھەرنىڭ مۇبارەك قۇياشىدەك بىر پۈتۈن ئاقلىق ۋە بىر پۈتۈن نۇرانىلىك ئىچىدە قۇلتۇق سەھراسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىلاھىي ئىشقىنىڭ سېھرىلىك ئوت ـ گۈلخانلىرىدا تاۋلىنىپ ھەق يولى ـ مەنزىللىرىگە نۇرانە شولىلارنى تاشلىغان بولۇپ، چېھرىدىن يار ۋەسلىنىڭ ئادەم، ئالەم ۋە ئاللاغا تۇتاش تەبەسسۇملىرى ئۆرلەپ، بالقىپ تۇراتتى. بەش يىل ئۇلارنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىغا قېرىلىقنىڭ ئاپئاق چاڭ ـ توزانلىرىنى قوندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاشۇ نۇر تېزلىكىدىكى يارقىن سۈرئەتلەرنىڭ خاسىيىتىدە ئەبەدىيەتنىڭ پىنھانە تاڭلىرىدا نىجاتلىق غۇنچىلىرىنى ئۈزۈشكەنىدى. بۇ ھال شائىر نەۋبەتى بىلەن ساباھىدىننىڭ يەككە روھىي قۇربەتلىرىدىن تاشقىرى، يەنە ئالتە شەھەر خانلىقىنىڭ يېپيېڭى تاڭلىرىغا ھامىي بولغان سۇلتان خوجا ياقۇپ (1700 — 1756)① ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىجتىمائىي غايىلىرىگە باغلانغانىدى. مۇشۇ دەۋردە، يەنى 1736 ـ يىلىدىن 1756 ـ يىلىغىچە بولغان دەۋرلەردە ئالتە شەھەر خەلقى يېقىنقى

① خوجا ياقۇپ — خوجىسا جاھان ئەرشى، 1736 ـ يىلىدىن 1756 ـ يىلىغىچە ئالتە شەھەر خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان ئادىل، تەرەققىيپەرۋەر پادىشاھ، تالانتلىق شائىر.

ئەللىك يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ، يەرۇ زېمىندا ياپىېشىل جىلۋە ئەيلەپ تۇرغان باھار ئاسايىشىنىڭ سۈزۈك ھاۋاسىدىن قېنىدىپ نەپەس ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندى. شائىر ــ ئۆلىمالار قەدىرىيەت تۆرىدە ھۆرمەت ــ ئېتىبارغا ئېرىشكەن مۇشۇ خاسىيەتلىك تارىخىي دەۋرنىڭ باش ئېقىنىدا سەير ــ سەپەرگە ئاتلانغان بىر جۈپ قەلب ساھىبلىرى پايتەخت يەركەن ۋە باشقا شەھەر ــ ئاستانىلەردە خوجا ياقۇپنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشىپ، مۇشكۇلات چۆلىنىڭ دەردى ــ رىيازەتلىرىدىن خالاس تاپقانىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەر يەر، ھەر جايدا ئىلىم ــ ھېكمەت جاۋاھىراتلىرىدىن نۇرانە شولىلار بېرىپ، ئىلىم ئەھلىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشقان، قەلەم ھىممىتىگە ئىلھام بەخش ئەتكەندى. شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ مۇنۇ نەزمىلىرىدە شۇ خىل ھايات مۇساپىلىرىنىڭ ئىزنالىرى ئەكس ئېتىپ، شائىر قەلبى ۋە كۆزىگە تۇتاش تۇرغان ئۇلۇغۋار سىيمالارنىڭ ھەقىقىتى جۇلالىنىدۇ:

نەچچە يارۇ دانىش ئەھلىغە بار ئېردى ئۇلفەتىم،
كۆز ئاچىپ يۇمغۇنچە ئايرىلغاچ ئاشىپتۇر ھەيرەتىم[①]

ھەممە ياق ئالتۇن رەڭگىدە ساپسېرىق تاۋلىنىپ تەبىئەت مەۋسۇمىنىڭ قىرانىغا بەلگە بېرىپ تۇراتتى. نەۋبەتىگە ھەدىيە قىلىنغان، سۆيگۈ ۋە نىكاھ بەختىنىڭ گۈزەل ئەستىلىكلىرىگە شاھىت بولۇپ ئىككى ئالەم جەننىتىنى بىر ــ بىرىگە تۇتاشتۇرغان ئالمىزار باغ ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى زىل، نازۇك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نەۋبەتى بىلەن ساباھىدىن بىر ــ بىرىگە مەنىلىك بېقىشىپ ئىچكىرىگە نەزەر سالدى. ئىچكىرىدە، دەرۋازىدىن قورۇ ئالدىغىچە سوزۇلغان يولدا خېلىلا بوي تارتىپ يىگىتلىك

① «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (3)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ــ يىل 3 ــ ئاي نەشرى 141 ــ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەۋسۇمىگە يېقىنلاپ قالغان، مەھەللىدىكى بالىلارنى مېۋە يىغىش ئىشلىرىغا سېلىشىۋاتقان ئىرفان كۆرۈندى. ئۇ سول قولىنى بېلىگە تىرەپ ئوڭ قولىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان بالىلارغا بۇيرۇق – ئىشارەت قىلىپ قەددىنى تىك تۇتقىنىچە مەغرۇر تۇراتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بوۋىسى ئەيسا بەگ بىلەن ئانىسى پاتمەنىڭ سۈپەت – سۈباتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم ئەتكەن بولۇپ، نەۋبەتتە گويا پاتمە-نىڭ بىر چاغلاردىكى قەيسەر، جەسۇر سىيماسىنى ئەسلەتتى. شا-ئىرنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى، تەشنالىق ۋە سېغىنىش ھېسسى-ياتى يۈرىكىدىن كۈچ بىلەن تېپىپ، كۆزلىرىدىن سۈپسۈزۈك ياش بولۇپ ئېقىپ چۈشتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ ئوغلىدىن ئىبارەت بىرلا بايلىقى، بىرلا ۋارىسى ۋە بىرلا ئائىلىۋى شادلىقى قالغانىدى. ئۇنى سۆيۈش ۋە تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇش بىلەن ئورۇنلىنىدىغان بۇرچ، پەرز ئالدىدا شائىر ئەمدى ئاۋۋالقىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆزى-نى تولىمۇ بەختىيار ۋە تولىمۇ شەرەپلىك ھېس قىلدى. ئەبەدىيەت-نىڭ ئىپتىخارى، ئائىلىۋى سائادەتنىڭ يادىكارى سۈپىتىدە بالاغەت پەسلى باھارىغا تۇتاشقان سۆيۈملۈك ئوغلىغا قاراپ ئىنتىلدى.

ئىرفان دەرۋازىنىڭ قېيىشىپ ئېچىلغان مۇڭلۇق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەينىگە قايرىلدى ۋە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ، ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان خىزىر سۈپەت ئىككى كىشىنى كۆرۈپ ئۆز ئورنىدا بىرنەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن «ئاتا!» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى. ئاتا بىلەن بالا بىر – بىرىگە ئېسىلىپ، باغرى ۋە يۈز – مەڭز يېقىپ، ئۆزئارا بەخت – شادلىق ياشلىرىنى ئاققۇزغاندىن كېيىن، چىنىدەك پاكىز تازىلىنىپ، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئايۋان ئۆيگە كىرىپ ئارام ئېلىشتى.

شائىر ئوغلىغا يېڭىۋاشتىن نەزەر سېلىپ، ئۇنى يېڭىۋاشتىن تونۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئىرفان ئون تۆت ياشقا قەدەم قويۇپ خېلىلا بوي تارتىپ قالغان، بوۋىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئادەمگەرچىلىك قائىدە – يوسۇنلىرىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، قولتۇق سەھراسىدىكى بارچە كىشىنىڭ تىلىدا تەرىپلىنىپ، دىلىدا

ئەتىۋارلىنىپ، شائىرنىڭ نام ـ شۆھرىتىگە ھۆسن قوشقانىدى. ئۇ، نەسىل ئېتىبارىدا رەڭ تۈزگەن لاياقەت غۇنچىلىرىنى شېئىرىيەت ۋە قـەلەم ئىشى بىلـەن ئـەمەس، بەلكى بەگلىك ـ ئەلەم ئىشى بىلەن ئېچىلدۇرۇش ئىشتىياقىدا تاشقىنلايتتى. بۇ ھال، شائىرنىڭ كۆتكىنى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ خىل تەبىئىي رايىغا، ئۇنىڭ ئەل ـ ئاۋامغا پايدىلىق بولغان بەھرىدار كېلەچىكىگە ئۈمىدۋار نىگاھلىرى بىلەن تىكىلىش ئارقىلىق ئوغلىنى ھەق ـ ناھەق مىزانى، مېھىر ـ شەپقەت تەلقىنلىرى ۋە ئاتا مىراس تېبابەت جەۋھەرلىرىدە پىشۇرۇپ يېتىلدۈرۈش قارارىغا كەلدى. شائىر بۇ قارارلىرىنى مەسلىھەت تەرىقىسىدە ناھايىتى تەسىرلىك سۆز ـ ئىبارە ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە باي دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن ئېيتىپ، ساباھىدىنىنىڭ تەرىپىگە ۋە ئوغلى ئېرفانىنىڭ تولۇق رازىلىقىغا ئېرىشتى.

ئىنسان بالىسى ھامان تەبىئەت ئالىمىدە ئەركىن بەرق ئۇرۇپ كۆكلەپ ياشنايدۇ. ئۇنىڭ رايى، ئەرك مەۋقەسى ئۆزى بىلەن ئۆزىنىڭ قارشىسىدىكى جەلپكار بوشلۇقلاردا يول ئېچىپ، ئاڭ ـ ئىدراكىنىڭ ئالاقىدار ئۇيغۇنلۇقلىرىدا شەكىل تۈزىدۇ. ئۇنىڭ تەربىيە ۋە ئەخلاق ئالىمىدە ئېگىلىشى، ئۆزگىرىشى ئۆزىدىن ھالقىپ تۇرغان نىسبىي زور كۈچكە ئىلاجسىز يوسۇندا بىلدۈرگەن بىر مەھەللىك ئىنكاسى سۈپىتىدە ئۆزلۈك ماھىيىتىنىڭ تۈپكى رايىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىرلىك تەربىيىسى سانسىز ئۆزلۈك ھالقىلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇتلەق زەنجىرىگە چاتالمايدۇ، بىرلىك تەربىيىسى ئاستىدا ھەم بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئۆزلۈك تۇغۇندىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئىنسان قان ھالىتىدە ئۆزىنى سەزگەندىن باشلاپ تاشقى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلىپ بارغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسىي روھىيەت تۈزۈلمىسى ئاڭ ـ ئىدراكتا ئۆزىنى سېزىشتىن ئاۋۋاللا مۇئەييەن تۇراقلىق ھالەتنى ئىدارە قىلىپ بولغان بولىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئەزەلىي ھاللىق مۇتلەق ئەرك ـ ئىختىيارنى ياقلايدۇ، نەسلىگە تالىق تۈپكى

مەنبەنى ئېقىنلار بويىچە ئىستېمال قىلىپ، ئۆزلۈك ھاۋاسىنىڭ تەئۇر كىلىماتىغا قارشىلىق بىلدۈرىدۇ. ئاڭ ۋە ئىدراك، گەرچە تەربىيە ئالىمىنىڭ، ئىجتىمائىي ياشاش مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە قارالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزلۈكتىكى نىجاتلىقى ئىنساننىڭ ماھىيەت چوڭقۇرلۇقىدىكى ئەزەلىي ھاللار تەرىپىدىن شاللىنىپ خاس بىر سۈپەتتە خاس بىر تەرەققىيات يولىغا سېلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئادەم ئالەم ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ، پەرقلەر رىغبىتى بىلەن ئۆزىنى ۋە دۇنيانى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبىئەت ياتلىششى ۋە بىر ئەندىزىلىك بۇرۇقتۇرما ھايات پاجىئەلىرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي بەختى ۋە شەرىپى ئۆز ئۆزىگە ئېرىشىشىنىڭ بەھرىدار كەڭلىكلىرىدە روي بېرىپ نۇرانە جىلۋىلەرگە تولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۆزگە ئېرىشىشى خىرە كۆزلەرگە ئادەت مەنىسىدە تاشلىنىدىغان يەككە - يېگانىلىك ۋە تەنھالىق بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن ھايات رىشتىگە باغلانغان بارلىق ھايات تەركىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدىكى ئالەملىك بىرلىك، ئادەمىي مۇكەممەللىككە ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سائادەت ۋە شەرەپ ئۇزاققا سوزۇلغان قان - تەر ۋە چەكسىز رىيازەتلەرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئىنسان بالىسىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە روھىيەت ئالىمىدىكى كامالىتىگە بەلگە بېرىپ، ئۇنى زامانلار دولقۇنىدا ئۈزگۈچى نىجادىيەت كېمىسىنىڭ ئۇلۇغ رولچىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئادەم، ئالەمنىڭ قارشىسىدا بىر ئالەم، ئالەم ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر ئالەم. ئادەم ئالەملەر بىرلىكىنى ئۇيۇق قىلغان تەپەككۇر قۇياشى. ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئېرىشىشى ئالەمگە ئېرىشىشى ۋە ئالەملەر بىرلىكىنى ئۇيۇق قىلغان تەپەككۇر قۇياشىغا ئېرىشىشىدۇر. شۇڭا، ئادەمنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشى، ئۆزىدىن ياتلىششى ئالەمنى يوقىتىش ۋە ئۆزلۈك بەختىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بولغان تەپەككۇر قۇياشىدىن ياتلىششى بىلەن بىر ئۇقۇم...

يىللار ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىدى، يىللارنىڭ ئوي - تەپەك-

كۆر ۋە مېھنەت ھەممىتى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ بەھرىدار
كەڭلىكىنى نۇرانە ھايات جىلۋىلىرى بىلەن بېزىشى ئارقىسىدا،
ھەممە ياق خۇددى ئاداققى باھار مەنزىرىسىگە ئوخشاش يېشىللىق
ئىچىدە مەپتۇنكار جىلۋە ئەيلەپ، شائىر نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ قەلب
رىشتىسىگە چېتىلغان بارلىق كىشىلەرنى بىر ئورتاق ئەزەلىي مەن-
زىللەرنىڭ نۇرانە باغرىغا يېتەكلەپ بارماقتا ئىدى. قوۋمى شەھە-
دان مازىرىنىڭ شىمالىي چېتىگە، مەسچىتكە يانداش جايلاشقان
تىلاۋەتخانا ھويلىسىدىكى كەڭ سۇپىدا شائىر ھەر كۈنلۈكى يۈكۈ-
نۈپ ئولتۇرۇپ، ئىبادەت ۋە ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇل ئىدى.
تىلاۋەتخانىدا ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، بۇ يەر ئەمدىلىكتە كىتاب ئوقۇغۇ-
چى ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ دەرگاھى بولۇشتىن سىرت،
يەنە بىمارلارنىڭ داۋا تاپىدىغان شىپاخانىسىغا، ئاچ ـ يالىڭاچ
كەمبەغەللەرنىڭ، ماكانسىز قەلەندەر ـ ئاشىقلارنىڭ ئاش ـ تاماق
ۋە كىيىم ـ كېچەككە ئېرىشىدىغان ساخاۋەتگاھىغا ئايلانغانىدى.
شائىر ئۇ يەردە تېۋىپ، ۋائىز، ساخاۋەتچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا
چىقىپ باغرىدىن تېشىپ تۇرغان مېھىر ـ شەپقەتلىرىنى كىشىلەرگە
پۈتۈنسۈرۈك بەخشەندە قىلاتتى. كېچىلىرى ئۆيىدە ئوغلى ئېرفانغا
ھايات قانۇنىيەتلىرىدىن تەلىم ـ ساۋاق بېرىپ، ئاتا ئاتا مىراس
تېبابەت ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلايتتى. ئەمما،
ئۇ ئۆزىنىڭ يەككە مەۋجۇتلۇق سېزىملىرىدە ئۆزىنى يەنىلا رىئال
بىر ھالدا تەنها سېزەتتى. ئۇ شۇ خىل تەنھالىق تۇيغۇلىرىدا ئەقىل
يېشىغا يەتكەندىن بۇيان كۆرگەنلىرىنى، ئوقۇغانلىرىنى، ئاڭلىغان-
لىرىنى ۋە بىلگەنلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تەپەككۇر ۋە ئىدراك
قىلىشتىن ھاسىل بولغان تېخىمۇ كەڭ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ تەنها شۇ تۇرقى پۈتكۈل ئالتە
شەھەر مەملىكىتى، ھەتتاكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىلىش
يۈكسەكلىكىدە سىزىلغان رەڭدار سۈرەتلىرىنى ئۆز ئىچىدە يوشۇ-
رۇپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلبى شاۋقۇنلۇق دەرياغا ئوخشاش
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئۆرلەپ تېشىپ، ئۆزىنى خاس بىر ئىنسان

www.uyghurkitap.com

سۈپىتىدە قورشاپ تۇرغان بارلىق سىرتقى شەكىللەرگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق يېڭى ئىجادىيەت نەتىجىلە-رى ئەنە شۇ خىل تەرزدە ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان روھ بىلەن تەننىڭ، روھ بىلەن ئالەمنىڭ، شۇنداقلا يەنە روھ بىلەن ئاللانىڭ ئۆزئارا سوقۇلۇشى ۋە قايتىشى داۋامىدا تارقىغان ئاجايىپ جۇلالىق تۇيغۇ ۋە ئىدراك ئۇچقۇنلىرىدىن مەيدانغا كېلەتتى. شائىر قەلبىدىكى ئەبەدىيەت ئىشتىياقى تەپەككۇرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئەڭ نازۇك قاتلىرىدىن رەڭدار چېچەكلەر ئېچىپ، تۇيغۇ ۋە ئىدراك سەللىرىنى ئالەم ئارا ھەيۋەت بىلەن تاشتۇرۇپ باراتتى. سۆزلەر، مىسرالار ئۆزىنىڭ ماس - ئۇيغۇن قاپىيە، ۋەزنلىرىدە شائىر قەلبىنىڭ سۈپسۈزۈك ئەينەكلىرىدە جىلۋىلىنىپ، قەلەم ھىممىتى-دە سېرىق خوتەن قەغىزىگە مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شۇ قاتاردا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىمۇ بۇ قولىيازمىلارنى پات - پاتلا نەمدەپ، ھۆلدەپ باراتتى.

شائىرنى ئاخىرەت شىددەتلىرى ۋەھىمىگە سالماقتا ئىدى، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ بۇ قېرىلىق دەۋرلىرىدە ئۆلۈم دەھشىتى ۋە ئاخىرەت شىددەتلىرىگە يۈز تۇتقان ھالدا ياشلىقىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن، ئۇ ئالەمنىڭ پىنھان سوراقلىرىنى ئۆز گۇناھى ۋە ساۋابى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ يادىدا تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى مەنزىل، ئاخىر-قى ئۆتكەل ۋە ئىمتىھان ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇشكۇل تۇيۇلماقتا ئىدى. شائىر ئۈچۈن ئۆمۈر بىر سىناق - ئىمتىھان ئىدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسىدە ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھاياتىدا تاپقان ساۋابى بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ تەقدىرى بىر ياقلىق قىلىناتتى. شائىر ئۆزىنى ئاشۇ دەملەرگە قويۇپ تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇدى، ساۋابىدىن گۇناھىنى ئۈستۈن قويۇپ، پۇشايمان ئىلكىدە كۆز يېشى قىلدى. بۇ خىل گاڭگىراش ئىپىدىكى مۇجمەل ھېس - تۇيغۇلار شائىر ھاياتىنىڭ رېئال ھەقىقەتلىرىگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئەمما ئاخىرەتنىڭ ئىزچىل تۇردە ئومۇمىيۈزلۈك تەكتلىنىپ روھىي ئالەمگە باشتىن - ئاخىر چوڭ-

قۇر سىڭدۇرۇلۇشى ھەربىر ئىنسان بالىسىدا ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايدىغان ئادەتنى يېتىلدۇرگەنىدى. شائىر شۇ تەرزدە ئۆزىنى ئۆرتەپ، كۆيدۇرۇپ تۇرغان ئاخىرەت شىددەتلىرىدىن كۇچلۇك ئىلھام ۋە ھاياجانغا چۆمۇپ تەڭرىگە يۇزلەندى ۋە ئۇنىڭ مېھىر - شەپقىتىدىن ئۇمىدلەر كۇتۇپ ساۋاب - رىزقىغا يېتىشۋاشتىن ئىرادە باغلىدى. ئۇنىڭ شۇ دەملەردىكى قەلب كۈيلىرى رىتىملىك دولقۇن ياساپ سىرىق خوتەن قەغىزى يۇزىگە دەممۇ دەم تۆكۇلمەكتە ئىدى:

ئاخىرەت شىددەتلەرىدىن تۇرفە غەم كەلتۇرمىشەم،
ھەر سەھەرلەردە كۆزۇمدىن قەترە نەم كەلتۇرمىشەم.
بۇ «ئەلىق» دەك قامەتىم دەۋزەخ غەمىدە بولدى «نۇن»،
يازۇقۇمنىڭ جىھتىدىن قەددىمنى خەم كەلتۇرمىشەم.
ھەر زەمان قىلغان گۇناھىمغە نەدامەت ئەيلەبان،
نەفسىمەكىم، بىر قەنائەتدە ئەلەم كەلتۇرمىشەم.
رەھمەتىڭ بىرلە گۇناھىمنى كەچۇرگىل، ئەي ئىلاھ،
دەرگەھىڭغە ئىلتىجا، ئەفۋى، كەرەم كەلتۇرمىشەم.
كىردىگارا، بەندەگە تەۋفىقۇ تائەت قىل ئەتا،
قۇللۇق ئەيلەپ سەجدەگە باشىمنى خەم كەلتۇرمىشەم.
پادىشاھا، تۆرت نىمەرسەدۇر، سېنىڭ گەنجىڭدە يوق،
يوقلۇقۇ ئاجىزگىنە ھاجەت بەھەم كەلتۇرمىشەم.
ئەي خۇدايا، رەھمەتىڭدىن نەۋبەتى ئۇمىدۋار،
تەۋھىدىڭغە مەن گۇناھكارى قەلەم كەلتۇرمىشەم[1].

شېئىر - نەزمىلەر شائىر قەلبىنىڭ پىنھان خىلۋەتلىرىنى ئەبەدىيەت روھىدا يورۇتۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، شائىر خۇددى قابا-ھاتلىك چۇش قوينىدىن ئويغىنىپ ئۆزىنى بەختىيار بىر ھالدا كۆرگەندەك خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە مۇلايىم كولۇمسىرىدى. ئۇ-

---

① «دىۋانى نەۋبەتى»: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى 67 - بەت.

www.uyghurkitap.com

نىڭ كۆيلىرى ئىلىم ـ مەرىپەت شاماللىرى پىنھان بىر ھالدا يەلپۈپ تۇرغان قەلب دەرەخلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن ئۆرلەپ، ھېكمەت نۇر ـ شولىلىرىدىن رەڭ تۈزەپ قەلەم ھىممىتىدە جاراڭلايتتى. كۈي — مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆز ـ ئۆزى ئۈستىدىكى يەككە خۇلاسىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ھالقىغان ئالەم كەڭلىكىدىكى ھاياتىي خىتابلىرى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ ساداسىز، ھىممەتسىز گۇناھكار بەندىلەردىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئىگىسى، ئىجادچىسىغا ئەبەدىيەتنىڭ شانۇ شەرىپىدىن، ئىككى ئالەمنىڭ ساۋابى ۋە خەيرىيىتىدىن بېشارەت بېرىدۇ. كۈينىڭ تەمى ھەم پۇرىقى ھايات چۆلىدە ھارغان، بېشى قايغان بىچارە يولۇچىلارغا بەھىر ـ ئوزۇق شاراپىتى بەخش ئېتىپ، ئۇلارنى ئادەمىي كامىللىق يولىغا مېڭىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. شۇڭا، كۈي، شېئىر ۋە باشقا ئەدەبىي ھاسىلاتلار ئىلىم ـ ھېكمەت ھەم ئوي ـ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنىڭ ئىنسان قەلبى ۋە ئىنسان ھەسىبى ـ ھالىغا يارىشا تۇرلۇك شەكىل تۈزۈشى سۈپىتىدە قەلەمكەشتىن ئىبارەت كۈيچى بولبۇلغا ئويغاتقۇچى، ئاقارتقۇچى ئۇلۇغلار تۆرىدىن خاس ئورۇن بېرىپ ئەبەدىيەت ساماسىغا كۆتۈرىدۇ، شۇنداقلا تەڭرىنىڭ مېھىر ـ شەپقەتلىك قەلبىگە يېقىن سۈرۈپ بارىدۇ. ئېھتىمال بۇ دۇنيادا ئىنساننىڭ ئىنساننى ئويغىتىشى، ئىلىم ـ ھېكمەت نۇرى بىلەن ئاقارتىشىدىن ئۇلۇغ ۋە ساۋابلىق ئىش بولماس، ئاخىر.

ۋاقىت ئاتقان ئوقتا ئوخشاش ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئۆتمەكتە ئىدى، شائىرنىڭ كۆز ئالدى يوپيورۇق، ئىلھام ـ ھاياجانلىرى دولقۇنلۇق، كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرى شاش ئىدى. ئۇ تىلاۋەتخانا ئىشلىرىنى شاگىرتى ئابدۇرەشىدكە تاپشۇرۇپ، ئۆيىگە قايتتى ۋە بارلىق شېئىر يازمىلىرىنى ئالدىغا كەڭ يايدى. شۇ دەم، شائىرنىڭ ئۆمۈر ھەققىدىكى ئاچچىق ـ چۈچۈك تەسىراتى كەمتەرىن لەۋزىگە قاتار تىزىلىپ ۋەزىندار بىر كۈينى ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يازمىلىرىنىڭ ئاخىرقى بېتىگە مۇنۇ غەزەلنى نەقىشلىدى:

قىلمادىم ياخشى ئەمەل، بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ،
ھەق تەئالا نەزدىدە بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ.
ئۆمرۈم ئەللىك يەتتەگە يەتتى ھەنۇز مەن ئەل ئەمەس،
ئەمرى ھەقنى تۇتمايۇ بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ.
ھېچكىم مەندەك يەنە رەسۋايى ئالەم بولماغاي،
زۇلم ئەيلەپ مەن ئۆزۈمگە بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ.
زۇھدۇ تەقۋا قىلمادىم، يا خىزمەتى پىرى مۇغان،
ھېچ كار يەتكىلىغ نەھىس بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ.
ئاقىل ئېرسەڭ گۈلبە يەتكىلىغ چىغەنى قىلمە تەلەب،
ھېچ ۋەفا قىلماس ساڭا، بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ.
ئارىفۇ رىندانەلەر جامى مۇھەببەت قىلدى نۇش،
جۇستۇجو قىلغىلكى سەن، بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ.
نەۋبەتى قىلغىل قەنائەتكىم تاپىلسە نىئمەتى،
نۇش ئەيلە بىر دەمى، بىھۇدە ئۆمر ئۆتتى، دەرىغ[1].

باغ ئىچىدە ھۇپپىدە ئېچىلغان قىزىلگۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى، تۇرلۇك قۇشلارنىڭ خۇش ئاۋازى پەنجىرىلەردىن ئۇچۇپ كىرىپ شىرە ئالدىدا مۇكچىيىپ ئولتۇرغان ئاق يۇزلۇك، ئاپئاق ساقاللىق خىزىر سۈپەت شائىرنىڭ كەيپىنى كۆتۈرەتتى. كۈندۈزلىرى قۇياش نۇرىدا، كېچىلىرى جىنچىراغ يورۇقىدا چوڭ ـ چوڭ ھۆسنخەتلەرنى بەت يۈزىگە، بەلكى مۇشۇ ئالەمنىڭ كۆكسىگە نەقىشلەپ ئويۇۋاتقان شائىرنىڭ كۆز ئالدىدا ئاۋام ـ خەلق دەرياسىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد، زامانلاردىن زامانلارغا ئېقىپ تۇرغان ئۇلۇغ ئېقىنلىرى پات ـ پاتلا پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئۆز قوينىغا تارتىپ كېتەتتى. شائىر ئۇ يەردە ئىنسان بالىسىغا كەمدىن ـ كەم نېسىپ بولىدىغان ئاجايىپ شېرىن، ئاجايىپ بەھرىدار بەخت ـ سائادەتنىڭ ھۇزۇرىغا ئېرىشەتتى. شېئىرلار يەنە ئۆتكەنكى ھاياتنىڭ گۈزەل ۋە ئازاب-

---

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 54 ـ بەت.

لىق ئەس ـ خاتىرىلىرىنى جانلاندۇرۇپ، شائىرنى پات ـ پاتلا ئۆتمۈشنىڭ رەڭدار قوينىغا چىللايتتى. شائىر شۇ ئارىدا ۋە شادلىق ھېسلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن روھىي ھالەت ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ، غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئۆزىگە قايتىپ كېلەتتى. سىياھقا چىلىنىپ بەتكە قويۇپ بېرىلگەن شاش قەلەم ئېتى بەت يايلاقلىرىدا بولۇشىچە چېپىپ، بىردە يورغىلاپ، بىردە توختاپ ئالغا ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرىدىن گۈزەل ۋە كۆركەم خەت گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ، ئەبەدىيەت ئالىمىگە خۇش ھىد چاچاتتى. تەرلەر بىلەن ياشلارنىڭ قوشۇلۇپ ئېقىشى ھاياتىي نۇرلارغا چۆمۈلگەن رەڭدار گۈل ـ چېچەكلەرنى سۇغىرىپ تۇراتتى. شائىر مەستخۇش ئولتۇرۇپ، ھەربىر تال گۈل ۋە يوپۇرماقنى پېشانىسىگە، كۆزىگە، مەڭزىگە ۋە يۈزىگە يېقىپ ئۇزاق سۆكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن، ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر ناۋا ئەيلەپ قەلەمنى سۇندۇردى:

ئەي يارانلار بىز ئۆلۇرمىز يادىكار قالدى كەلام،
كىشىدىن قالغاي جەھاندا بىر نىشانە ياخشى نام.
مىڭ يۈزۈ ئاتمىشدا ئېردىكىم پەيەمبەر ھىجرەتى،
بۇ كىتابى نەۋبەتى تەسنىف بولدى ۋەسسالام.①

بۇ مىلادىيە 1747 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلى بولۇپ، ھاۋا ئادەتتىن تاشقىرى دىمىق ئىدى. شائىر سىرتقا چىقتى ۋە ئىسسىق، ساپ ھاۋادىن كۆچەپ نەپەس ئالدى. شۇئان ئۇنىڭ يۈرىكى ئوت ئېلىپ كۆيگەندەك بولۇپ، پۈتۈن ئەزايى ـ ۋۇجۇدى چىدىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى. غايىب بىر سېھرىي كۈچنىڭ پىنھان ئالامەتلىرى قەلبىدىن يالت قىلىپ كەچتى، ئاسمان بىراقلا پەسلەپ، ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ دەس كۆتۈرگەندەك بولدى.

---

① «دىۋانى نەۋبەتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى 102 ـ بەت.

شائىر ئىككى قولىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرىگە جۈپلەپ نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىدى، ئاندىن ھويلىدىكى سۈپىدا تاتلىق ئۇخلاپ ياتقان ئېرفاننى باشلىرىدىن مېھرلىك سىلىغىنىچە چوڭقۇر خىياللار ئىچىگە غەرق بولدى.

## 6

ئالەمدىكى تەللىك، ئوخشاشلىق، شۇنىڭدەك بىر ـ بىرىگە يۆلىنىشچان تۇزۇلگەن جانلىقلار زەنجىرى ھەر يەر، ھەر جايدىن كەلگەن ئاغرىق ـ بىمارلارغا شىپالىق بېرىپ ئالدىراش ئىشلەپ يۈرگەن نەۋبەتىنىڭ خىيالىنى ئۆزىگە بەند قىلىۋالغانىدى. تېبابەت ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى ئەنە شۇ خىل ھالەتلەرنىڭ قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىپ، ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەبىئەتتىن ھالقىغان ئۇلۇغۋار ئەقلىي كۈچ ـ قۇدرەتلىرىنى ئىسپات ئەتكەنىدى. شائىرنىڭ نەزەرىدە ئالەم بەندىگە پۈتۈنسۇرۇك بەخش ئېتىلگەن نېسىۋە ۋە رىزىقتىن ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ باغرىدىكى جىمىكى جانلىق ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تەقەززا ۋە شەرت قىلغان ھالدا ئىنسان تېنىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھەم ئەسلىي سۈپىتىنى ئىلگىرى سۇرۇش خاسىيىتىدە سىرلىق، سېھرلىك جىلۋىلەنمەكتە ئىدى. جانلىقلار دۇنياسى ئىنساننىڭ ئاددىي ئىستېمال ئېھتىياجىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى تەپەككۇر ۋە ئىختىرا ئېھتىياجلىرىدا تېخىمۇ يۇكسەك ئورنى، رولى ۋە قىممىتىنى تېپىپ، شىپالىق خاسىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئىنساننىڭ جانلىقلار دۇنياسىنىڭ مەركىزىدە بارلىققا تۇتىشىپ ۋە بارلىقنى ھالقىش مەيدانى قىلىپ تىك تۇرۇشى بۇنىڭ مىسالى. ئۇ بارلىقنىڭ ئىگىسى بولغىنى ئۈچۈن، ھاياتلىق ئالىمى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆزىنى ساقلاش بۇرچى ھەم ئىپتىخارىنى داۋام ئەتتۈرۈپ بارالايدۇ. شائىر جانلىقلار ئالىمىنىڭ تەركىبى، تەرتىپى، تۈر ـ

خىلى ۋە ئۇلارنىڭ يەككە خۇسۇسىيەتلىرى خۇسۇسىدا ئوي سۇ-رۇپ، ئىنسان بالىسىدا كۆرۈلىدىغان ئاغرىق - سىلاقلارنىڭ ئەم - داۋاسىغا چارە ئىزدەيتتى. شائىردا مۇشۇ يېشىغىچە ھاسىل بولغان تەجرىبىلەر، بىمارلاردا كۆرۈلگەن بەلگە - ئالامەتلەر، شىپالىق تېپىشنىڭ نەتىجىلىرى، تىببابەت رىسالىلىرىدىكى بايانلار ۋە چەكسىز ئىمكانلاردا جەلپكار كۆرۈنگەن جانلىقلار دۇنياسى ئۇ-نىڭ تەپەككۇر بوشلۇقلىرىدا قەلەم ھىممىتىگە تارتىشقان مىسلىسىز كۈچلۈك بىر ھەۋەس - ئىشتىياقنى جۇلالاندۇردى. شائىر ئۇنىڭ ئالدىدا دەسلەپ تەمتىرەپ ئىككى خىيال بولدى، كېيىنچە ئىچ - ئىچىدىن غەيرەتلىنىپ قولىغا قەلەم ئالدى. دەپتەرنىڭ باش بېتىگە چىرايلىق قىلىپ «شىپانامە» دېگەن سۆزلەر يېزىلدى، ئىككىنچى بېتىدىن باشلاپ ئاللاغا مەدھىيىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالەمنىڭ يارىلىش خاسىيەتلىرى، ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ تۈر - خىللى-رى، خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تايە-نىشچان شەرتلىك مۇناسىۋەتلەر... ئىشقىلىپ، جانلىقلار ئالىمى ھەققىدىكى ئومۇمىي بايانلار مەنتىقىي يوسۇندا قەلەمگە ئې-لىنىپ ، قەدەممۇ قەدەم تىببابەتنىڭ ئۆزىگە ئىچكىرىلەپ كىرىشكە باشلىدى. رەھمەتلىك ئاتا، خوتەن مۇلكىنىڭ داڭلىق تېۋىپى مۇ-ھەممەدنىڭ ئەس - خاتىرىلەر ئارا نۇرلىنىپ تۇرغان سۆيۈملۈك ئوبرازى ۋە تىببابەت ئۇستىدىكى ماھارەتلىرى نەۋبەتىگە روھىي ياقتىن ئىلھام، رىغبەت بەخش ئېتەتتى. ياشلىق باھارىغا يەتكەن ئىرفان ئاتىسىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ مۇش-كۇلىنى ئاسان، يىرىقىنى يېقىن قىلىپ بېرىۋاتاتتى. نەۋبەتى زامانلار سىرتىدا، ئىنسانىنىڭ خاس ھايات ئېقىنلىرى بويىدا ئىلىم - ھېكمەت مارجانلىرىنى سۈزۈپ، ئۇلارنى رەڭ ۋە خىللىرى بويىچە دىل يىپلىرىغا ئۆتكۈزۈپ، ئوي - تەپەككۇر بارماقلىرى بىلەن بىر - بىرلەپ سىيراتتى. ھەربىر قېتىملىق ئايلىنىشتىن ھاسىل بولغان نۇرانە شولىلار بىلەن قۇپقۇرۇق بەت يۈزىنى يورۇق ئەيلەيتتى.

كۆنلەر ۋە ئايلار قارام ئۇۋچىغا ئۇچرىغان كېيىك باللىرىدەك
بولۇشچە چىپىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە يىللار ئورمىنى ئىچىدە
كۆزدىن غايىب بولماقتا ئىدى. يىللار ئورمىنىدا پەسىللەر ئىشرەت
سۈرەتتى، پەسىللەرنىڭ ئەركە قەدىمى ئەتراپنى گاھ خۇش پۇراق
گۈل ـ چېچەككە پۈركىسە، گاھ زۇمرەتتەك ساپ ۋە قېنىق
يېشىللىق تونىغا ئورايتتى، گاھ زەر ـ ئالتۇن رەڭگىدە تاۋلاپ
ھوسۇل ـ نېمەتنى شېخى ـ يېغىچىدىن ئۈزسە، گاھ جۇدالىق
سازىنى چېلىپ زىمىستان دەھشىتى بىلەن قۇرۇق قاقشالغا ئايلان-
دۇرۇپ قوياتتى. نەۋبەتنىڭ شېئىرىيەت گۈلخانلىرىدا تاۋلانغان
جۇلالىق سۆز خەزىنىسى خۇددى پەسىللەرنىڭ ئەركە يورغىسىغا
ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جۇلالىق دۇر ـ گۆھەرلىرىنى بەت
يۈزىگە چاچماقتا ئىدى.

ئىرفان كېرىيە تاغلىرىدا، بولۇپمۇ كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىر-
رى ئېقىنلىرى بويىدىكى پۇلۇ[①]تاغلىرىدا ئاتىسىنىڭ تاپشۇرۇقى
بىلەن ئۈچ ئايغا يېقىن دورىلىق ئۆسۈملۈك ۋە دورىلىق ھايۋانات
ماتېرىياللىرىنى يىغىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈندۇر
ئاتىسىنىڭ كۆزىگە تىك بېقىشتىن ئەيمىنىپ يەر ئۆزرە باققىنىچە
تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاتا بالىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان بۇ
خىل ھالەتتىن ئېسىنى يىغىپ، خۇددى ئەينەكتەك سۈزۈك قەلب
تۈيغۇلىرى بىلەن ئوغلىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىگە تارتتى. بالىنىڭ
قەلبىدە خېلىدىن بېرى شەكىل ۋە مەنە تۈزۈپ بولغان پىكىرلەر
شۇئان ئاتىنىڭ قەلب ئەينەكلىرىدە ئەكس ئېتىپ رازىمەنلىك ۋە
تەقەززالىق ھېس ـ ھاياجانلىرىنى قوزغىدى. شۇڭا، ئۇ كۈتۈش
ۋە رىغبەت بېرىش مەقسىتىدە سۈكۈتكە چۆمۈپ ئوغلىنىڭ باشلىرى-
نى مېھرىلىك سىلىدى. بالا بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ قاپقارا
نۇرلۇق كۆزلىرى ئاتىسىنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ
ئۈدۈلدىكى شىرە ۋە ئۈستىدىكى كىتابقا قادالدى، ھاياللىشماي-
لا ئۇنىڭ چوغدەك قىپقىزىل لەۋلىرى ئېچىلىپ، ئاپئاق سەدەپتەك

---

① پۇلۇ — كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان يېزىسىغا قاراشلىق كەنت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىشلىرى ئارىسىدىن سۆزلەر ئۇچۇپ چىقتى:

— كەمىنە نادان ئوغۇللىرىنى كەچۈرسىلە، مۆھتەرەم ئاتا! تەربىيەتلىرىگە كۆنمەي ئويۇن - تاماشا كەينىدە ھەرەڭ - سەرەڭ يۈرۈپ ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمگە ئەپسۇس - نادامەت چېكىمەن. نېمە ئۈچۈندۇر، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا، بۇ دۇنيانىڭ ھازىر - زاھىر نېمەتلىرىگە كۆز يۇمۇپ ئۇ دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرىنى تەمە قىلىپ يىغا - زار قىلىشقا دىلىم ئۇنىمىدى. ئۆزۈمنى زورلاپ قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىممۇ تەبىئىتىمدىن ئۆرلەپ تېشىپ ھەمىشە ئارام بەرمەيدىغان باشقىچە بىر كۈچ، باشقىچە بىر ھەۋەس - ئىشتىياق تۈپەيلى كارغا كەلمىدى. مېنىڭ قارىشىمدىكى ئالەم دېھقان تەرى بىلەن ياشارغان، مۇنداق تەرگە چۆكۈش ۋە ئۇنى ئاقىلانە ئەمرىمەرۇپلار ياردىمىدە ئەل پايدىسىغا يۈزلەندۈرۈش توقلۇقتىن، بەخت ۋە مەئىشەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭ ساۋابى ئىككىلا ئالەمدە بەندىنىڭ يۈزىنى يورۇق ئېتىدۇ. ھالال كۈچنى ھالال مېھنەتتىن چەتنەشتۈرۈپ، كۈتۈش تۆشەكلىرىدە ياتقان بەندىنىڭ كۈنى قەلەندەر - دىۋانىلەرنىڭ كۈنىدەك خارۇ زارلىقتا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق دۇئا ۋە ئىبادەتلىرى بەندىلەرنى ئالداش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقلار ئاللانىڭ نەزەرىگە چۈشمەيدۇ. ئىلىم سىڭمەيدىغان، ھاۋاسى تۇتۇلۇپلا تۇرىدىغان بىخۇد، نادان ئەلدە جىمىكى ئىش - كۈشلارنىڭ تىزگىنى بەگ - غوجىلارنىڭ ئىلكىدە تۇتۇلۇپ تۇرىدىدۇ، مەن... مەن ئاشۇ تىزگىنىنىڭ قۇدرىتىگە كۆڭۈل مەيلىمنى بەردىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىلىرىدا كۆپتىن - كۆپ نومۇس قىلسام ۋە خىجالەت تارتساممۇ، ئەمما ئىرادەمگە قارشى ئىش كۆرۈشكە بەكلا ئاجىزمەن. ئۆمۈرلۈك مۇرادىم — ئەلگە بەخت ۋە سائادەت يارىتىش، يېتىم - يېسىر، ئاجىز - مىسكىن ۋە غېرىبلارنىڭ بېشىنى سىلاش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يوللىرىنى تۇتالمىغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، مۆھتەرەم ئاتا!

شائىر ئۆز ئويلىرى بىلەن بۇ مەردانە، قورقۇمسىز سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ يوپيورۇق ئۇچقۇن ھاسىل قىلغان جايلىرى-

دا توختاپ، خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە نىشانەن ئېيتقاندەك بوشقىنا شىۋىرلىدى:

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە... مەيلىڭگە چەك قويما... ئۆز بىلەن ئاۋامدىن ھالقىپ، ئۇزاپ كەتكەن ئاشۇ يىراق چەكسىزلىكلەردە نە تەقدىر... سەرسانلىق...، — شائىر لېۋىنى چىشلەپ ئۇنىنى ئىچىگە يۇتتى ۋە ئاشۇ يوپيورۇق ئۇچقۇن ھاسىل بولغان خەيرلىك نۇقتىلارغا قايتىپ ئالغا كېتىۋەردى. يېقىنلا يەردە ئوغلى ئېرفانىنىڭ نىكاھ گۈلى ئېچىلدى، بىراق ئۇزاقتا قالمايلا كېرىيە بېگى شائىرنى ئۆز يېنىغا چىللاپ شەھەرگە ئەكەتتى.

ئىنساننىڭ ئۆزىدىن كېچىشى ھەرقاچان، ھەر زامان مۇتلەق مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار جۇملىسىدە بىر تراگېدىيە.

ئىنساننىڭ يۈكسەلگەن غايىۋى ئىستەكلىرى قايسى خىل دەرىجە، قايسى خىل تەرزدە روي بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان ئۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ تۈپكى نىجاتلىقىنى بېشارەتلەپ تۇرىدۇ.

مىسالكى، ئىشق ئوت بىلەن سۇغا ئالاقىدار تەخىرسىز جەريان. ئۇنىڭ جەريانى ئىنسان، دۇنيا ۋە تەڭرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجە، ئۈچ قاتلام ئارىسىدىكى زەنجىرسىمان بوشلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسان بالىسىنىڭ ئىشق دەۋاسىدا ئۆزگىگە ۋە دۇنياغا باغلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ سۇيىدە ئېقىشى قارىماققا ئۆزنى ئۇنتۇش ھالىتىدە كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ ماھىيەت جەھەتتە يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىنى، ئارزۇ ـ ئىستىكىنى، ۋىسال ھەم سائادىتىنى ئىزچىل ئالغا سۈرىدۇ. ئوخشاشلا، ئىنساننىڭ تەڭرى ۋەسلىگە ئېرىشىش يولىدىكى ئاساسىي ئۇرۇنۇشلىرىدا ئۇنىڭ بېھىش ـ جەننەت تەمەسى ۋە ئۇ ئالەمنىڭ باقىيلىق ھۇزۇرىغا تەلپۈنۈش ئارزۇسى ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسان تۆۋەندىكى ئالەمنىڭ جەۋھىرى. روھ مۇشۇ جەۋھەرنىڭ جۇلاسى سۈپىتىدە بارلىقنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋەنكى ئالەمدىن تاشقىرىقى ئاجايىباتلارنى كۆرۈش تامامەن

مۇمكىن. ناۋادا روھ تەن بىلەن مۇتلەق بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەۋھۇم پەرۋازىغا ماس ھالدىكى زاھىري شەكىللەرگە ئېرىشەلىسە، ئالەملەر ئارىسى قىسقىراپ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تۇتىشالىشى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن. ئەمما، ئىنسان بالىلىرى ئۇزاققىچە بىر ئىزدا چۆرگىلەپ كونا خامانىنى سورۇپ دان تالىشىدۇ، ئىشققا مەھلىيا بولۇپ چۈش ئارا كۆلۈشنى قائىدە ـ قانۇنلاشتۇرىدۇ، ئاقارمىغان تاڭدا ئۇيغىنىشنى شان ـ شەرەپ ھېسابلاپ مىخ ـ تىكەنگە ئۇسسۇۋالىدۇ، تەن چۆلىدە روھ دىلبىرىنى قەتلىئام ئەيلەپ تىرىك مۇردا سىيماسىنى يارىتىدۇ.

شۇڭا، ئىنسان ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرىدا پەقەتلا ئىنسان. ئۇ، ئىنسانلىقتىن ھالقىش، ئۆزلۈكتىن كېچىش، ئىنسان ـ بەندە سۈپىتىدە ئىلاھىي ئالەمگە پۇتۇنسۇرۇك كۆچۈش قۇربىگە ئىگە ئەمەس. ئۆلۈم تەقدىرى مۇتلەقلىق ئېتىبارىدا ئۇنى چەكلەپ، چەكلىك پارلاشنىڭ چەكسىز پارلاش ئالدىدىكى يوقلۇقىغا بەلگە بېرىدۇ. ئىنسان يارالغانىكەن، بۇ دۇنيادا ياشاپ ئۆتۈشكە مەجبۇر ئېتىلگەنىكەن، ئۇنىڭ ئۆزىدىن كېچىشى ئەقىلگە سىغمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە ۋە ئىگىسىگە قىلىنغان ئەڭ ئېغىر خىيانەت ھەم جىنايەت سۈپىتىدە ئاڭا باغلانغان ھاياتلىقنىڭ سوتىغا مەھكۇمدۇر. ئۆز، باشلانما نېگىز، بارلىق راۋاج مۇشۇ نېگىزنى تۈپكى ئاساس قىلغان ھالدا كامالەت مەنزىلىگە ئۇلىشالايدۇ. چۈنكى، ئىنسان كامالىتى ئىنسانغىلا خاس، ئۇ، ئىنساننىڭ مېھنەت ۋە ئوي ـ تەپەككۇرنى قانات قىلغان ئىجاد ـ ئىختىرا ھوسۇللىرىدا، ئۆزلۈكىدىكى تونۇش، كېڭەيتىش ۋە ئۇزارتىش خىسلەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ...

ئەيسا بەگنىڭ يىل نەزىرىسىدە كېرىيە بېگى تەرىپىدىن رەسمىي ھالدا قولتۇق كەنتىنىڭ بېگى دەپ ئېلان قىلىنغان ئېرفان ئۆزىنىڭ توي مەرىكىسىدىن كېيىنلا شەھەرگە ئەكېتىلىپ ئۈچ يىلدىن بېرى بەگ ھوزۇرىدا تۇرۇپ قالغان ئاتىسى نەۋبەتىنى كەنتكە، ۋاڭ ـ چۇڭ ۋە زىددىيەت ـ سۈركىلىشلەردىن خالىي، ئۇلۇغلۇق ھېسلىرىغا باي ئاشۇ خىلۋەت، تىپتىنچ سەھرا قوينىغا قايتۇ-

روۋپ كەلدى. ياشانغان شائىرنىڭ قەددى خېلىلا پۈكۈلگەن بولۇپ، دىققەت بىلەن قارىغاندا نېمىدۇر بىر نەرسە ئۇنى يەلكىسىدىن بې- سىپ، پەسكە تارتىپ تۇرغاندەكلا كۆرۈنەتتى، ئەمما شائىر يەنىلا ئاۋۋالقىدەك روھلۇق، هازىر جاۋاب، زىل ۋە ئىنچىكە ئىدى. قولتۇقىنىڭ تونۇش ۋە ساپ هاۋاسى ئۇنىڭ بىر مەھەل ئۇزۇلۇپ قالغان پىكىر ـ تەپەككۇر يىپلىرىنى بىر ـ بىرىگە يېڭىۋاشتىن ئۇلاپ، ئۇنى تەن بىلەن روھنىڭ ۋۇجۇد مىقياسىدىكى تەسىرچان مۇناسىۋەتلىرى ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى. شائىرنىڭ ئەمدىكى دىق- قەت نەزەرى روھنىڭ نەق ئۆزىگە كۆچكەنىدى. ئۇ تېنى ئىچىدە ئوي ۋە خىيالدىن، ھەتتا كىچىككىنە بىر تاشقى تەسىردىن قوزغى- لىپ، خۇددى كۈچلۈك بوران ياكى دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشاش شىددەتلىك ئەۋجلىنىپ يۈرىكىگە ئۇرۇلۇۋاتقان پىنهان كۈچلەرگە، ئۇنىڭ زەربىسىدىن دەممۇ دەم پەيدا بولۇۋاتقان ئاغرىق ـ ئازابلارغا زەن سېلىپ هەيرەتتە قالدى. شائىرنىڭ هاياتىدا بىرىنىڭ كەينى- دىن بىرى ئۇلىشىپ يۈز بېرىپ تۇرغان ئۆلۈم ۋە جۇدالىق قىسمەت- لىرى جىددىي هەرىكەت هالىتىدە تۇرىدىغان روھىي كۈچلىرى قېتىدا دەردۇ هىجران تەركىبىنى كېڭەيتىپ، يۈرەكتىن ئىبارەت مەركىزىي رايوننىڭ نورمال تەرتىپىنى بۇزۇپ بارغانىدى. ئۇزاق يىللىق شېئىردىي ئىجادىيەتنىڭ ئىلهام ـ هاياجان دولقۇنلىرىمۇ ئاشۇ خىل روھىي ئازابلارنى، روھ تەركىبىدە تۇراقلاشقان هىجران ـ نادامەتلىرىنى تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر بوشلۇقلىرىدا تەكرار ـ تەكرار سۈرەتلەپ، ئۇنىڭ يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى، يۈرەككە بولغان بېسىمى ۋە زەربىسىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

شائىرنىڭ يۈرىكى ئاغاتتى، مۇجۇپ ئاغرىيتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا پەسكە تارتىلىپ نەپەسنى قىستايتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا چىدام ـ غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، روھنىڭ ئۆرلىشى، تەن ئەزالىرى بىلەن زىچ بىرىكىشى، شۇ هاللاردا روھقا يەتكەن زەخمەت- نىڭ تەندە بىۋاستە ئاغرىق ـ جاراهەت پەيدا قىلىشى، روھىي داۋانىڭ تەن داۋاسىغا ئوخشاش رول ئوينىشى، گۈزەللىك زوقى بىر پۈتۈن جاننىڭ ئاسرىغۇچى قۇۋۋەت دورىسى ئىكەنلىكى قاتار-

لىقلارنى بىر - بىرلەپ شەرھى بايان ئەيلەپ كىتابىنى ئاخىرلاشتۇردى. چارچىغان شائىر تۇيۇقسىز روھلىنىپ، پۈتۈن ئەزايى - ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ تاشقاندەك بولدى. شائىرنىڭ كۆز ئالدىدا، قەلبى ۋە روھىدا، تىلاۋەتخانا ئۈستىدىكى چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدا رەڭگارەڭ نۇر چېچەكلىرى ئېچىلىپ گۈزەل بىر جىلۋىگەر ئالەمنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، شائىر ئۇنىڭ مەركىزىدە ئۆزىنى گويا ئەرشئەلادا، قۇياشقا ئەڭ يېقىن بىر ساماۋى مۇئەللەقتە يۈرگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. شائىر خېلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن بىھۇش بىر ھالدا ئىختىيارسىز شىۋىرلىدى:

— كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى ئاداققى دۇنيانىڭ رۇخسارىمۇ ياكى ئۆز - ئۆزۈمنىڭ پىنھانە شولىسىمۇ؟...

بۇسۇغىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەھىيكار تۇيغۇلىرى بىلەن شائىر قەلبىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغان ساباھىدىن جاۋابقا تەمشىلىپ ئېغىزىنى ئۆمەللىگەن ئىنىسى ئابدۇرەشىد قارىنى ئىشارەت بىلەن توختىتىپ ئېيتتى:

— ئۇ سىنىڭ شولاڭدۇر، قەدىرلىك مەۋلانا!

قەلب ئەۋجىدە پەللىمۇ پەللە ئۆرلەۋاتقان شائىر كېسىپلا ئېيتىلغان ئاشۇ سۆزدىن ساباھىدىننى پەملىدى. بىراق ساباھىدىن يالغۇز ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەير - سەپىرى تاسادىپىي ھالدا شائىر قەدىردىن غەمناك بىلەن موزدۇز قۇربانىنىڭ كېرىيە سەپىرىگە ئۇدۇل كېلىپ قالغانىدى. نەۋبەتتە ئىتتىك كۆزىنى ئېچىپ ساباھىدىننى، قەدىردان يارۇ بۇرادەرلىرى غەمناك بىلەن قۇربانىنى كۆردى ۋە خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئۇلارنى باغرىغا باستى. تۆت بوۋاي، تۆت يول - مۇساپە بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېرىيە دىيارىنىڭ گۈزەل يېزا - سەھرالىرىدا، شەھەر رەستىلىرىدە، تاغ ھەم يايلاقلىرىدا بىر يىلغا يېقىن سەيلە - ساياھەت قىلغاندىن كېيىن خوتەن ئاستانىسىگە يۈز تۇتتى. يالغۇز ئوغلى ئىرفانبەگنى ئۆيلەپ، ئىككى نەۋرە يۈزى كۆرگەن، ئۆزىنىڭ بارلىق قولىيازمىلىرىنى قوۋمى شەھىدان تىلاۋەتخانىسىغا ۋەخ-

په ئەيلەپ، ئابدۇرەشىد قارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس تاپىقان شائىر نەۋبەتى ئۈچ بۇرادىرى بىلەن يولغا چىقتى.

مىلادىيە 1755 ـ يىلى ياز پەسلىنىڭ بىر شەنبە كۈنى سەھەر، ئالەم ئادەتتىن تاشقىرى ئوچۇق ۋە ئىسسىق ئىدى. شائىر ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر توپىغا تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا يېنىشلاپ تىكىلىپ قول ئىشارىسى قىلاتتى، ئادەملەر توپى خۇددى ئالدىدىكى ئاشۇ خىزىر سۈپەت بوۋايلارغا كۆرۈنمەس بىر غايىۋى زەنجىرلەردە چىڭ چېتىلغاندەك ئۇن ـ تىنسىز ئىلگىرىلەيتتى. قولتۇقتىن قايرىلىپ چوڭ كارۋان يولىغا يەتكەندە، شائىر مېڭىشتىن توختاپ بىرنەچچە ئۇن چامدام ئارىلىقنى بېسىپ سۈكۈتتە تۇرۇشقان سانجاق ـ سانجاق ئادەملەرگە قاراپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى:

— كەمىنە مۇھەممەد ئوغلى نەسرىدىنگە ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولۇڭلار! ئاللا ـ ئىگەم سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئامىن!

ھەممەيلەن شائىرغا ئەگىشىپ بىردەك دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ يىغا ـ زار قىلىشقا باشلىدى. توپ ئىچىدە قوللار ھەر يان پۇلاڭلاپ، رازىلىق، خەيرلىك چۇقانلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شائىر توپ ئالدىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ، ئىنتىلىپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك ئوغلى، قولتۇق خەلقىنىڭ پاسىبانى ئىرفانبەگنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىدىن سۆيدى ھەمدە ئۇنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە چوڭقۇر ئۈمىد ـ ئىشەنچ نىگاھلىرى بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلىپ، كۆڭلىدە ئويلىغان بارلىق سۆزلىرىنى تىلسىز ئىزھار ئەتكەندىن كېيىن جىددىي بۇرۇلۇپ ھارۋىغا چىقتى. ئىككى ئات قوشۇلغان ياغاچ ھارۋا ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

ھەممە بىر ـ بىرلەپ ئارقىدا قالدى، شائىرنى يىگىرمە سەككىز يىل ئۆز قۇچىقىدا بېقىپ ئۇلۇغلۇق ھاۋاسىغا قاندۇرغان مېھرى ئاتەش كېرىيە دىيارى يوللارنىڭ ئۇ چېتىدە كىچىكلەپ ئەس ـ خاتىرىلەرگە كۆچتى ۋە بارا ـ بارا شائىر قەلبىنى

بېسىپ كەلگەن ئەزىزانە خوتەننىڭ نۇرانە سۇرەتلىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

تۆت قەدىناس زاماننىڭ مۇشۇ دەملەردىكى پاجىئەلىك تولغاقلىرىنى تىڭشاپ، تەشۋىش ۋە ئۈمىد ئىلكىدە سۈكۈتكە چۆمۈشكەندى. كۆڭۈلسىز ئوي ـ خىياللارغا بار كۈچى بىلەن چەك قويۇپ، ئېگىز ـ پەس دۆڭلەر ئارىسىدا خۇددى يىلاندەك ئۆزۈنىسىغا سوزۇلغان يوللارغا تىكىلىپ ئولتۇرغان شائىرنىڭ يۈرىكى بىر خىل يوشۇرۇن خەۋپ ـ خەتەردىن پات ـ پاتلا ئېغىپ تۇراتتى. شائىر كۆزىنى يوللاردىن ئېلىپ، سۈپسۈزۈك ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارنى بويلاپ يىراق ئۇپۇق خىلۋەتلىرىگە ئىچكىرىلەپ نەزەر سالدى. شۇئان كۆز كۆزگە قايتا تۇتاشتى، كۆزلەرنىڭ نۇرى بىر ـ بىرىنى قۇۋۋەتلەپ يوپيورۇق بوشلۇقلارنىڭ ئېتەكلىرىنى تېخىمۇ كەڭ يايدى. ئۇنىڭدا كامىل ئىنسان بالىلىرىنىڭ نۇرانە سىيماسى جىمىرلايتتى، دۇنيا شۇلار بىلەن، شۇلارنىڭ يۈكسەك مەنىۋى ئۇتۇقلىرى بىلەن گۈزەل ھەم تازا ئىدى. ئىنسان قاچانكى دۇنياغا بولغان ئىچكىرىلەشنى ئۆز ـ ئۆزىگە ئىچكىرىلەش رەۋەشىدە ئىلگىرى سۈرۈپ روھىنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىنى قازالسا، ئۇنىڭ سىر ـ مۇئەممالىرىنى يېشەلىسە كامالەت قۇياشى نۇر چاچقۇسى، دۇنيا ئۇنىڭ نەپ ـ شاراپەتلىرىدىن گۈل ـ گۈلىستانغا يۈركەنگۈسىدۇر. ئەپسۇس، ئىنسان بالىسى نەپس كەينىدە ئاۋارە، كەمتۈك مەپكۇرىلەرنىڭ قورشاۋىدا سەرسانە ئىدى.

شائىر چۆچۈگەندەك قىلىپ گاھ ئاسمانغا، گاھ قارشىسىدىكى يولنىڭ ئادەم قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىغان يىراق نۇقتىلىرىغا دىققەت بىلەن قاراپ، ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان يۈرىكىنىڭ مۇجۇپ ئاغرىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. ساباھىدىن ھارۋىنى توختىتىپ شائىرنى قۇچىقىغا ياتقۇزدى، ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى شائىرنىڭ يۈزىنى مېھرىلىك سىلايتتى. شائىر دەرمانسىز كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ ھەممىگە بىر ـ بىرلەپ تىكىلگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا يۇمدى ۋە ئېغىر بىر ئۇھ تارتقىنىچە نەپەستىن قالدى...

# خاتىمە

شائىر نەۋبەتنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى ناھايىتى تېزلا كىرىيە
ئاسمىنىدا شىۋىرغاندەك مۇڭلۇق كۈي تارقىتىپ، ئۇنى بىلىدىغان
كىشىلەرنىڭ قەلب شاخلىرىدا ئېچىلغان رەڭدار گۈل - چېچەكلەر-
نى تۆكۈۋەتتى. ئەمدىلىكتە ھەممە يەردە مۇسىبەت - ماتەم قايغۇسى
بىلەن ئېغىرلاشقان جىمجىتلىق، ئەسلىمىلەرگە تۇتاش كەتكەن
چەكسىز يوقلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى.
ناباب زاماننىڭ چاڭ - توزانىغا كۆمۈلگەن بىتەلەي ھايات
گۈلىستانىنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى، ساپ ئىشقى شېئىرىيەتنىڭ تۆھ-
پىكار ۋەكىلى مۇھەممەد ئوغلى نەسرىدىن نەۋبەتى پانىي ئالەمدىن
باقىي ئالەمگە سەپەر ئەتتى. مۇشۇ قايغۇلۇق دەملەر، ئاڭا چېتىل-
غان كىشىلەرگە قانچىلىك ئېغىر ئازاب ۋە ھەسرەت - نادامەتلەرنى
ئەكەلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ شائىر ئۈچۈن بىر سىناق،
ئۆلۈم بىلەن تەھقىقلىنىدىغان ئاخىرقى سىناق ئىدى. ھاياتنىڭ
ماماتقا ئالمىشىپ، تەننىڭ تۇپراققا قوشۇلۇپ، تىمتاسلىقنىڭ ھە-
رىكەتنى ئىگىلىشى بىلەن روي بېرىۋاتقان بۇ سىناقتا شائىر كۈلۈپ
تۇراتتى. ئۇ ھەقىقىي مەنىدە يەڭگەن، غەلىبە قىلغان، ھەق ۋىسا-
لىغا پۈتۈنسۈرۈك ئېرىشكەنىدى.
ئەسەرنى تاماملاۋېتىپ ئۆز - ئۆزۈمنى تونۇيالمايلا قالدىم.
شائىر نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ دەۋرى شارائىتى مېنى ئۆزىگە مەھكەم
تارتىپ قويۇپ بەرمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. شائىرنى ئۆزۈمدە، ئۆزۈمە-
نى شائىردا ھازىر - زاھىر ھېس قىلماقتا ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن
بولسا كېرەك، ئارىدىكى پەرق ۋە بوشلۇق يوقىلىپ، چەكسىز بىر
تۇتاشلىق رىشتى مېنى زامانلارنىڭ ساماسىغا ئاچىققانىدى. ئەترا-

www.uyghurkitap.com

پىمدا نۇرانە جىلۋە ئەيلىگىنى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەرك سۆيەر كامالەت مەنزىللىرى ئىدى. بىر سىقىم تۇپراقنى يەردىن ئېلىپ، ئۆزىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا يەنە يەرگە قايتۇرۇش نام - نىشانسىز ئىنسان بالىلىرىنىڭ تەكرار هايات يوسۇنلىرى بولغىنى بىلەن، ئەمما ئۇنى ئېلىپ دەس تۇرۇش، ئۆزىدە نۇرغا ئايلاندۇرۇپ كەڭرى ئالەمگە سېپىش، ئاخىرىدا ئۇنىڭ قىيام بولغان مېۋىلىرى بىلەن يەرگە قايتۇرۇش ئاددىي، تەكرار هايات يوسۇنلىرى ئەمەس ئىدى. تۇپراق ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن، ياق، روهىمىزدا مەڭگۈلۈك ئېپتىخارغا كۆمۈلگەن ئۇ زات — قەلب ئەركىسى، ئېھتىمال تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇرلىرىمىزنىڭ سىرتىدا يەنە نۇرغۇن سىرلىرىنى بىزدىن پىنهان تۇتۇپ قالغان بولسا، ئەپۇ - ئۆزرىلىرىم، ئاشۇ بوشلۇقلاردا رېئال زۆرۈرىيەتكە ئايلانغانلىرىدا ئۇمىدىنىڭ بەهرىدار كەڭلىكىدىن يەنىلا شادلىق هېس قىلىشقا هەقلىقمەن. قانمىغان ئارزۇ - تىلەكلىرىم ئۆز - ئۆزىنىڭ بىتايىن ۋاڭ - چۇڭىدا دەلدۈش يۈرگەن ئاددىي سۈرەتلەرگە سىن - رەڭلا ئەمەس، بەلكى بىر رەت يېنىك تەۋرىنىش بېرەلىگەنلىرىدە، كېلەچەك ساماسىدىن زوق ئېلىشقا تامامەن قادىرمەن!

ئۆزۈمگە قايتىش تەس بولغان بۇ دەملەرنىڭ مۇڭىغا چەكسىز ئالەمنى سىغدۇرۇپ يىغلىسام، خۇددى بالىلىق چاغلىرىمدىكىگە ئوخشاش قىيغىتىپ چىپىپ ئۇپۇق خىلۋەتلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتسەم، ئۆركەشلەپ قايناپ تۇرغان دەريا - ئېقىنلاردا ياپيالىڭاچ هالىتىم بىلەن بېلىقتەك شادىمان ئۈزسەم، كۆچۈپ تۇرغان دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە قۇياشقا قاقلىنىپ سۇكۇتلۇك ياتسام پەرۋەردىگارنىڭ ئۇچقۇر شاماللىرى قۇلاقلىرىمغا يەنە نېمىلەرنى پىچىرلار!؟ نىهايەت، يوللار كۆزۈمگە تاشلاندى! ئۇنىڭ پايانىدا ئىزلار، ئاۋازلار باشلاندى. مېنى سورىما، مەن سەندە ئاللىبۇرۇن رەڭ تۇزۇپ پورەكلىرىڭگە قېتىلدىم، سۇزۇلىدىغان هەربىر سەهەردە ئۇنى كۆرۈش ۋە پۇراش تامامەن مۇمكىن···

2002 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# قەلب ئەركىسى — نەۋبەتى

(رومان)


**ئاپتورى:** ئەنۋەر تاشتۆمۈر

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**مەسئۇل كوررېكتورى:** گۈلشەھەر نىغمەت

**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** مىرادىل ئابىت

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتى

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 9

**نەشرى:** 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 1—5000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978—7—228—09950—4

**باھاسى:** 18.00 يۈەن